ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

خەلق داستانلىرى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

# ONLY ONE HOTAN IN THE WORLD

## خەلق داستانلىرى

تۈزگۈچى : ئابدۇللا سۇلايمان

BY
ABDULLA SULAYMAN

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرسۇن ئابدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# دۇنيادا بىرلا خوتەن بار

## —— خەلق داستانلىرى

تۈزگۈچى: ئابدۇللا سۇلايمان

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىلىرى تەرىپىدىن سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك
مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 مم 1/32 باسما تاۋىقى: 11.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 3050 — 0001

---

ISBN 7—5631—2038—6
باھاسى: 21.70 يۈەن

# كىرىش سۆز ئورنىدا

«دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتالغان قارا قورۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتىكى بىلەن تارىم بوستانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ئارىسىدىكى «يېشىل مەرۋايىت» — خوتەن دىيارى ئۆزىنىڭ جەزبىدار ۋە جەلپكار مەدەنىيەت خاسلىقى بىلەن ھەقىقەتەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار». بۇ ئىدىئوم ئۆز ھېكمىتى بىلەن مۇبالىغە ئەمەس. خوتەننىڭ سىرلىق ۋە سېھىرلىك مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسىنى ئەتراپلىق يورۇتۇپ بەرگەن بۇ يەرلىك قامۇستىكى كۆپ قاتلاملىق مەزمۇنلار بۇ ماۋزۇنىڭ دەللىكىنى ئىسپاتلايدۇ. دەرۋەقە، شۇنداق!

«دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» مەجمۇئەسىنىڭ 9-تومى خوتەن خەلق داستانلىرىغا بېغىشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خوتەن فولكلورىنىڭ گۈلتاجىسى بولمىش 18 پارچە خەلق داستانى تالللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ داستانلارنىڭ كۆپچىلىكى خوتەننىڭ يېقىنقى زامان، ھازىرقى زامان (18-، 19-ئەسىرلەر) تارىخىدىكى مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش ئىزلىرى پوئېتىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە؛ يەنە بەزىلىرى شەرقنىڭ ئەنئەنىۋى سۇژىتلىرى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنىڭ خوتەن ۋارىيانتلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا تىلغا ئېلىنغان نام-نىشانلاردىن قارىغاندا، بىرلەمچى نۇسخىسىنىڭ خوتەندە يارىتىلغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. قىسقىسى، مەجمۇئەدىن ئورۇن ئالغان بۇ داستانلار ئۆز مەنسۇبىيىتى

بىلەن خوتەن فولكلور مەدەنىيەت گۈلىستانىنىڭ سەرخىل مېۋىسى ھېسابلىنىدۇ.

مەلۇمكى، خەلق داستانلىرى مۇكەممەل سۇژېت ۋە جانلىق پوئېتىك ئوبرازلار ئارقىلىق بىر دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت زور مەسىلىلەرنى تېپىكلەشتۈرۈپ بەرگەن يىرىك ھەجىملىك مۇزىكىلىق ئەسەر بولۇپ، بىر مىللەت روھىي ماھىيىتىنىڭ كۆرگەزمىخانىسىدۇر. داستانلارنىڭ يارىتىلىشى خەلقنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئىجتىمائىي-سىياسىي كۆرەشلىرى، ھايات سەرگۈزەشتلىرى، ئەخلاقىي، ئېستېتىك قاراشلىرى، ئادالەت ۋە ھەقىقانىيەت، ئازادلىق ۋە باراۋەرلىك، قەھرىمانلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزملىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت ھەققىدىكى ئىدىيىللىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. داستان مۇشۇ مەنىلەردە بىر خىل مۇرەككەپ سەنئەت ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ داستان بولۇشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك:

1. مۇكەممەل ۋەقەلەر قۇرۇلمىسىدىكى ئەدەبىي تېكىست؛

2. قەھرىمانلارنىڭ روھىي ھالەتلىرى ۋە ھەرىكەت پائالىيەتلىرىگە ماس ھالەتتىكى مۇزىكىلىق مېلودىيە؛

3. غەزەلخانلىق سەنئىتىنى پۇختا ئىگىلىگەن داستانچى (خەلق ئارىسىدا «مەدداھ» دەپ ئاتالغان كۈيلىگۈچى).

مانا بۇ شەرتلەر «خوتەن خەلق داستانلىرى» دا تولۇق گەۋدىلەنگەن بولۇپ، بۇ داستانلار خوتەن دىيارىدىكى شاھ مەھەممەد، ئابلىمىت قارىمدەك ئاتاقلىق خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ نامى بىلەن باغلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق خەلق داستانچىلىرى بۇ داستانلارنىڭ خەلق ئارىسىدا ئومۇملىشىپ ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا داۋاملىشىشىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان.

داستانلار ماكرولۇق نۇقتىدىن ئېيتقاندا، رايون ۋە مىللەت كۆلىمىدىكى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە مەدەنىيەت سىستېمىلىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆلمەس پىرامىدا ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا فولكلورشۇناسلىقتا مەدەنىيەت سىستېمىلىرى داستانلارنى بەلگە قىلىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن «خوتەن خەلق داستانلىرى»نى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان خوتەن مەدەنىيىتىنىڭ كۆزنىكى ۋە ئۆزىكى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ قېتىم خوتەن خەلق داستانلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم ئاساسەن جەملىنىپ، مەجمۇئە سۈپىتىدە نەشر قىلىنىشى يالغۇز ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەھمىيەتلىك خىزمەت بولۇپلا قالماستىن، ئۇنى يەنە دۇنيانىڭ ئاغزاكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، قوغداش، ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە نۇرلاندۇرۇش چاقىرىقىنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى نەتىجە، يېڭى ئۇتۇق دېيىشكە بولىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، بۇ جاپالىق خىزمەتكە بىۋاستە ئەجىر سىڭدۈرگەن ئابدۇللا سۇلايمانغا، مۇتەخەسسىسلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە
ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى
ئابدۇكېرىم راخمان

2005-يىلى 12-ئاينىڭ 5-كۈنى

# مۇندەرىجە

سەنەۋبەر ........................ 1
ھۆرلىقا - ھەمراجان ........................ 71
ئىككى شاھزادىنىڭ ھېكايىسى ........................ 151
مەلىكە سەنەمخان ........................ 203
شەكەر ئايلا بىلەن نەبات خوجا ........................ 213
تاھىر ۋە زۆھرە ........................ 227
ئابدۇراھمان غوجا ........................ 245
زىۋىدىخان ........................ 267
بىنامازچوق ........................ 277
ھەۋزىخان ........................ 283
باي نەزەر ........................ 291
كۆسىللە ........................ 293
يالپۇزخان ........................ 297
ئەبەيدۇللاخان ........................ 313
سادىق تۇيتەللە ........................ 321
شىرىپ بوجاڭ ........................ 325
ئەيسا بەگ ........................ 335
بىر قالاپ قوياڭ دىسەم ........................ 355

# 目 录

赛努拜尔……………………………………………… 1
月尔丽卡与艾木拉江 ……………………………… 71
两个王子的故事………………………………… 151
赛乃木汗公主…………………………………… 203
甜男蜜女………………………………………… 213
塔伊尔与左乎拉………………………………… 227
阿布都热合满和加……………………………… 245
孜卫迪汗………………………………………… 267
闭那麻孜丘克…………………………………… 277
艾吾孜汗………………………………………… 283
巴依乃扎尔……………………………………… 291
库斯来…………………………………………… 293
亚力普孜汗……………………………………… 297
艾白都拉罕……………………………………… 313
沙迪克推台来…………………………………… 321
西日甫保长……………………………………… 325
艾沙伯克………………………………………… 335
求你瞟一眼……………………………………… 355

# سەنەۋبەر

ئەمما راۋىيانى ئەخبارۇ ناقىلانى ئاسار ۋە بوستانى داستان ئاندىن نەقىل قىلۇرلاركىم، چىنى ماچىن شەھىرىندە خۇرشىد شاھ ئاتلىق بىر پادىشاھ بار ئېردى ۋە ئانىڭ بىر ئوغلى بار ئېردى. ئاتى سەنەۋبەر ئېردى. ئۆزى بائەقىل، ساھىبجەمال ئېردى. يەتتە ياشدىن تا ئون ياشقىچە ئىلىم ئۆرگەندى. خۇرشىدشاھ ئوغلىغە بىركۈن ئايدىكى:

— ئەي پەرزەندى دىلبەند، يەتتە ياشىڭدىن بۇ ۋەقتىگەچە ئىلىم ئۆرگەندىڭ. ئەمدى سىپاھىلىقدىن باخەبەر بولساڭ ياخشى ئېردى.

شاھزادە سەنەۋبەر ئاتاسىنىڭ سۆزىنى قەبۇل قىلىپ، خىزمەتتە بەل باغلاپ، نەچچە كۈنلەر سىپاھىلىقنى خۇپ بىلدى. ئاندىن سوڭ خۇرشىدشاھ ئوغلىغە قاراپ ئايدىكى:

— ئەي ئوغلۇم، لايىق سازاۋەر بۇ ئېرۇركىم ئۆزۈڭگە نەۋكەرى ئەلىدار قىلساڭ، سالاھ شىپاگەرلىكنى ھەر قايسىسىگە بېرىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزۈڭدىن ۋەزىپەخور قىلساڭ. ئانىڭ ئۈچۈنكىم، سەن پادىشاھ ئېرۇرسەن، لايىق شول ئېرۇر، دەپ خۇرشىد شاھ قىرىق مەھرەم ناز پەرۋەردۇ دىلپەزىرگە ئات سەرۇپا ۋە سەلاھلار بېرىپ ئوغلىغا جۆرە قىلدى. نەچچە مۇددەت - نەچچە ئەيياملار ئەيش - ئىشرەتتە شاد - خۇررەم بولۇپ يۈرۈر ئېردى. ناگاھ، شاھزادە سەنەۋبەر ئۆز ئۆلپەتلىرى بىلەن سەير سەھرا قىلۇر بولدىلار، ئەمما، پادىشاھنىڭ بىر مەنزىلگاھى بار ئېردى، باغى مەيدان دېگەن. شاھزادە جۆرەلەرى بىلەن ئوشۇل جايغە بارىپ، ئەيش - ئىشرەت قىلۇر ئېردى، شۇ يوسۇندا نەچچە مۇددەت ئۆمۈر ئۆتكەزدىلەر. شاھزادە ئالتۇن تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئىستىراھەت قىلدى، ناگاھ، شاھزادەنى خابى غەپلەت ئىلىتتى. بەيەكبار تۈش كۆردىكىم، بىر پەرىزاد گۇللارنىڭ ئاراسىندا سەير قىلىپ يۈرۈر، شاھزادە ئوشۇل پەرىزادنى كۆرگەچ ئەقلدىن بىگانە بولدى ۋە بىھۇش بولۇپ يىقىلدى، بىر زاماندىن سوڭ ھۇشىغە

— خىنايى قوللارىڭ بوياپسەن قانە،
زەرەفشان زۇلفىڭگە ئۆرۈپسەن شانە،
يۇسۇفدەيىن سالدىڭ مېنى زىندانە،
زىلەيخا نىشانىم قايدىن بولۇرسەن؟

— يەئقۇبدەيىن كەلدىم سېنى سوراغلاپ،
ھەسرەتىڭدە لېك سىينەمنى داغلاپ،
كەلمىشەم بۇ ئىشقىڭ مەتائىن باغلاپ،
بىر تۇتى شەكەر كاندىن بولۇرمەن.

— خەنجەر چېكىپ باغرىم قانە تولدۇرماڭ،
قىزىل يۈزۈم زەئفىراندەك سولدۇرماڭ،
غەمزە بىلە نازلى دىلبەر ئۆلتۈرمەڭ،
كەرەملى سۇلتانىم قايدىن بولۇرسەن؟

— ئۇزرانىڭ ھەمدەمى دەريادە ماھى،
ئالەمنى ياندۇردى ۋامىقنى ئاھى،
ئەسلىمنى سورىساڭ، پەرىلەر شاھى،
ياقۇتلى، گەۋھەرلى كاندىن بولۇرمەن.

— كۆزلەرىڭ نەرگەسدۇر، قامىتىڭ تۇبى،
نازلى دىلبەر سەن جەھان مەھبۇبى،
نەچچە يىللىق يولدۇر مەنزىلىڭ خۇبى،
سۆزلە نەۋجەۋانىم قايدىن بولۇرسەن؟

— ئەسلىمىز پەرىدۇر، يوقتۇر نىشانىم،
ئەگەر ئاشكار ئەتسەم سىررى نىھانىم،
ئۈچ يۈز يىللىق يولدۇر مېنىڭ مەكانىم،
بىلسەڭ شەھرى شەبىستاندىن بولۇرمەن.

كەلدى. ئېرسە بىر پەرىزاد تىزىنىڭ ئۈستىگە باشىنى ئالىپ، مۈشكى ئەنبەر زۈلفىلارىن دىماغىغە تۈتار ئېردى.

ئەلقىسسە، شاھزادە ھۈشىغە كەلگەندىن سوڭ، خۈشۋەقىت بولۇپ، قوللارىن بوينىغە سالىپ، مۈھەببەت تامام ۋە مېھرىبانلىق بىرلە سورىدىكىم:

— قايسى باغنىڭ گۈلىسەن ۋە قايسى چەمەننىڭ بۈلبۈلىسەن ۋە قايسى ئاشياندىن بولۇرسەن؟ پەرۋاز قىلىپ كېلەرسەن ۋە قايسى گۈلزارغا قونارسەن؟

ئۇشۇل پەرىزاد شەكەرفىشان فەسىھ تىل بىلەن جاۋاب بەرگەنى:

— شەمسۇقەمەر يۈزلۈكۈم زۈلفى ئەنبەرىم،
كۆزلەرى مەستانىم قايدىن بولۇرسەن؟
... لاچىندەك ئۇچۇشلۇق پەرىم،
تازا نەۋجەۋانىم قايدىن بولۇرسەن؟

— مېنى سورىساڭ پەرىزادنىڭ شاھىمەن،
ئەسلى شەھرى شەبىستاندىن بولۇرمەن،
فەھىم ئەيلەسەڭ ھۆسن ئەھلىن ماھىمەن،
خەزانى يوق گۈلىستاندىن بولۇرمەن.

— باشىڭگە كېيىپسەن مۇرەسسە تاجى،
كۆرگەن ئادەم بولۇر يۈزۈڭ مۇھتاجى،
چەشمەڭ چىراغى، باشىمنىڭ تاجى،
غەمزەسى پەيكانىم قايدىن بولۇرسەن؟

—ئاشىقلارنىڭ مەسكەنى مەلامەت تاشى،
سەلدەيىن ئاققۇزمە كۆزۈڭدىن ياشى،
مەسكەنىم خەلقدۇر، چەشمەلەر باشى،
مېنى سورىساڭ پەرى مەكانىدىن بولۇرمەن.

مەجنۇن ئاشىق بولۇپ كېزەردى ھەريان،
لەيلىنى ئىشقىدىن يىغلادى چەندان،
رەھىم ئەيلە ھالىمە ئەي شاھى خۇبان،
ئەرەق ئەيلەپ دانە - دانە كەل ئەمدى.

سەيفۇلمۇلۈك يۈردى نەچچە يىل يىغلاپ،
بەدىئىن ئىشقىدە باغرىنى داغلاپ،
مۇرەسسە بېلىگە شەددەلەر باغلاپ،
ئەرەق ئەيلەپ دانە - دانە كەل ئەمدى.

مەھمۇدنى كۆيدۈردى مەھۋەش غۇلامى،
ھەمدەنىنىڭ ئەفكارى مەۋلەۋى جامى،
كۆزۈمنىڭ رەۋشەنى كۆڭلۈم ئارامى،
سەيلانە - سەيلانە يانە كەل ئەمدى.

مۇشىك تاتار بويلى قەددى نىھالىم،
غەمزەسى جان ئالغان كۆزلەرى زالىم،
سەنەۋبەر ھەمدەمى ۋەفالىق يارىم،
رەھىم ئەيلەپ بۇ گىريانە كەل ئەمدى.

ئەلقىسسە، ئاندىن سوڭ شاھزادە مەست بىئىختىيار بولۇپ، ھۇجرەگە كىرىپ سىينەسىنى يەرگە قويۇپ ياتتى. ئاندىن سوڭ جۆرەلەرى خەبەردار بولۇپ كېلىپ سورىدىلەر. ھەرگىز جەۋاب بەرمەدى.

ئەلقىسسە، ئۇلارنىڭ ئاراسىندا ۋەزىرنىڭ زىيۋەر ناملىق ئوغلى بار ئېردى، كېلىپ شاھزادەدىن جەۋاب سورىغانى، ئاندىن سوڭ بۇ بېيىتنى ئوقۇغانى:

سۇلەيمان دەۋلەتىم ئىسكەندەر تىلىم،
سۆزلە ھالى پەرىشانىڭ، نە بولدى؟

— شاھى خورشىد ئوغلى ئاتىم سەنەۋبەر،
ھەسرەتىڭدە بەسكى كۆڭلۈم موكەددەر،
مەلائىك سۈرەتلى، گۈل يۈزلى دىلبەر،
راستىن دېگىل قايسى كاندىن بولۇرسەن؟

— شاھى فەررۇخ قىزى ئاتىمىز گۈلدۇر،
غەمىمدىن پەرىلەر شەيدا بۇلبۇلدۇر،
تا ئۆلگۈنچە قىلغان ئىقرارىم شولدۇر،
فەھىم ئەيلەسەڭ ئول مەكاندىن بولۇرمەن.

ئەلقىسسە، ئاندىن سوڭ پەرى شاھزادىنىڭ قولىغە بىر گۈل بەردى، ئىسلەدى دەپ. سەنەۋبەر ئول گۈلنى ئىسلەدى، بىھوش بولدى. زەماندىن سوڭ ھوشىغە كەلدى. كۆردىكىم، تۈشى ئىكەن. شازادە فەرياد قىلدى ۋە دىلدارىنى ياد قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

غەمزەسى جان ئالىپ كەتكەن پەرىزاد،
گۈلگۈن كىيىپ يانە - يانە كەل ئەمدى.
شەمسۇقەمەر يۈزلىم، قامەتى شەمشاد،
خەنجەر چېكىپ بۇ قۇربانە كەل ئەمدى.

بىلقىسنىڭ ھىجرىندە كۆيدى سۈلەيمان،
يەئقۇب ئوغلى ئۈچۈن دىيدەسى گىريان،
بىچارە ئاشىقمەن دىيدەسى گىريان،
رەھىم ئەيلەيۈپ ناتەۋانە كەل ئەمدى.

شىرىن ئۈچۈن كۆپ جەفا چەكتى فەرھاد،
بۇ دۇنيادىن كەچتى ئول شاد - ناشاد،
مەستانە كۆزلۈكۈم قامەتى شەمشاد،
قولاق سالىپ بۇ ئەفغانە كەل ئەمدى.

يۈز يىللىق يولدۇر، دېدى.

ئەلقىسسە، ھەرچەند ئەزايىملار ئوقۇدىلەر، سۇد قىلمادى، ئاخىر پادىشاھ مۇنادى قىلدۇردى: «ھەر كىم سۆزلەتسە بىر ھۇجرە زەر بېرۇرمەن»، دېدى. شۇل زەمان بىر كېنىزەك كەلدىكىم:

— ئەي شاھزادە، ھەرنە كۆڭلۈڭدە بولسا ئايت، مەن مەقسۇدكە يەتكۈزەيىن، — دېدى. ئېرسە، شاھزادە ئاتاسى قاشىغە كىرىپ، ھەرنە كۆرگەنىن بىر - بىر بايان قىلىپ سۆزلىگەنى:

بىر سۆز ئايتاي ئاغالار، بەگلەر،
تۈشۈمدە كۆرۈندى بىر چەمەنزارلىق،
ئەلفدەك قامەتى، گۈل يۈزلۈك دىلبەر،
ئانىڭ ئىشقى بىلە بولدۇم ئەسەرلىك.

دىلبەر بىزگە ئەيلەدىكى ئىشارەت،
بۇزۇلغان كۆڭلۈمنى قىلىپ ئىمارەت،
كۆزلەرى جان ئالۇر غەمزەسى ئاپەت،
زۇلفى زەرەپشانلىق، مۇشكى ئەنبەرلىك.

بىر پەرى كۆرۈندى شېرىن شەمايىل،
كۆرگەن زەمان ئەتتى ئەقلىمنى زايىل،
مۇندا ھەسرەتدە تۇرماغىم مۇشكىل،
مۇرەسسە كەمەرلىك، زۇلفى گەۋھەرلىك.

غەمزەسى بىرلە گاھى قايرىلىپ باقار،
ھەر باقىشىدا شېرىن جانىمنى ئۆرتەر،
روھىم پەرۋاز ئېتىپ تېنىمدىن چىقار،
بىر مۇرچە مىيانلىق مۇشكى چىن پەرلىك.

بىر گۈل بېرىپ قىلدى دىلبەر مەستانە،
ئول مىنا گۆھەرلىك دۇررى يېگانە،

سەلاتىن باقىشلىق كاكۇلى زەرىم،
رەۋشەن قىلغىل بۇ ھىجرانىڭ، نە بولدى؟

ئەلفدەك قامەتىڭ يايدەك پۈكۈلمىش،
جەمالىڭ سەفھەسى كۈندەك تۇتۇلمىش،
ئاھۇ نالەڭ يەردىن ئەرشە چىكىلمىش،
راستىن دىگىل بۇ ئەفغانىڭ، نە بولدى؟

يۈسۈف كەنئانىنىڭ ئاتاسى يەئقۇب،
يىغلامادى سەنچە ئەي تازە مەھبۇب،
فىراقىڭدىن يىغلاپ خۇب ئىلە ناخۇب،
سۆزلە، كۆزدىن ئاققان قانىڭ، نە بولدى؟

كۆزلەرىڭنى قانلىق ياشقە تولدۇرمە،
گۈل يۈزۈڭنى كەھرىبادەك سولدۇرمە،
دوست يىغلاتىپ، دۈشمەنىڭنى كۈلدۈرمە،
تۇگەنمەس ھەسرەتلىك جانىڭ، نە بولدى؟

گۈلشەنىڭ تولۇپتۇر خەزان بادىغە،
بىر سۆزۈم بار ئاڭلا كۆڭۈل شادىغە،
قۇلاق سالغىل زىيۋەر قۇلۇڭ دادىغە،
سۆزلە چاكى گىرىبانىڭ نە بولدى؟

ئەلقىسسە، ئاندىن سوڭ شاھزادە ھىچ جاۋاب بەرمەدى. جۆرەلەرى گىرىبانىنى چاك قىلىپ، پادشاھنىڭ خىزمەتىغە باردىلەر. بايانى ۋاقىئەنى پادشاھگە بىر - بىر ئايدىلەر. ئىرسە، شاھ غەمكىن بولدى.

ئەلقىسسە، پادشاھ جەمئي مۇنەججىملەرنى، قۇرئەندازلارنى يىغىپ كەلتۈردى. مۇنەججىملەر ئايدىلەر: پەرى ئەسەر قىلىپدۇر، خاننى ئوقۇتسە سىھھەت بولۇر، دىدى ۋە يەنە ئول پەرىنىڭ مەكانى ئۈچ

مەنسۇردەكىن تۇرغان دارغا ئاسىلماي،
ئىبراھىم خەلىلدەك نارغا ئاتىلماي،
يۇسۇفدەك بۇ بازارغا ساتىلماي،
ھېچ قەرار ئەيلەمەس بول پارە كۆڭلۈم.

ھەر كىمسەگە تۇشسە ئىشقىنىڭ ھەۋاسى،
بولغۇسى سۇلتانلار ئانىڭ گەداسى،
بۇ ئىشقىنىڭ يەنە مىڭ بىر بەلاسى،
ياندۇرۇر ئەسلى زەمان يۈز پارە كۆڭلۈم.

ئاشىقلار قۇۋانماس دۇنيا مالىغە،
كىمسە يىغلار غەرىبلەرنىڭ ھالىغە،
ئاق يۈزگە قوشە - قوشە خالىغە،
ئاچىلۇر غۇنچەدەك يۈز پارە كۆڭلۈم.

ئەلقىسسە، ئاندىن سوك پادشاھ زار - زار يىغلاپ رۇخسەت بېرىپ بىر سۆز ئايتقانى:

نەيلەيىن جانىم بالام ئەۋۋەلدەنى كۆردۈم سېنى،
جانىم ئىچرە جا ئىدىڭ سىينەمدە جا قىلدىم سېنى.
ناز پەرۋەر ئەيلەبان ... رەسا قىلدىم سېنى،
بارغىل، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

گۈلشەنى ئۆمرۈمدە گۈل بەرگى بەھارىم سەن ئىدىڭ،
دۇررى نايابىم، شەكەر خەندىم نىگارىم سەن ئىدىڭ.
ئەقلى - ھۇشۇم، راھەتىم، جانىم - مەدارىم سەن ئىدىڭ،
بارغىل، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

مەن نەچۇك تاقەت قىلاي، ھەجرىڭدە جانىم، ئەي ئوغۇل،
يىغلاپ ئايتقان بۇ مۇناجاتىمنى ھەق ئەتكەي قەبۇل.

ئۈچ يۈز ئەھمد ئىتىپ، بەردى نىشانە،
بىر غۇنچە دەھانلى شەھدۇ شەكەرلىك.

كالامە يۈزلەندى نىقابىن ئاچىپ،
تۈتىدەك سۆزىدىن شەكەرلەر ساچىپ،
سەنەۋبەر دەر كېلىپ سىينەسىن ئاچىپ،
ھۇمايۇن باقىشلىق، كاكۇلى زەرلىك.

ئەلقىسسە، ئۇمەرا، فۇزەلالارغە:
— بۇ ئىشنىڭ مەسلەھەتى نەچۈك بولۇر، — دېدى. ئىرسە، ھەممە:
— ئەي شەھرىيارى ئالەم، پەرىنىڭ مەكانى ئۈچ يۈز يىللىق يول بولسا، ئىلاجى يوقتۇر، — دېدىلەر، — ئەمما دۇنيانىڭ چاھار تەرەپىغە كىشى ئىبەرىڭ، ھەر يەردە ساھىبجەمال بولسا ئالىپ بېرىڭ، — دېدى. ئاندىن سوڭ پادشاھ ئوغلىغە ئايدى:
— ئەي يېگانە پەرزەند، كىشى تۈشىندە كۆرگەنىنى ئوڭىدا تاپسا بولماس، ھەر يەردە ساھىبجەمال قىز بولسا ئالىپ بېرەي، — دېدى.
ئىرسە شەھزادە زار - زار چۈن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ، ئاتاسىدىن رۇخسەت بەر، دەپ بىر سۆز ئايتقانى:

بىر رۇخسەت ئىتىڭىز ئادالەت شاھى،
قايتادىن شاد بولسۇن يۈز پارە كۆڭلۈم.
جان دىلدىن سۆيۈنسۇن قادىر ئىلاھىم،
سۆزۈڭدىن تۈشمەسۇن ئازادە كۆڭلۈم.

لاچىندەك سىلكىنىپ قاقتى قانات - پەر،
جانىمنىڭ ئافەتى غەمزەسى كافەر،
كۆزلەرىمدىن بىر زەمان كەتمەس ئۇ دىلبەر،
تەلپۈنۈپ جۇش ئۇرار ئۇل يارغە كۆڭلۈم.

ياۋ كۆنى رۇستەم سىفەتلىك،
باش چاقماق، تىلى پاكلىق،
نەيزە زەررىن ........
خۇش فىشانلار خۇش قال ئامدى.

هەقىقەت شەرابىن ئىچكەن،
مەجلىسىندە دۇرلار ساچقان،
مەئرىفەت بازارىن ئاچقان،
خۇب ئىشانلار خۇش قال ئەمدى.

هەق كالامىن چىن بىلگەنلەر،
قارا باغرى قان قىلغانلەر،
قارى قۇرئان هەم بولغانلار،
دۇر فىشانلار خۇش قال ئەمدى.

تۇشۇپدۇر ئىشقىنىڭ هەۋاسى،
تىلىمدىن كەتمەس سەناسى،
شەهرى چىن كەد خۇداسى،
ئەهلى ئىشان خۇش قال ئەمدى.

سەنەۋبەر دەر ۋەفادارىم،
ئىشتىنىڭ ئاھ ئىلە زارىم،
بارچە كەلگەن دوست - يارىم،
مېهرىبانلار خۇش قال ئەمدى.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزدىن سوڭ بەش يۈز يىگىت شاهزادە بىرلە كېمىگە كىردىلەر. ئۇممان دەرياسىغا كىرىپ رەۋان بولدىلەر. نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ، ناگاھ بىرگىردابى خۇنخارغا تۇشتىلەر.

ئەلقىسسە، ئالتە ئاي ئول گىرداب ئىچرە يۈردىلەر. بىسيار هەلاكەتتىن قۇتۇلدى. سەهەرلەردەن بىر سەهەردە خۇدايىتائالانى ياد قىلىپ، زار - زار يىغلاپ، مۇناجات قىلۇر ئېردى. جۆرەلەرى «ئامىن» دەر ئېردىلەر. سەنەۋبەر خۇداغە نالە قىلىپ، دەرياغە بىر سۆز ئېيتقانى:

تۇشۇپدۇر باشىمە ئىشقىنىڭ سەۋداسى،
بىر مۇرۇۋۋەت قىلغىل مىسكىن گەداغە.
قايناپ جۇش ئۇرغان ئۇممان دەرياسى،
قويما مېنى مۇنچە جەبرۇ جەفاغە.

ئەۋۋەل ئادەم سەفىيۇللا هەققى ئۇچۇن،
دەۋۋۇم نۇھ نەبىيۇللاھ هەققى ئۇچۇن.
يەنە مۇسا كەلىمۇللا هەققى ئۇچۇن،
گىرىفتار ئەيلەمە جەۋرۇ جافاغە.

دائىما بولسۇن ئىلاھا كىم مەدەدكارىڭ رەسۇل،
بارغىل، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

سەن كېتەرسەن باش ئالىبان، مەن يەنە مەستۇ خەراب،
ھەسرەتىڭدە يۈرەكىم قاندۇر ”يەنە“ باغرىم كەباب.
فۇرقەتىڭدە ئەمدى نەيلەيىنكى يوقتۇر مەندە تاب،
بارغىل، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

مەنكى خۇرشىدىم ئەجەب يوق، ئاھۇ ئەفغان ئەيلەسەم،
ھەر زەمان يادىڭدە مىڭ چاكى گىرىبان ئەيلەسەم.
پەندىم ئالمادىڭ ئەگەر يۈز باغرىمنى قان ئەيلەسەم،
بارغىل، ئەي جانىم بالام، ئاللاغا تاپشۇردۇم سېنى.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزدىن سوڭ، شاھزادە كېتەر بولدى. جۆرەلەرى:

— ئەي شەھرىيار، سەندىن ئايرىلماسمىز، — دېدى. ئېرسە، شاھزادە جۆرەلەرىگە:

— سىزلەرگە يۇرت قۇتلۇق بولسۇن، ماڭا يول! ئەمدى سىزلەر مۇندا خۇش قالىڭىزلار، — دەپ بىر سۆز ئايتقانى:

قاشىمىزدە ئايە مەڭزەپ،
دەۋران جانلار خۇش قال ئەمدى،
كېسىپ-كېسىپ باغرىم تۇزلاپ،
كەلگەنجانلار خۇش قال ئەمدى.

بىزلەر بىلەن ھەمدەم بولغان،
دىيدەلەرى پۇرنەم بولغان،
سىررىمىزغە مەھرەم بولغان،
نوكتەدانلار خۇش قال ئەمدى.

مەجلىسىندە قۇلى سازلىق،
نالەسى بۇلبۇل ئاۋازلىق،
بەدۇ ئاتلىق تەبلىبازلىق،
نەۋ جەۋانلار خۇش قال ئەمدى.

ئاتامىز مۇلكىنىڭ ماھى،
بەگلەر كىشۋەرلەرنىڭ شاھى،
بارچە مىسكىنلەر پەناھى،
بەگۇ خانلار خۇش قال ئەمدى.

جانىمە قەسد ئەتمىش دەريايى ئافەت،
مۇندىن قۇتۇلماغىم يوقتۇر سەلامەت.
بۇ كۈن بولدى ماڭا ۋەھمى قىيامەت،
بۇ كۈن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.

ياقامنى چاك ئېتىپ، ئەيلەيىن فەرياد،
يېقىلسۇن، يىمىرىلسۇن بۇ چەرخى ناشاد،
ھەيف ئول نەۋجەۋانلار قامەتى شەمشاد،
بۇ كۈن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.

ئەمدى مەن يىغلايىن بۇ خەستەئى جان،
يۇسۇفدىن ئايرىلىپ قالدى ئول كەنئان.
بىر ياندىن قايغۇسى، بىر ياندىن ھىجران،
بۇ كۈن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.

سەنەۋبەر ھەمراھى قۇدرەتلىك رەھمان،
مېنى بۇ غەملەردە قويمە سەرگەردان.
ئەۋۋەلدە ئامان بەر، ئاخىردا ئىمان،
بۇ كۈن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.

ئەلقىسسە، ئۈچ كېچە - كۈندۈزدىن سوڭ، دەريانىڭ ياقاسىغە چىقتىلەر. زىيۋەر ئول بىشەدە بىمار بولدى. بىر نەچچە كۈندىن سوڭ زىيۋەر ھالى زەبۇن بولدى. ئېرسە، سەنەۋبەر زىيۋەرنىڭ باشىنى تىزىغە ئالىپ تەلمۈرۈپ، «نەچۈكدۈرسەن؟» دەپ بىر دەۋر ساقى ئايغانى:

— سۆيۈكلۈك ھەمدەمىم، ۋەفالىق يارىم،
تازە نەۋجەۋانىم ھالىڭ نەچۈكدۈر؟
رەفىقىم، مۇنىسىم، ئەيشىم، مەدارىم،
نۇرى دىيدەم، جانىم ھالىڭ نەچۈكدۈر؟

ئەرزىمنى ئىشتكىل، قادىر ئاللاھىم،
بۇتەقى جەھاندە سەن - سەن پەناھىم،
فەلەك تىترەشۇر ئىشتىپ ئاھىم،
بىرمۇرۇۋۋەت ئەيلەگىل مىسكىن گەداغە.

ئاغۇ قۇشتى فەلەك ئىچكەن ئاشىمغە،
بىر پەرىزاد كىردى مېنىڭ تۇشىمغە.
ئىلياس پەيغەمبەرنى يەتكۇز قاشىمغە،
بىر مۇرۇۋۋەت ئەيلە مىسكىن گەداغە.

كۆڭلۇمغە توشۇپدۇر ئىشقىنىڭ ھەۋاسى،
مەئىشۇقىنىڭ ۋەسلىدۇر يارمۇددەئاسى،
بىر مۇرۇۋۋەت ئەيلەگىل ئۇممان دەرياسى،
قويمە مېنى مۇنچە جەبرۇ جەفاغە.

كۆڭلۇمنى ئالدى بىر زۇلفى ئەنبەر،
ماڭا كېرەكمەسدۇر تاج ئىلە گەۋھەر،
بىچارە ئاشىقمەن ئاتىم سەنەۋبەر،
بىر مۇرۇۋۋەت ئەيلگىل مىسكىن گەداغە.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزدىن سوڭ، ناگاھ، بىر بادى مۇخالىق ئۇردى، كېمەلەرنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ، پارە - پارە قىلدى. تەمام يىگىتلەرنى دەرياغە غەرق قىلدى. سەنەۋبەر ۋە يەنە ۋەزىر بەچچە زىيۋەرنام ھەر قايسى بىر تەختە پارە ئۇستىدە قالىپ ئىدىلەر. سەنەۋبەر بۇ ۋاقىئەدىن ھەيران بولۇپ، زار - زار چۇن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ بىر سۆز دېگەنى:

مەن كىمگە ئايتايىن ئەرزى ھالىمنى،
بۇ كۇن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.
ھەق تەئالا كۆرگەيسەن، دەرد ھالىمنى،
بۇ كۇن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.

— ئەۋۋەل ئەمەس ئىدىم، غەمدىن ئازادە،
غەرىبلىك كۈنىدە قالدىم پىيادە.
يىغلا - يىغلا، دەردىم بولۇر زىيادە،
رۇيمال ئالىپ كۆزۈم ياشىن سىل ئەمدى.

— سەنەۋبەر دەر ئەمدى باغرىم ئېزىلدى،
ساڭا ھەقدىن بۇيلە قىسمەت يازىلدى.
ۋاقتى يېتىپ، جان جەسەددىن ئايرىلدى،
يۇسۇفى كەنئانىم ھالىڭ نەچۇكدۇر؟

— زىيۋەر ئايتور: جىسمىم نارغە تۇتاشتى،
قىرمىزى كۆيلەكىم قانغە بۇلاشتى.
جانىم چىقىپ، ئۆلەر ۋەقتىم يېتىشتى،
مەن كېتەرمەن، سەن يىغلاشىپ قال ئەمدى.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزدىن سوڭ زىيۋەر «ھەق» دەپ جان بىھەق تەسلىم قىلدى. ئېرسە، سەنەۋبەر زار - زار چۇن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ بىر سۆز ئايتقانى:

غەربلىك كۈنىدە غەرىبلەر كەتتى،
مېنىڭ ئۈچۈن غەرىب ئۆلگەن زىيۋەرىم،
گۈل يۈزلەرى زەئفىراندەك سارغىيىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن غەرىب ئۆلگەن زىيۋەرىم.

مېنىڭ ئۈچۈن ئاتا - ئانادىن كېچىپ،
قازا ئوقلارىغە سىينەسىن ئاچىپ،
ئاخىرى ئەجەلنىڭ شەربەتىن ئىچىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن غەرىب ئۆلگەن زىيۋەرىم.

— ئەرزىمنى ئىشىتكىل ئەزىز پادىشاھىم،
مەن سۆزلەيمن سەن قۇلاغىڭ سال ئەمدى.
قۇلاق سالىپ فەھىم ئەيلەگىل سۆزۈمنى،
مەن كېتەرمەن، سەن بۇزارە كەل ئەمدى.

— يۈزۈڭ ئاتەشىندۇر، كۆزلەرىڭ بىمار،
نازۇك تېنىڭ سىمابدەيىن بىقەرار.
يارۇ ۋەفادارىم ئەيلەگىل ئىزھار،
كۆزلەرى مەستانىم ھالىڭ نەچۇكدۇر؟

— ئىشىتمەس پىكرىم نارە تۇتاشدىم،
ئەۋۋەلا غەرىبلىك ئوتىغە پىشدىم،
ئاخىرى شۇم ئەجەل دامىغە تۇشدۇم،
ئالۇر بولساڭ بۇ زىنداندىن ئال ئەمدى.

— ساڭا پىدا بولسۇن بۇ شېرىن جانىم،
تەسەددۇق جانىڭگە روھى رەۋانىم.
سەنسەن تېرىكلىكىم، شاد - شادمانىم،
يارۇ مېھرىبانىم ھالىڭ نەچۇكدۇر؟

— ھالىم بولۇپتۇر بەتتەردىن بەتتەر،
ئەجەل نەشتەرى جانىمنى ئۆرتەر.
ئەجەل ئەژدىھادۇر بارچەنى يۇتەر،
غەنىمەتدۇر بۇ دەۋرانلار بىل ئەمدى.

— ئەۋۋەل ئانادىن بولماسام ئىدىم،
غەرىب كۇندە قالماسام ئىدىم،
سېنى بۇ ھەسرەتتە كۆرمەسەم ئىدىم،
خەتەرلىك كارۋانىم ھالىڭ نەچۇكدۇر؟

سەنەۋبەر ئىستەر يولداشىن، ئاققۇزۇپ بۇ كۆزدىن ياشىن،
ئۇچۇرۇپ قولدىن شۇڭقارىن. قايتادىن ھىجران بولدى.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر بىشەنىڭ ئىچىندە بارۇر ئىردى. كۆرەركىم، مىۋىلەر پىشىپ، بەزىلىرى تۆكۈلۈپ مەينە، قۇمرى ۋە تۇتىلار نالە قىلىپ، زار يىغلاردى. سەنەۋبەر بىر دۇرساقى بىلەن بۇلاردىن يارىن سوراغانى:

گۈلىستان ئىچىندە كەزگەن تۇتىلار،
خەبەر بىرىڭ بىزىڭ يارنى كۆردۈڭمۇ؟
چەمەندە سەير ئەتكەن شەيدا بۇلبۇللار،
خەبەر بىرىڭ بىزىڭ يارنى كۆردۈڭمۇ؟

بىر لاچىن باقىشلىق سەلاتىن بويلۇق،
قولى تەر ھىنالى زەرەفشان بويلۇق،
ياخشى مەلاھەتلىك مەلائىك خۇيلۇق،
شۇنداي يارى ۋەفادارنى كۆردۈڭمۇ؟

كۆيلەكى گۈلگۈندۇر، تونى قىرمىزى،
شەكەردىن شىرىندۇر لەئلىنىڭ سۆزى،
ئەسلىنى سورساڭ پەرىنىڭ قىزى،
ئۇشۇل شوخى دىلئازارنى كۆردۈڭمۇ؟

چەمەندە چىرماشقان سەبزە، سۇنبۇللار،
تازە ئەرغەۋانلار قىرمىزى گۈللار،
بىشەنىڭ شۇڭقارى ئالغۇر لاچىنلار،
تەر ئاچىلغان لالەزارنى كۆردۈڭمۇ؟

سەنەۋبەر قالمىش بۇ يەردە ھەيران،
بىر گۈزەل يار ئۇچۇن ھالى پەرىشان،

مەگەر جان ئالغۇچى كەلگەنىن بىلىپ،
چەھار تەرەفكە تەلمۈردۈڭ باغرىمنى تىلىپ.
شېرىن جانىڭ چىقتى تەندىن ئايرىلىپ،
مېنىڭ ئۇچۇن غەرىب ئۆلگەن زىيۋەرىم.

گۈل - غۇنچەدەك يافاڭ بەندى ئاچىلماي،
بۇلبۇل بولۇپ، كۆزۈڭ ياشىن ساچىلماي،
مىڭ گۈلۈڭدىن بىر گۈلى ھەم ئاچىلماي،
مېنىڭ ئۇچۇن غەرىب ئۆلگەن زىيۋەرىم.

شېرىن سۆزلەر بىلەن كۆڭلۈمنى ئالىپ،
ئۆرتەنگەن جانىمغە ئوتلارىن سالىپ،
سەنەۋبەر دەر ئاخىر دۇئالار قىلىپ،
مېنىڭ ئۇچۇن غەرىب ئۆلگەن زىيۋەرىم.

ئەلقىسسە، ئاندىن سوڭ، زىيۋەرنىڭ جىنازەسىن ئوقۇپ، دەفىن قىلدى. ئاندىن سوڭ، فەلەكنىڭ دەستىدىن داد دەپ بىر سۆز ئايتقانى:

بىر پەرىنىڭ ھەسرەتىدىن،
كۆزدە ياشىم قان بولدى.
كېچە - كۈندۈز فۇرقەتىدىن،
رەۋشەنىم ھىجران بولدى.

قانى مۇنچە يارۇياران،
فەلەك ئەتتى، بىزنى يەكسان.
باشىمىزدە ياخشى جەھان،
قاپقاراڭغۇ زىندان بولدى.

بىزگە قىسمەت شولدۇر باشدىن،
يدەمىز قانلىقدۇر باشدىن،
ئايرىلىپ قەۋم - قېرىنداشتىن،
سەۋدا ئىشىم زىيان بولدى.

رەھىم ئەتمەدى بىرۇ بارىم،
يېتىشمەدى ئاھۇ زارىم.
سىياھ بولدى روزىگارىم،
قارا باغرىم قان بولدى.

سەنەۋبەر دەر: ئۆتكەرمە ئۇشبۇ دەۋراننى،
يۈرەكلەردە كۆپلەپ قالدى ئارمانى.
ھەق مۇيەسسەر ئەتمىش دۇررى غەلتاننى،
بۇگۈن مانا بەدەخشانغە يېتۇشتۇم.

ئەنـقـىـسـە، سەنەۋبەر دەرەختىن تۇشۇپ ھۆكۈزنى شەئىندە ئوقۇدى:

كۆردۇم بىر ئۆكۈز ئاغزىدا بىر دۇررى غەلتان،
كىم ھەيبەتىدىن تىترەپ ئاقار دەريايى ئۇممان.
ئوت ئوتلاماققە كەلدى، ئول ۋەھشى ھەيۋان،
بىردەمدە قىلۇر يەر يۈزىن مىلك يولى يەكسان،
ئول لەھزە قاراڭغۇ كېچەنى ئەيلەدى تابان.

بىر تۇرفە ئۆكۈز كۆرىڭىز سەنئەتى جەببار،
چۈن كوھ تەنى، باشى ئۇنىڭ گۈنبەزى دەۋۋار،
كىم شاخى چىنارە تېنى مارۇ نى غار،
بىردەمدە قىلۇر يەر - يۈزىنى مىلك يولى فەركار،
ئەزم ئايىن جۇدا قىلماق ھەرسارى ئېتىپ تابان.

ئول كاۋشەب ئېڭىز بىلە گاۋقەششەم،
دۇنيا يۈزىنى تۇپتۇز ئەيلەيدۇ ئولدەم،
ياندى ئاخىرى ئانچەسىن پىشەزەم،
تۇرغان يېرىدىن قوزغالىبان، كۆچتى ئۇ شۇلدەم،
كىم ھەيبەتىدىن شىر پەلەك رەۋزىگە ھەيۋان.

ھەر بىر سۆزىن دېيەيىن مىسلى سەنەۋبەر،
ئول ۋەھشى سىفەتىن قىلايىن ئالەمە يەكسەر،
خۇرشىد چىقتى، جەھان بولدى مۇنەۋۋەر،
كەلگەن يولىنى تاپتى ئوشۇل ۋەھشىئى خەيبەر،
ئۇممان تۇبىگە سالدى ئۆزىنى ئەيلەدى پىنھان.

تاغدىكى تاۋۇس بۇ چۆلدە ھەيران،
شۇنداغ يارى ۋەفادارنى كۆردۇڭمۇ؟

ئەلقىسسە، ئافتاب پاتتى. سەنەۋبەر بىر تەرەفغە بارۇر ئىردىكىم، ناگاھ، كۆزىگە بىر بىشە سۇفە كۆرۇندى، زىيادە ئارەستە ۋە يەنە بىر چىنار بار ئىردى. سەنەۋبەر چىنارغا چىقىپ ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، يېرىم كېچە بولدى. كۆردىكىم، دەريانىڭ ئىچىندە ناگاھ بىر قارا ئۆكۈز پەيدا بولدى. ئاغزىدا بىر گەۋھەرى شەب چىراغ بار ئىردى، كەلتۇرۇپ سۇفەنىڭ ئۇستىدە قويدى. ئىرسە، تەمام بىشە مۇنەۋۋەر بولدى. سەنەۋبەر بىر سۆز دېدى:

غەۋۋاس كەبى چىقتىم بۇ جاندىن كېچىپ،
شۈكرى لىللاھ، لەئلى كانغە يېتۇشتۇم.
ساقى ئىلىكىدىن ئال شەراب ئىچىپ،
قايتا باشدىن چىققان جانغە يېتۇشتۇم.

بىر يار ئۈچۈن بۇ چۆللەردە يالبارىپ،
مېھنەت چېكىپ، زەئىفراندەك سارغارىپ،
سەرراف ئىدىم، دۇررى نىھان ئاختارىپ،
شۈكرى لىللاھ، بەدەخشانغە يېتۇشتۇم.

بەختىمىنىڭ كەۋكەبى ياندى، ساچىلدى،
ئۇمىدىم غۇنچەسى گۈلدەك ئاچىلدى،
مېھنەتنى شەرابى قولدىن ئىچىلدى،
قىش ئاچىلغان گۈلىستانغە يېتۇشتۇم.

غەمنىڭ گىردابىندە سەرگەردان بولۇپ،
يىراغلىغ دەردىدىن باغرىمنى تىلىپ.
مەجنۇندەك چۆللەرگە باش ئالىپ غەرىب،
ياقۇتلۇق، گەۋھەرلىك كانغە يېتىشتۇم.

بىر توپ بۆدۇنە ھەۋادىن ئۇچۇپ بارۇر ئېردى. سىدنەۋبەر بۆدۇنەلەرنى كۆرۈپ، يارىغە سالام ئىبەرگەنى:

قىرقىلاشىپ كۆكدە ئۇچقان بۆدۇنە،
مېنىڭ سەلامىمنى يارغە دېگەيسىز،
شەبىستان شەھرىغە كېتەن بۆدۇنە،
ئەرزىم، ھالىم بىرۇ بارغە دېگەيسىز.

قۇربان بولاي يارنى قارا كۆزىغە،
پىستە دەھانىغە، شېرىن سۆزىغە،
قەلەم قاشلىق ماھى تابان يۈزىغە،
مەن قالمىشىم ئاھۇ - زارە دېگەيسىز.

مەرھەمەت ئەيلەسۇن ئۇمان قۇللارغە،
سارغىرىپ مەن ئۆرتەنىبان چۆللەرغە،
سەلامىمنى دېگەيسىز ئىنچىكە بەللەرغە،
زىنھار - زىنھار ئەرزىم يارغە دېگەيسىز.

مەن مۇندا قالمىشىم غەمدە، مېھنەتدە،
يارىم ئاندا كېزەر ئەيشۇ ئىشرەتتە،
پەرىشان ھالىمنى بارساڭ ئەلبەتتە،
قولى خىنالىق يارغە دېگەيسىز.

سەنەۋبەر دەر قالدىم ياردىن ئايرىلىپ،
قاناتلارىم سىندى غەمدە قايرىلىپ،
ياتمىشىم يولۇڭدا كۆزۈم تەلمۈرۈپ،
ئەرزى ھالىم زۇلفى تارغە دېگەيسىز.

ئەلقىسسە، بىر نەچچە كۈنلەر يۈرۈپ ئىدى، ئەمما بىر كېچە تاڭ ۋەقتىدە بادى سەبا ئەستى. سەنەۋبەرنىڭ يارى تۇشىغە كىرىپ بادى

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر يارىنى قايدىن ئىزدەشنى ئويلاپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كەلگىل كۆڭلۈم ئەمدى ۋەفالىق ياردىن،
ئاختارىپ بىر نەچچە نىشان ئىزلەيىن.
زۇلفى بىنەفشەلىك تازا بەھادىن،
بۇلبۇل بولۇپ گۈلى خەندان ئىزلەيىن.

ئاشىق بولماس شېرىن جاندىن كەچمەگەن،
ئىشىق ئوتىغە كۆيۈپ يانىپ ئۆچمەگەن،
ھىجرانلىقنىڭ شارابىنى ئىچمەگەن،
پەرۋانەدەك شەمئى سوزان ئىزلەيىن.

ئۇممان كەبى تولۇپ - تاشىپ جۇش ئۇرۇپ،
پەرۋانەدەك ھەر شۇئىلەگە باش ئۇرۇپ،
مەجنۇن بولۇپ، كۆكسۇم ئۇزە تاش ئۇرۇپ،
مېھنەتلىك كۈلفەتلىك ھىجران ئىزلەيىن.

ئەمدى ئەزم ئەيلەيىن خەتەرلىك جايدىن،
سوراغىن ئەيلەيىن خۇشىدنى ئايدىن،
تىللا تۇماغلىق ھۆسنى ھۇمايدىن،
ئاختارىپ دۇنيانى نىشان ئىزلەيىن.

سەنەۋبەر دەرلەر مېنىڭ ئاتىمنى،
ئاللاھدىن ئىزلەيىن كۆڭۈل شادىمنى،
ئىشىق ئېلىندى يەتمىگەن يەنە دادىمنى،
مۇرەسسە كەمەرلىك سۇلتان ئىزلەيىن.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر بىر نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ بارۇر ئېردى،

ئەلقىسسە، نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ ئىدى، كۈنلەردە بىركۈن بىر چەھارباغ كۆرۈندىكىم، دىۋارى مۇشكى زەئىفىراندىن قىلىنغان ئىدى. سەنەۋبەر ئۆز كۆڭلىدە خۇشۋەقىت بولۇپ، يارىمنىڭ مەكانى كۆرۈندى بولغاي، دەپ بىر سۆز ئايتقانى:

كۆزلىرىمدە جىلۋە ئەيلەر باغلارى،
شۈكرى ئەمدى يار مەكانى كۆرۈندى.
بۇلبۇللارى قونۇپ، ئۇچار زاغلارى،
شۈكرى ئەمدى يار مەكانى كۆرۈندى.

مەن مۇندا كەلمىشىم يارنى سوراغلاپ،
يىراقلىق ئوتىغە باغرىمنى داغلاپ،
ئەمدى غەم يېمەسمەن ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ،
شۈكرى ئەمدى يار مەكانى كۆرۈندى.

مۇندا كەلدىم ئەرز ئەتمەككە دادىمنى،
ئاختارىپ تاپمىشىم كۆڭۈل شادىمنى،
ھەق مۇيەسسەر ئەتمىش شول مۇرادىمنى،
شۈكرى ئەندى يار مەكانى كۆرۈندى.

يارىمنى ياراتمىش قىرمىزى گۈلدىن،
زۇلفى بىنەفشەلىك، ساچى سۇنبۇلدىن،
سوراغىن ئالمىشىپ شەيدا بۇلبۇلدىن،
شۈكرى ئەمدى يار مەكانى كۆرۈندى.

چىن شەھرىدىن ئىستەپا بىر ھەمدەم،
كۆز ياشىم بولۇپتۇر لالەگە شەبنەم،
سەنەۋبەر يىغلاما داد ئېتىپ شولدەم،
شۈكرى ئەمدى يار مەكانى كۆرۈندى.

ئەلقىسسە، ئاستا راۋان بولۇپ چەھارباغقە كىردىكىم، ھېچ

سەبادىن سەلام يىبەرگەنى:

ئەي بادى سەبا يەتكۈر ئۇل يارغە سەلامىمنى،
خۇرشىدى قەمەر يۈزلۈك دىلدارغە سەلامىمنى،
ئۇل خالى سىيەھ زۇلفى سەير مارغا سەلامىمنى،
ئەرز ئەيلە يارىپ شۇلدەم دىلدارغە سەلامىمنى.

ئۇل سەرۋى خىرامانىم بىر شۇخى شەمايىلدۇر،
كىرفىكلارى قەسدىمدە بىر خەنجەرى قاتىلدۇر،
رەھىم ئەتمەسە ھالىمغا شۇل دىلبەر نە مۇشكىلدۇر،
باشىمغە بەلا ھەردەم ھىجرانىغا نازىلدۇر،
مەستانە يارىپ ئايتقىل ئۇل يارغە سەلامىمنى.

شەيدايى، گىرىفتارى ئۇل قاشى قارا بولدۇم،
ھەجر ئاتەشىغە ھەردەم ئۆرتەندىم، ئەدا بولدۇم،
غەم دەشتىدە مەجنۇندەك، ئىشقىدا گەدا بولدۇم،
بىر تازە نىھال ئېردىم، غەم بىرلە دۇتا بولدۇم،
ئەي پەيك، يارىپ ئايتقىل ئۇل يارغە سەلامىمنى.

ھەجرىندە سەمەندەردەك ئوتلارغە تۇتاشىپمەن،
بىر زەررە ۋەفا كۆرمەي، يۈزغەمگە ئۇلاشىپمەن،
مەجنۇنى بەلا كەشدەك چۆللەردە ئاداشىپمەن،
كۆكسۇمنى تىلىپ گويا قانىمغە بۇلاشىپمەن،
بۇ نەۋئى يارىپ ئايتقىل ئۇل يارغە سەلامىمنى.

جانىمغە جەفا قىلغان ئۇل غەمزەلى دىلبەردۇر،
مەستانە سىيەھ چەشمى جان ئالغۇچى كافەردۇر،
باشىمغە مىنىڭ گويا يۈز شورىشى مەھشەردۇر،
ئەرزىمنى بەيان ئەتكىل بىچارە سەنەۋبەردۇر،
ئەرز ئەيلە يارىپ شولدەم ئۇل يارغە سەلامىمنى.

كىم تەختىنىڭ ئۈستىدە يۈزىگە پەردە تارتقان "بىر قىز" ئولتۇرۇپدۇر. جەمالى ماھى تابان ئىدى. قىز كىيىكنى كۆرۈپ كۆڭلىگە رەھىم كەلدى. ئايدىكىم، «مەگەر ئوۋچىلاردىن قوتۇلۇپ كەلگەندۇر»، دېدى. ئاندىن سوڭ "كىيىكنىڭ" ئالدىغە سۈت، كىشمىش قويدى. كىيىك ھەرگىز باقمادى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقار ئېردى. ئاخىر مەلىكە ئايدى: «ئەي جانىۋار، مەن سېنىڭ دەردىڭنى بىلمەسمەن، ئۆزۈڭ ئايغىل»، — دېدى. "كىيىك" زەبانغە كېلىپ يىغلاپ، بىر سۆز دېدى.

قەمەر يۈزلۈك، قەلەم قاشلىق نىگارىم،
چاكى گىرىبانىم غەرىب يەرلەردە،
كىيگەنى قىرمىزى، قامەتى شەمشاد،
ھالى پەرىشانىم غەرىب يەرلەردە.

ھېچ كىشى ياردىن جۇدا بولماسۇن،
بىر مېنىڭدەك بەختى قارا بولماسۇن،
يار كويىدا يىغلاپ ئادا بولماسۇن،
دىيدەسى گىريانىم غەرىب يەرلەردە.

ھەر كۈنۈم بولۇپتۇر بىر ئايدىن بەتتەر،
كېچە - كۈندۈز يىغلاپ ئەۋقاتىم ئۆتەر،
يىراغلىق تېغى باغرىمنى يىرتار،
بىر باغرى بىريانىم غەرىب يەرلەردە.

قەبا فەلەك سالدى خەتەرلىك جايغە،
مېنى چاتۇشتۇردى سانسىز بەلاغە،
مۇناجات ئەيلەيمەن قادىر ئاللاھغە،
ئاداشقان كارۋانىم غەرىب يەرلەردە.

سەنەۋبەرمەن شاھى خۇرشىد ئوغلىدىم،
بىر يار ئۇچۇن سىينەلەرىم داغلادىم،

ئادەمزادنىڭ قەدىمى يەتكەن جاي ئەمەس، ئۇل جايدا تەمام تىللادىن قىلىنغان بىر گۇمبەزنى كۆردى ۋە ئىچكەرى كىردى، ئەمما بۇ بىر جادۇگەرنىڭ ماكانى ئىردى. ئۇل جادۇگەر ئادەمزادنىڭ ئىسىنى ئالىپ قـارادىكىم، باغدا بىر ئادەمزاد يۈرۈپتۇر. فەرياد قىلدىكىم: «ئەي ئادەمزاد خەبەردار بولغىن!» — سەنەۋبەر يۇقارى قارادى. جادۇگەر بىر ئاۋۇچ تۇپراقغە ئىسمى ئەزەم ئوقۇپ تاشلادى. ئىرسە "سەنەۋبەر" بىر كىيىك سۈرەتىدە بولۇپ قالدى. ئاندىن سوڭ سەنەۋبەر بىر بەيابانغە باش ئالىپ كەتتى. نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ، زار - زار چۇن ئەبرى نەۋ بەھار يىغلاپ مۇناجات قىلغانى:

قادىر ئاللاھ، سەنسەن مېنىڭ پەناھىم،
ھېچ كىمنى مېنىڭدەك ھەيران ئەيلەمە.
بىر ئاسى قۇلۇڭمەن كۆپتۇر گۇناھىم،
رەھىم ئەيلە قولۇم تۇت، گىريان ئەيلەمە.

كۈن - كۈندىن بولدى زۇلۇم زىيادە،
غەرىبلىك كۈندە قالدىم خەتەردە،
مېنىڭدەك ھېچ كىمنى فانى دۇنيادە،
يار كويىدا زارى گىرپان ئەيلەمە.

مەن مۇندا قالمىشىم نەسەبىم تارتىپ،
يىراغلىق خەنجەرى باغرىمنى تىلىپ،
ھېچكىمنى مېنىڭدەك رەڭگىن سارغارتىپ،
غۇنچەلىكدە رەڭگىن خەزان ئەيلەمە.

مەن قايتابان بارايىن ئەمدى باش ئالىپ،
كىمگە داد ئەيلەيىن كۆزگە ياش ئالىپ،
ھېچكىمنى باشىغە مۇنداغ كۈن سالىپ،
سەنەۋبەر دەرد ھالىن يامان ئەيلەمە.

ئەلقىسسە، نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ بىر گۇمبەزگە يېتۇشتى. ئىشىكىگە پەردە تارتقان "بىر ئۆيىنىڭ" ئىچكەرىسىگە "كىردى". كۆرەر

ۋەلى كۆڭلۈم بۇ دۇنياغە قۇۋانمە،
بۇ دۇنيا كىمسەگە ۋەفا ئەيلەدى.
كەل كۆڭلۈم بۇ دۇنياغە قۇۋانمە،
بى بەقادۇر كىمگە ۋەفا ئەيلەدى.

ھەرگىز قۇۋانماغىل دۇنيا مالىغە،
ئىئتىماد ئەتمەگىل ماھۇ سالىغە،
بىرەۋنى يەتكۈزۈپ يار ۋىسالىغە،
بىرەۋگە مىڭ تۈرلۈك جەفا ئەيلەدى.

بۇ دۇنيادە ھەر كىم مەنمەنلىك ئەتتى،
فەلەك ئاخىر ئانىڭ باشىغە يەتتى،
بىر نەچچە ئاشىقلار مۇرادغە يەتتى،
نەچچەنى ياردىن جۇدا ئەيلەدى.

دۇنيادە كەچتى نەچچە دەۋرانلارى،
خەزاندىن قۇتۇلماس گۈلىستانلارى،
ئەجەلنىڭ قولىندىن بەگ - سۇلتانلارى،
ئاخىر ھەسرەت بىلەن فەزا ئەيلەدى.

ئاشىقلار نەيلەسۇن يارسىز بۇ جاننى،
زىنداندۇر كۆزىگە ياخشى جەھانى،
سەنەۋبەر يارىنىڭ داغى ھىجرانى،
ئەلفدەك قەددىمنى دۇتا ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، مېھىر ئەنگىز سەنەۋبەرگە ئاشىق بولدىلار. ئۇلار ئەيىش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلار، بىر نەچچە كۈندىن سوڭ سەنەۋبەر دۇئا قىلىپ كېتەر بولدى. مېھرئەنگىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ: «مۇندىن كەتسەڭ مېنى ئۇنۇتمىغايسەن» ، —— دەپ بىر سۆز ئايتقانى:

بىر جادۇگەر قولىندە بەند باغلادىم،
پۇر سەرگەشتە ئىنسانمەن غەرىب يەرلەردە.

ئەلقىسسە، ئەسلىدە ”بۇ قىزنى“ مىھر ئەنگىز جادۇ دەر ئىردىلەر. بۇ جاي ئۇنىڭ مەكانى ئىردى. ”ئۇ“ بىر ئاۋۇچ تۇپراغققە ئىسمى ئەئزەم ئوقۇپ، ساچىپ ئىدى، سەنەۋبەر دەرھال ئادەم سۇرەتىغە كەلدى. مىھر ئەنگىز: «نە سەبەبتىن بۇ يەرگە تۇشتۇڭ؟»، — دىدى. ”سەنەۋبەر“ ئەھۋالنى بەيان قىلدى:

شۇكرى لىللاھ، قايتادىن ئالەمدە گويا بولمىشەم،
گۇلشەن ئىچرە ئەندەلىبى مەستۇ شەيدا بولمىشەم،
گويىيا بىر بەرق ئىدىم، يوقىدىن ھۇۋەيدا بولمىشەم،
يا ئەسىرى كافەرى بەد مىھر تەرسا بولمىشەم،
بولمىشىم سەرگەشتەئى مەجنۇنى سەھرا بولمىشەم.

قالمىشەم يالغۇز بەلا دەشتىدە يوقتۇر مەھرەمىم،
ھەرزەمان يۇز دەردۇ مىھنەتتىن قۇتۇلماس پەيكەرىم،
ھەمدەمىم مىھنەت مۇساھىب، غەم فەلاكەت لەشكەرىم،
كۆيدۇرۇپ ھىجران ئوتى ساۋۇردى بۇ خاكىستەرىم،
غەم قولىدا بىسمىلى شەمشىر بۇررا ئولمىشەم.

ئەي قەمەر يۇزلۇك، شەكەر سۆزلۇك پەرىلەر سەرۋەرى،
مەھۇ بولدۇم مەن جەمالىڭغە قاراپ، ئەي مۇشتەرى،
دەھر ئارا سەنسەن سىنەۋبەرنى ۋەفالىق دىلبەرى،
مەستۇ ھەيرانىم خەتى خالىڭنى كۆرگەندىن بېرى،
مەن ئەجەب مۇستەغرەقۇ رويى تەماشا بولمىشەم.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر مىھرئەنگىز جادۇ بىرلە ئىكەۋلەن بىرلىكدە مەستان جادۇنى ئۆلدۇردىلەر. سەنەۋبەر جادۇگەرنى ئۆلتۈرۈپ، «بىۋەفا دۇنيا» دەپ بىر سۆز ئايتقانى:

مېنى كەتتى دەبان چىقما يوللارغە،
قايرىلىپ باقماغىل ساغۇ سوللارغە،
جانىم فىدا بولسۇن ئىنچىچ بەللەرگە،
نازەنىنىم، ۋەفادارىم، قايت ئەمدى.

سەنەۋبەرنىڭ سەنسەن ۋەفالىق يارى،
ساڭا سەدقە بولسۇن جانى ئەفكارى،
كۆزۈم رەۋشەنى، كۆڭلۇم مەدارى،
ئورتا بويلۇق، ئاق مەزارىم قايت ئەمدى.

ئەلقىسسە، "سەنەۋبەر يۈرۈپ كەتتى". كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر جايغە يېتىشتىكىم، ئاخشام ياتارغا ھېچ يەر تاپمادى. ئاخىر بارىپ، بىر چىنارنىڭ ئۈستىندە ياتتى. ئېرسە، تۈشىندە بىرەۋ ئۈنىڭغا ئايدىكىم:
— بۇ يەردە چەھارباغ باردۇر، ئاندە نەسىبەڭنى ئالغىن، — دېدىلەر.
ئەلقىسسە، ئەتىگەن تۇرۇپ قارىسا بىر چەھارباغ كۆرۈندى، بارىپ چەھارباغقە داخىل بولدى. كۆرەركىم، بىر ھەۋزنىڭ لېۋىدە قىرىق قەلەندەر شەراب ئىچىپ ئولتۇرۇپدۇرلەر. ئۇلار سەنەۋبەرنى چىرلاپ ئالدىلەر ۋە يەنە بىركاسە شەراب بەدىلەر "سەنەۋبەر شەرابنى ئىچتى". كۆككە باقىپ يەتتە قات ئاسماننى كۆردى. يەرگە باقىپ يۈشتى ماھىنى كۆردى. قەلەندەر سورادىكىم:
— ئەي يىگىت، كۆكتە نە كۆردىڭ؟ ۋە يەنە يەردە نە كۆردىڭ؟
سەنەۋبەر بىر - بىر بەيان قىلغانلارى:

ئەرزىمنى ئىشتىڭ ئەزىز ئىشانلار،
ئەۋۋەلا چىھىلتەنلەر يارىنى كۆردۇم،
قولىندە پىيالە، يانىدە شەراب،
ئاندا قىرىق قەلەندەر قارىنى كۆردۇم.

مۇندىن كەتسەڭ سۆيەر يارىم،
بىزنى ھەم پىنھان ئەيلەمە.
سەن مېنىڭ ۋەفالىق يارىم،
قارا باغرىم قان ئەيلەمە.

يادىڭدىن چىقارىپ مېنى،
ھالىم پەرىشان ئەيلەمە.

سەن بارۇرسەن ئايدەك تولۇپ،
باغرىم ئىچى زەرداپ بولۇپ،
مەن قالۇرمەن گۇلدەك سولۇپ،
ئەھد ئىلە پەيمان ئەيلەمە.

سەنسەن جانىمنىڭ جەۋشەنى،
قويدى ماڭا ھىجران بەسى،
پەرۋەر ئېتىپ بۇلبۇل كەبى،
گۇلشەنىم خەزان ئەيلەمە.

سەنسەن جانىمنىڭ جەۋشەنى،
گۇل يۈزلۈك جۇفت گۇلشەنى،

سەن كېتەرسەن ئايدەك تولۇپ،
يۈرەكىم پەردەسىن يىرتىپ،
مېھر ئەنگىزنى قان يىغلاتىپ،
باغرىمنى بىريان ئەيلەمە.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر مېھر ئەنگىزگە تەسەللى بېرىپ، قايتقىل دەپ كۆڭلىنى ئالىپ بىر سۆز ئايتقانى:

سۇنبۇلدەك باشىن ئېگىپ يىغلاغان،
ئاھۇ كۆزلۈك شەھسەۋارىم، قايت ئەندى.
يىراغلىغ ئوتىغە باغرىن داغلاغان،
شېرىن تىللىق شەھسەۋارىم، قايت ئەندى.

مېنى دەبان بولما يەنە پەرىشان،
بىھۇدە تارتمىغىن ئاھ ئىلە ئەفغان،
مەجنۇندەك بولۇرسەن چۆللەردە ھەيران،
نازلىق دىلبەر بوگۇن يەنە قايت ئەندى.

نې سەبەبتىن قارا كۆزۈڭ سۈزۈلدى،
زەئفىراندەك رەڭگى - رويۇڭ ئۈزۈلدى،
يىغلاما دىلبەرىم باغرىم ئېزىلدى،
خۇش قىلىقلىق ۋەفادارىم، قايت ئەندى.

مەي ئىچىپ ھالىم بولدى دىگەرگۇن،
ئالدىمدىن پەردەنى كۆتەردى شول كۇن،
ئىبراھىم خەلىلنى كۆيدۇرمەك ئۇچۇن،
نەمرۇدنىڭ ياندۇرغان نارىنى كۆردۇم.

مەنسۇرنىڭ تىرەسىنى سويدۇردىلار،
سەمان تىقىپ دەرۋازەگە قويدۇردىلار،
باشىن كېسىپ، دەرۋازەگە ئاستىلار،
مەنسۇرنىڭ ئاسىلغان دارىنى كۆردۇم.

كەراماتى ھەقدۇر بارچە ۋەلىنىڭ،
بىر ئاللاغە ئاشىق بولغان قۇلىنىڭ،
خانىقاھ ئىچىندە ھەزرەت ئەلىنىڭ،
ئون بىر ئوغلى بىلەن چىھرىنى كۆردۇم.

سەنەۋبەر دەر يىغلاپ ئەفغان ئەيلەسەم،
نىھان سىرلارىمنى ئەيان ئەيلەسەم،
كۆرگەنىمنى بىر - بىر بەيان ئەيلەسەم،
ھەقنىڭ دەرگاھىندە بارىنى كۆردۇم.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر ئۇلاردىن رۇخسەت ئالىپ كەتتى. بىر نەچچە كۇنلەر يول يۇرۇپ، بارۇر ئېردىكىم، ناگاھ بىر ھەۋز ۋە يەنە بىر چەھارباغ كۆرۈندى. ئايدىكىم: «بۇ مەنزىلدە فەراغەت قىلماسام بولماس» دەپ، سايەدە ياتىپ ئارام ئالدى. ئامما، بول جايدا بىر زەڭگى پادىشاھىنىڭ قىزى بار ئېردى ”بۇ“ ئانىڭ چەھارباغى ئېردى. چەھارباغدا شەراب ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئېردى. ناگاھ، قىزلارىنىڭ بىرسى بۇ چەھارباغقە كەلدى. ئېرسە، سەنەۋبەرنى كۆرۇپ، مۇنى ئۇلارغە خەبەر بەردى. سەنەۋبەرنى تۇتۇپ ئالىپ بارار ئېردى. ئامما سەنەۋبەر زار - زار يىغلاپ، بىر سۆز ئايتقانى بۇتۇرۇر:

بىر كاسانە قوْيوْپ بەردى رەۋانە،
ئالىپ ئىچتىم يەنە بولدوْم دىۋانە،
نەززارە ئەيلەدىم باقىپ ئاسمانە،
يەتتە قات ئاسماننى بارىنى كوْردوْم.

بارچەسىنىڭ ئىچى تولا پەرىشتە،
ئانى كوْرمەس بول ئادەمى سىرىشتە،
توْبى ياغاچىنى كوْردوْم بىھىشتىدە،
ئاندا بوْلبوْللارنىڭ زارىنى كوْردوْم.

رەسوْلنى كوْرمىشەم ئوْممەت غەمىندە،
سەھابە ياندا كەۋسەر بويىندە،
ھەر قايسى ھەر ياندا كاسە قولىندە،
رەسوْلنىڭ توْت سوْيەر يارىنى كوْردوْم.

توْرتىلەنچى ئاسماندا ھەزرەتى ئىيسا،
ئالتىلەنچى كوْكدە مەسجىدى ئەقسا،
ئول مەقامى بولغان جوْملە ئەنبىيا،
ئاندا جىبرىئىلنىڭ پىرىنى كوْردوْم.

بىر نەچچە مەلائىك تەسبىھىن ئايتىپ،
چىقارىپ ئافتابنىڭ تەنابىن تارتىپ،
بىر نەچچەسىنى تائەت ئەيلەپ سەپ توپ - توپ،
ئاندا مەلائىكلەر زارىنى كوْردوْم.

بوْ دوْنيانى كوْردوْم يوقتوْر بەقاسى،
غەنىمەتدوْر ۋەلى زەۋقى سەفاسى،
ھەزرەتى موْسانىڭ قولدا ئەساسى،
موْناجات ئەيلەگەن توْرىنى كوْردوْم.

ماڭا باقىپ كۆپ سۆزلەمە بىر بارە،
زەھەردىن ئاچچىغدۇر سۆزلەرىڭ سېنىڭ.

ئىگىنىڭگە كىيىپسەن قارا لىباسى،
بىلمەدىم كىم ئۇچۇن تۇتتۇڭ ئەزاسى،
ئۇزاتما قولۇڭنى كۆپدۇر ئىزاسى،
تاياقتىن قاتتىقتۇر نازلارىڭ سېنىڭ.

خىزمەتىڭدە تۇرۇپدۇر بىر نەچچە قارقىن،
باشىغە كىيىپدۇر ئەسكى قۇلاقچىن،
بارىنىڭ بويداشى ئالا ئارغامچىن،
ئورداتە مەڭزەر قىزلارىڭ سېنىڭ.

سەنەۋبەرنى ئۆرتەپ، كۆيدۇردى داغىڭ،
ئەجەب بەدنەمادۇر باشدىن - ئاياغىڭ،
كەربەلا چۆلىندە باغ - چەھارباغىڭ،
زىمىستان مەڭزەر يازلارىڭ سېنىڭ.

ئەلقىسسە، قىزنىڭ ئاچچىغى كەلدى:

— سەنەۋبەرنى ئۆلتۇرۇڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. سەنەۋبەرنىڭ قول - ئاياغىنى باغلاپ ئۆلتۇرۇر بولدى. ئىرسە، سەنەۋبەر «يارىمنى كۆرمەس بولدۇم» دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، زار - زار چۇن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ بىر سۆز ئايتقانى:

مەن نەيلەيىن نازۇك قولۇم باغلاندى،
يار جەمالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى،
بۇ زەڭگىلەر ئۆلتۇرۇرگە چاغلادى،
يار جەمالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

قەبىھ فەلەك ئاغۇ قوشتى ئاشىمە،
تۇگەنمەس سەۋدالار سالدى باشىمە،

ئىشىق ئوتىغا يانە - يانە،
گۇل يۈزۈم سولدى نەيلەيىن،
قولۇمدىن كەتتى دەۋرانىم،
پەيمانە تولدى نەيلەيىن.

ئۆرتەنىپ داغى ھىجرانىم،
خەزان ئۇردى گۇلىستانىم،
يىغلاشىپ يارۇ يارانىم،
رەقىبلەر كۇلدى نەيلەيىن.

نەلەر كەزدىم چۆللەرى،
تولانسە ساغ - سوللارى،
شۇم فەلەك ئۆتمەس كۇنلەرى،
باشىمە سالدى نەيلەيىن.

ئۆلدۈم يىراغلىق دەردىغە،
قالدىم غەرىبلىك يۇرتىغە،
ئىككى كۆزۈم يار يولىغە،
تەلمۈرۈپ قالدى نەيلەيىن.

تۇشۇمدە كۆردۈم بىر پەرى،
باشىمە سالدى مەھشەرى،
تېشىپ بۇ ئىشقىلىڭ خەنجەرى،
باغرىمنى تىلدى نەيلەيىن.

ئۇستىمىزدىن ئۆتەر ئايلار،
بىزە قويدى ئاھ - ۋايلار،
زەررىن جىيغالىق ھۇمايلار،
بىگانە بولدى نەيلەيىن.

سەنەۋبەر يىغلا بۇ فۇرسەت،
پىرىڭدىن ئىستەگىن ھىممەت،
بىزگە بۇ يازىلغان قىسمەت،
ئاللاھدىن كەلدى نەيلەيىن.

ئەلقىسسە، زەڭگىنىڭ قىزى سەنەۋبەرغە ئاشىق بولۇپ، ئايدىكىم:

— ئەي ئادەمزاد، شەئنىمدە بىر سۆز تەئرىپ قىلىپ ئايتقىن، — دېدى. ئېرسە تەئرىپ قىلغانى:

تەئرىفىڭ ئايتايىن مامىلىق مەستان،
قازاندىن قارادۇر يۈزلەرىڭ سېنىڭ،
قاشلارىڭ قىلىچدۇر، قولاغىڭ قالقان،
شەھ كاسە مەڭزەر كۆزلەرىڭ سېنىڭ.

ساچباغىڭ ئىلاندۇر، قەددىڭ مۇنارە،
قوللارىڭ ئوخشايدۇر شاخى چىنارە،

باغچەلىق، بوستانلىق باغلار،
تەر ئاچىلغان گۈلىستانلار،
تۇتى قۇمرى غەزەلخانلار،
يارنى كۆردۈڭمۇ - كۆردۈڭمۇ؟

باغدەكى بۇلبۇلۇ زاغلار،
يارنى كۆردۈڭمۇ - كۆردۈڭمۇ؟

كۆكە باقتىم كۆردۈم ماھى،
يەر يۈزىدە چەكتىم ئاھى،

ئۈستى قارلىق بىيىك تاغلار،
ئاۋجى مەزارىن ئاۋلار،

سەنەۋبەر قۇلىنىڭ ھەمراھى،
يارنى كۆردۈڭمۇ - كۆردۈڭمۇ؟

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر بىيشەنى سەير قىلىپ يۈرۈر ئېردى. ناگاھ كۆزىگە بىر ئادەمزاد كۆرۈندى، دەرەختلەرنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان ئىدى. ئەمما، بۇلار رۇدەپا ئىدى. سەنەۋبەر ئۇلارنىڭ قاشىغە باردى. ئېرسە ھەممە زارى قىلا باشلادىلەر، ئايدىكى:

— ئەي يىگىت، بىزلەرنى بويىنىڭغە كۆتەرىپ، دەرەختلەرنىڭ ئۈستىگە قويساڭ! بىزلەرنى ھالىمىز يوقتۇر، مېۋەلەردىن ئۈزۈپ يېگەلى، — دېدى. ئېرسە، سەنەۋبەر رەھىم قىلىپ، بويىنىغە كۆتەردى. ئېرسە، ئاياغىدىن چىرماشىپ، قولللارىن بەند قىلدى. سەنەۋبەر ھەر چەند ھىيلە قىلدى، بولمادى. سەنەۋبەرنىڭ ھالى قالمادى. سەنەۋبەر زار - زار يىغلاپ بىر سۆز ئايتقانى:

بىر بەلادىن قاچتىمۇ مىڭ بىر بەلاگە ئۇچرادىم،
ھەر زەمان يۈزمىڭ ئەلەم بىرلە جەفاگە ئۇچرادىم،
بىر نەفەس شاد ئولمادىم، يۈز ماجەراگە ئۇچرادىم،
قان تولۇپ ھەر لەھزە دەردى بىدەۋاگە ئۇچرادىم،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

مەن نەچۈك ئاۋارەئى - بىچارەدۇرمەن پىشىبان،
تالىئىم ئاشۇفتە ئەھۋالىم زەبۇن، بەختىم يامان،
لەختە - لەختە داغى ھەسرەتىدىن يۈرەكىم بولدى قان،
ئون گۈلۈمدىن بىر گۈلۈم ئاچىلمايىن بولدى خەزان،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

هېچكىم رەھىم ئەيلەمەس قانلىق ياشىمە،
يار جەمالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

ئەمدى بىلدىم جانىم تەندىن ئۈزۈلدى،
يىراغلىق دەردىدىن باغرىم ئېزىلدى،
پېشانەمگە بۇ قىسمەتلەر يازىلدى،
يار جەمالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

جۇدالىغ دەردىدىن باغرىم پارەدۇر،
ھېچ بىلمەدىم بەختىم نېدىن قارەدۇر،
ھەسرەت بىلەن ئۆمرۈم ئۆتۈپ بارەدۇر،
يار جەمالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

سەنەۋبەرنىڭ پىرى يا شاھى مەردان،
زەڭگىلەر قولىندا قالمىشەم ھەيران،
رەھىم ئەيلە قولۇم تۇت، قويما سەرگەردان،
يار جەمالىن كۆرمەس بولدۇم مەن ئەمدى.

ئەلقىسسە، بىر دايە تىلەپ ئالدى ۋە يەنە بىر نەچچە ئادەم سەنەۋبەرنى قەپەسكە سالىپ قويدى. كۆنلەردە بىر كۈن "زەڭگىلەر شەراب ئىچىپ مەست بولۇپ، يېقىلدى. ئېرسە، سەنەۋبەر قەپەسنى ئۇشاتىپ چىقتى. ئاخىر قاچىپ، نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ بىر مۇرغىزارىغە يولۇقتى. ھاۋادا سوپى تورغاي سايرار ئېردى، سەنەۋبەرنىڭ يارى يادىغە تۈشۈپ بىر سۆز ئايتقانى:

كۆكدە كەزگەن تورغاي قۇشى، بۇلبۇلدەك چېكىپمەن زارى،
يارنى كۆردۈڭمۇ - كۆردۈڭمۇ؟ ئىستەرەم ۋەفالىق يارى،
نە ئۈچۈن چەكدىڭ نالەشى، بىشەدە لاچىن، شۇڭقارى،
يارنى كۆردۈڭمۇ - كۆردۈڭمۇ؟ يارنى كۆردۈڭمۇ - كۆردۈڭمۇ؟

نەۋبەھار ئۆلدى، مېنىڭ ھەرگىز بەھارىم ئۇلمادى،
بىر نەفەس گۈل غۇنچەئى باغقە ئۇمىدىم بولمادى،
بۇ بەلا مۇڭلۇغ باشىمدىن بىر زەمان ئايرىلمادى،
نالىشىم ھەر دەرگەھىدە ھېچ ئىجابەت بولمادى،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

ئەي خۇدايا ئەيلەگىل غەمدىن سەنەۋبەرنى رەھا،
ھېچ مۇسۇلمان بولمىسۇن مەندەك غەم ئىچرە مۇبتەلا،
لۇتق ئېتىپ يا خىزرى پەيغەمبەر، نەزەر قىلغىن ماڭا،
قالمىشەم دەيرى فەنا ئىچرە گىرىفتارى بەلا،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

ئەلقىسسە، خۇدايىتائالادىن ئاۋاز كەلدىكى: «رۇدەپانىڭ باشىنى ئۇرۇكنىڭ چېجەسىگە قويۇپ ئۈزگىل، ئاندىن سوك خەلاس بولۇرسەن».

سەنەۋبەر ئۇرۇكنىڭ چېجەسىگە رۇدەپانىڭ باشىنى قويۇپ ئۈزدى. سەنەۋبەر رۇدەپادىن قۇتۇلۇپ قولىغا قىلىچ ئالىپ «شۇبۇ كۇن بارىڭنى قىرارمەن» دەپ بىر سۆز ئايتقانى بۇ تۇرۇر:

يىغلاشا كۆر رۇدەپالار،
بولدى ئاخىر زەمان ساڭا،
سۇد ئەيلەمەس ئاھۇ ۋاھلار،
بۇگۇن تۇشەر قىرغىن ساڭا.

ئەمدى باشىڭنى كېسەرمەن،
شېرىن جانىڭنى ئۈزەرمەن،
قانىڭنى سۇدەك ئىچەرمەن،
غەنىمەتدۇر بۇ جان ساڭا.

باشىڭ كېسەرمەن بۇ سائەت،
جانىڭغا سالىپ قىيامەت،
تەۋەللا قىلماق نە ھاجەت،
ئەندى بەرمەم ئەمان ساڭا.

بارىڭنى ئاسارمەن دارە،
چېكەرمەن يۇزۇڭغە قارە،
باشىڭدىن كاللا مۇنارە،
كۆتەرۇرمەن نىشان ساڭا.

شۇم فەلەكنىڭ گەردىشى ھەرگىز مېنى شاد ئەتمەدى،
خەستە كۆڭلۇمنى بەلاۋۇ غەمدىن ئازاد ئەتمەدى،
ئايرۇ تۇشتۇم قەۋم - قەرىنداشىم مېنى ياد ئەتمەدى،
مەندەيىن ھېچكىمسەنى بۇ چەرخى ناشاد ئەتمەدى،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

كۆرسە ئەھۋالىمنى ھەر بىر مۇبتەلا يىغلار ماڭا،
داد ئېتىپ بىگانەئى ھەم ئاشىنا يىغلار ماڭا،
ئاھۇ نالەم ئىشتىپ ھەر مۇبتەلا يىغلار ماڭا،
بىلسە ئەھۋالىمنى ھەر شاھۇ گەدا يىغلار ماڭا،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

ھېچ كىشى، ئەي دوستلار، مەندەك پەرىشان بولمىسۇن،
يار ھەجرىندە كۆيۈبان زار - گىريان بولمىسۇن،
ئۆرتەنىپ ئىشق ئوتى بىرلە باغرى بەريان بولمىسۇن،
مەندەيىن بەختى قاراۋۇ خانەۋەيران بولمىسۇن،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

تۇشمىشەم بىر دەردغە ھەردەم بولۇر دەردىم بەتەر،
يارۇ دوستۇم ئالمادى ھالى خەرابىمدىن خەبەر،
نە ئۇچۇن قادىر خۇدايىم بىزگە قىلماسكىن نەزەر،
مىڭ بەلالەرگە گىرىفتار ئولمىشەم شامۇ سەھەر،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

بىر غەرىبۇ بىكەسۇ ئاۋارەئى ھالىم خەراب،
غۇسسەئى دەردى ئەلەمدىن ئۆرتەنىپ باغرىم كەباب،
خەستەلەردەك تەلمۇرۇبان قالمىشەم دىيدەم پۇرئاب،
ئاھۇ نالەم بىئەدەد، ئېرمەس دۇئايىم مۇستەجاب،
نەيلەيىن، ئەي دوستلار، مەن رۇدەپاگە ئۇچرادىم.

ئەلقىسسە، بىر نەچچە نازۇ نېمەتلەردىن يىغىپ ئالدى ۋە يەنە سال باغلاپ، دەرياغا كىرىپ كەتتى. بىر نەچچە كۈنلەر دەريادە سال سۇلادى. ھەر چەند جەھد قىلدى، چىقمادى. ئۇ شولدەمدە دەرياغا بىر سۆز ئايتقانى:

ناگىھاندىن تۇشتۇم ساڭا،
ئۇمان دەريا، ئەمان - ئەمان،
ئەرزىمنى دېمىشەم ساڭا،
ئۇمان دەريا ئەمان - ئەمان.

مەن كېلەرەم يانە - يانە،
فەلەك بىلەن دۇنە - دۇنە،
ئەندى چىقماغىم گۇمانە،
ئۇمان دەريا، ئەمان - ئەمان.

بەتەر بولدى دەردىم شۇ كۈن،
كۆزدە ياشىم بولدى گۈلگۈن،
مۇستەفانىڭ ھەققى ئۈچۈن،
ئۇمان دەريا، ئەمان - ئەمان.

كەچمىشەم ياخشى جەھاندىن،
شېرىن جانىم چىقار تەندىن،
مۇرۇۋۋەت ئىستەرەم سەندىن،
ئۇمان دەريا، ئەمان - ئەمان.

ئەلقىسسە، دەريانىڭ ئىچىندە ئاقىپ بارۇر ئىدى. ناگاھ، دەريانىڭ ئورتاسىندا بىر ئۇلۇغ ياغاچ كۆرۈندى. ئەلقىسسە، بارىپ ئول ياغاچقە چىقتى، ئېرسە، سەنەۋبەر فەلەكنىڭ دەستىدىن شىكۋە ئەيلەپ بىر سۆز ئايتقانى:

زۇلمۇڭ بىلەن كۆزۈم ياشىن قان ئەيلەدىڭ،
فەلەك سەندىن شاد ئولمادىم بىر زەمان،
ھەسرەت بىلەن ئۆتتۇم فانى دۇنيادىن،
فەلەك سەندىن شاد ئولمادىم بىر زەمان.

جۇدالىق دەردىدىن گۈل كەبى سولدۇم،
مېھنەت ئەيىيامىدا كۆيدۇم، كۈل ئولدۇم،
قانلار يىغلاپ ئەمدى دەريادە زار ئولدۇم،
فەلەك سەندىن شاد ئولمادىم بىر زەمان.

سەنەۋبەرجان، دوست ئۆلمىسۇن، ئىلاھىم ئۆزى ئەيلەسۇن،
رەقىبلەر ھەرگىز كۈلمىسۇن، جەھەننەمدە مەكان ساڭا.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر رۇدەپالارنى ئۆلتۈردى. ئەندى تېزرەك مۇندىن كەتمەسەم، بىر يولغا رەۋانە بولمىسام بولماس، دەپ سۆز ئايتقانى بۇ تۇرۇر:

ئۆمرۈم زايىئە يۇلدۇز كەبى، يالبارىپ،
ئەندى مەسلەھەت ئەتمەسەم بولماس،
ۋەلى كۆڭلۈم تۇرماق بولماس بۇ جايدە،
قايغۇ - ھەسرەت بىلە كەتمەسەم بولماس.

مەجنۇن بولۇپ، بۇ چۆللەردە ئاھ ئۇرۇپ،
خەستەلەردەك چەھار تەرەپكە تەلمۈرۈپ،
كۆزلەرىمنى قانلىق ياشغە تولدۇرۇپ،
زار ئەيلەپ يانە يۈرمىسەم بولماس.

مەن ئاشىقمەن پەرىلەرنىڭ شاھىغە،
جەھد ئەيلەپ يېتە بىلمەم يانىغە،
غەۋۋاس بولۇپ بۇ گەۋھەرنىڭ كانىغە،
ئۆزۈمنى ئۇممانغە ئاتماسام بولماس.

قەقنۇس كەبى ئىشىق ئوتىغە ئۆرتەنىپ،
بىسمىل بولۇپ ئۆز قانىمغە بويالىپ،
بۇ بىشەدىن كەلدىم باشىمنى ئالىپ،
يارنىڭ ۋىسالىغە يەتمەسەم بولماس.

سەنەۋبەر دەر فەلەك يۈزى شانىمنى،
ئۆتغە ياقتى گەۋھەرىمنى كانىمنى،
يار يولىندە بېرىپ شېرىن جانىمنى،
بىۋەفا دۇنيادىن ئۆتمەسەم بولماس.

ئىسمائىل دەردىدىن سىينەسى كەباب،
مەندەك باغرىنى بەريان ئەيلەمە.

بۇ يولدا ئۆتۈپدۇر يۇسۇفى كەنئان،
زىلەيخا ھەجرىدە يىغلادى چەندان،
ئالەمنى ياراتقان قۇدرەتلىك رەھمان،
مەندەك ئاشىقى نالان ئەيلەمە.

بىستۇن تاغىنى كۆپ قازدى فەرھاد،
فەلەكنىڭ ئىلكىدىن ئۇل ئۆتتى ناشاد،
باچەنى ياراتقان قازىيۇلھاجات،
ھېچكىمنى مەندەك ھەيران ئەيلەمە.

ئەھۋالىم بولتۇيۇر بەتەردىن - بەتەر،
كېچە - كۈندۈز يىغلاپ ئەۋقاتىم ئۆتەر،
كى بۇيلە ئۆتۈپتۇر شۇئەيب پەيغەمبەر،
مەندەك كۆزلەرىن گىريان ئەيلەمە.

لەيلى - مەجنۇن دەرلەر ئاشىقى نالان،
بۇ فانى دۇنيادىن ئۆتتىلەر گىريان،
ھېچ ئادەم ئوغلىنى قۇدرەتلىك رەھمان،
سەنەۋبەردەي زارۇ ھەيران ئەيلەمە.

ئەلقىسسە، ئۇل قۇش ئاشىيانغە قوندى. ئېرسە، سەنەۋبەر ھەم ئۆزىنى ئاندا سالدى. ئەمما، سۇمرۇغ قۇش سەنەۋبەردىن سورادىكىم:
— ئەي ئادەمىزاد نە سەبەبتىن بۇ جايلارغە تۇشتۇڭ، — دېدى.
سەنەۋبەر ھەرنە كۆرگەنىن بەيان قىلىپ بىر سۆز ئايدى:

سەنەۋبەر دەرلەر كىمگە ئايتاي دەردىمنى،
غەم بادى ئاسمانغە چەكتى گەردىمنى،
ئەمدى ساڭا ئەرز ئەيلەدىم دادىمنى،
فەلەك سەندىن شاد ئولمادىم بىر زەمان.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر خۇدايىتائالاغە تەۋەككەل قىلىپ ئولتۇرۇپ ئىدى. ناگاھ، ئاسماندىن بىر ئۇلۇغ قۇش پەيدا بولدى. سەنەۋبەر ئۇنى كۆرۈپ كاۋاكقا ياشۇرۇندى. ئىرسە، ئۇلۇغ قۇش كېلىپ ياغاچقا قوندى. سەنەۋبەر ئۆز كۆڭلىدە ئايدىكىم:
«ئەگەر بۇ قۇشنىڭ ئاياقىغە ياپۇشسام، شايەد چىققايمەن» دەپ ئاھىستە كېلىپ، ئاياقىغە ياپۇشتى. ئىرسە، قۇش ھاۋاغا ئالىپ ئۇچتى. ئانداغ چىقدىكىم، سەنەۋبەرنىڭ قۇلاقىغە مەلائىكلارنىڭ نەسبىھى كېلۇر ئىردى. ئىشتىپ، زار - زار يىغلاپ بىر سۆز ئايتقانى:

سۇنئىڭدىن ئالەمنى ياراتقان جەببار،
ھىچ بەندەنىڭ بەختىن قارا ئەيلەمە،
قۇدرەتىڭدىن مېنى قىلدىڭ پەرىشان،
رەھىم ئەيلە، قولۇم تۇت، ھەيران ئەيلەمە.

يىغلاماقتىن كۆزدە ياشىم قان ئولدى،
قارا باغرىم سۇ بولۇبان ئىزىلدى،
يۇسۇفى كەنئاندىن يەئقۇب ئايرىلدى،
مېنىڭدەك دىيدەسىن گىريان ئەيلەمە.

ئىبراھىم خەلىلنى ئايرىدى خىتاب،
ئوغلىن قۇربان ئەتتى ئوشۇل ماھىتاب،

يەتتە دەريا ئاقادۇر. «ئۆزۈڭ يالغۇز» بارالمەيسەن، — دېدى.
ئېرسە، سەنەۋبەر سۇمرۇغنى تەئرىف قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

سۇلەيمان سۇمرۇغى، ئەي شاھى مۇرغان،
ھەمىشە دەۋلەتىڭ بەر قەرار ئولسۇن،
ساڭا بىر نەچچە يول بولسۇن بۇ چەندان،
ئالەمدە پەناھىڭ بىرۇبار ئولسۇن.

مەنزىلگاھىڭ بولسۇن مەسجىدى ئەقسا،
تۆرتۇنچى ئاسماندا ھەزرەتى ئىيسا،
ئاشىقلارنىڭ پىرى يۇسۇف - زىلەيخا،
ئۇلار كېلىپ ساڭا مەدەدكار ئولسۇن.

خىزىر بىلەن ئىلياس غەۋس پەيغەمبەر،
خىزمەتىڭدە ئۇلار بولسۇن مەدەدكار،
ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمانۇ ھەيدەر،
مەدەدكارىڭ يەنە چەھاريار ئولسۇن.

تەڭرىنىڭ مەھبۇبى ئەھمەدى مۇختار،
ئاندىن شىفا تاپار جۇملەئى بىمار،
نىگاھدارىڭ بولسۇن يارانقان جەببار،
دۇشمەنلەرىڭ ساڭا مەدەدكار ئولسۇن.

سەنەۋبەر دەرلەر مەن بىر فەقىرىم،
نەچچە يىلدۇر غەم قولىندە ئەسىرىم،
باشىمدىن ئۆتكەنىن مەن ساڭا دېدىم،
ناگاھ سۆزۈم ساڭا ئېتىبار ئولسۇن.

ياتىپ ئىدىم تەخت ئۈستىدە بىر كېچە،
چۈشۈمدە بىر تۇرفە جانان كۆرۈندى،
ئەئرىفىن ئەيلەيىن ئانى بۇ كېچە،
ھۆسنى ئەنۋەر، ماھى تابان كۆرۈندى.

قاشلارى ھىلالدۇر، كۆزلەرى مەستان،
كۆرگەن ئادەم بولۇر ھۆسنىغە ھەيران،
ئول سالدى باشىمغە تۈگەنمەس دەۋران،
ماڭا بىر دەۋلەتى سۇلتان كۆرۈندى.

بىر پەرىدۇر كىيگەن تونى قىرمىزى،
ئاتى گۇلدۇر شاھ فەرۇخنىڭ قىزى،
بۇ زەمان ناز ئىلە بىزنى ئۆلتۈردى،
بىر غۇنچە دەرھانلىق جانان كۆرۈندى.

بىر ئەجەب دىلبەردۇر، رىزۋانە مەگزەر،
قولى تەر ھىنالى ھۆسنى مۇنەۋۋەر،
بىر شىرىن دىلبەردۇر لەبلەرى شەككەر،
شۇنداغ كەرەشمەلىك جانان كۆرۈندى.

سەنەۋبەر دەر بۇدۇر ھالۇ ئەھۋالىم،
كېچە - كۈندۈز بۇدۇر فىكرۇ خەيالىم،
نەزەرىمدىن كەتمەس دەۋرانى زالىم،
شۇنىڭدەك فىتنەلىك دەۋران كۆرۈندى.

ئەلقىسسە، سۇمرۇغ ئايدى:
— ئەي ئادەمىزاد، سېنىڭ ئۈچۈن بىر ياخشىلىق قىلايىن،
مۇندىن شەھرى شەبىستانغەچە نەچچە يۈز يىللىق يول ئېرۇر، ئورتادە

قىلىنغان. "ئۇنىڭ" ئاب نۇرىدىن كىرىپ ئاھىستە رەۋان بولدى. كۆردىكىم بىر كوشىك تەمام مۇرەسسە تىللادىن ئىدى. كوشكىنىڭ ئـايـۋانىدا تەخت، تەخت ئۇستىدە پەرىزاد ياتىپدۇر. يەنە ئەتراپىدا جەمئىي پەرىزاد قىزلار مەست ياتىپدۇر. سەنەۋبەر بۇلارنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ ئەفغان قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

مەجنۇن بولۇپ، بوستانلارنى گەشت ئېتىپ،
ئۆز - ئۆزۈمدىن بىر سەۋداغە يېتۇشتۇم،
پەرىلەرنىڭ ھەسرەتىدە قان يۇتۇپ،
باغچەلىق، بوستانلىق جايغە يېتۇشتۇم.

قەسىل زىمىستانىم، دەۋلەت بەھارە،
بەھارىم - گۇلشەنىم بولدى زىيادە،
بارچەسى سۇرتۇپتۇر يۈزىگە غازە،
قىزنىقارلىق تەماشاغە يېتۇشتۇم.

ئەقلىمنى لال ئەتتى ئاغزى خەيالى،
شەككەردىن شىرىندۇر لەئلىنىڭ بالى،
ھەر بىرى جەننەتنىڭ ھۆرى مىسالى،
ئاھۇ كۆزلۈك، شەككەر جايغە يېتۇشتۇم.

چەمەن ئىچرە ياتمىش سەف - سەف گۇزەللەر،
رەڭ - بەرەڭ ئاچىلىپ، قىرمىزى گۇللەر،
تازە نەۋجەۋانلار - گۇل يۈزلۈك دىلبەر،
سىياھ كۆزلۈك سۇمەنساغە يېتۇشتۇم.

بىرسى مەلەكدۇر، بىرىسى رىزۋان،
گوياكى جەننەتدە ھۆر ئىلە غىلمان،

ئەلقىسسە، سۇمرۇغ سەنەۋبەرنى ئارقاسىغە كۆتەرىپ پەرۋاز قىلىپ كەتتى. قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۇچۇپ، شەھرى شەبىستانغە يېتىشتى. ئەمما بىر دەريا بار ئېردى. شول دەريانىڭ لېۋىگە تۈشتىلەر. سۇمرۇغ ئايدىكىم:

— ئەي ئادەمىزاد هالا چەهار باغغا بارۇرسەن. دەرۋازەدە دېۋلەر ياتقاندۇر. ئۇلاردىن قورقما. ئىچكەرى كىرسەڭ، مەلىكە تەخت ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقاندۇر. تەختنىڭ باشىدە بىر قەفەسنىڭ ئىچىندە زەررىن بال دېگەن بىر قۇش باردۇر. سېنى كۆرسە فەرياد قىلار. مېنىڭ پەيامىمنى يەتكۈزسەڭ دەم ئۇرماس ...، — دەپ ۋىدا قىلىپ ياندى. ئاندىن سوڭ سەنەۋبەر سۇمرۇغقە «رۇخسەت بەر» دەپ، بىر سۆز ئايتقانى:

كەلگىل ئەمدى سۇمرۇغ قۇشى،
پەرۋاز ئېتىپ بول ۋەتەندىن،
شول كۆرگەن مەكانغە يۈزلەن،
ئوشۇل خانىمغە يۈزلەن.
بىلمەسدىن بۇرۇن هېچ كىشى،
ئەزىم ئېتىپ جەۋلانغە يۈزلەن.

هەمدەملەرىڭ ناشاد ئولۇپ،
كۆزلەرىن ياشغە تولدۇرۇپ،
چەرخى فەلەك پەرۋاز ئۇرۇپ،
بۇ كۆرگەن ئاشيانغە يۈزلەن.

سەن بارۇرسەن يوللار ئاشىپ،
مەن قالۇرمەن يانىپ - پىشىپ،
ئۇممان كەتتى تولۇپ - تاشىپ،
چۆلدىن گۈلىستانغە يۈزلەن.

سەنەۋبەر دەر ئىشقىم فۇزۇن،
تازە بولدى دەردىم بۇ كۈن،
هەر كىشى بىلمەسدىن بۇرۇن،
كۆلبەئى ئەهزانغە يۈزلەن.

كۆپ ياخشىلىق كۆردۈم سەندىن،
ئەمدى رىزا بولغىن مەندىن،

ئەلقىسسە، سۇمرۇغ ۋىدا قىلىپ كەتتى. سەنەۋبەر ئاهىستە - ئاهىستە رەۋان بولدى. كۆردىكىم دىۋارى تەمام زەئفىراندىن

باشىمغە ھەر زەمان يېتەر سەۋدالار،
يېتۇشۇر جانىمغە سانسىز بەلالار،
كۆزلەرىمدىن ئاقار قانلىق دەريالار،
غەرق ئېتىپ جەھاننى ئالدى نەيلەيىن.

سەنەۋبەر دەيدۇرلار مېنىڭ ئاتىمنى،
فەلەك ھېچ بەرمەدى كۆڭۈل شادىمنى،
رەھىم ئەيلەمەس ھېچكىم قىلغان دادىمنى،
ياخشى كۈن يامانغە دوندى نەيلەيىن.

ئەلقىسسە، پەرىلەر گۈللەر ئاراسىنى ئاختارىپ يۈرۈر ئېردى. سەنەۋبەر مەشۇقىنىڭ باشىدىن ئاياقىنى مۇناسىپ تەئرىف قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

بىر پەرى كۆرمىشىم مۇندە،
يۈرۈر سەيلانە - سەيلانە،
گۆھەر تىشلىق، قەلەم قاشلىق،
چەشمى مەستانە - مەستانە.

قاشى ئايدەك، كۆزى مەستان،
قالمىشىم بۇيلە مەن ھەيران،
ئەيلەرەم جانىمنى قۇربان،
شول تۇتىئى خۇش ئەلھانە.

باشىندە بار زەررىن تاجى،
سۇنبۇل كەبى ئانىڭ ساچى،
ھۆسنى ئالۇر ئايدىن باجى،
مەگزەر لەئلى بەدەخشانە.

غەمزە بىلەن سۇزۇپ كۆزىن،
ھەر تەرەپكە تاشلاپ ئۆزىن،
ئوخشاتدىم يارىمنىڭ يۈزىن،
قىش ئاچىلغان گۇلىستانە.

يۈزىندە باردۇر خاللارى،
شەككەردىن شېرىن تىللارى،
قەندۇر نەباتتۇر لەبلەرى،
مەگزەر لەئلى بەدەخشانە.

نەرگىسدەك ئېگىپ باشىن،
چېكىپ چىقار بىزگە قاشىن،
ئوخشاتدىم يارنىڭ بويداشىن،
بىر سۇنبۇلى زەر ئەفشانە.

ئىشىكلىك، ئايۋانلىق، باغچەلىك باغبان،
تۇرفە باغى مۇستەفاغە يېتىشتىم.

ئۈستىدە ياتمىش بىر ئەجەب دىلبەر،
زۇلفلارىغە تاقمىش بەھاسىز گەۋھەر،
شاھى خۇرشىد ئوغلى - ئاتىم سەنەۋبەر،
بىر ئەجايىب تەماشاغە يېتىشتىم.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر رەۋان بولدى. تەختنىڭ قاشىغە باردى. ئېرسە، زەررىن بال: «ھەيھات! ئادەمىزاد!» — دەپ بىر نەئرە ئۇردى.

ئېرسە، باچە دېۋەلەر جايىدىن قوپتى. سەنەۋبەر دەرھال ئۆزىنى تەختىنىڭ ئاستىغە ئالدى. پەرى قىزلار ھەرچەند ئاختاردىلار، تاپمادىلار. سەنەۋبەر ئاندا قورقۇپ بىر سۆز ئايتقانى:

غەمدىن قۇتۇلماغان مېھنەتلىك باشىم،
كۆندە يۈزمىڭ ھىجرانغە دوندى نەيلەيىن،
قەرارى يوق شۇم فەلەكنىڭ گەردىشى،
تۈگەنمەس سەۋداغە سالدى نەيلەيىن.

بۇلبۇل بولۇپ گۈلشەنىڭغە كىرمەدىم،
باغبان بولۇپ ئالما، نارىن تەرمەدىم،
يارە يېتىپ شەھەر لەبىن شورمادىم،
كۆڭلۈمدە ئارمانلار قالدى نەيلەيىن.

ياخشىلىق ئىستەيۈپ يۈردۈم ھەريانە،
ھەممە سۈد ئىشلارىم دوندى زىيادە،
بىر قىيا باقىشلىغ دۈررى يىگانە،
ئاقلىمنى لال ئېتىپ ئالدى نەيلەيىن.

ئاق يۈزىنىڭ قوشە - قوشە خالى بار،
سورۇپ كەلدىم لەبلەرىنىڭ بالى بار،
رۇخسارىدا مىڭ تۈمەنلىك نازى بار،
تەرگە چۆمىمىش دانە - دانە نىگارىم.

كۆزلەرى جادۇ، غەمزەسى ئافەت،
هۇمايۇن باقىشلىق بارچە سەئادەت،
كىيگەنى قىرمىزى خۇش قەددۇ قامەت،
مەگزەر شەمئى شەبىستانغە نىگارىم.

بىر پەرى بولۇپتۇر مەن بىلە هەمدەم،
لەبىدىن ئاقادۇر شەربەتى زەمزەم،
خىزمەتىدە مېنى ئەيلەدى مەهرەم،
رەهىم ئەيلەيۈپ بۇ گىريانغە نىگارىم.

سەنەۋبەرىنىڭ يارى گۈل يۈزلۈك دىلبەر،
ساڭا فىدا بولسۇن سانسىز پەرىلەر،
ئاشىقىن ئۆلتۈرۈر خىتائى قوللار،
بۇيانىمىشتۇر قىزىل قانغە نىگارىم.

ئەلقىسسە، بىر - بىرىگە پىيالە تۇتۇشۇپ، ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلەر. سەنەۋبەر يارىدىن بىر بوسە تىلەپ بىر سۆز ئايتقانى:

گۈلۈمسەن سىياھ زۇلفىڭ،
دال گەردەنغە كەمەند ئولسۇن.
بەرسەڭ ئاشىقىنىڭ مۇرادىن،
بۇ جان ساڭا فىدا ئولسۇن.

سۇرمەلىك قەلەم قاشلارىڭ،
تىزىلغان ئىنجۇ تىشلارىڭ،
كەلامدە شېرىن تىللارىڭ،
شەككەردىن لەزىز قەند ئولسۇن.

شەددە قۇچقان نازۇك بېلى، تىلىندە باردۇر سەناسى،
باشىدە باردۇر جىغاسى، مەڭزەر تەختى سۇلايمانە.

ئەلقىسسە، ”گۇلپەرى“ جۆرەلەرىغە غەزەپ قىلدىكىم، «تاپماساڭىز ئۆلتۇرۇرمەن» — دېدى. ئېرسە قورقۇنچىدىن بىرسى گۇلنىڭ ئاستىغا ياشۇندى. كۆرەركىم بىر ئادەمىزاد ياتىپدۇر. سەنەۋبەرنى كۆرۇپ، تۇتۇپ مەلىكەنىڭ ئالدىغا ئالىپ باردىلەر. ئېرسە مەلىكەنىڭ كۆزى چۇشكەچ جايىدىن تۇرۇپ، تەختىنىڭ ئۇستىگە چىقارىپ، كۆڭلىنى ئوۋلاپ بىر سۆز دېگەنى:

خۇش كېلىپسەن سېۋەر يارىم، بولسۇن ساڭا تەختى رەۋان،
قۇتلۇق بولسۇن مەكان ساڭا، سەن - سەن دەردىمغە دەرمان،
تۇشۇمدە كۆرگەن دىلدارىم، يولۇڭدادۇر بول شېرىن جان،
سەدقە بولسۇن بۇ جان ساڭا. مەن ئەيلەيىن قۇربان ساڭا.

تىلەر ھەجرىڭدە يىغلادىم، بىر گۇلۇم سېنىنىڭ دەستىڭدە،
كېسىپ باغرىمنى داغلادىم، بولمىسۇن رەقىب قەسدىڭدە،
يۇرۇپ شەئنىڭنى ئىزلەدىم، تاكى ئۆلگۇنچە دەستىڭدە،
ھېچ تاپمادىم نىشان ساڭا. بولسۇن ياخشى جەھان ساڭا.

ئەلقىسسە، ”سەنەۋبەر“ مەئشۇقىنىڭ كۆڭلىن ئوۋلاپ، تەئرىف قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

كۇلۇپ كەلمىش بارچە دىلبەر قاشىمە،
مەڭزەر لەئلى بەدەخشانغە نىگارىم.
شەمشاددەك سايە سالدى باشىمە،
مەڭزەر سەرۋى خىرامانغە نىگارىم.

ناگەھاندىن كېزەردىم گۇلۇ گۇلشەندە،
سەرۋى خىرامان كۆردۇم چەمەندە،
قول سالىپ، ئاق سىينە بەند ئىچىندە،
قوچمالىق بەللەرىڭ يادىمە تۇشتى.

مەنكى ئاشىقلىقنىڭ لافىنى ئۇردۇم،
نەچچە يىل ھەجرىڭدە يىغلاپ يۈگۈردۈم،
ئايىنەدە جەمالىڭ شەمئىنى كۆردۈم،
خالى ھىندۇلارىڭ يادىمە تۇشتى.

خۇرشىدنىڭ ئوغلىمەن، ئاتىم سەنەۋبەر،
بىر يار ئۈچۈن بەسكى كۆڭلۈم مۇكەددەر،
خاتىرىمدىن چىقماس ياخشى ھەمدەملەر،
مۇساھىب ئەيلەرىم يادىمە تۇشتى.

ئەلقىسسە، گۇل پەرى دېۋەلەرىغە بۇيرۇدىكىم: «سەنەۋبەرنى تەختى بىرلە كۆتەرىپ، چىن يېرىغە ئالىپ بارىڭلار»، — دېدى. دېۋەلەر كۆتەرىپ، چىن سارى رەۋان بولدىلار، ناگاھ، بارۇردە، مېھرئەنگىز جادۇنىڭ مەكانىغە يېتۇشدىلەر. ئېرسە، مېھرئەنگىز سەنەۋبەرنىڭ يادىغە تۇشۇپ، مەلىكەگە باشىدىن ھەرنە كەچكەنىن بىر - بىر بەيان قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

نازلىق دىلبەر بىر سۆزۈم بار دېيەيىن،
چەرخى فەلەك كۆر، نە جەفا ئەيلەدى.
بىرەۋگە كىيگۈزۈپ تاجى خۇسرەۋىن،
بىرەۋنى ئەل ئىچرە گەدا ئەيلەدى.

بىرەۋگە ئىلاھىم بىرەر دەۋلەتى،
كىمسەگە يەتكۈزۈر رەنجى مېھنەتى،

تۇرغان يۇلتۇز ئىلە ماھلار، گۈل يۈزۈڭگە ئاققان شەبنەم،
ئاھۇ كۆزلۈك زىلەيخالار، دانە - دانە سېپەند ئولسۇن.
خىزمەتىڭدە كېلىپ شاھلار،
چەرخى فەلەك سەمەند ئولسۇن. سەنەۋبەر دەر سېنىڭ زارىڭ،
كېچە - كۈندۈز گىرىفتارىڭ،
مەن بولمىشەم ساڭا ھەمدەم، روھى سىياھ رەقىبلەرىڭ،
كۆڭلۈمدىن كەتتى يۈزمىڭ غەم، ئۆزى ئىگلەنسۇن بەند ئولسۇن.

ئەلقىسسە، ئىككىسى بىر - بىرىسىدىن كامى دىل ھاسىل قىلىپ، بىر نەچچە كۈن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلەر. ئارادىن نەچچە كۈن ۋە نەچچە سائەت ئۆتتى. بىر كېچە سەنەۋبەر مەي ئىچىپ مەست بولۇپ ياتىپ ئېردى. يار - جورەلەرى يادىغا تۇشۇپ بىر ئاھ تارتتى. گۈل پەرىزى ئايدىكى:

— ئەي ئادەمىزاد، مەگەر مەندىن ئۆزگە غەيرىي يارىڭ بار كىم، ئاھ تارتتىڭ، — دېدى.

سەنەۋبەر گۈل پەرىدىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ، بىر دۇرساقى ئايتقانى:

ناگەھان كېزەر ئېردىم مەست - مەستانە،
چەشمى جادۇگەرىڭ يادىمە تۇشتى.
گۈل ئاچىلىپ، تاڭ شامالى ئىسسىدى،
زەرەفشان زۇلفىڭ يادىمە تۇشتى.

خىتائى بارماقلار، ھىنالى قوللار،
خەنجەر ئالىپ يۈرەك باغرىمنى داغلار،
سەھەر سەير ئەتكەن شەيدا بۇلبۇللار،
شەكەرلىك لەبلەرىڭ يادىمە تۇشتى.

بىرەۋنى ئەيلەيۈپ مۇفلىسى قەللاج،
مېھنەت ئىچرە قەددىن دۇتا ئەيلەدى.

كىمسەگە دەرد بېرۇر، كىمسەگە دەۋا،
كىمسەلەر دەردىغە ھېچ تاپماس دەۋا،
بىرەۋنىڭ ئەيلەيۈپ كۆزىن نابىنا،
قولىغە ياغاچدىن ئەسا ئەيلەدى.

بىر نەچچەگە ئەيلەدى داخىلى جەننەت،
بىر نەچچەگە بېرۇر دەرد ئىلە مېھنەت،
بىر نەچچەگە بېرىپ ئەيش ئىلە ئىشرەت،
نەچچەنى ياردىن جۇدا ئەيلەدى.

لەيلى - مەجنۇن دەرلەر ئالەمگە ئۇستاد،
جاھاننىڭ غەمىدىن بولمادى ئازاد،
نازلىق دىلبەر ئىشىت بۇ چەرخى ناشاد،
بۇ غەرىب جانىمغە جەفا ئەيلەدى.

مەست ئولۇپ ياتۇردىم ئۇيقۇدە بىر كۈن،
سېنى كۆرۈپ ھالىم بولدى دېگەرگۈن،
ئىشقىڭ مېنى ئەتتى مىسالى جەيھۇن،
گويا بىر بۇلبۇلى شەيدا ئەيلەدى.

سېنىڭ ئىشقىڭ مېنى ئەتتى دىۋانە،
ھەسرەتلەرىڭ بىلەن بولدۇم ھەمخانە،
فىراقىڭدا كۆيدۇم مىسلى پەرۋانە،
بەش يۈز يىگىت ماڭا ھەمراھ ئەيلەدى.

ناگەھاندىن تارتىپ گىردابى خۇنخار،
ئالتە ئاي ئول يەردە بولدۇق گىرىفتار،

ساڭا دەيىن باشدىن كەچكەن كۆلفەتى،
كىمسەنىڭ بەختىنى سىياھ ئەيلەدى.

ئىنىنى ئايرىدۇ ياخشى ئاغادىن،
ھەسرەت بىلەن ئۆتەر فانى دۇنيادىن،
قىزلارنى ئايرىپ مۇشفىق ئانادىن،
ئاتانى ئوغۇلدىن جۇدا ئەيلەدى.

بىرەۋگە ئىچۇردى لالەگۇن شەراب،
بىرەۋنىڭ باغرىنى ئەيلەدى كەباب،
ئاخىرىندە قىلۇر خانەسىن خەراب،
ھەر كىمگە بىر قىسمەت، خۇدا ئەيلەدى.

فەرھاد - شىرىن بىلە ۋامىقۇ ئۇزرا،
ئۆلارنىڭ باشىدا مىڭ تۇرلى سەۋدا،
باچەنى ئۆلتۇرگەن ۋەفاسىز دۇنيا،
ئاخىرى جۇملەسىن فەنا ئەيلەدى.

ھەزرەتى داۋۇدنىڭ ئوغلى سۇلەيمان،
بىلقىسنىڭ ھەجرىندە يىغلادى چەندان،
يەئقۇب ئوغلى ئۈچۈن دىيدەسى گىريان،
يۇسۇفى كەنئاندىن جۇدا ئەيلەدى.

رەسۇلنىڭ سۆيەر ئوغلى ئىبراھىم،
جامالىغە مۇشتاق ئىدىلەر دايىم،
ئەمر ئەيلەپ جانىن ئالدى خۇدايىم،
سۆيەر پەرزەندىدىن جۇدا ئەيلەدى.

ئىلاھىم ھەر كىمگە بەرسە تەختۇ تاج،
ئالەم ئەھلى بولۇر دەستىغە مۇھتاج،

بىر گۈنبەزگە يەتتىم نەچچە كۈن يۈرۈپ،
جەسەد - جانىم قورقۇپ ئىبار ئەيلەدى.

گۈنبەز ئىچرە كۆردۈم تۇرفە بىر جانان،
كۆزىگە تەلمۈرۈپ، يىغلادىم چەندان،
باشىم يەرگە قويۇپ ئەيلەدىم ئەفغان،
رەھمى كېلىپ ئولدەم دۇئا ئەيلەدى.

ئوقۇغان دۇئاسى ئەيلەمەك ئەسەر،
سۈرەتىمنى ئەتتى سۈرەتىل - بەشەر،
نەۋازىشلاپ مېنى ئول ياخشى دىلبەر،
مېنى بۇ غەملەردىن رەھا ئەيلەدى.

تەخت ئۈستىدە قىلدى پەرى ئىشارەت،
بۇزۇلغان كۆڭلىمىز بولدى ئىمارەت،
بىر نەچچە ۋاقىت سۈرۈبان ئەيش ئىلە ئىشرەت،
بىزلەرگە كۆپ زەۋقۇ سەفا ئەيلەدى.

مېھرئەنگىز دىمىشلەر جادۇنى قىزى،
ياخشىلىق ئەيلەيۈپ يىبەردى بىزى،
ئەگەر بەيان ئەتسەم بۇ پىنھان سۆزى،
مېنىڭ بىلەن ئەھدۇ پەيما ئەيلەدى.

ئاندىن كەتىپ تۈشتىم خەتەرلىك جايغە،
كېچە - كۈندۈز قالدىم ئاھ ئىلە ۋايغە،
ئەقلىم ئازىپ تۈشتۈم ئول رۇدەپايغە،
باشىمغا كۈلفەتى بەلا ئەيلەدى.

بارىب رۇدەپانىڭ بارچەسىن قىردىم،
باشىن ئۈزدىم جەھەننەمگە يىبەردىم،

خۇداغا يالبارىپ يىغلادۇق بىسيار،
كۇندىن - كۇنگە هالىم تەباھ ئەيلەدى.

بىر كۇن جۇش ئۇرۇپ دەريايى ئۇممان،
بارچەنى غەرق ئېتىپ ئەيلەدى پىنهان،
مۇساهىپ هەمدەمىم ئول يارۇ ياران،
تەگرى هۆكمى بىلەن قەزا ئەيلەدى.

بىر تەختە ئۇستىدە قالدىم مەنى زار،
هېچ كىمسە بولماسۇن مەندەك دىلفىگار،
قىسمەتىم شول ئېتىپ ياراتقان جەببار،
ياخشى هەمدەملەردىن جۇدا ئەيلەدى.

ئۇچ كېچە، ئۇچ كۇندۇز يىغلاپ دەۋامەت،
دەريانىڭ ئىچىندىن چىقتىم سەلامەت،
ياراتقان قادىرىم ئەيلەپ ئىنايەت،
قايتا باشدىن جانىم ئەتا ئەيلەدى.

بىر نەچچە كۇن بولدۇم قايغۇدىن ئازاد،
ۋە لېكىن نەيلەيىن خاتىرىم ناشاد،
فەلەكنىڭ ئىلكىدىن داد ئىلە بىداد،
يەنە كۆرگىن نەچۆك جەفا ئەيلەدى.

ناگاھ بىر جادۇنىڭ تۇشتۇم قولىندە،
ۋەهشى ئەيلەپ سالدى هىجران چۆلىندە،
مەن نەيلەيىن پىشانەمنىڭ شورىدە،
كۆز ياشىم قانلارى دەريا ئەيلەدى.

ۋەهشىيلەر ئىچىندە كەزدىم ئاھ ئۇرۇپ،
كۆزلەرىمنى قانلىق ياشغە تولدۇرۇپ،

ناگەھاندىن بىر قۇش ئىندى ھەۋادىن،
قەسد ئېتىپ جانىمغە جەفا ئەيلەدى.

ئول قۇشنىڭ پايىدىن تۇتدۇم مەستانە،
شۇلدەم مېنى ئالىپ چىقتى ئاسمانە،
مېنىڭ ئۇچۇن يۇز تۇتۇپ قادىر رەھمانە،
مەلائىكلەر زىكرى - سەنا ئەيلەدى.

مېنى ئۇ قۇش ھەم كۆتەرىپ كېتۇردى،
پەرۋاز ئېتىپ ئاشىيانغە يېتۇردى،
نەۋازىشلار قىلىپ ھالىمنى سورىدى،
بىزنى بۇ غەملەردىن سەۋا ئەيلەدى.

ئۇ قۇشنى ئاتىنى بۇ خەلقى جەھان،
ھەم سۇمرۇغ دېمىشلەر ھەم شاھى مۇرغان،
كۇھىقاف ئۇستىدە ئەيلەمىش ئاشيان،
مېنىڭ بىرلە ئۇلفەت بەنا ئەيلەدى.

كۆكۇمنى چاك ئېتىپ قانلار يىغلادىم،
كېسىپ - كېسىپ قارا باغرىم تۇزلادىم،
بىر - بىردىن ئەرزى ھالىم سۆزلەدىم،
رەھمى كېلىپ بىزگە نىگاھ ئەيلەدى.

چىدايالماي ئاخىر مېنى كۆتەردى،
جەفا تارتىپ دەريالاردىن ئۆتكۇزدى،
قىرىق كۇن ئۇچۇپ بۇ مەنزىلغە يەتكۇزدى،
مېنىڭ ئۇچۇن جانىن فىدا ئەيلەدى.

كۆپ جەفالار چېكىپ باغىڭە كىردىم،
باغبان بولۇپ ئالما - نارىن تەرمەدىم،

كۆرمىگەن بەلانى بۇ يولدا كۆردىم،
تەڭرىم بۇ كۈلفەتلەر رەۋا ئەيلەدى.

ئاندىن سوڭ بىلىمنى مەردانە باغلاپ،
بىر نەچچە كۈن يۈردىم سىنى سوراغلاپ،
بىر زەڭگىلەر تۈتۈپ، قولۇمنى باغلاپ،
هەر بىرى مىڭ تۈرلۈك جەفا ئەيلەدى.

سىدىق ئىلەن يىغلادىم باغلابان ئىخلاس،
پىرىم شاهى مەردان قىلدىلەر خەلاس،
يەنە مەدەد قىلدىلار خىزىر ئىلە ئىلياس،
قايغۇدىن كۈلفەتدىن سەۋا ئەيلەدى.

بىر زەڭگىدىن قاچىپ كىردىم دەرياگە،
قايتادىن ئۆزۈمنى سالدىم سەۋداگە،
كىچە - كۈندۈز يىغلاپ قادىر خۇداگە،
كۆرگىن نەچۈك قىسمەت خۇدا ئەيلەدى.

بىر نەچچە كۈن كەتتىم دەريادە ئاقىپ،
يىراغلىق ئوتىغە باغرىمنى ياقىپ،
غەرق ئەتتى باشىمغە توپانلار چاچىپ،
يەنە مىڭ شورىشى دەريا ئەيلەدى.

دەريانىڭ ئىچىندە بىر ياغاچ كۆردۈم،
تەلپۈنۈپ ئول جايغە ئۈزۈمنى ئالدىم،
بارىپ ئول ياغاچنىڭ ئۈستىگە مىندىم،
خەستە كۆڭلۈم شۈكر خۇدا ئەيلەدى.

ئۈچ كىچە، ئۈچ كۈندۈز يىغلاپ جەفادىن،
ئول ياغاچ ئۈستىندە ئەيلەدىم مەسكىن،

يۈزمىڭ فىدا بولسۇن ساڭا شىرىن جان،
لەبلەرىڭدەك شەكەر بارىم يوق مېنىڭ.

ساڭا فىدا بولسۇن بۇ شىرىن جانىم،
بىر زەمان كۆرمىسەم چىقار فىغانىم،
سەن - سەن تاجى سەرىم روھى رەۋانىم،
سەندىن غەيرى لالەزارىم يوق مېنىڭ.

سەنەۋبەرنىڭ يارى گۈل يۈزلۈك دىلبەر،
ساڭا فىدا بولسۇن ھۆرۈ پەرىلەر،
ئىشقىڭدا بولمىشىم مىسلى سەمەندەر،
سەندىن ئۆزگە تودە يارىم يوق مېنىڭ.

ئەلقىسسە، ئاندىن سوڭ شول جايغا تۈشتىلەر. سەنەۋبەر بارىپ مېھرئەنگىزنى گۈل پەرى قاشىغە ئالىپ كەلدى. مېھرئەنگىز گۈل پەرى بىلەن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىدى. ئېرسە سەنەۋبەر بىر سۆز ئايتقانى:

ئىككى گۈزەل تەخت ئۈستىدە ئولتۇرمىش،
ھۆسنى مەڭزەر بىر دەۋلەتلىك ھۇمايغە،
ئىككى ماھنى ھەق مۇيەسسەر ئەيلەمىش،
بىرى كۈنگە مەڭزەر، بىرسى ئايغە.

بىرىنىڭ بار ئىكەن مۇرەسسە تاجى،
ھۆسنى ئالار ئاي ۋە كۈندىن باجى،
مەن بولمىشام ئىككىسىنىڭ مۇھتاجى
ستەم ئەيلەپ ئالدى مېنى جەفاغە.

بىرسىدۇر مەلەك، بىرسى رىزۋان،
بىرسىنىڭ ھۆسنى بىر ماھى تابان،

شۈكرى لىللاھ يەنە جەمالىڭ كۆردىم،
تەڭرى سېنى بىزگە ئەتا ئەيلەدى.

بەلالاردىن قاچىپ كىردىم دەرياگە،
ھەر زەمان ئۇچرادىم تۈرلى جەفاگە،
قۇلاق سال دىلبەرا ئۇشبۇ سەۋداگە،
بىزگە بۇ قىسمەتنى خۇدا ئەيلەدى.

سەن - سەن سەنەۋبەرنى ۋەفالىق يارى،
ساڭا فىدا بولسۇن جانۇ ئەفكارى،
مۇختەسەر ئەيلەسەم ئۇشبۇ دەفتارى،
بول بىۋەفا كىمگە ۋەفا ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، مەلىكە: — ئول ياخشىلىق قىلغان بولسا ئالىپ كەلگىل، — دېدى. ئېرسە، سەنەۋبەر مەلىكەنى كۆڭلىنى ئوۋلاپ ئېيتقانى:

قىزىل يۈزلۈك، قەلەم قاشلىق نىگارىم،
سەندىن ئۆزگە سۆيەر يارىم يوق مېنىڭ،
تازە گۈلىستانىم ماھى ئەنۋارىم،
ھەسرەتىڭدە ھېچ قەرارىم يوق مېنىڭ.

سېنى كۆرسەم بولۇر فىتنە كۆڭلۈم شاد،
جەمالىڭ غەمىدىن بولۇرمەن ئازاد،
نەزاكەت باغىدە قامەتى شەمشاد،
سەندىن ئۆزگە زۈلف تارىم يوق مېنىڭ.

نازلىق دىلبەر سەنسەن ۋەفالىق جانان،
يۈزىڭنى كۆردىمۇ، قالمىشىم ھەيران،

سورسە نەجەۋاب بېرەيىن؟ ـــ دەپ ئاتاسىغا خەبەر قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

ئەگەر بارساڭ شاھى خۇرشىد يانىغە،
ئوشۇل مېھرىبانىڭ كەلدى دېگەيسەن،
كۆيۇپ - يانىپ يىراغلىقنىڭ ئۆتىغە،
ھالى پەرىشانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

يۇسۇفنىڭ ئاغاسى چاھغە تاشلادى،
يەئقۇب ئوغلى ئۇچۇن قانلار يىغلادى.
ئىلاھىم يۇسۇفكە پەناھ ئەيلەدى،
خەتەرلىك كارۋانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

ئاشىق بولۇپ سىينەسىغە تاش ئۇرۇپ،
پەرۋانەدەك ئىشىق ئوتىغە باش ئۇرۇپ،
فەلەكنىڭ قولىدا جەفالار كۆرۇپ،
كۆزلەرى گىريانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

ھەرگىز قۇتۇلمادىم بەلادىن قاچىپ،
نەچچە يىللار كەزدىم جانىمدىن كېچىپ،
ئاخىرى مېھنەتنىڭ شەرابىن ئىچىپ،
چاكى گىرىبانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

سەنەۋبەر دەر غەملىك قۇلنىڭ ئوتىغە،
بىر سۆزۇم بار دەيىن كۆڭۇل شادىغە،
نەچچە يىللار يانىپ ئىشقىڭ ئوتىغە،
ئەزىز مېھرىبانىڭ كەلدى دېگەيسەن.

ئــەلــقــىــسسە، بۇ سۆزدىن سوڭ بۇ نامەنى ئول پەرىزاد شاھى

بىرسىنىڭ قامەتى شەرۋى خىرامان،
بىرى ئوخشار قىش ئاچىلغان رەئىناغا.

بىرسىنىڭ لەبلەرىدە بالى بار،
ئاق يۈزىدە قوشە - قوشە خالى بار،
بىرسىنىڭ باغچىسىنىڭ نارى بار،
كۆزى مەگزەر بىر نەرگىسى شەھلاغە.

ئىككى دىلبەر بىر - بىرىغە قاش قاقىپ،
باغرىمنى كۆيدۈرۈپ، ئوتلارغە ياقىپ،
سەنەۋبەر ئۇلارنىڭ ھۆسنىغە باقىپ،
ئوخشامىشدۇر بىر بۇلبۇلى شەيداغە.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر خۇشۋەقت بولۇپ، چىن ۋىلايىتىغە ئەزىم ئەتتىلەر. ناگاھ ئول دەريايى ئاپەت سەنەۋبەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈندى. جۆرەلەرى يادىغە تۈشۈپ فەرياد قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

مەن قايان بارايىن دادغە،
يۈرەكىم تولدۇرۇپ دەردغە،
خەستە جانىم ياقىپ ئوتغە،
باغرىمنى كەباب ئەيلەدى.

ئەۋۋەل ئەتتى شاد - خۇررەم،
ئاخىرى خەراب ئەيلەدى.
كۆڭلىمىزگە تولدۇرۇپ غەم،
باغرىمنى كەباب ئەيلەدى.

سەنەۋبەر دەر بۇيلە خۇدا،
كى باشىمغە سالدى سەۋدا،
ئەي يارانلار فانى دۇنيا،
كىمسەگە ۋەفا ئەيلەدى.

كىمگە بىرۇر رەنجۇ مىھنەت،
باشىمىزغە كېلىپ كۇلفەت.
كىمگە بېرىپ تاج - دۆلەت،
ئىچدۈكىن شەراب ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر ئايدى:
— مەن مۇندا بەش يۈز يىگىت بىرلە كېلىپ ئىدىم. ھالا مەن ئۆزۈم (يالغۇز) بارسام، جۆرەلەرىمىنىڭ ئاتاسى كۆرۈپ، پەرزەندلەرىنى

ساقىنىڭ ئىلكىندىن بادەلەر ئىچكەن،
بوگۇن مەست ئولۇپ سىرىندىن كەچكەن،
مەيدان ئىچرە سەيران ئەيلەگەن،
باي دەۋلەتلىك نەۋجەۋانلار ئامانمۇ؟

ھېچ رەۋشەن ئولمادى سۆندى چىراغىم،
ئاھ ئۇرسام ئايرىلماس سىنەمدىن داغىم،
ئىگەسىز قالدىلار باغ — چەھار باغىم،
تەر ئاچىلغان گۈلىستانلار ئامانمۇ؟

مەنسۇردەك مېنى دارغە ئاستىلەر،
ئىبراھىم خەلىلدەك نارغا ئاتتىلەر،
مەلائىك سۈرەتلىك قازى، مۇفتىلار،
ئەفلاتۇندەك نۇكتەدانلار ئامانمۇ؟

سەنەۋبەر دەر بۇيلە بولدى قىسمەتىم،
ھېچ باشىمدەن كەتمەس دەردۇ مېھنەتىم،
چىن شەھرىنە تاج - تەختىم، دەۋلەتىم،
ياقۇتلۇق، گەۋھەرلىك كانلار ئامانمۇ؟

ئەلقىسسە، خۇرشىد شاھ ئۇچ كېچە - كۈندۈز توي بەردى. ئاندىن سوڭ ئايدىكىم:

— ئەي فەرزەند، يۈرگىن ئەمدى چىن شەھرىغە بارالى، ھەممە ساڭا ئىنتىزار.

ئىرسە سەنەۋبەر زار - زار چۈن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ بىر سۆز ئايتقانى:

چىن ماچىن شەھرىغە نەچۈك بارايىن،
مەندە شاد - خۇررەم كۆڭۈل بولماسە،

خۇرشىدنىڭ خىزمەتىغە بىتىپ يىبەردى. خۇرشىد شاھ ئول خەتنى
ئوقۇپ، بىھۇش بولدىلەر ۋە يەنە ھۇشىغە كېلىپ بىر سۆز ئايتقانى

شۇكرى ھەقنىڭ دەرگاھىغە،   رويى سىياھ رەقىبلەرىم،
مەقسەدىمىز ھاسىل ئولدى،   ھەسرەت چېكىپ بىدىل ئولدى.
بىزدىن كەتكەن دەۋلەت قۇشى،   
قايتا باشدىن نازىل ئولدى.   كۆرۈڭ بارچە تەڭگى تۇشى،
   قۇۋانىڭ قوۋم - قېرىنداشى،
كۆتەرىلدى ھىجران شەبى،   بۇلبۇل ئۆلۈپ كۆڭۈل قۇشى،
تاپىلدى كۆڭۈل مەتلەبى،   ئول گۇلزارغە مايىل ئولدى.
چىقتى بەختىمنىڭ كەۋكەبى،   
ياندى بەدر كامىل ئولدى.   خۇرشىد ئايتۇر بۇدۇر زارىم،
   ئاچىلدى باغىم - گۇلزارىم.
ئىشتىڭلار ئاھۇ زارىم،   شۇكر يەنە بۇ كۆزلەرىم،
قۇۋانىڭلار دوست - يارىم،   گۇل يۈزىغە نازىر ئولدى.

ئەلقىسسە، خۇرشىد شاھ ۋەزىرى ۋەكىل بىرلە ئۇلۇغ بەگلەر
شۇكر ئايتىپ رەۋان بولدىلەر. بىر نەچچە كۈن قەتئى مەنازىل ۋە تەيىي
مەراھىل قىلىپ يېتىشتىلەر. سەنەۋبەر بىر مەنزىل يولغە پىشباز
كېلىپ چىقتى. خۇرشىد ئۇزاغدىن ئوغلىنى كۆرۈپ يىغلاپ،
قۇچاغىنى يايىپ بىھۇش بولدى ۋە يەنە ھۇشىغە كەلدى.
ئەلقىسسە، بەگلەر ۋە خانلاردىن ئاناسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ،
ئۇمەرالار ۋە فۇزەلالار ۋە ئاغا - ئىنىلارنى بىر - بىر سورىدى ۋە يەنە
ئاناسى بىرلە بەگ - خانلارغا بىر سۆز ئېيتقانى:

چىن ماچىن شەھرىندىن كەلگەن بەگلەرىم،
خەبەر بېرىڭ بىزنىڭ خانلار ئامانمۇ؟
سۇلەيمان دەۋلەتىم، ئىسكەندەر تىلسىم،
خەبەر بېرىڭ بېرىڭ خانلار ئامانمۇ؟

ئەلەيھىسسالامنى تەلەپ قىلغانى بۇ تۇرۇر:

خىزىر، ئىلياس پەيغەمبەرىم،
مەردۇ مەيدانىم كەل ئەمدى.
ھەقنىڭ پەيغەمبەرى بولغان،
قۇتبى دەۋرانىم كەل ئەمدى.

ھەقىقەت شەرابىن ئىچكەن،
مەئرىفەت بازارىن ئاچقان،
تەرىقەت يولىدىن ئۆتكەن،
ئۇلۇغ ئىشانىم كەل ئەمدى.

ماڭا يۈز ماجەرا ئولدى،
روزگارىم قارا بولدى،
يەنە بەختىم سىياھ ئولدى،
ماھى كەنئانىم كەل ئەمدى.

ئىستەرەم خىزىر، ئىلياسى،
كېلىنىڭ غەۋس ئىلە غىياسى،
مۆئمىنلەرنىڭ مۇقتەداسى،
ياخشى سۇلتانىم كەل ئەمدى.

ئەلقىسسە، شول زەمان ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ھازىر بولدىلەر. سەنەۋبەر خىزىر ئەلەيھىسسالامغە ئەھۋالنى بايان قىلىپ بىر سۆز ئايتقانى:

ئەرزىمنى ئىشتىڭ ئەزىز ئىشانلار،
ئەمدى بۇ كۈن ئۇمرۇ جاننى نەيلەيىن،
كېرەكمەسدۇر دۇنيانىڭ گەنجى گەۋھەرى،
مۇساھىبسىز بۇ دەۋراننى نەيلەيىن.

سۆزلەمەككە ھەرگىز كىشىم بولماسە،
ئالدانماققا يازۇ قىشىم بولماسە،
بۇلبۇل بولۇپ كۆڭۈل خۇشۇم بولماسە،
تەر ئاچىلغان گۈلىستاننى نەيلەيىن.

يانىمدا بار ئىدى بەش يۈز مەھرەم،
بولدىلەر بۇ جايدا پارچەسى بەرھەم.
ئۇلار ئۈچۈن تازە بولدىلەر ماتەم،
دوست - يارسىز بۇ جەھاننى نەيلەيىن.

ھەمدەملەر يۈزىغە نەچۈك قارايىن،
كۆلۈپ سۆزلەمەككە تىلىم بولماسە.

ھەر كۈنۈم بولۈپتۇر بىر ئايدىن بەتتەر،
كېچە - كۈندۈز يىغلاپ ئەۋقاتىم ئۆتەر،
ئۆزۈمنىڭ بۇ دەردتە بولغانىم يېتەر،
كاشكى، ئەلدىن ماڭا خىجىل بولماسە.

مېنىڭ بىلەن كەلگەن ئول يار - ياران،
بارچەسىنى غەرق ئەتتى دەريايى ئۈممان،
شۇم فەلەك ئەيلەدى يەر بىرلە يەكسان،
نەيلەيىن ئۆزۈمغە ئۆلۈم بولماسە.

ئاللادىن ئىستەدىم بەردى بۇ گەنجى،
بىر يار ئۈچۈن يۈردە بولدۇم دولانچى،
مەن نەيلەي چەكمىسەم مېھنەتۇ رەنجى،
نەيلەيىن تۇرماغىم ھالىم بولماسە.

سەنەۋبەر دەر نېلەر چەكتىم ھىجرانلار،
ياقامنى چاك ئېتىپ قىلدىم فىغانلار،
چىن شەھرىغە نەچۈك باراي، يارانلار،
مۇساھىب دوستلارىم يارىم بولماسە.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزنى ئىشتىپ ھەممە پەرىشان بولدىلەر. ئەمما،
شول زەمان سەنەۋبەرنىڭ يادىغە خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن
نىشانلارى تۈشتى. ھەزرەت نىشانە بېرىپ: «ئەي فەرزەند، ھەر ۋاقىت
باشىڭغە مۇشكۈل ئىش تۈشسە بۇنى دۇد قىلغىل، ھازىر
بولۇرمەن!» دەپ ئىدىلەر.
ئەلقىسسە، سەنەۋبەر ئول نىشانەنى دۇد ئېتىپ، ھەزرەت خىزىر

بىھەققى ھەۋۋاۋۇ ھەزرەتى ئادەم،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

دەرگاھىڭە كەلدىم تىلەيۈپ ھاجات،
مەقسۇدۇم تىلەرمەن ئەيلەپ مۇناجات.
بىھەققى شول تۇران يەتتە سەماۋات،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

سۇنئىڭدىن ئالەمنى ياراتقان جەببار،
مېنى بول ئارادە قويما يەنە زار
سىھەققى بېھىشتى تەھتەتۇل - ئەنھار،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇزارە.

قەھرىڭدىن دەۋزەخنى ئەيلەدىڭ بەرپا،
دىنسىزلارغە ئانى ئەيلەدىڭ مەئۋا.
بىھەققى ھۆرمەتى جۇملە ئەنبىيا،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

بىر ئاتىڭ رەھماندۇر، بىر ئاتىڭ رەھىم،
سەنالەر ئايتامەن، تىلىمدە زارىم.
بىھەققى ھۆرمەتى ئول مۇسا كەلىم،
ئاسان ئەت مۇشكىلىم قويما بۇ زارە.

تۆرتلەنچى ئاسماندا ھەزرەتى ئىيسا،
دەمىدىن مۇردەلەر بولدىلار گويا،
بىھەققى جىبرەئىل مەسجىدى ئەقسا،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

كەئبەنى ستۇنى ھەنناناۇمەننان،
نالىشىمدىن تىترەر يەتتە قات ئاسمان،

ئەۋۋەلا ئاشىقلىق كويىغە تۈشتۈم،
نەچچە يىل جۇدالىق ئوتىغە پىشتىم،
قايتا باشتىن بۇ سەۋداغە ئۇلاشتىم،
ئەيشى - ئىشرەت خانىمانىنى نەيلەيىن.

سەنەۋبەر دەر بۈگۈن دەردىم قوزغالدى،
جۇدالىغ ھەسرەتى جانغە ئوت سالدى،
بارچە دوست، يارانلار تەلمۈرۈپ قالدى،
ئەمدى بۇيلە ئۆمرى جانىنى نەيلەيىن.

ئەلقىسسە، خىزىر ئەلەيھىسسالام جايىنەمازلارنى يايدىلەر، ئىككى رەكئەت نەماز ھاجات ئوقۇدىلەر. ئايدىلەر:

— ئەي سەنەۋبەر، دۇئا ئېتەيىن، سەن «ئامىن» دېگىل. شايەدكى، پەرۋەردىگار مېھربانلىق ئەتكەي. سەنەۋبەرنىڭ دۇئاغا قول كۆتەرىپ ئايتقان مۇناجاتى بۇ تۇرۇر:

بىر ئاسىي قۇلۇڭمەن كۆپتۇر گۇناھىم،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.
ئەۋۋەل رەھىمدۇر ئاتىڭ ھەم رەھمان،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

كەربەلا دەشتىدە قالمىشەم شەھىد،
بىر مىسكىن گەدامەن قىلما نائۇمىد.
بىھەققى كەلامىن قۇرئانى مەجىد،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

ئەرش ئىلە كۈرسدۇر، لەۋھ ئىلە قەلەم،
سىنىڭ دەرھىڭغە بولدى مۇكەررەم.

بارچەنى يارانقان قازىيۇلھاجات،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ۋەسەلات بەش پەنجەلەرىنى «بىسمىللاھ» دەپ دەرياغە ئۇردىلەر. ئېرسە، بەش كېمە دەريانىڭ ئىچىدىن جۇش ئۇرۇپ چىقتىلەر. ھەر كېمەدە يۇز يىگىت ئولتۇرۇپ ئىدى. بارچەسىنىڭ ھۆسنى ماھى مۇنەۋۋەر ئېردى. سەنەۋبەر بۇلارنى كۆرۇپ خۇشۋەقت بولۇپ، خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىغە شۇكرى ئايتىپ بىر سۆز ئايتقانى:

شۇكرى ھەقنىڭ دەرگاھىغە،
كۆر نەچۇك فەرمان ئەيلەدى.
كەرەم قىلدى قوللارىغە،
قايتادىن شادمان ئەيلەدى.

تاشلارغە ئۇرۇپ باشىمنى،
نەلەر تۆكدۇم كۆز ياشىمنى،
مېنىڭ بۇ مۇشكىل ئىشىمنى،
ھەق ئىگەم ئاسان ئەيلەدى.

كور ئولسۇن رەقىبىنىڭ كۆزى،
مەلامەت ئەيلەمىش بىزى،
دۇشمەنلەرىنىڭ تەئنە سۆزى،
يۇرەكىمنى قان ئەيلەدى.

سەنەۋبەر دەر بۇ غەم زارىم،
كەرەم ئەيلەپ بىرۇ بارىم،
مۇندا كەلگەن دوستۇ يارىم،
قايتادىن شادمان ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، سەنەۋبەر ئول دىلبەرى نامدارنى كۆرۇپ بىر سۆز ئايتقانى:

ئەي يارانلار، مۇسۇلمانلار،
دەۋلەت بىزگە ماھىر ئولدى،
ئون ئىككى بەگو سۇلتانلار،
خىزمەتىمدە زاھىر ئولدى.

ئاخىر كېلىپ دەۋلەت قۇشى،
باشىم ئۇزرە چادىر ئولدى.

چىقتى دەۋلەتىنىڭ ئەختەرى،
يازىلدى غەمنىڭ دەفتەرى.
دۇنيانىڭ گەنجى - گەۋھەرى،
خىزمەتىمدە زاھىر ئولدى.

نەلەر چەكتىم مەن كاھىشى،
نەلەر ئاقتى كۆزۇم ياشى،

بىھەققى ئىبراھىم خەلىلۇ ـ رەھمان،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

ئۈممەتلەرنىڭ پۇشتى پەناھى بولغان،
ئۈممەت ـ ئۈممەت دەپ كۆپلەر يىغلاغان.
بىھەققى ھۇرمەتى شول فەخرى جەھان،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ئالەمغە سەرۋەر،
رەسۇلىنىڭ دوستىدۇر ئۇسمانى ھەيدەر.
بىھەققى ھۆرمەتى جۇملە پەيغەمبەر،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

ھەسەن بىرلە ھۇسەين سەييىدى ئالەم،
سىنىڭ دەرگاھىڭغە بۇلار مۇكەررەم.
بىھەققى ھۆرمەتى مەككەئى ئەئزەم،
مۇشكۇلۇم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

ئىبراھىم خەلىلنى سالدىلەر نارە،
ئول زەمان ئول ئاتەش دوندى گۇلزارە.
بىھەققى ئىسمائىل ھاجى ئاسارە،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

غەرىبلەرنىڭ ئاقار كۆزىنىڭ ياشى،
رەھمى كېلىپ ھالىن سورماس ھېچ كىشى.
بىھەققى يەتىملەر كۆزىنىڭ ياشى،
مۇشكىلىم ئاسان ئەت قويما بۇ زارە.

سەنەۋبەر قۇل دەر ئەيلەپ مۇناجات،
نالىشىدىن تىترەر يەتتە ساماۋات.

# ھۆرلىقا - ھەمراجان[1]

راۋىيانى ئەخبار ۋە ناقىلانى ئاسارلار ئانداغ رىۋايەت قىلىپدۇرلەركىم، مىسىر شەھرىدە بىر پادشاھ بار ئېردى. ئول پادشاھنىڭ ئاتى كەيخۇسرەۋ ئېردى. ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە شەھەرگە پادىشاھ ئېردى، تەختى دەۋلەت، ئىززەت - ھۆرمەت ۋە شەئىنى - شەۋكىتى ھەددىدىن تاشقىرى ئىدى. بۇ پادشاھ دەۋلەت - فەراغەت بىرلە ئۆتىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھېچ پەرزەندىسى يوق ئېردى. ئەدلى - ئادالەتتە بىنىھايەت ياخشى ئېردى. ئەرزدارلارنىڭ ئەرزىنى ئادىللىق بىلەن سورار ئېردى. ئۇنىڭ قىرىق خاتۇنى بار ئىدى.

كۈنلەردە بىر كۈن پادشاھ قولىغە ئەينەك ئېلىپ كۆردىكى، ساقالىغا ئاق سانجىپتۇر. ياشىنى ھېساب قىلىپ باقسە، ئاتمىشقا يېتىپتۇر. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە: «ۋادەرىغ، مېنىڭ ئۆمرۈم ئاتمىشقا يەتسە، تېخى بىر پەرزەندىم بولمىسا، مەن ئۆلسەم بۇ تەختى بەختىم كىمگە قالغۇسىدۇر» دەپ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، پادشاھلىق تەختىنى تاشلاپ، كۆزىنى ياشلاپ خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ، پەرزەند تەلەبىدە ئىبادەتكە مەشغۇللۇق قىلماقچى بولدى. بىر كېچىدە شاھلىق لىباسىنى تاشلاپ، ئۈچىسىغا جەندە، باشىغا كۇلاھ كىيىپ، قولىغا بىر سولتە ئېلىپ ئوردىسىدىن چىقىپ كەتتىلەر، بۇ ئارالىقدا ئۈچ كۈن ئۆتتى.

خۇسرەۋ شاھنىڭ قاسىم ۋەزىر دەپ بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ھەر كۈنى سالامغا كىرەر ئىدى، «ئۈچ كۈن بولدى، پادشاھ كۆرۈنمەيدۇ» دەپ، ۋەزىر قاسىم ھەرەم سارايغا كىردى، پادشاھ يوق ئېردى. ئۇ ئەركانى دۆلەت بىرلە پادشاھنى قوغلاپ ئۈچ كۈنلۈك يەرگە بارغاندا

---

① بۇ داستان موللا مۇھەممەد تۆمۈر قاراقاشنىڭ 1878 - يىلى رەتلەپ كۆچۈرگەن قولىيازما نۇسخىسىدىن نەشرگە تەييارلانغان.

بىرىسى تازە تەر گۈلۈم، سەنەۋبەر دەر بۇ ئىرادە،
بىرىسى ساچى سۈنبۈلۈم. سۆزۈڭ ئەيلەمە زىيادە.
يارنى كۆرۈپ خەستە كۆڭلۈم، ئەمدى سۆزلەمە بۇ دادە،
جەمالىغە ماھىر ئولدى. ئەمدى دەردىڭ زاھىر ئولدى.

ئەلقىسسە، ئۇلار مۇرادىغە يېتىپ، ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلەر.

ھەر كىم جەفا چەكسە، راھەت كۆرۈر.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئەيساجان مۇسا**



قاسىم دەرلەر قۇل ئاتىنى، ئىگەم بەرسۇن مۇرادىنى،
قۇلاق سالغىل پەريادىنى، كىملەر ئۆتتى بىر ئوغۇلسىز.

پادىشاھ ئېيدىكى:

— پەرزەندىسىز ئۆتكەن ماشايىخلارنىمۇ خوپ بىلۇرمەن. ئەمما، بىر ئارمانىم قالمىسۇن، — دەپ پادىشاھلىقنى قاسىم ۋەزىرگە تاپشۇرۇپ يولغا راۋان بولدى. ئۈچ كۈنلۈك يەرگە بارغاندا ئالدىغا بىر مەردىكالان ئاقساقال كىشى ئۇچرىدى، دېدىكى:

— ئەي خۇسرەۋ، قەيەرگە بارۇرسىز؟ پادىشاھ بۇ مەردىكالان كىشىگە قاراپ تۇرۇپ نېمە دەيدۇ قېنى:

پىراق ئوتىدا كۇندە يانىمەن،
خۇدادىن بىر ئوغۇل تىلەپ يىغلارمەن،
ئەلدىن ئايرىلغان غەرىب گەدامەن،
ماڭا بىر ئاچىلغان گۇل دەپ يىغلارمەن.

كىمگە ئايتاي باشىمدىكى غەممىنى،
قەزا فەلەك ئەزدى يۈرەك - باغرىمنى،
بۇلبۇل ئېردى، خەزان ئۇردى باغىمنى،
ماڭا پەرزەند ئەتا قىل دەپ يىغلارمەن،

ئاللاھ سالدى غېرىبلىقنىڭ جەبرگە،
قەرارىم يوق مېنىڭ ئوڭدىن - سولۇمگە،
تاپشۇردۇم تەختىمنى ۋەزىر قولۇمگە،
بىر پەرزەندىسىز ئۆتكەنىمگە يىغلارمەن.

خۇسرەۋ ئايتۇر كۈنۈم ئاھ بىلەن كېچەر،
ئۆزۈم ئۆلگەن كۈنۈم چىراغىم ئۆچەر،
ئەجەل كېلىپ بىر كۈن تونۇمنى پىچار،
ماڭا ئوغۇل پەرزەند بەرگىل دەپ يىغلارمەن.

يەتتىلەر. بارغانلار:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سارالڭ بولدىڭىزمۇ، شۇنچە پادىشاھلىقنى تاشلاپ قەيەرگە بارىسىز؟ — دېدى. پادىشاھ ئايدىكى:

— مەن بىر پادىشاھ بولسام، بۇ ۋاقىتچىلىك مەندە بىر پەرزەند بولمىسا، خۇدايىتائالانىڭ دەرگاھىدا پەرزەند تەلەپدە بولغايمەن، — دېدى. ۋەزىر قاسىم پادىشاھنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇرۇپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سىز پەرزەندىم يوق دەيسىز، سىزلەردىن مۇقەددەم ئۆتكەن نەچچەند پەيغەمبەر، ماشايىخ، ئەۋلىيالارمۇ پەرزەندسىز ئۆتكەن ئىكەن، — دەپ تەسەللى خاتىر بەرمەك ئۈچۈن نېمە دەيدۇ قېنى:

پادىشاھىم ئەرزىم ئىشىت،
كىملەر ئۆتمىدى ئوغۇلسىز،
بىر خۇدانىڭ مەشھۇر دوستى،
مۇرسەل ھەم ئۆتتى ئوغۇلسىز.

بۇ ئالەمگە پادىشاھ بولغان،
دېۋ ـ پەرىگە ھۆكۈم سۈرگەن،
ھەق ئەمرىگە بويۇن سۇنغان،
سۇلەيمان ئۆتتى ئوغۇلسىز.

نەفسى بىلەن جەڭلەر قىلغان،
ئىنجىل ئاڭا نازىل بولغان،
ئاسماندا مەكان تۇتقان،
ئەيسا ئۆتتى ھەم ئوغۇلسىز.

تۇر تاغىدا رازىن ئايغان،
تەۋرات ئاڭا نازىل بولغان،
ئاساسىنى ئەژدەر قىلغان،
مۇسا ئۆتتى بىر ئوغۇلسىز.

ئۇممەت ئۈچۈن زارى قىلغان،
كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ يۈرگەن،
رەسۇلىللاھ خىرقىن كىيگەن،
ئۇۋەيس قىران ئۆتتى ئوغۇلسىز.

سەھرالارنى كېزىپ يۈرگەن،
بىر خۇداغە جانىنى بەرگەن،
مىڭ ئۆلۈپ، مىڭبىر تىرىلگەن،
جىرجىس ئۆتتى بىر ئوغۇلسىز.

چاھ ئىچىندە شاھى زەندە،
چىن ئاشىقلار كىيەر جەندە،
بەھاۋىدىن نەقشىبەندە،
ئۇلار ئۆتتى ھەم ئوغۇلسىز.

بىر خۇدانىڭ مەشھۇر دوستى،
ئانىڭ ئۈچۈن قىلدى بېھىشتى،
بارچىلارنىڭ مەھبۇب دوستى،
مۇھەممەد ئۆتتى ئوغۇلسىز.

— ئەي خۇسرەۋ، ساڭا دەرگاھى ھەقدىن پەرزەند تىلەپ ئېردىم. ساڭا خۇدايىتائالا تۆرت پەرزەند ئەتا قىلدى، ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز ۋە لېكىن بۇ ئوغۇللار ئون تۆرت ياشىدا ئالەمدىن كېتۇر، — دېدىلەر.

پادشاھ ئاھ تارتىپ ئويغانسە تۇشى. پادشاھ دېدىكىم: «بۇ ۋەقــتغىچىلىك پەرزەندىم يوق دەپ يىغلاسام، ئەمدى خۇدايىتائالا پەرزەند بەرسە ئون تۆرت ياشقە كىرگەندە ئۆلسە، مەن پەرزەند داغىدا نەچۇك تاقەت قىلۇرمەن. بۇنداق پەرزەند بولغانىدىن بىپەرزەند ئۆتكەنىم ياخشىدۇر. ئەمدى ئورداغە بارىپ، پادىشاھلىقنى تاشلاپ، خاتۇنلارنى تالاق ئېتەيىن. بۇ خاتۇنلاردىن پەرزەند ۋۇجۇدغە كەلسە داغى پەرزەند بولغۇدەكمەن» دەپ ئۆيىگە كەلگۇنچە بىپايانى پەرزەندنىڭ ئېتىبارى نېمە بولادۇر، دەپ بۇ نەزمنى ئوقۇدى:

ۋالەئى كۆڭلۇم بۇ تۇشگە گول بولما،
پايانى يوق پەرزەندنىڭ ئېتىبارى ئولماس،
باشىڭ ئالىپ كەتكىل، بۇ يەردە تۇرما،
ئەمدى ساڭا لازىمى روزگار ئولماس.

بۇ كۆڭلۇم تىنمايدۇ بۇزارمەن بارىن،
بارىپ تاراج ئېتەيىن خانلىق دەپتەرىن،
ئوتلارغە سالاي دۇنيانىڭ بارىن،
مۇندا ئەمدى ماڭا روزگار ئولماس.

بىپايان پەرزەندنى كۆرۇپ نېتەيىن،
بارىپ خاتۇنلارنى تالاق ئېتەيىن،
ئۆلگۇنچە تەڭرىمگە قۇللۇق ئېتەيىن،
ھەقغە قۇللۇق ئەتكەن ناموس - ئارا ئولماس.

نە مۇشكۇلدۇر تەڭرىم پەرزەند بەرمىسە،
بەرگەن پەرزەند قېرىغۇنچە تۇرمىسە،
مىسكىن خۇسرەۋ ئۆلسە ھېچكىم كۆرمىسە،
كىشى مۇندىن ئارتۇق شەرمساز ئولماس.

ئول يولۇققان كىشى ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىردىلەر. دېدىكىم:

— مەن بىر دۇئا قىلاي. سەن ھەزرىتى ئەلىنىڭ قەدەم جايلارىنى ئىستەپ تاپىپ مەدەد ئىستىئانەت تىلەگىل، — دەپ غايىب بولدى.

پادشاھ ھەزرىتى ئەلىنىڭ قەدەم جايلىرىنى ئىستەپ تېپىپ، تەھارەت تازا قىلىپ، ئىككى رەكئەت نەماز ئۆتەپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ روھىناتلىرىدىن مەدەد تىلەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇيدۇر:

تەڭرىمنىڭ مەھبۇبى ئەھمەدى مۇختار،
سەن ئۇلارنىڭ نايىبى بولغان ئەلىسەن،
قۇدرەت بىلەن ئالدىڭسەن شەھرى خەيبەرنى،
كۇفرىلارنى دىن يولىغە سالغان ئەلىسەن.

دىن ئۇچۇن ئۆزۈڭنى سالدىڭ ئول سەۋدا،
كۇفرى ئەھلى بىلەن قىلدىڭ ماجەرا.
رەسۇلىللاھ باردى گۇنبەزى خۇزرا،
چېھلتەنلەر سەردارى بولغان ئەلىسەن.

كەۋسەرنىڭ ساقىسى مەھشەر كۇنىدە،
يېشىل تۇغ قولىدا رەسۇل يانىدا،
ئالتىنچى كۆكدە مېئراج تۈنىدە،
رەسۇلىللاھ يۈگەنىن ئالغان ئەلىسەن.

غەرىب خۇسرەۋ ئايتۇر سىفاتلارىدىن،
بىر زاتى شەرىفى ئەرەب زەمىنىدىن،
نەچچە نەۋبەت دىنسىزلارنىڭ قولىدىن،
ھۆكمى خۇدا بىرلە چىققان ئەلىسەن.

پادىشاھ ئول كېچە تەۋەججۇھ قىلىپ ئولتۇردىلەر. كۆزى ئۇيقۇغا باردى. چۈشىدە كۆردىكى، ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان ھازىر بولۇپ ئايدىكىم:

باشدا مۇنداغ پۈتۈلگەندۇر قىسمەتىم،
جانغە ئاپەت تۈشتى، يوقتۇر تاقەتىم،
كۆڭلۈمدە يوق ئېردى مۇنداغ نىيەتىم،
مەگەر ئەمدى جانغە زەرەر ئۇلماسە.

خۇسرەۋ ئايتۇر فەلەك بۇزدى شەئىمنى،
ئوتقە سالدى گەۋھەر بىلە كانىمنى،
رازىدۇرمەن تەڭرىم ئالسە جانىمنى،
بىر زەمان دۇنيادا هايال بولماسە.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئىككى زەئىفەلەرىنى نىكاھ قىلدۇرۇپ، ھەر قايسىلارى بىرلەن مۇجائىمەت قىلدىلەر. دەردى كۈندىن - كۈنگە دەفئى بولدى. تەقدىر ئىلاھى بىرلەن ئىككىلاسى ھامىلەدار بولدى. توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەتدە تەۋەللۇد قىلدى. چوڭ خاتۇنى ئىككى ئوغۇل تۇغدى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئاتىنى شاھ ئەندۇق، كىچىكىنى شاھ قاسىم قويدى.

كىچىك خاتۇنى بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغدى. ئوغلىنىڭ ئاتىنى ھەمرا قويدى، قىزىنىڭ ئاتىنى گۈلجەمىلە قويدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ بۇ پەرزەندلىرىنىڭ باشىدىن ئالتۇن - كۈمۈش، دۇررى - جەۋاھىراتلارنى نىسار قىلىپ، فەقىرلەرغە بېرۇر ئېردى.

بىر كۈنى پادىشاھ پەرزەندلەرىنىڭ ئۆمرىنى ھېساب قىلىپ باقسە ياشى ئون ياشقە كىرىپدۇر، تۆرت يىل ئۆمرى قالىپدۇر. مىسالى تۆرت كۈندۈز، دەپ زار - زار ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ ۋەزىر قاسىمنى چىرلاپ ئايتتىكى:

— ئەي قاسىم، بۇ فەرزەندلەرنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغە يېتىپدۇر. بىر يىراق يەرگە ئالىپ بارغىل. ئۆلگەنىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، قۇلاقىم ئىشىتمەسۇن. مۇندا ئۆلسە مەن بىتاقەت بولۇرمەن، — دەپ، بەش يۈز تىۋەگە ئاشلىق يۈكلەپ، قاسىم ۋەزىرنى قوشۇپ چىن ماچىنغە سوداغە بۇيرۇدى. كەيىندىن شەھەر خەلقى بىرلەن زار - زار چۇن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ نېمە دەيدۇ قېنى:

ئەلقىسسە، پادىشاھ مىسىرغا يېرىنىپ كەلدى. خاتۇنلارنىڭ ئالدىغە كېلىپ دېدىكىم:

— ئەي خاتۇنلار، خۇدايىتائالا ماڭا سىزلەردىن پەرزەند بەرسە، ئون تۆرت ياشقە كىرگەندە ھەزرىتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام جانىنى ئالۇر ئىمىش. ئەمدى سىلەر ئۆز ئەۋقاتىڭلارنى قىلىڭلار، — دەپ تەلاقىنى قولىغە بەردى. ئاندىن نېمە دەيدۇ قېنى:

كېتەر بولدۇم كەئبەگە، بۇ كۆنى مۇندا بولۇپ،
سىزلەر ماڭا يار ئولماڭىز، مەن خەستەغە ھەمراھ بولۇپ،
بۇ مېنىڭ كەسافەتىمگە، قېرىلىقدا گەدا بولۇپ،
سىزلەر گىرىفتار ئولماڭىز. سىزلەر ماڭا يار ئولماڭىز.

دەپ ئىدى. جەمئى ئەركانى دەۋلەت، تاجىدار ھاكىملار: «بىزلەرمۇ كەئبەگە بىرگە بارامىز» دەپ ئايدى. پادىشاھ ۋەزىرى قاسىمغا ئايتتىكى:

— ماڭا بىر جايى خىلۋەت راست قىلىپ بەرگىل. ئاندا ئىبادەت قىلاي، — دېدى. بىر جايى خىلۋەت راستلاپ بەردى.

پادىشاھ بىر كۆنى ئىستىبراھ شىكەسىنگە كېلىپ بىر كېسەكدە ئىستىبراھ قىلىپ تۇرار ئېرىدى. قەزارا بىر چايان كېسىلىپ پادىشاھنىڭ ئالەتىگە زەھرىنى سالدى. پادىشاھنىڭ نالەئى زارەسى ئاسمانغە ئۆرلىدى. ۋەزىرى قاسىم پادىشاھنىڭ قاشىغە كىرىپ ھال سورىدى. پادىشاھ ۋاقىئەنى بەيان قىلدى. ۋەزىر قاسىم پادىشاھنى ئوردىغە ئالىپ كەلدى. پادىشاھ بارچە ھۆكەمالارنى يېغىپ:

— بۇ دەردىمغە بىر ئىلاچ قىلىڭلار، — دەپ ئىدى، ھۆكەمالار مۇجامىئەتكە بۇيرۇدى. پادىشاھ تەقدىرغە تەدبىر تاپالماي بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

رازى ئېردىم تەڭرىم ئالسە بۇ جانىمنى،
باشىدا ماڭا مۇنداغ كېپىل ئولماسە.
كۆڭۈل كەچمەي بۇ دۇنيانىڭ زەۋقىدىن،
كىشى، تەبىب سۆزىگە ئەمەل قىلماسە.

يۈزىگە تۇپراق ساچىپ يىغلاپ نىمە دەيدۇ قېنى:

ئەۋۋەل خۇداغا تاپشۇردۇم،
مەن سېنى جانىم بالام.
ئاندىن پىرىمغە تاپشۇردۇم،
مەن سېنى جانىم بالام.

گۈل ئاندا گۈل بولمادى،
غۇنچەسى ئاچىلمادى.
ئاچىلىبان ساچىلمادى،
غۇنچە كەبى جانىم بالام.

ئاتاڭنى سەن كىمگە قويدۇڭ،
ئاناڭنى سەن كىمگە قويدۇڭ.
يۈرەكىمنى داغدا قويدۇڭ،
بۇلبۇل كەبى جانىم بالام.

قان يىغلاسۇن جانىڭ ئاناڭ،
باشىڭدىن ئۆرۈلسۇن ئاتاڭ.
قايداغ قىلۇرسەن يوق ئۇكاڭ،
شىرىن سۆزلۈك جانىم بالام.

مېنى قويدۇڭ ھەمرا داغدا،
تاشلاپ كەتتىڭ ئاخىر چاغدا.
بۇلبۇل سايرار گۈزەل باغدا،
تاشلاپ كەتتىڭ جانىم بالام.

خىزىر بابام يولداش بولسۇن،
ئەلى پىرىم مەدەد قىلسۇن.
مەدەد قىلىپ يولغە سالسۇن،
خوش كەتتىڭىز جانىم بالام.

مېھرىبان ئاناڭ ئەمدى نىتەر،
سەن يوق بىزدىن دەۋلەت كېتەر.
كۈندىن - كۈنگە بولدۇق بەتتەر،
خوش كەتتىڭىز جانىم بالام.

ئەلقىسسە، كۆل ئالسىڭىز كۆمۈش، تۇپراق ئالسىڭىز ئالتۇن بولسۇن، دەپ نەچچەنە تاغار ھەمرانىڭ باشىدىن ئۆرۈپ فەقىرلەرغە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ئاندىن ھەمرانىڭ سىڭلىسى گۈلجەمىلە ئاتاسىنىڭ خەزىنەسىدىن بىر گەۋھەرى شەب چىراغ ئالىپ كېلىپ ھەمراغە بەردى.

— ئەي ئاكا، بىر يەردە مۈشكۈل ئىش باشىڭىزغە كەلسە سەدىقە قىلۇرسىز. قەزايى ئەملاق كەلسە دەفئى بولۇر. قەزايى مۇتلەق كەلسە ئاڭا ھېچ چارە يوقتۇر، — دەپ نىمە دەيدۇ قېنى:

ئاكاملار قاسىم بىلەن يولغا كىردى،
ھەمرا قېرىنداشىم ئاكام كەتتى،

مۇندىن كېتەر بولدۇڭ چىن ماچىنغە،
بۇ ئۇچ پەرزەندىمنى ئاللاغە تاپشۇردۇم،
ئاللا سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
قوزى - قۇچقارىمنى ئاللاغە تاپشۇردۇم.

يېقىن يەتتى بىزلەرگە دېگەن مۇددەتى،
مەن نەيلەيىن پايانى يوق دەۋلەتى،
كۆزۈمنىڭ رەۋشەنى بىلىم قۇۋۋەتى،
كۆڭۈل مەدارىمنى ئاللاغە تاپشۇردۇم.

پايانى يوق پەرزەندنى خۇدا بەرمەسۇن،
يىراق كەتسۇن، بۇ يەرلەردە تۇرماسۇن،
ئۆلگەنىنى بەلكىم كۆزۈم كۆرمەسۇن،
بۇ قوش چارلارنى ئاللاغە تاپشۇردۇم.

بوستان سالىپ سايەسىدە ياتمادىم،
كۆكسۇم ئاچىپ شادمان بولۇپ كۈلمەدىم،
پەرزەند تاپىپ مۇرادىمغە يەتمەدىم،
پەرزەندىمنى ئاللاھ ساڭا تاپشۇردۇم.

قاچان كېتەر مۇندىن يۈرەك ياراسى،
قۇشۇم ئۇچتى قولۇمدىن يوقتۇر ۋەفاسى،
قاراپ ئىزلەر يولۇڭغە كۆزۈم قاراسى،
بۇ ئۇچ پەرزەندىمنى ئاللاغە تاپشۇردۇم.

خۇسرەۋ ئايتۇر تەڭرىم تۇرۇر تەبىبىم،
مەدەد قىلۇر رەسۇلىللاھ ھەبىبىم،
ئەجەب ئېرمەس ئاللاھ بەرسە نەسىبىم.
شۇڭقار - لاچىنلارىمنى ئاللاغە تاپشۇردۇم.

دەپ زار - زار يىغلاپ خوشلاشتى. ھەمرانىڭ ئاناسى كېلىپ،

سېلىپ «شەھرى چىن ماچىنغا بارىپ سەير قىلىپ كېلۇرمىز» دەپ يولغا رەۋان بولدىلەر. ئاتا - ئاناسى، سىڭلىسى، ئۇلۇغ - كىچىك ھەممە زار - زار يىغلاشىپ شەھەرگە ياندى.

ئەلقىسسە، بۇ ئۈچ شەھزادە بىلەن قاسىم ۋەزىر نەچچەند كۈن يۇرۇپ، مەنزىل مەراھىللارنى تەي قىلىپ، بادىيەلەرنى قەتئىي ئەيلەپ، ئاخىرى چىن ماچىننىڭ «تەۋەككۇل دەشت» دېگەن قاراۋۇلغە يەتتى. قاراۋۇل باشى ئايدىكىم:

— سىزلەر نېمە ئادەملەر؟ نە يەرگە بارۇسىزلەر؟ — دېدى. بۇلار:

— چىن ماچىنغە مىسىر شەھرىدىن ئاشلىق ئېلىپ كەلدۇق، — دېدى. ئاندا قاراۋۇل باشى دېدىكىم:

— سىزلەر شۇبۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭىزلەر، مەن كىرىپ پادشاھغە مەلۇم قىلاي. كىرسۇن دېسە كىرىڭىزلەر، — دەپ قاراۋۇل باشى پادشاھنىڭ ئالدىغە كىرىپ:

— تەقسىر پادشاھىم، مىسىر شەھرىدىن بىر مۇنچە كىشىلەر ئاشلىق ئالىپ كېلىپدۇر، — دېدى. پادشاھ خۇشال بولۇپ، كاناي-سۇناي چالدۇرۇپ، ئەركانى دۆلەتلەر بىلەن بۇلارنىڭ ئالدىغە چىقىپ شەھەرگە تەكلىپ ئېتىپ، ئىززەت - ئىكراملار بىلەن ئېلىپ كىردى. بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن مېھمانخانا تەئيىن قىلىپ تۇشۇرۇپ قويدىلەر. بۇلاردىن پادشاھ سورىدىكىم:

— بۇ ئاشلىقلارنى ساتارمۇسىزلەر؟ — دەپ ئېردى، شاقاسىم ۋە شاھ ئەندۇقلار «ساتارمىز» دېگۇنچەلىك ھەمرابەگ:

— بۇ ئاشلىقلارنى ساتمايمىز، خۇدا يولىدا نەزىر قىلادۇرمىز، — دېمەك ھامان ئىككى ئاكاسىنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

ھەمرابەگ بۇ ئاشلىقلارنى بىر يەرگە جەمئى قىلىپ دۆۋىلەپ، ئوتتۇرىغا مۇمۇن قاداپ شەھرى چىن ماچىن خەلقىنى:

— ئېلىڭلار، خۇدايى قىلدىم، — دېمەك ھامان ھەممە خەلايىق ئالغىلى تۇردى. يەتتە كېچە - كۈندۈز توشۇدىلەر، تۈگىمىدى. ھەمرابەگ:

— تويدۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدىلەر. ھەممە خەلايىق:

— ئەمدى تويدۇق، — دېدى. ئاندىن پادشاھنىڭ ساڭغە

چىن شەھىرى دەپ چۆلگە كىردى،
ھەمرا قېرىنداشىم ئاكام كەتتى.

دەرد يەتتى، دەرمان كەتتى،
ئەلى ئايتغان مۇددەت يەتتى.
نەۋبەت ئەمدى بىزگە يەتتى،
ھەمرا قېرىنداشىم ئاكام كەتتى.

ئوتلار تۇشتى يۇرەكلەرغە،
پىچاق سالدى بىلەكلەرغە،
كېسىپ، توختار سۆڭەكلەرغە،
ھەمرا قېرىنداشىم ئاكام كەتتى.

گۇلجەملە سۆزلەرىدىن،
ياشلار ئاقسۇن كۆزلەرىدىن،
ھۇش كەتتى ھەم ئۆزلەرىدىن،
ھەمرا قېرىنداشىم ئاكام كەتتى.

دەپ زار - زار چۇن ئەبرى نەۋبەھار يىغلادى. ئاسمان - زېمىن نالەگە كەلدى. ھەمرا ئاتا - ئانىسى سىڭلىسىغا قاراپ نېمە دەيدۇ قېنى:

يىراق كەتتى دەبان كۆڭۇلنى بۇزماڭ،
يىغلىماڭ جانلارىم بارساق كېلۇرمىز.
ئەمدى كەلمەسمىكىن دەپ ئۇمىدنى ئۇزمەڭ،
يىغلىماڭ جانلارىم بارساق كېلۇرمىز.

ئەلقىسسە، پادشاھ ئوغلانلىرىنى ۋەزىر قاسىمغا تاپشۇردى. قاسىم ۋەزىر «چىن ماچىنغا نېمە ئالىپ بارغىنىمىز ياخشى بولۇر ئىكەن» دەپ، مىسىرنىڭ گۇزەرگاھىغە چىقىپ «چىن ماچىندىن كەلگەن كىشى بارمۇ» دەپ مۇنادى قىلدى، ئاندىن چىن ماچىندىن كەلگەن سودىگەرلەر بار ئىكەن. ئۇلاردىن:
— چىن ماچىندا ئەھۋال قانداق؟ — دەپ سورىدى. سودىگەرلەر دېدىكىم:
— شەھرى چىن ماچىن بۇ ۋاقىتلەردە ناھايىتى قەھەتچىلىكدۇر، شەھەرگە ھەممىدىن ئاشلىق ئالىپ بارغان خوپدۇر، — دېدى.
نەچچە مىڭ تۆگىلەرگە ئاشلىق يۈكلەپ، ئۈچ ئوغۇلنى ئالدىغا

ئۆيلۈك ئادەم بىللە چىقتىلەر. بۇ جەمئىي يۈز سەكسەن مىڭ ئادەم بولۇپدۇر. بۇلار بىلەن چىن ماچىندىن چىقىپ شەھرى مىسىرنىڭ ئارالىقىدا كېلىپ ياتۇر ئېرىدىلەر، ئەرابى سۈرەتىدە بىر ئادەم كېلىپ سالام قىلدى ۋە بۇ بەگزادىلەرنىڭ ئالدىنى توساپ:

— ئەي گۇدەكلەر، ئامانەتنى بېرىڭلار، — دېدى. ئاندا ھەمرابەگ دېدىكىم:

— بىزدە كىشىنىڭ نېمە ئامانىتى بار؟ — دېدى. ئول ئەرابى ھەزرىتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام ئېرىدى. ئۇ:

— سىزلەردە جان ئامانىتى بار ئىكەن، — دېدى، — ئەمرى ھەقدىن جان ئالغىلى كەلدىم، — دېيىشى ھامان ھەمرابەگ:

— جــان ئامانىتى بولسا ھېچ ئىلاج قىلىپ بولماس، ئەمدى ئۇشبۇ خەلايىقلار بىلە بىر ۋىدائىلاشىپ ئالاي، — دەپ زار - زار يىغلاپ نېمە دەيدۇ قېنى:

چىقادۇر جانىم بۇ تەندىن ئەي نىگارىم ئەلۋىدا،
بىر زەمان سەبر ئەيلەمەس روھى ۋەرانىم ئەلۋىدا.
جانۇ تەندىن ئايرىلىپ، سۇندى قاناتىم قايرىلىپ،
ئوتتۇز ئىككى پارە بۇ تەن - ئۇستخانىم ئەلۋىدا.

ھەر كىشى جاندىن كېچىپ كىرسە ئىشقىنىڭ بەھرىگە،
يەنە ھەقدىن قورقامەن، جان ئاچچىقىنىڭ قەھرىگە.
ئەزرائىلنىڭ زەخمەتى يەتتى بۇ جانىنىڭ قەئرىگە.
ئايرىلىپ چىقسە بۇ جانىم ئۇشبۇ تەندىن ئەلۋىدا.

ئايتىڭىزلەر ياقاسىن چاك قىلماسۇن جانىم ئانام،
«ۋاي بالام» دەپ ئۆزنى غەمناك قىلماسۇن جانىم ئاتام،
رازى بولسۇنلار مېنىڭدىن چوڭ - كىچىكۇ خاس - ئام،
مەن جۇدا بولدۇم ئۇلاردىن خانىمانىم ئەلۋىدا.

ھەمرا ئايتۇر ھەق تەئەئالا ئۆزىدۇر خەيرۇل - بەشەر،
بىرنى قىلدى ماھتابان، بىرنى قىلدى كۆككە سەير،

تـوشـۇدى. ساڭ تولغاندىن كېيىن مۇمۇنىنىڭ ئۇچىغە بىر كەبۇتەر قوندى. كەبۇتەر غايىب بولدى، ئاشلىقمۇ غايىب بولدى. ھەمرابەگ «ئـاشـلىقلارنى ئېلىڭلار» دېمەك ھامان دەريالاردىن سۇلار تاشتى. مـېـۋىـلـەر پـىـشـىپ گۈل ـ گۈلزارلىق بولدى. پادىشاھ ۋەزىر ـ ئۇمەرالىرىغا قاراپ دېدىكىم: شۇنداغ قەھەتچىلىك بولۇۋاتقان شەھەرگە ئاشلىق ئېلىپ كەلگەن ئادەمنى نېمە قىلماق لازىم؟ — دېدى. ۋەزىر ـ ئۇمەرالار دېدىكىم:

— تـەقسىر پادىشاھىم مۇنداغ ئادەم ھايات بولسە پىر تۇتماق كېرەك، ئەگەر ئۆلگەن بولسە مەزار قىلماق لازىمدۇر.

ئاندىن تەمام ئەركانى دۆلەت باشلىغ ھەممەسى ھەمراغە مۇرىد بولدىلەر.

بىـر كېچەسى ھەمرابەگ مېھمانخانادە قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرۇپ ئېردى. ئىككى ئاكاسى ئىشىكنى ئاجراتىپ كىرىپ:

— بۇ ئاشلىقلارنى ساتالى دېسەك، سىز خۇدايى قىلامىز؟ — دەپ، ھەمرانى باسىپ بىر نەچچە كالتەك ئۇردى. ھەمرابەگ ئايدىكىم:

— ئەي ئاكالارىم، سىزلەرگە پۇل كېرەك بولسە مانا پۇل، — دەپ ھېلىقى ئىككى گەۋھەرنى بەردى. بۇلار چىقىپ كەتتى.

بىر نەچچە زەماندىن كېيىن ۋەزىر قاسىم مىسىردىن چىققاننىنى ھېساب قىلىپ باقسەلەر ئون ئۈچ ئاي بولۇپدۇر. «ئۆلەدۇر» دېگەن مـۇددەتـتـىـن بىر ئاي ئېشىپدۇر. ۋەزىر قاسىم دېدىكىم «بۇلارگە خۇدايىتائالا ئۆمرى داراز قىلغانىكى، بۇلار تېخى تېرىك يۈرۈيدۇ» دەپ، بەگزادىلەر قېشىغا كىرىپ:

— ئەمدى يۇرتۇمىزغە يانساق، — دېدىلەر. بۇلار خۇشھال بولۇپ بىر كېچەدە شەھەردىن ئۈزۈلۈپ چىقتىلەر. بۇلارنىڭ كەينىدىن چىققان ئادەمنى ھېساب قىلىپ باقسە توقسان مىڭ ئادەم بىللە چىقىپدۇر. ھەمرابەگ ۋەزىر قاسىمغە:

— ئـەمـدى يـانىپ مۇنادى قىلىڭ. ھەر كىشى بىزنىڭ بىلە مىسىرغا بارسە، بارغىچىلىك ئاب ـ ئاش، يول خىراجاتى بېرىپ بىللە ئالىپ كېتەرمىز. مـىسىرغا بـارغاندا ھەر بـىرىـگە ھويلا ـ ئىمارەت، يەر ـ سۇ تەئيىن قىلىپ بېرۇرمىز، دەپ مۇنادى قىلىڭلار، — دېدىلەر. ۋەزىر قاسىم شەھەرگە كىرىپ مۇنادى قىلغانىدا، يەنە توقسان مىڭ

ئۈچ ئوغۇلدۇر بىر ئاتادىن تۇغۇلغان،
غەرىبلىق بۇ چۆللەردە ھەيران بولغان،
رەھىم ئەيلەسەڭ نە بولغاي بىر ئاتىڭ رەھمان،
رەسۇلىللاھ مەدەد بېرۇر كۈنۈڭدۇر.

شاھ خۇسرەۋنىڭ مىسىر ئېلىندە تەختى بار،
بۇ نە ئاپەت، بۇ نە مېھنەت سەختى بار،
بۇ ئۆلۈمنىڭ قېرىلىقدا ۋەقتى بار،
رەسۇلىللاھ مەدەد بېرۇر كۈنۈڭدۇر.

قەلەندەرمەن باشىمدادۇر كۇلاھىم،
سەن - سەن مېنىڭ ئەۋۋەل - ئاخىر پەناھىم،
جاننى تەڭغە باغىشلا قادىر ئىلاھىم،
رەسۇلىللاھ مەدەد بېرۇر كۈنۈڭدۇر.

قىزىل يۈزى سارغارىبان سولمىسۇن،
ئەجەل يېتىپ پەيمانەسى تولمىسۇن،
تىلەكىم شول قېرىغۇنچە ئۆلمىسۇن،
رەسۇلىللاھ مەدەد بېرۇر كۈنۈڭدۇر.

قاسىم ئايتۇر ئالغىل مېنىڭ جانىمنى،
ئوتغە سالغىل گەۋھەر بىلە كانىمنى،
يەرگە تۆكىل قەترە - قەترە قانىمنى،
رەسۇلىللاھ مەدەد بېرۇر كۈنۈڭدۇر.

دەپ تــەئزىيەت تۇتۇپ تۇرغانىدا ھەممە خەلايىقلاردىن غۇلغۇلە پەريادى چىقتى:

— ئەي بارا خۇدايا، بۇ پەرزەندلەرگە ئۆمرى دەراز ئەتا قىلغىل، ياكى ھەممىمىزنىڭ جاننى ئالغىل، — دەپ يىغى - زارى قىلىشتى. خۇدايىتائالانىڭ رەھىم ئىنايەتى بىرلە شول زەمان قۇلاقىغە بىر ئاۋاز

تەختۇ - بەختىم تاشلابان قىلسام بۇ دۇنيادىن سەپەر،
بۇيرۇسالىڭ پەرۋەردىگارىم نۇرى ئىمان ئەلۋىدا.

ياشىم ئون تۆتكە كىرىپدۇر مەن كىرەي يەر قەئىرىگە،
مەن نەچۇك تاقەت قىلاي جان ئاچچىغىنىڭ دەردىگە.
ئۆلگەنىمنى كىم بارىپ ئايتۇر بۇ مىسرى شەھىرىگە،
ھەم ئاتام بىلە ئانام، جەمىلە سىڭلىم ئەلۋىدا.

دەپ يىغلاپ تۇردى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام جان ئالغىلى قەست قىلدى. ۋەزىر قاسىم كۆردىكى، بۇ ئوغۇللار ئاتتىن يەرگە يىقىلىپدۇر، جان تىرناققا كېلىپدۇر. ۋەزىر قاسىم دەرھال قەلەندەرلىك لىباسىنى كىيدى، زار - زار يىغلاپ:

— ئەي خەلايىقلار، ئاللاتائالا ئايتىپدۇركى، ئەلبەتتە ئامىن مىڭغە يەتسە ئىجابەت بولۇر. ھەممەڭلەر ئامىن دەڭلەر، مەن رەسۇلىللاھدىن مەدەد تىلەيمەن. شايەدكى ئاللاتائالا ئىجابەت قىلسە ئەجەب ئېرمەس. بۇلەرگە ئۆمرى داراز ئەتا قىلسە كېرەك، — دېدى. ۋەزىر قاسىم قەلەندەر لىباسىنى — باشىغە كۇلاھ، ئەڭلىگە جەندە كىيىپ خەلايىقلار بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، رەسۇلىللاھدىن مەدەد تىلەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

قادىر ئاللاھ ئىگەم مېنىڭ پەناھىم،
رەسۇلىللاھ مەدەد بېرۇر كۇنۇڭدۇر.
سەندىن ئۆزگە يوقتۇر مېنىڭ ئىلاھىم،
رەسۇلىللاھ مەدەد بېرۇر كۇنۇڭدۇر.

ئىككى ئالەمدە دۇرسەن بىرۇ بارىم،
تېرىكنى ئۆلتۈرۈرسەن پەرۋەردىگارىم،
ئۆلۈكنى تىرگۈزۈرسەن قادىر ئىلاھىم،
رەسۇلىللاھ مەدەد بېرۇر كۇنۇڭدۇر.

كۆرۈشۈپ هال - ئەھۋاللارنى بىر - بىرىگە بەيان قىلىپ يىغلاشتى. قاسىم ۋەزىر يولدا ئۆلۈپ - تىرىلگەن ئەھۋاللارنى بەيان قىلدى. ئاندىن پادىشاھ ئۆلۈما - ھۆكىمالارنى يىغىپ ئوغلانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتىلەر. ئاندىن ئۇ شادلىقىدىن قايسى بىيىتنى ئوقۇيدۇ قېنى:

شۈكرى ئەمدى قالغان بۇدەم،
يەنە روزىگار ئولدى،
خازانلىق مۇھەببەت باغىم،
قايتا باشتىن گۈلزار ئولدى.

ئاچىلىپ غەمنىڭ سوداسى،
قايتا باشتىن گۈلزار ئولدى.

ئىچىلىڭ خەزىنەلەر زەررىن،
پۈتۈكلەر خانلىق دەپتەرىن،
كۆردۈم ئوغلانلارنىڭ يۈزىن،
قايتا باشتىن گۈلزار ئولدى.

تەگرىم يەتكۈزدى كەمالە،
چەكمەس بولدۇم ئاھۇنالە،
ئېچىلدى تىز گۈل ۋە لالە،
تەختى بەختىم گۈلزار ئولدى.

هاسىلدۇر دىلىم مۇرادى،
كۆڭلۈم بولدى بۈگۈن شادى،

خۇسرەۋ ئايتۇر كۆڭۈل خوشۇم،
كەتتى ئەمدى غەم ۋە قايغۇم،
بۈگۈن قوندى دەۋلەت قۇشۇم،
بەختىم ئۆيى گۈلزار ئولدى.

ئەلقىسسە، ئوغلانلار ئاتتىن يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئاتىسى بىلەن كۆرۈشتى. شادمان بولدى. ئاندىن ئۇلارنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ باشدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى بەيان قىلدى. شاھ خۇسرەۋ چىن ماچىندىن كەلگەن يۈز سەكسەن مىڭ ئۆيلۈك ئادەمنىڭ ھەر قايسىسىغا جاي تەئيىن قىلدى. ئاندىن ئوغۇللىرىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، شەھەرنى ئايىنە باغلاپ، بارلىق خەلايىقلارنى جۇغلاپ يارلىغ قىلدى:

— قىرىق كېچە - كۈندۈزگىچە ئۆيۈڭلەردىن ھېچنەرسە يىمەيسىزلەر، پادشاھلىقتىن يەيسىزلەر. بەناگاھ ئۆيۈڭلەردىن تۈتۈن چىققاننى كۆرسەم، ھەممەڭلەرنى قەتلى ئام قىلغۇمدۇر، — دەپ مۇنادى قىلدى. شۇبۇ تەرىقىدە قىرىق كېچە - كۈندۈز مەجلىس بۇنياد قىلدىلەر.

ۋەقتىكى بەھار بولدى. بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىر قاسىمغا:

كەلدىكىم:

— ئەي قاسىم، دۇئايىڭ مۇستىجاب بولدى. بۇ يىگىتلەرگە ھەر قايسىسىغا يۈز يىگىرمە يىلدىن ئۆمرى ئەتا قىلدىم.

بۇ نىدايى ھەق ئىشىتىلگەندىن كېيىن بۇ پەرزەندلەر تىرىلىپ ئورنىدىن قوپتى. ھەممە خەلايىقلار شادۇ خۇررەم بولدىلەر، شول يەردە خۇدايىتائالاغە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز شۈكرى ـ سەنالار قىلدى. ئاندىن يولغە رەۋان بولدىلەر.

بۇلار نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، مىسىرغا يەتكىلى يىگىرمە بىر كۈن قالغاندا ۋەزىر قاسىم دېدىكىم:

— ئەي بەگزادىلىرىم، ماڭا رۇخسەت بەرسىڭىزلەر. مەن سىزلەردىن ئىلگىرى بارىپ ئاتاڭلارغا ئۈلۈپ ـ تىرىلگەن خۇش ـ خەبەرنى يەتكۈزسەم، — دېگەنىدە بۇلار رۇخسەت بەردىلەر. ۋەزىر قاسىم يىگىرمە بىر كۈنلۈك يولنى يەتتە كېچە ـ كۈندۈزدە بېسىپ مىسىرغە كەلدى ۋە شاھ خۇسرەۋنىڭ ئورداسىغە كىردى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ پەرزەندلىرىنىڭ ئوت ـ پىراقىدا باغرىنى ھۆل يەرگە ياقىپ، كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ ياتىپ ئېرىدى. ۋەزىر قاسىم پادىشاھنىڭ ئورداسىغە كىرىپ نېمە دەيدۇ قېنى:

پادىشاھىم ئەرزىم ئىشىت، ئاچىلدى باتىن بۇلاقىڭ،
جان بىرلە جانانىڭ كەلدى. يۈرەكدە قالمىدى داغىڭ.
ئاسان بولدى ھەر مۇشكۇلۇڭ، ئىگەم ياندۇردى چىراغىڭ،
خەتەرلىك كارۋانىڭ كەلدى. قوزى ـ قوچقارلارىڭ كەلدى.

بايان قىلاي دۇئاسىنى، قاسىم قۇلۇڭنىڭ دادىغە،
يۈرەكىڭنىڭ داۋاسىنى، قۇلاق سالغىل پەريادىغە،
ئىگەم ياندۇردى قەزاسىنى، ھەق يەتكۈزدى مۇرادىغە،
كەتكەن ئوغلانلارىڭ كەلدى. كەتكەن پەرزەندلەرىڭ كەلدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ۋەزىر قاسىمدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، كۆڭۈللەرىنى بۇزۇپ يىغلاپ، ئورنىدىن قوپۇپ ۋەزىر قاسىم بىلەن

قەھقەھ بىلەن بىر كۈلۈپ دېدىكىم:

— ئـەي — پـادىـشـاھـ، ئەگەر ئالتۇن سورىساڭ بىزلەردىن سـورغىل. بەش يۈز يىللىق يەردىكى كۆھىقاف پادىشاھىنىڭ قىزى بولۇرمەن. بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممەسى ئالتۇندىن، تام - تورۇسلىرى ھەم ئالتۇندىندۇر. بىزلەر ئالتۇندىن بىھاجەتدۇرمىز. ئەگەر شەھەر دېسەڭ كۆھىقاف ئىچىندە تۈمەنىمىڭ شەھەرلىرىم بار. شەھەردىن، غۇلاملاردىن بىھاجەتدۇرمىز، — دېدى. ئاندا پادىشاھ دېدىكىم:

— قانداق قىلسام بولۇر؟ مەلىكە ئايدى:

— قەددەم رەنجىدە قىلسە قولىغا كەلگۈسىدۇر.

ئاندا پادىشاھ بۇ قۇشنىڭ جاي - مەنزىللىرى نەيەردە، سىلەرنىڭ جاي - مەنزىللىرىڭلەر نەيەردە؟ دەپ سورماق ئۈچۈن نېمە دەيدۇ قېنى:

چىن بىرلە باقىشلىغ جەبرائىل پەرى،
تازە نەۋجەۋانىم قايدىن كېلۇرسەن؟
شەمسى قەمەر يۈزلۈك، زۇلفى ئەنبەرلىك،
كۆزلىرى مەستانە قايدىن كېلۇرسەن؟

ئاتىڭنى سەن ماڭا ئەيان ئەيلەگىل،
كەلگەن جايىڭنى ھەم بەيان ئەيلەگىل،
قايسى ئىقلىم شاھى سەن ئەيان ئەيلەگىل،
مېنىڭ ئۇشبۇ باغىمغە قايدىن كېلۇرسەن؟

نازۇكغىنە قوللارىڭ بويايسەن قانە،
پەرىشان زۇلفۇڭنى ئورايسەن شانە،
يۇسۇفكە ئوخشە مېنى سالمە زىندانە،
زۇلەيخا نىشانىم قايدىن كېلۇرسەن؟

ئاندا مەلىكە جاي - مەنزىللىرىنى بەيان قىلماق ئۈچۈن پادىشاھغا قاراپ نېمە دەيدۇ قېنى:

— چاھار باغنى مەجلىس ئاراستە قىلسۇن. ئۈچ ئوغلۇم، خاتۇنلارىم، تەمام ئەركانى دۆلەتلەرىم بىلەن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مەجلىس ئاراستە قىلىپ، كۆڭلۈمنى خۇرسەند قىلغۇمدۇر، — دەپ ئېردى، ۋەزىر قاسىم دەرھال چاھار باغنى مەجلىس ئاراستە قىلدۇردى.

پادىشاھ ئوغۇللىرى ۋە تەمامى ئەركانى دۆلەتلىرىگە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز مەشرەپ بېرىپ مېھماندارلىققە مەشغۇل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن شاھ خۇسرەۋ شادمان بولۇپ، پەرزەندلىرىنى مەكتەپكە بەردى. پادىشاھنىڭ غەم ـ غۇسسەسى فەراموش بولدى ۋە شادلىققە يەتتى. بىناگاھ پادىشاھ بىر كۈنى بىر باغنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇغا باردى. تۇشىدە كۆردىكىم، بىر چاھار باغدا بۇ سەير ـ تاماشا قىلىپ يۈرۈرئىدى. ئالدىغا قىرىق قىز كەلدى. بۇ قىزلارنىڭ ئاراسىدا ئاپتاپ تەلئەت بىر مەلىكە بار ئىدى. ئۇ پادىشاھنىڭ يانىغە كېلىپ ئولتۇردى. ئول مەلىكەنىڭ قولىدا ئالتۇن قەفەستە ئەجايىب بىر جاندارنى كۆردى. شول ھالدا ئول مەلىكە جاندارغا باقىپ بىر سۆزلەپ ئىدى. ئول جاندار قەفەسدىن چىقىپ «ھەيھات، ئادەمزاد» دەپ بىر سايراپ ئىدى، ئۇنى مەغرىبتىن مەشرىققە ئىشتىلدى. ئاغزىدىن رەڭگارەڭ گۈللەر ئاچىلدى. ئالەمنىڭ ئىچى ئۇد ـ ئەنبەر بويىدا گۈلزارلىق بولدى. ئول جاندارنىڭ ئاغزىدىن بىر پارە ئوت چىقىپ پادىشاھنىڭ سىنەسىگە بەد بولدى. ئاندا پادىشاھ ئايدى:

— ئەي مەلىكە، بۇ قۇشنىڭ جاي ـ مەنزىللىرى نە يەردە؟ ئۆزى نەچۈك قۇشدۇر؟

مەلىكە ئايدىكى: — بۇ بۇلبۇلگويا قۇشىدۇر، — دېدى. پادىشاھ:

— بۇ قۇشنى ساتارسەنمۇ؟ — دېدى. مەلىكە:

— ساتسام نېمە بېرۈرسەن؟ — دېدى.

— ئەگەر ئالتۇن دېسەڭىز ئۈچ يۈز ئاتمىش شەھرىم بار. ھەر شەھەردە قىرىق خەزىنەدىن ئالتۇنۇم بار، ھەممەسىنى بېرەي. ئەگەر شەھەر دېسەڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش شەھرىمنىڭ ھەممەسىنى بېرەي، ئەگەر غۇلام دېسەڭ قىرىق مىڭ غۇلام بېرەي، — دېدى. ئاندا مەلىكە

پادىشاھنىڭ ئالدىدىن مەلىكە قاچتى، پادشاھ قوغلىدى، يېتەلمىدى. مەلىكە قەھقەھە بىلەن بىر كۆلۈپ غايىب بولدى. پادشاھ بىر ئاھ تارتىپ ئويغاندى. باقسالار كۆرگەن تۇشى ئىكەن. پادشاھ ئۇل جاندارنىڭ ئىشقىدا تاقەت قىلالماي زار - زار يىغلاپ، باغرىنى ھۆل يەرگە ياقىپ بىھۇش بولدى. تەمام ئەركانى دۆلەت، ۋەزىر - ئۇمەرالار يىغلىپ كىرىپ پادشاھنىڭ ئەھۋاللارىنى سورىدى. پادشاھ ئىشق دەردىدىن ئاھ تارتىپ نىمە دەيدۇ قېنى:

ناگىھان بىر باغدا كۆردۇم ئۆزۈمنى،
بارچە بۇلبۇللار تۇرۇپ پەرياد ئەيلەدى.
يىتتۇردۇم ئاغزىمدىن ئايغان سۆزۈمنى،
ئەقلىم ئالىپ، ھۇشۇمنى بەرباد ئەيلەدى.

يىغلىپ كەلدىلەر بۆلەكچە قىزلەر،
ھەر بىرى شاھتۇتى سۆزىنى سۆزلەر،
ئەرزىمنى ئىشتىڭ ساھىب تەمىزلەر،
جادۇ كۆزى بىزلەرگە جەللاد ئەيلەدى.

قەفەس ئىچرە كۆردۇم بىر قۇش مۇنەققەش،
جانىمنى ئوۋلادى ئول يەرگە يەتكەچ،
شۇم فەلەك ئۇچۇردى بادىئى غەشغەش،
شاد كۆڭلۈمنى مىنىڭ ناشاد ئەيلەدى.

سەسكەنىپ ئويغاندىم بولدۇم يېگانە،
ھەجر ئىشق ئوتى تۇشتى بۇ جانە،
ئاچىلىبان گۇللارى بولدى خەزانە،
جەببار بىزگە بۇ قىسمەتلەر ئەيلەدى.

خۇسرەۋ ئايتۇر بۇدۇر ئاھ ئىلە زارىم،
ئەمدى تەرك ئەيلەرمەن نامۇسۇ ئارىم،

مېنى سورىساڭ پەرىلەرنىڭ خانىمەن،
جايىم شەھرى شەبىستاندىن كېلۈرمەن.
فەھىم ئەيلەسەڭ جىن شەھرىنىڭ خانىمەن،
خەزانى يوق گۈلىستاندىن كېلۈرمەن.

ئۆزرانىڭ ھەمدەمى دەريادا جايى،
ئالەمنى كۆيدۈردى ۋامۇقنىڭ ئاھى،
ئاتىمنى سورىساڭ پەرىلەر شاھى،
ياقۇتلۇق، گۆھەرلىك كاندىن كېلۈرمەن.

ئەگەر ئاشكار ئەيلەسەم سىررى نىھانىم،
بەش يۈز يىللىق يول بولۇر مېنىڭ مەكانىم،
ئاتىم پەرىدۇر مېنىڭ يوقتۇر مەكانىم،
بىلسەڭ شەھرى شەبىستاندىن كېلۈرمەن.

شەھىرىمىزدە باردۇر ئالتۇن ـ كۆمۈشلەر،
سېنى ئاشىق، بىزنى مەئشۇق دېمىشلەر،
مەن پەرىمەن مەندە مەكان نە ئىشلەر،
بىلسەڭ شەھرى شەبىستاندىن كېلۈرمەن.

شاھرۇخ شاھىنىڭ قىزىمەن ئاتىم بىر گۈلدۇر،
غەمىمدىن پەرىلەر شەيدا بۇلبۇلدۇر،
تا ئۆلگۈنچە قىلغان قەرارىم شولدۇر،
فەھىم ئەيلەسەڭ شەبىستاندىن كېلۈرمەن.

دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇغاندىن كېيىن پادىشاھ سورىدى:
— ئەي مەلىكە، ئۆزلىرى پەرىزادمۇ يا ئادەمىزادمۇ؟ — دەپ
ئېردى، مەلىكە دېدىكىم:
— ئالدىڭىزدا قاچاي، قوغلاپ تۇتۇپ ئالساڭىز ئادەمىزاد،
بولمىسا پەرىزاددۇرمەن، — دېدى.

— ھېچ يەردىن نىشان تاپالمىدىم، — دېدى قاسىم ۋەزىر. پادىشاھنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولۇپ ئىدى، پادىشاھنىڭ ئىككى ئوغلانلىرى:
— ئەي ئاتا، بىزلەرگە رۇخسەت بەرسىلەر، شايەدكى ئول قۇشنى بىز تېپىپ كېلۇرمىز، — دېدى. پادىشاھ خۇشال بولۇپ:
— ئەي پەرزەندلىرىم، سىلەر بۇ قۇشقا قەدەم قويساڭلار خۇدايىتائالا ئەجرى ئەزىم ئەتا قىلسۇن، — دەپ ئوغلانلارنىڭ يول جابدۇغىنى راست قىلىپ بەردىلەر. ئۇلار ئىككۆيلەن بىردىن ئىككى خورجۇن ئالتۇنلارنى، ئوزۇق - تالقانلارنى ئېلىپ، ياخشى ئاتلارغا مىنىپ يولغا رەۋان بولدىلەر. ئول ۋەقتتە ھەمرا مەكتەپتە ئوقۇر ئېردى. بىر كۈنى ئورداسىغە كەلسە ئىككى ئاكىسىنى كۆرمىدى.
— ئەي ئاتا، ئاكالارىم قايان باردى؟ — دەپ سورىدى. ئاندا پادىشاھ:
— مەن چۈشۈمدە كۆرگەن قۇشنى ئىستەپ كەتتى، — دېدى. ھەمرا ئايدى:
— ئەي ئاتا، بىزلەرگە ئاللاتائالا ئۆمرى داراز ئەتا قىلغاندا مەن «ئۆلگۈنچە ئاتامنىڭ خىزمەتىنى قىلسام» دەپ ئېردىم. بۇ خىزمەت ماڭا لازىم ئىدى، — دېدى. پادىشاھ:
— ئەي بالام، ئول قۇش بارقۇشمۇ، يا يوق قۇشمۇ. سىزدىن بىر سائەت ئايرىلۇرغە تاقەتىم يوقتۇر. ئىككى ئاكاڭ مېنى تاشلاپ كەتتى. سەن ھەم مېنى داغى ھەسرەتتە قويماغىل، دەپ ھەمراغە قاراپ نېمە دەيدۇ قېنى:

سېنىڭ ئۇچۈن ئىككى ئاغاڭنى ئىبەردىم،
سەن ھەم ئوتلارغە سالما مېنى ھەمرايىم.
كۈندىن - كۈنگە دەدىم بولدى زىيادە،
دەردنى سالما ئىچىمگە سەن ھەمرايىم.

باشدا ئايغان «ئون تۆرت ياشدا ئۆلەر» دەپ،
«پەرزەندلەرنىڭ پەيمانەسى تولار» دەپ،

بىر زەمان كۆرمەسەم يوقتۇر قەرارىم،
ئاشىقى بىقەرارلار فەرياد ئەيلەدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئايدىكى:
— ئەمىرلىرىم، مەن چۈشۈمدە بىر قۇش كۆردۈمكى، ئول قۇشنىڭ تۇمشۇقلىرى ياقۇتتىن، قاناتلىرى زۇمرەتتىن، قۇيرۇقلىرى زەبەرجەددىن، ئاياغلارى مەرۋايىددىن، تىرناقلارى مەرجاندىن، باشلارى گەۋھەردىن. بۇ سۈپەت بىلەن قەددى - قامەتىنى تۈزۈپ بىر سايراپ ئېرىدى، زەمىن - زەمان، مەكىنۇ - مەكان نەئىرىگە كەلدى. ئول قۇشنى كۆرمەك ھەمان ئىشق ئوتى مېنى بىقەرار قىلدى. تولا بىتاقەت بولدۇم. شول قۇشنى ھەر كىم كەلتۈرۈپ بەرسە، تاجى - تەختىمنى شول كىشىگە بەرسەم، — دېدى. ئاندا ۋەزىر - ئۇمەرالارى ئايدى:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئانداغ قۇش بۇ ئالەمدە يوقتۇر. بولسەمۇ كوھىقاف پەرىلەرىنىڭ شەھىرىدە بولۇر. ئانىڭ مەنزىللەرى بەش يۈز يىللىق يەردە بولۇپ، ئۇلار مەنزىلىغە قايداغ ئادەم يېتەر. بۇ ئىشغە نەچۈك تەدبىر قىلماق كېرەك؟ — دېدى. پادىشاھ خۇسرەۋ باشىنى تۆۋەن سالىپ ئولتۇردى. ھېچ كىمدىن ئۈن چىقمىدى. ئاخىر قاسىم ۋەزىر ئورنىدىن قوپۇپ:
— ئەي پادىشاھى ئالەم پەناھ، ئەتراپى - ئالەمگە، شەھەر - شەھەرگە نامە ئىبەرەيلى، ئول قۇش بىلەن مەلىكەنى ئىستەسۇن. ئۆزىنى تاپارمىز يە خەبەرىنى ئالۇرمىز. ئاڭا بېقىپ ئىش قىلماق كېرەك، — دېدى.
بۇ سۆز پادىشاھقا مەئقۇل ئىشتىلدى. ئاندا ۋەزىر قاسىمغا:
— بۇ قۇشنى سىز ئىستەپ باقىڭ. بۇ ئىش سىزدىن بۆلەك كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەس، — دېدى. ۋەزىر قاسىم «خوپ بولغاي» دەپ جابدۇغ قىلىپ ئەتراپى ئالەم شەھەرلەرگە چىقىپ كەتتى. ھېچ يەردىن خەبەرىنى ئالالماي بىر يىلدا يېنىپ كەلدى. پادىشاھغە خەبەر بولدىكىم «قاسىم ۋەزىر كېلىپدۇر» دەپ. ئاندا پادىشاھ پىشباز ئالدىغا چىقتى. ئول قۇشنىڭ بار - يوقىنى سورىدى.

سەن كېتەرسەن باش ئالىپ، مېنى قىلارمۇ سەن خەراب،
ھەسرەتىڭدە يۈرەكىم قاندۇر يەنە باغرىم كەباب،
فۇرقەتىڭدە ئەمدى نەيلەيىن ماڭا يوق ھېچ تاب،
نەيلەيىن بارغىن بالام ئاللاغە تاپشۇردۇم سېنى.

ھەر زەمان يادىمدا سەن چاكى گىرىبان ئەيلەسەم،
كەربەلاغە يۈز تۈمەن سىينەمنى بەرياد ئەيلەسەم،
مەنكى خۇرشىدىمكى يوق سەدپارە ئەفغان ئەيلەسەم،
نەيلەيىن بارغىن بالام ئاللاغە تاپشۇردۇم سېنى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ خۇسرەۋ يىغلاپ ئايدىكى:
— ئەي بالام، ھەر يەردە ياتساڭ بىر پىنھان يەردە ياتقىل، تۆپەسى ئوچۇق يەردە ياتماغىل، — دېدى، ھەمرا:
— خوش بولغاي، — دەپ ئاتاسىدىن رۇخسەت ئالدى. ئاندىن ئاناسى مەلىكە ماھى قاشىغە كىردى. مەلىكە ماھى ھەمراغە باقىپ، جۇدالىق دەردىدىن زار - زار چۈن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ قايسى بېيىتنى ئوقۇيدۇ:

گۈللار ئاندا گۈل بولمادى، خىزىر بوۋام يولداش بولسۇن،
گۈل غۇنچەدىن ئايرىلمادى، ئەلى پىرىم مەدەت قىلسۇن،
ئايرىلىبان ساچىلمادى، مەدەت قىلىپ يولغا سالسۇن،
گۈللار يەڭلىغ جانىم بالام. خۇش كەتتىڭىز جانىم بالام.

بالام قويدۇڭ مېنى داغدا، سەنسىز ئاناڭ نەچۈك ئۆتەر،
سەن يوق بىزدىن دەۋلەت كېتەر، تاشلاپ كەتتىڭ ئاخىر چاغدا،
كۇندىن كۇنگە ھالىم بەتەر، بۇلبۇل قالدى گۈللۈق باغدا،
خۇش كەتتىڭىز جانىم بالام. خۇش كەتتىڭىز جانىم بالام.

دەپ ئانىسى ھەمرانىڭ باشىدىن پەرمانىدەك چۆرگۈلۈپ ھەمراغە رۇخسەت بەردىلەر، ئاندا ھەمرانىڭ سىڭلىسى گۈلجەمىلە مۇنى

خۇشال ئىردىم يەنە ئۆلمەي كەلدى، دەپ،
جۇدا قىلار بولدۇڭ جانىم ھەمرايىم.

مۇندىن كەتسەڭ بەش يۇز يىلدا يېتەرسەن،
بۇ دىيارغا ئەمدى ھەرگىز كەلمەسسەن،
ئاتاڭ قىلغان نەسىھەتنى ئالماسسەن،
چۇلغاشۇرمەن كەفەنگە جانىم ھەمرايىم.

باشىڭدىن ئۆرگۈلەي ئوغلۇم ھەمراجان،
ئايرىلىپ سېنىڭدىن نەچۇك چىدار جان،
ئۇنۇتماغىل مېنى ھەمرا ھەر زەمان،
ھەسرەتتە قويماغىل مېنى ھەمرايىم.

خۇسرەۋ ئايتۇر تەختىمنى كىمگە بېرەيىن،
سېنىڭ بىلەن بەش كۇن دەۋران سۇرەيىن،
سەن بولمىساڭ نەچۇك تاقەت قىلايىن،
خۇدايىمغا تاپشۇردۇم سېنى ھەمرايىم.

دەپ پـادىشاھ ھەمراغە رۇخسەت بەردىلەر ۋە يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:
گۇلشەنى باغىمدا بىر گۇل نەۋ بەھارىم سەن ئىدىڭ،
تەنىم ئىچرە جان كەبى سىينەمدە جا قىلدىم سېنى.
دۇررى نايابىم، شەكەر - قەندىم، نىگارىم سەن ئىدىڭ،
نەيلەيىن جانىم بالام ئالLaغە تاپشۇردۇم سېنى.

مەن نەچۇك تاقەت قىلاي ھەجرىڭدە مەن جانىم ئوغۇل،
يىغلابان قىلغان مۇناجاتىمنى ھەق ئەتكەي قەبۇل،
دائىما قىلغاي مەدەدكارى خۇدا بىرلە رەسۇل،
نەيلەيىن بارغىن بالام ئالLaغە تاپشۇردۇم سېنى.

ــــ ئەي ئاكىلىرىم، ھەرگىز كۆڭلۈڭلەرنى مەلۇل قىلماڭلار. سودىگەرنىڭ يولى بىر، ئەمما رىزقى بۆلەك. سىزلەر يۈرگەن يولدا مەن يۈرمەسمەن. بۇ ئىشلارنى خۇدايىتائالا قايسىمىزغا بەرسە شۇنىڭ بىرلە كۆشاد بولغۇسىدۇر، ــــ دەپ كېتىپ بارۇر ئېردى. بىر يەردە ئۈچ ئاچا يول پەيدا بولدى. بىر قارا تاشقا خەت بېتىپدۇركى: «ھەر كىمنىڭ بۇ يەرگە قەدەمى يەتسە ئوڭ قولدىكى يولغا كىرسە پات يۈرسەتتە يانىپ كېلۇر. ئوتتۇرىسىدىكى يولغا كىرسە ياكېلۇر، يا كەلمەس، چەپ قولدىكى يولغا كىرسە ئەسلا كەلمەس».

ئاندا ئىككى ئاكاسى بارسا كېلۇر يولنى ئىختىيار قىلدىلەر. ھەمرا بارسا كەلمەس يولنى ئىختىيار قىلدى. خۇدايىتائالاغە تەۋەككەل قىلىپ يولغە كىردى.

ئۈچ ئوغۇل بىردىن ئوقنى تاشنىڭ تۈۋىگە قاداپ قويدى. «ھەر قايسىمىز بۇ يەرگە بالدۇر كەلسەك ئوقنى ئالۇرمىز، شۇندىن بىلۇرمىز» دەپ خوبلاشىپ يولغا رەۋان بولدىلەر.

ھەمرا ئاكىلىرىدىن ئايرىلىپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر بەياباندا كېتىپ بارۇر ئېردى. ئالدىغا بىر ئاقساقال نۇرانە كىشى ئۇچرىدى. ھەمرا ئۇنى كۆرۈپ، ئول چىن ماچىن يولىدا يولۇققان ھەزرىتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام خىيال قىلىپ دېدىكىم: «سېرىغ تون ئۇچاسىدا، ياشىل تۇغ قولىدا، كەپىش مەسە پۇتىدا، بىر يېشىل نۇر پېشانەسىدە تۇرادۇر.» ئول كىشى ھەمرانى كۆرۈپ پېشباز ئالدىغە كەلدى، سالام قىلدى، ھەمرانىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

ــــ ئەي غەرىب بىچارە، ئۆز يۇرتۇڭدىن ئايرىلىپ، ئۆزۈڭنى بىر بەلايى مېھنەتكە گىرىفتار قىلىپ بۇ چۆل ـ بەيابانغە قايدىن كېلىپ، قايدا بارۇرسەن؟ ــــ دېدى. ھەمرا:

ــــ ماڭا خۇدايىتائالا خىزمەتىدە بار يۈز يىگىرمە يىل ئۆمرى ئەتا قىلىپدۇر، ئاتا خىزمەتىغە چىقىپدۇرمەن. نە يەرگە بارۇرمەنكى، كېلۇر ـ كەلمىشىمنىڭ قارارى يوقتۇر، ــــ دەپ ئېرەى، ئول كىشى:

ــــ ئەي پەرزەند، ساڭا مەن مۇنتەرىز ئىدىم. ئەلھەمدۇلىللاھ، مۇرادىمغە يەتتىم. بىر نەچچە نەسىھەتىم بار، قەبۇل قىلغىل، ــــ دەپ ئەساسىنى يەرگە قاداپ قويۇپ ئولتۇردى. ھەمرا «خوپ بولغاي» دەپ

ئىشتىپ ئاكىسى ھەمراغا قاراپ جۇدالىق دەردىدىن نىمە دەيدۇ:

ئۈچ ئاكام كىردى بىر يولغە، قانلار ئاقار كۆز ياشىمدىن،
قەدەم قويدى دەشت - چۆلگە، ھۇشۇم كەتتى بۇ باشىمدىن،
داغلار قويدى يۈرەكىمگە، پەلەك تىترەر نالەشىمدىن،
قېرىنداشىم ئاكام كەتتى، قېرىنداشىم ئاكام كەتتى.

دەپ گۆلجەمىلە ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ يىغلىدى.
ھەمرا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئۇزاق يولغە كىردى دەپ مەلۇل بولماغىل،
ئېسەن بولساق ھەرقاچان يانىپ كېلۇرمىز.
ياقاڭنى چاك ئېتىپ سەن يىغلاماغىل،
ئامان بولساق ھەرقاچان يانىپ كېلۇرمىز.

يىغلاماغىل ھەرگىز قادىر ئىگەم بار،
ئىگەم بار ھەر يەردە بىزدىن نە غەم بار،
مەدەد قىلۇر ھەر قاچان ئەلى پىرىم بار،
ئامان بولساق ھەرقاچان يانىپ كېلۇرمىز.

ھەمرا ئايتۇر، سىزگە ئايتاي دەردىمنى،
خۇدا بىلۇر ئىچىمدىكى سىرىمنى،
ئامان قىلسە ئىگەم مېنىڭ باشىمنى،
ئېسەن بولساق ھەر زەمان يانىپ كېلۇرمىز.

دەپ، ھەمرا ئاتا - ئاناسى، گۆلجەمىلە بىلەن رىزالاشىپ يولغ
رەۋان بولدى. ئاتاسى بىر كۆنلۈك يەرگە بارىپ خوشلاشىپ ياندى
ھەمرا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول
يۈرۈپ ئاكىلىرىنىڭ كەينىدىن يەتتى. ئاكىلىرى كۆرۈپ ئاچچىغ
كەلدى. ئاندا ھەمرا:

ئاندا بەند قىلىنغاندۇر. جادۇگەر يىگىرمە كۈندىن بىرى ئۇل بۇلاقنىڭ باشىدا تۇرۇر. ئەمما بۇلاقتا ئەمچىكىنى سالالماس. مەكانىغا كېتەي دېسە، ئەمچىكىنىڭ دەردى زىيادە بولۇپ، تاقەت قىلالمايدۇر. قارىسى ئالتە ئايدا جاراھەت ساقىيادۇر، ئاڭغىچە تېزدىن بارغايسىز. ئۇل يەردە ئېرىقلاردا سۇلار ئېقىپ تۇرادۇر. كۆللەردە سۇلار توشقۇزۇقلۇق تۇرادۇر. نەچچە قىسىم تەئام مۇھەييا قىلىنغاندۇر. بىساتى پاي رەڭگارەڭ سېلىنغىلىقتۇر. تۆپىسىگە چىقماڭ. ئۇل تەئاملاردىن ھەرگىز يېمەڭ، تۆپەسى ئۇچۇق يەردە ئۇيقۇلاماڭ. بۇ جادۇگەر بەك ياماندۇر. بۇ نېمەرسىلەرنى ئۇل تىلسىمات بىلەن ئاندا بىنا قىلىنغاندۇر. ھەزەر قىلغايسىز. ئاندىن تېزدىن ئۆتۈپ كېتىڭ. ئوتتۇز كۈن يول يۈرۈپ بىر تاغقا يېتەرسىز. ئۇل تاغ تۆپىسىدە بىر يېشىل گۇمبەز بار. ئانىڭ يانىدا بىر بۇلاق بار. بۇلاقتا غۇسلى تەھارەت قىلىپ، ئۇل گۇمبەزدە بىر كېچە ياتىپ ئۆتكەيسىز، — دەپ، تەمام مەخپىي سۆزلەرنى بەيان قىلىپ ھەمرانى يولغا سالدى. ئۆزى غايىب بولدى.

ھەمرا ئۇل قېرى كىشى — ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلىپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئۇل جادۇگەرنىڭ مەكانىغە يەتتىلەر. كۆردىكىم، بىر سەبزەزارلىق، مۇرغىزارلىقتا بىر باغ - بوستان، ئىمارەتلەر بولۇپ، ئانى ئىلمىي ھېكمەت بىلەن پەيدا قىلىنغاندۇر. ئۇل باغنىڭ ئەتراپىدىكى ئۆلۈكلەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق. ئېرىقلارنىڭ سۇلارى مەۋج ئۇرۇپ تۇرار. بىساتى پاي رەڭگارەڭ سېلىنغىلىق، خونلاردا ئالمىلار تىزىغلىق، نېمەتلەر فەراۋان تۇرادۇر. پىيالىلەردە، قەدەھلەردە شىرنە - شەربەتلەر توشقۇزۇغلۇق، گۇنە - گۇن مېۋەلەر پىشىپ تۇرار، بۇلبۇللار ھەزار داستان يەڭلىغ سايراپ تۇرار، ھەمرا مۇنى كۆرۈپ ھۇشى كاللىسىدىن كېتىپ، يەنە ھۇشىغە كەلدىلەر. ھەمرانىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئاندا بىر سائەت يىغلاپ ئولتۇردى. ھېچ نېمىرسىگە ئىلتىپات قىلمادى. ئاندىن ئۇ يەنە يولغا چۈشتى. ئوتتۇز كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ئوتتۇز بىر كۈن بولغاندا، بىر تاغ نەمايان بولدى. ئۇل تاغقا چىقىپ قاراسا، بىر يېشىل گۇمبەزنىڭ يېنىدا بۇلاقتا سۇ ئېقىپ تۇرار ئىكەن. سەبزەزارلىقتىن خۇشبۇي گىياھلار ئۈنۈپدۇر، ئالەمنى مۇئەتتەر قىلىپتۇر. ئاندا بىر

تەۋەززۇئى بىلەن تۇردى. ئۇل قېرى كىشى ھەمراغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

چىقىپسەن مىسىردىن ھەمرا،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.
كىرىپسەن دەشت ئارا چۆلگە،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

چىقىپسەن ئاتا خىزمەتدە،
رىيازەت بىرلە مېھنەتدە،
مۇشەققەت دەشتى كۇلفەتتە،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

خۇداۋەندە ئەتا قىلغاي،
مۇرادىڭنى ئىگەم بەرگەي،
رەسۇلىللاھ مەدەد قىلغاي،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

كىشى راستقا ئەمەل قىلماس،
رىيازەتكە قەدەم قويماس،
قارارىغە زەمان يەتمەس،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

كىرىپسەن دەشت ئارا چۆلگە،
خەتەرلىك بىر يامان يولغە،
تۇشۇپسەن باش كېتەر يولغە،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

سېنىڭكى زۇلقى تارىڭغە،
يېتەرسەن ئالما باغىڭغە،
قويار مەرھەمنى داغىڭغە،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

بىشارەتتۇر ساڭا سۆزلەر،
ئەمەلسىزلەر يېقىن كۆزلەر،
بولۇر ئاشىق ساڭا قىزلار،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

ئاچىلىپدۇر گۇلى رەئنا،
چېكىپسەن ئاھ - ۋاۋەيلا،
كېلۇرسەن پاتىغىنە ھەمرا،
دەۋام ئاللانى ياد ئەيلە.

دەپ ئانچىنان ۋەسىيەتلەرنى قىلىپ ئايدىكى:

— ئەي بالام، مۇندىن ئۇچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر مۇرغىزارلىققا يېتەرسەن. ئاندا بىر غۇلغۇلە ماجەرالەر باردۇر. ئۇل جاي جادۇگەرنىڭ مەكانىدۇر. ئۇنىڭ ئەمچىكىگە جەراھەت چىققاندۇر. جەزىرەدە بىر بۇلاق باردۇر. ئۇل بۇلاقغە ئەمچىكىنى سالىسە زەھىرىنى ئالادۇر. ئەمما پىرلار ئۇل بۇلاققا جادۇنى ئىلىم - ھېكمەت بىلەن

ۋەكىل بولدىلەر. ھەزرىتى ئۆمەر نىكاھ قىلدىلەر. ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام جەمئى سەھابىلەر بىرلەن يارانلىرى گۇۋاھ بولدىلەر، ئاندىن ھەمرا ئايدى:

— ئەي ھۆرلىقا، سىنىڭ مەنزىلىڭ قايدا، نەچچە كۈنلۈك يول تۇرۇر، — دەپ سوراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

— سىنى كۆرۈپ كەتتى ئەقلى - خەيالىم،
قايدا بولۇر يارىم مەكانىڭ سىنىڭ،
پەرىزاد ئەھلى ئەزىز پادشاھىم،
قايدا بولۇر يارىم مەكانىڭ سىنىڭ.

— مىنى سورىساڭ شاھرۇخ شاھنىڭ قىزىمەن،
باغى ئىرەم بولۇر مەكانىم مىنىڭ.
ئەسلىم ئوتدۇر پەرىزادنىڭ قىزىمەن،
ئەنە شۇندا بولۇر مەكانىم مىنىڭ.

— سىنى كۆرگەن ئادەم ئەقلى لال بولۇر،
تاپالماي ھۇشىنى قىيلۇ قال بولۇر،
بۇ ئارادە نەچچە كۈنلۈك يول بولۇر،
قايدا بولۇر يارىم مەكانىڭ سىنىڭ.

— ئاشىق بولساڭ كۆيۈپ - يانىپ ئۆچەرسەن،
سەبر ئەيلەسەڭ دەۋلەت ئىلكىن تۇتارسەن،
يىلدام يۈرسەڭ بەش يۈز يىلدا يېتەرسەن،
بەش يۈز يىللىق يولدۇر مەكانىم مىنىڭ.

— باشدا تەڭرىم مىنىڭ جانىم ئالمادى،
شۇم ئەجەلنىڭ پەيمانەسى تولمادى،
ئانىڭ ئۈچۈن يارنى كۆرمەي بولمادى،
بەش يۈز يىللىق بولسە مەكانىڭ سىنىڭ.

سائەت ئارام ئالدى. ئائاغىچە كۈن كەچ بولدى. ھەمرا ئۇل بۇلاقتا غۇسلى تەھارەت قىلىپ، ئىككى رەكئەت نەماز ھاجەت ئۆتەپ، گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. ئۇل گۈمبەز ھەزرىتى سۇلتان ئۇۋەيس قىران پادىشاھىمنىڭ گۈمبەزلىرى ئەردى. تۈن ھەسسە بولۇپ ئەردى، ھەمرانىڭ كۆزى ئۇيقۇغا باردى. كۆردىكى، ئاسمان تەرەپتىن بىر ئالتۇن تەخت پەيدا بولدى. ئۈستىدە ھەزرىتى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاھاريار باسەفالار ۋە جەمئىي ئەنبىيا ۋە ئەسھاب، ھەزرىتى سۇلتان ئۇۋەيس قىران پادىشاھىم ھازىر بولۇپ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە تولدى. ھەزرىتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام ئايدى:

— يا شاھىمەردان، سىز كۆھىقافقە بارىپ شەھرى شەبىستاندىن شارۇخ شاھنىڭ قىزى ھۆرلىقانى ئالىپ كېلىڭ، — دېدى. شۇل زەمان ھۆرلىقانى ھازىر قىلدىلەر. يەنە ئايدىلاركىم:

— يا ئەلى بېھىشتىن شەرەبى ئەنتەھۇر ئالىپ كېلىڭ، — دېدى. بىر سائەتتە قەدەھلەردە شەرابى ئەنتەھۇر ئالىپ كەلدىلەر. رەسۇل ئەلەيھىسسالام ئايدى:

— ھۆرلىقا قوپقىل، بىزلەرگە شەراب تۇتۇپ ساقى بولغىل، — دېدىلەر. ھۆرلىقا ھەممەلەرگە بىر كاسەدىن مەي تۇتتىلەر. ھەمراغە كەلگەندە توختاپ تۇرۇپ ئېرىدى، رەسۇل ئەلەيھىسسالام ئايدى:

— ئەي ھۆرلىقا، ھەمراغە ھەم مەي تۇتقىل. ھەمراغە ھەم مەي تۇتۇپ بەردىلەر. شۇل سائەت ھۆرلىقانىڭ ئاغزىدىن بىر پارە ئوت چىقىپ ھەمرانىڭ سىنەسىگە بەند بولدى. ھەمرانىڭ ئاغزىدىن بىر پارە ئوت چىقىپ ھۆرلىقانىڭ سىنەسىگە بەند بولدى. ئاندىن رەسۇل ئەلەيھىسسالام ئايدى:

— يا ئەلى، سىز ھەمراغە ۋەكىل بولۇڭ، ئەي ئۇۋەيس قىران، سىز ھۆرلىقاغە ۋەكىل بولۇڭ، يا ئۆمەر، سىز بۇ پەرزەندلەرنى بىر ـ بىرىگە نىكاھ قىلىڭ. بىز جەمئىي يارانلار سەھابىلەر بىرلە گۇۋاھ بولايلى، — دېدى. ھەزرىتى شاھىمەردان ھەمراغا ۋەكىل بولدىلەر. سۇلتان ئۇۋەيس قىران پادىشاھىم ھۆرلىقاغ

مېنىڭ مەنزىلىمغە يېتەرسەن، ــ دېدى. ھەمرا ئايدى:
ــ ئەي ھۆرلىقا، سەن ئادەمىزادمۇ يا پەرىزادمۇ؟ ــ دېدى.
ھۆرلىقا ئايدى:
ــ مەن ئالدىڭىزدا قاچاي، سىز ئارقامدىن قوغلاپ يەتسەڭىز ئادەمىزاد، بولمىسا پەرىزاددۇرمەن، ــ دېدى. ھۆرلىقا ھەمرانىڭ ئالدىدىن قاچتى، ھەمرا قوغلاپ يېتەلمىدى. ھۆرلىقا قەھقەھ بىرلە بىر كۆلۈپ غايىب بولدى. ھەمرا بىر ئاھ تارتىپ ئېردىلەر، ھەزرىتى رەسۇلىللاھ باشلىغ ھەممىلىرى گۈمبەز ئىچىدىن غايىب بولدىلەر. ئاندىن ھەمرا ئۇيقۇدىن ئويغاندى، باقسەلەر كۆرگەن چۈشى ئىكەن. ھەمرا ئاھ تارتىپ ھۆرلىقانىڭ ئىشقىدا زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قادىر ئاللاھ ئۆلەر بولدۇم بۇ يەردە،
مەن نەيلەيىن مەندە مەكان بولماسە.
بۇ فەلەكدىن ماڭا كەلگەن قايغۇدە،
مەن نەيلەيىن مەندە مەكان بولماسە.

چۈشۈمدە كۆرۈندى بۇ نەچۈك جايدۇر،
چېھلىتەنلەر بەرگىنى ماڭا شەرابدۇر،
بۇ ھەسرەتدە مېنىڭ ھالىم خەرابدۇر،
قورقادۇرمەن بەختىم قارا بولماسە.

ۋەھكى كۆڭلۈم قايدا سەن يۈرەك كامدە،
ئۇيقۇلۇقدا كۆرگەنى بولۇرمۇ ئوڭدە،
بۇ چۆللەردە ئۆلۈپ بولماي شەرمەندە،
بارالماسمەن بەلكى ئىمكان بولماسە.

ھەمرا ئاختارىپ يۈرۈر گۈل يۈزلۈك خانىن،
ئاختارىپ باقارمەن دۇنيانىڭ بارىن،
گەۋھەرىڭ ئۇچۇردى سەبرى - قەرارىن،
قايدىن تاپاي بۇ چۆلدە مەكان بولماسە.

ــ بىزنىڭ يەردە باردۇر ئالتۇن كەمەرلەر،
بىزنى ئاشىق، سىزنى مەئشۇق دېگەيلەر،
مەن پەرىمەن مەندە مەكان نە ئىشلەر،
ھەر يەردە ھازىردۇر مەكانىم مېنىڭ.

ــ مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا ئاغرىدىم دەردە،
راست جەۋاب ئايغىل مەكانىڭ نە يەردە،
سىررىڭنى دېمەسمىز ھەرگىز نامەدە،
قايدا بولۇر يارىم مەكانىڭ سېنىڭ.

ــ جەمالىڭنى كۆرمىسەم قاراڭغۇ جەھاندۇر،
مەئشۇقنى كۆرمىسەم ئاھۇ ئەفغاندۇر،
سۆزلەسەمەن چۆللەر ماڭا مەكاندۇر،
بەش يۈز يىللىق يولدۇر مەكانىم مېنىڭ.

ــ ئاتىم ھەمراھ شاھ خۇسرەۋنىڭ ئوغلىمەن،
سېنىڭ ئۈچۈن سىنەلەرىم داغلارمەن،
تا ئۆلگۈنچە بىقەرار بوپ يىغلارمەن،
بەش يۈز يىللىق يول بولسە مەكانىڭ سېنىڭ.

ــ ئاتىم ھۆرلىقا شاھرۇخ شاھنىڭ قىزى،
پەرىزاد تۇرۇرمەن تونۇساڭ مېنى،
تاپالمىساڭ مەن ئىزدەپ تاپارمەن سېنى،
ساڭا قۇربان بولسۇن بۇ جانىم مېنىڭ.

دەپ ئىدى، ھەمرا بىر ئاھ تارتىپ يىغلاپ:
ــ ئەي ھۆرلىقا، بەش يۈز يىللىق يول بولسىمۇ سېنى ئىستەپ
تاپماي چارەم يوقتۇر، ــ دېدى. ئاندىن ھۆرلىقانىڭ بى ئىختىيار
رەھمىسى كېلىپ:
ــ ئەي ھەمرا، بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئايتمىغىل. سېنىمۇ ھەم
ئۆزۈم ئىستىمەسلىككە چارەم يوقتۇر. يەنە قىرىق كۈن يول يۈرسەڭ

هەمرا دەرلەر خۇدادىن ئاخىرىدا تىلەكىم،
مەن يارىمنى كۆرمەيىن ئۆلسەم ئارمان ئىچىندە.

دەپ هــەمرا يىغلاپ تۇردى. هۆرلىقا تورغاي سۈرىتىدە بولۇپ كېلىپ ئىدى. ئول تورغاي يەرگە چۈشۈپ هەمرانىڭ ئالدىدا يورغىلاپ بىر پەرسەڭ يول باشلاپ يۈردى. ئاندىن ئوڭ تەرەپكە ئۇچۇپ غايىب بولدىلەر.

ئاڭغىچە تاڭ يورۇدى. ئاندىن هەمرا قىرىق كۈن يول يۈردى. بــىــر كۈنى بايابدا كېتىپ بارۇر ئېرىدى، بىر ئېگىز قۇم دۆڭگە ئۇچرادى. ئول قۇمدىن ئۆتمەكىنىڭ ئىلاجى بولمىدى. ئول كۈنى هەۋا ئىسسىغ ئېردى. هەمرا نائىلاج قۇمغە قەدەم قويدى، بىر مۇنچە يول يۈرۈپ ئېرىدى، قۇمدىن سىرىلىپ تۆۋەنگە چۈشتى. بېلىغىچە يەرگە پــاتــتى. ئانچۇنان زوق قىلدى، يەنە يېقىلدى. ئاخىر ئۆتەلمىدى. كۆڭلىدە ئايدىكىم: «مېنىڭ ئەجىلىم ئۇشبۇ يەردە ئىكەن» دەپ هالى تەڭ بولۇپ خۇدايىتەئالاغا سېغىنىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

يەرۇ كۆكنى خەلق ئەتكەن بىرۇ بارىم،
ئەجەب سەۋدانى سالدىڭ باشىمغە مېنىڭ.
سەن كەرىمسەن مەندە يوقتۇر ئىختىيار،
بىر پەرىزاد كىردى تۈشۈمگە مېنىڭ.

ئۆزۈڭ قۇتقازمىساڭ مەن نە قىلۇرمەن،
قارىنىم ئاچىپ بۇ يەرلەردە قالۇرمەن،
ئاچ - گۇرىسنە بۇ چۆللەردە ئۆلۇرمەن،
قارغا - بۇركۇتلەر قونار باشىمغە مېنىڭ.

قادىر ئاللاھ مەقسۇدىمغە يەتكۈزسە،
ئۇشۇل يارىم كېلىپ مېنى قۇتقازسە،
فەلەك بىزنى خەتەرلەردىن ئۆتكەزسە،
گۈل يۈزلۈك يارىم كەلسە قاشىمغە مېنىڭ.

دەپ ھەمرا ئورنىدىن قوپۇپ قارالاسا، سەھەر ۋەقتى بولۇپدۇر. ھەۋادا تورغايلارنىڭ ئاۋازىنى ئىشىتىپ ھۆرلىقانى يادلانىپ يىغلادى، ئاندىن يولغا رەۋان بولدى. ئاتاسىنىڭ خىزمەتى ئۇچۇن قۇش ئىزدەپ چىققانى يادىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ھەمرا نەچچە پەرسەڭ يول يۈرۈپ، بىناگاھ يولدىن ئازىپ كەتتى. بارۇر يولىنى بىلەلمەي يىغلاپ تۇرۇپ ئەردى، بىر تورغاي كېلىپ باشىدا سايراپ تۇردى. ھەمرانىڭ كۆڭلى بـۇزۇلۇپ ئول تورغايغا قاراپ، خۇن جىگىرىدىن ئاھ تارتىپ نىمە دەيدۇ:

خۇدا بىزنى ياراتتى بۇ گۇلىستان ئىچىندە،
ئۆزۈم غۇربەتتە قالدىم، يۈرەكىم قان ئىچىندە.
نەچۇك قىلىپ يۈرۈرمەن بۇ بەيابان ئىچىندە،
مەن يارىمنى تاپالماي قالدىم ھەيران ئىچىندە.

مەھشەر كۈنى خۇدادۇر ئاشىقلارنىڭ گۇۋاسى،
ئاشىق بولسە ھەر كىشى بولماس ئانىڭ دەۋاسى،
مەجنۇن كەبى باشىمدا بۇ قۇشلارنىڭ ئۇۋاسى،
فەرھاد كەبى قالدىمەن ئاھۇ ـ فىغان ئىچىندە.

ھەۋادىكى بوز تورغاي سايرىماساڭ نىم بولغاي،
غېرىب بولغان جانىمنى قىيناماساڭ نىم بولغاي،
سۆزلەگەلى تىلىڭ يوق، يول كۆرسەتسەڭ نىم بولغاي،
مۇنداغ قاتىغ ئازىقتىم بۇ چۆلىستان ئىچىندە.

ساقى، ئەجەل يېتىشكەچ قىلغىل ئەۋۋارە مېنى،
ئىبراھىمدەك تاشلاغىل ئىشقىڭدا نارغە مېنى،
نەسىمىدەك ئەيلەگىل بەلكى سەدپارە مېنى،
يەئقۇب ئوغلى يۇسۇفدەك قالدىم زىندان ئىچىندە.

ھەمرا ئوتغە تۇتاشتى، كۆيدۇرمەگىن يۈرەكىم،
بىۋەفا زالىملارغە يوقتۇر مېنىڭ كېرەكىم،

جەراھەتدۇر مېنىڭ ئەئزالارىمدىن،
سالىپدۇر بىر پەرى باغرىمغە خەنجەر.

ئىنايەت ئەيلەسەڭ، سەن پادشاھسەن،
سالۇرسەن سەن سەمىمغە ئۇد - ئەنبەر،
ئىلاھا، پادشاھ قادىر خۇداسەن،
ئەتا ئەيلەپ ماڭا قىل ھەۋزەكەۋسەر.

ئىجابەت قىل دۇئايىمنى بىرۇ بار،
ئەگەرچە يەتمەگەي جانىمغە نەشتەر.
غەرىب ھەمرا قۇلۇڭنى ئەيلەگىل شاد،
بىھەققى ھۆرمەتى ھەم بۇبى ھاجەر.
ئىلاھا، مەن ساڭا قىلدىم تەۋەككەل،
بۇ دۇنيا ئاخىرەتلىك ھاجەتىم بەر.

ئەلقىسسە، ھەمرا زار - زار يىغلاپ كۆزىنى ئاچتى ۋە يەنە قوپۇپ قۇمغە قەدەم قويدى. خوپ يول يۈرۈپ قۇمنىڭ ئۇزەسىگە چىقىپ ئىدى، شامال كېلىپ ھەمرانىڭ ئالدىنى توسۇپ:
— ئەي ھەمرا، نە يەرگە بارۇرسەن؟ — دېدى. ھەمرا ئايدى:
— يارىمنىڭ چەھار باغىغە بارۇرمەن. شامال ئايدى:
— سەندىن مەن ئىلگىرى بارۇرمەن، ھەمراھ:
— سەن مەندىن ئىلگىرى بارساڭ مەندىن يارىمغە سالام دېگىل، — دەپ بادى سەبادىن پەيام ئىبەرىپ نىمە دەيدۇ:

بادى سەبا فەيامىمنى، سۆزى شېرىن، لەبى شەكەر،
ھۆرلىقا يارىمغە يەتكۇز، غۇنچە خەندانىمغە يەتكۇز.
مېنىڭ ئەرزى سەلامىمنى،
كۆزى مەستانەگە يەتكۇز. مەرد بولۇپ قويغىل ئۆزۈڭنى،
غەم سارغارتۇر گۇل يۈزۈڭنى،
بولاي مەن ئول شاھغە نەۋكەر، تەگرىم ئۇچۇن بۇ سۆزۈمنى،
داخىل ئۇلسام قانىم تۆكەر، تىنماي بارىپ يارغە يەتكۇز.

يارىمنىڭ باغىدىكى ئالما ـ نارىمدۇر،
يارىم مېنىڭ ئۈچۈن ئاھ ئۇرارىمدۇر،
ئامان بولسا يەنە كۆرمەك بارىمدۇر،
ھۆرلىقاجان كۆڭلۈم خۇشى يارىمدۇر مېنىڭ.

ھەمراجان دەر، ئەمدى ئۆزۈڭ فەھىم ئەيلە،
ياردىن جۇدا بولدۇڭ ئەمدى ۋەھىم ئەيلە،
بىر ئاسىي قۇلمەن ئىگەم رەھىم ئەيلە،
كۆزۈمدىن ئاققان قانلىق ياشىمغە مېنىڭ.

دەپ يىغلاپ كۆزىنى ئاچىپ كۆردىكىم، ئەندەك شامال كېلىپ سىنەسىگە تەگدى. ئاندىن بىر بۇلۇت پەيدا بولۇپ، بىر سائەت سىم ـ سىم يامغۇر ياغدى. قۇمقاتىپ يول ئاچىلدى. ھەمرانىڭ ئالدىغە غايىبتىن بىر دەستۇرخان پەيدا بولدى. ئاچىپ باقسە ئىچىدە ئىككى ئارپا نانى بار ئىكەن. خۇداغە شۈكرى سەنالار قىلىپ، ناننى يەپ دۇئا قىلدى. دەستۇرخان غايىب بولدى. ھەمراغە خوپ قۇۋۋەت ھاسىل بولدى. ئاندىن ھەمرا بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئىلاھا، قادىرا، پەرۋەردىگارىم،
مېنىڭدەك ئاسىي قۇلغە بولسە سەرۋەر.
جەمىئى شاھلارنىڭ شاھىدۇرسەن،
غەرىب، مىسكىن يەتىملەرغە ئەيلە رەھبەر.

يېتەر غەم دەشت ئىلە سەھرا بۇ يولدا،
ئىلاھا، يولنى سەن قىلغىل مۇنەۋۋەر.
مەگەر كۆڭلۈم مېنىڭ ۋەيران بولۇپدۇر،
... ھەم ۋەيرانەلەر بولسۇن مۇزەممەر.

نە خۇشلۇق يوق ماڭا يوقتۇر نە راھەت،
ئۇمىدىم كۆپ ئېرۇر سۇلتانى ئەكبەر.

بىر قۇش سۇرەتىدە بولۇپ كېلىپ گۈلى رەئنا پەرىنى ئېلىپ قاچتى. زۇلمات تەرەپكە ئېلىپ باردى. ئۇل دىۋە مۇسۇلمان ئېرىدى، پەرىنى ئۆز نىكاھىغە ئالدى.

ئەلقىسسە، ھەمرا ئاخىرى ھېلىقى قۇمنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ كۆردىكى، بىر سەبزەزار مۇرغىزارلىقتا چەھار باغ كۆرۈندى. ھەمرا خۇدايىتائالاغا شۇكرى - سەنالار قىلىپ ئايدىكى:

شۇكرى لىللاھ چەھار باغ كۆرۈندى،
ھۆرلىقا يارىمىنىڭ جايى كۆرۈندى،
يارىم ئۇچۇن مېنىڭ باغرىم يارىلدى،
شۇكرى لىللاھ چەھارباغ كۆرۈندى.

ھېچكىم يار دەردىدە مەندەك بولماسۇن،
ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ ۋەيران بولماسۇن،
دەردۇ ئالەم دەستىدىن ھەيران بولماسۇن،
شۇكرى لىللاھ چەھار باغ كۆرۈندى.

قارىسام كۆرۈندى بىر باغى ئەيۋان،
ئانى كۆرۈپ ئەيلەدىم مەن ئاھۇ ئەفغان،
ھۆرلىقا يارىم ئۇچۇن بولدى باغرىم قان،
شۇكرى لىللاھ چەھارباغ كۆرۈندى.

ئەلقىسسە، ھەمرا: «يارىم ھۆرلىقانىڭ چاھار باغى ئۇشبۇ بولغاي» دەپ قۇمدىن تۇشۇپ چاھارباغنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆردىلەركىم، ھەيھات! چاھار باغنىڭ ياغاچلىرى ئالتۇندىن - گۆھەردىن، چىراغلىرى لەئلى جەۋاھىراتلاردىن كۆز قويۇلغان، دەرۋازىلىرى ياقۇتتىن، بوسۇغىسى پولاتتىن، ئىشىكلىرى زۇمۇرەتدىن، قۇلۇپلىرى زەبەرجەتتىن، ئۇل باغنىڭ دەرەخلىرى ئىپار زەئفىراندىن ئىكەن. ھەمرا باغقا كىرىپ كۆردىكىم بىر ئالىي ئىمارەت، ئىمارەت ئالدىدىكى سۇپا ئۈزەسىدە بىر ئالتۇن تەخت، ئۇنىڭ يېنىدا

ھەمراجان دەرلەر ئاتىمنى، مېنىڭ بۇ ئەرزى ھالىمنى،
ئاشكار ئەيلەسەم دادىمنى. كۆزى مەستانىمگە يەتكۈز.

دەپ بادى سەبادىن پەيام ئىبەردى.

ئەلقىسسە، ھەمرا بىر كەم قىرىق كۈن يول يۈرۈپ، بىر تاغنىڭ داۋانىغە يەتتى. ئۇل تاغقە قەدەم قويدى.

بادى سەبا چەرخ ئۇرۇپ بىر سائەتتە شەھرى شەبىستانغە بارىپ، ھۆرلىقانىڭ ئالدىغە كىرىپ:

— ئەي ھۆرلىقا، ھەمرا يارىڭىز كېلەدۇر، مەندىن سىزگە دۇئايى سەلام ئىبەردى، — دېدى.

ھۆرلىقا بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، غەرب ھەمراھىنىڭ ھەققىدە تەبەق - تەبەق ئالتۇنلارنى نىسار قىلدى. ئاندىن گۈلى رەئنا ئاتلىق بىر پەرىزاتنى بۇيرۇپ:

— سەن بىر جانۋار سۈرەتىدە بولۇپ يارىم ھەمرانى مۇندا ئالىپ كەلگىل، — دېدى ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاقىل بولساڭ بىلۇرسەن مېنىڭ ھالىمنى،
ئالتۇن - كۈمۈش بېرەيىن كەلتۇر يارىمنى،
ئەي گۈلى رەئنا ئالۇرسەن ئالتۇن ئۈزۈكنى،
تىللامۇ ھەم بېرەيىن كەلتۇر يارىمنى.

ھەر نە دېسەڭ بېرەيىن ئەي گۈلى رەئنا،
ئالتۇن تەخت بېرەيىن كەلتۇر يارىمنى.
ھۆرلىقاخان نە قىلسۇن ھەمرا بولماسا،
جاندىن جانان بېرەيىن كەلتۇر يارىمنى.

دەپ ھۆرلىقا گۈلى رەئنا پەرىنى ئىبەردى. ئۆزى پەرىلەر بىلە شىكارغە كەتتى. گۈلى رەئنا پەرى ھۆد - ھۆد سۈرەتىدە بولۇپ كېتىپ بارۇر ئېرىدى. كەبۇد ئاتلىق بىر دېۋە ئۇل گۈلى رەئناغە ئۈچ يىلدىن بېرى ئاشىق ئىدى. ئۇل دېۋە يولدا ئۇچراپ ۋەقتىنى غەنىمەت بىلىپ،

دەپ ئىدى، ھۆرلىقا ھەمرانىڭ ئاۋازىنى ئىشتىپ نىمە دەيدۇ:

ئەي يارانلار، مۇسۇلمانلار،
ئۆلەر بولدۇم يار دەردىدىن،
ھەجر ئوتىدا يانە - يانە،
كۆيەر بولدۇم يار دەردىدىن.

كۆرمىگەن جايلارنى كۆردۇم،
كۆيەر بولدۇم يار دەردىدىن.
ئاتىم مېنىڭ ھۆرلىقادۇر،
فانى دۇنيا بىۋەفادۇر،

فانى دۇنيانى ئاختاردىم،
مىسىرغا قىرىق كۈندە باردىم،

كەچكەن كۈنۈم كۆپ جەفادۇر،
ئۆلەر بولدۇم يار دەردىدىن.

دەپ ئىدى، «يارىمنىڭ مەندىن خەبەرى بار ئىكەن» دەپ، ھەمرانىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتى.

ھۆرلىقا قارىغىدەك بولسا، سۇنىڭ تېگىدە بىر ئادەمزادنىڭ سايىسى كۆرۈنۈر. دەرھال كۆلگە پەرىلەرنى چۈشۈرۈپ، ئىزدەپ تاپالمىدى. يانىپ چىقتى، يانە سۇ سۈزۈلدى، ئول سايە كۆرۈندى. ھۆرلىقا ئايدى:

— ئەي دىۋە سۈرۈخ، مېنىڭ يارىم كەلگەنگە ئوخشايدۇ، ئىستەپ باقىڭلار!

پەرىزادلار چاھار باغنى ئانچۇنان ئىستەپ تاپالمادى. ئاندا ھۆرلىقا پەرىزادلارغە:

— يارىم ھەمراغە دەخلى قىلماسلىقا قەسەمياد قىلىپ بېرىڭلار، — دېدى. دىۋىلەر، پەرىزادلار قەسەم قىلىپ بەردىلەر. ئاندىن ھۆرلىقا:

— ئەي يار مەھبۇب، ئۆزۈڭنى ئاشكارە قىلغىل، — دېدى، پەرىزادلار چىنار تۈۋىگە كېلىپ ئۈستۈن باقسالار ھەمرا كۆرۈندى. ھۆرلىقاغا پەرىزادلار:

— چىنار تۆپىسىدە بىر ئادەمزاد تۇرادۇر، — دېدى. ھۆرلىقا ئالتۇن تەختدىن يەرگە چۈشۈپ، چىنار تۈۋىگە كېلىپ ھەمرانى كۆردى

نەچچەند خىل تەئام، نازۇ نېمەتلەر تەييار قىلىغلىق تۇرۇر. ھەمرا ئول تائاملارغا قول ئۇزارتىپ ئېردى. غايىبتىن بىر مۇشت كېلىپ بېشىغ تەگدى. مېۋىلەرگە قول ئۇزارتىپ ئىدى، يەنە بىر مۇشت تەگدى. سۇ ئىچكىلى كۆل لەبىگە بارسا، كۆلنىڭ سۇيى قاچتى. ھەمرا بىچارە يىغلاپ ئايتتىكى، «ۋا دەرىغ بۇ يەرلەر گۆش، ئاش يەيدىغان يەر ئەمەس ئىكەن ۋە بەلكى باشقا مۇشت يەيدىغان يەر ئىكەن» دەپ قاچىپ بىر يەرگە بارىپ ئولتۇرۇپ ئىدى، بىر غەۋغا ئاڭلادى. ھەمرا دەررۇ كۆل بويىدىكى بىر چىنارغا چىقىپ، ياپراقلارنىڭ ئاراسىغا كىرىپ ئولتۇردى. شول سائەت يەنە بىر شەپە پەيدا بولدى. بىر مۇنچە كۆك كەبۇتەر پەيدا بولۇپ چاھار باغقا تولدى. بۇ كەبۇتەرلەر كۆلگە كىرىپ بىر چۆمۈپ ئېردى، ھەر قايسى بىردىن نازەنىن پەرىزاد قىزغا ئايلاندى. ھۆرلىقا ئالتۇن تەختىدە، دېۋە سۇرۇخ كۇمۇش كۇرسىدا ئولتۇرۇپتۇ. باشقا پەرىزادلار سەپ تۈزۈپ قاتار ئولتۇرۇپتۇ. ھەمرا «ئۆزۈمنى يارىمغە بىلىندۇرەي» دەپ، چىنار تۆپىسىدە تۇرۇپ ھۆرلىقاغە قاراپ نېمە دەيدۇ:

قادىر ئاللاھ قۇدرەتىڭدىن يارىم كۆرۈندى،
ئانىڭ شەمئى جەمالىدىن كۆڭلۈم سۆيۈندى،
شۇكرى ئەلھەمدۇلىللاھ يارىم كۆرۈندى،
قۇربان بولۇپ ئۆرگۈلەيىن قارا كۆزۈڭدىن.

قارا كۆزلۈك شېرىن سۆزلۈك يارىمغە يەتتىم،
ھەقدىن ماڭا نەسىپ بولغان جانىمغە يەتتىم،
رىيازەتلەر چېكىپ ھەم شول يارىمغە يەتتىم،
ئايلانايىن يارىم سېنىڭ نەرگەس كۆزۈڭدىن.

باغبان بولۇپ باغقا كىرىپ تەرسەم گۈلۈڭنى،
شەكەردىن تاتلىغدۇر ئىشتسەم سۆزۈڭنى،
كۆزۈمگە سۇرمە قىلاي تاپسام ئىزىڭنى،
ھەمراھ قۇلۇڭ قۇربان بولسۇن قارا كۆزۈڭدىن.

ئاتام خۇسرەۋ مىسىر يۇرتىدىن بولۇرمەن،
شاھ خۇسرەۋنىڭ ئوغلى، ئاتىم ھەمرامەن،
ھۆرلىقاخان مەھبۇبۇمنى ئىستەرمەن،
ئانى ئىزدەپ بۇ مەكانغە كېلىپمەن.

چىن ئاشىقلار دەريغ ئەتمەس ئۆلۇمدىن،
پەرۋايىم يوق باشىم كەتسە تەنىمدىن،
مەي ئىچتىممەن تۇشۇمدە سېنىڭ قولۇڭدىن،
سېنى ئىزدەپ بۇ مەكانغە كېلىپمەن.

مىسىردىن كېلۇرمەن چىراي سارغارتىپ،
قىرىق كۈن بولدى بۇ چۆلىستان ئاختارىپ،
ئۈچ ئاي بولدى يېتەلمەدىم چۆل كېزىپ،
سېنى ئىزدەپ بۇ مەكانغە كېلىپمەن.

دەپ ئاھ تارتىپ يەنە نېمە دەيدۇ:

باشتا تەگرىم نە ئۈچۈن جانىم ئالمادى،
ئەجەل يېتىپ شۇم پەيمانەم تولمادى،
يارنى كۆرمەك بەسى مۇشكىل ئىش بولدى،
بەش يۈز يىللىق يول بولسا مەكانىڭ سېنىڭ.

رىيازەت تارتىبان سېنى ئىزلەدىم،
سېنىڭ ئۈچۈن ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلدىم.
يارنى تاپىپ مەقسەدىمگە يەتمەدىم،
بەش يۈز يىللىق يول بولسا مەكانىڭ سېنىڭ.

تەقدىر ماڭا ئەزەلدە شۇنداق بولمىسا،
نەچۈك قىلاي مۇشكىل ئاسان بولمىسا،

ۋە قەھقەھە بىرلە بىر كۈلۈپ ئىشق دەردىدىن ھەمراغە قاراپ نىمە دەيدۇ:

ئەدەمزاد ئەزىزى، شاھلارنىڭ شاھى،
ئەسرىڭ بولايىن قايدىن كېلۈرسەن؟
پەرىزاد ئەھلىنىڭ جانى راھەتى،
قۇربانىڭ بولايىن قايدىن كېلۈرسەن؟

ئاۋازىڭ ئىشتىپ كەلدىم غايىبانە،
سېنىڭ ئىشقىڭ مېنى قىلدى دىۋانە،
ئۆرگۈلەيىن قارا كۆزۈڭ مەستانە،
قۇربانىڭ بولايىن قايدىن كېلۈرسەن؟

نەيلەيىن قالدىم سېنىڭ ئاھ - ۋاھىڭغە،
سېنى ئىستەپ نەچە باردىم جايىڭغە،
جانىم پاياندار بولسۇن خاكى پايىڭغە،
ئەسرىڭ يولايىن قايدىن كېلۈرسەن؟

ھۆرلىقا دەرلەر: كۆڭۈلنىڭ مۇھتاجى،
قارا كۆزۈم ئالۇر كۆپ ئەلدىن باجى،
ئۆمرۈمنىڭ خۇشگاھى، باشىمنىڭ تاجى،
ئەسرىڭ بولايىن قايدىن كېلۈرسەن؟

دەپ ئېردى، ھەمرا ھۆرلىقاغە باقىپ تۇرۇپ نىمە دەيدۇ:

مېنى سورىساڭ مىسىر ئېلىدىن بولۇرمەن،
بىر يار ئۈچۈن سىنەلەرىم داغلارمەن،
ئاتىمنى سورىساڭ، ئاتىم ھەمرامەن،
سېنى ئىزدەپ بۇ چۆللەرگە كېلىپمەن.

يول يۇرسەڭ ئاياغىڭدا خاكپا بولسام،
سىنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

ئۇزاق يولدىن كەلدىم ساڭا يۈزلەنىپ،
ئاشىق بولۇپ جەمالىڭغا ساغىنىپ،
مىنىڭ سۆزۈم ياتسام بىلىڭ ياستانىپ،
سىنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

چىن ئاشىقمەن ھەزەر ئەتمەم ئۆلۈمدىن،
باشىم كەتسە ياناماسمەن ھەرگىز يولۇمدىن،
مىنىڭ سۆزۈم قۇچاغلاپ ياتسام بىلىڭدىن،
سىنىڭ سۆزۈڭ نەدۇرنە خەيالدا سەن.

مەقسۇدۇمدۇر بىر ئۆيگە كىرسەڭ بوستانە،
يارىم سىنىڭ دەردىڭدە بولدۇم مەستانە،
سىنىڭ ئىشقىڭ قىلدى مىنى دىۋانە،
سىنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

مەن كەلدىم يىراقتىن جاڭگال ئاختارىپ،
سىنىڭ ئۈچۈن جانىم چىقار ياستانىپ،
يول يۇرسەڭ ئاياغىدا خاك - خەسلەنىپ،
سىنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

چىن ئاشىقنى مەھرۇم قىلما مىھرىڭدىن،
قۇلۇڭمەنكى كىتەرمەن ھەر كۈن رەڭگىڭدىن،
ئارزۇيۇم شول قۇچاغلىسام بىلىڭدىن،
سىنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

بارىپ كەلمەككە يەنە ئۆمرۈم بولمىسا،
بەش يۈز يىللىق يول بولسا مەكانىڭ سېنىڭ.

دەپ ھەمرا بىسيار يىغلادى، ھۆرلىقانىڭ ئۈنىڭغا رەھمىسى كېلىپ:

— ئەي ھەمرا، كۆڭلۈڭنى بۇزماغىل، مەن پەرىزاددۇرمەن، مەن نە يەردە بولسام جاي مەنزىلىم شول يەردە ھازىردۇر، — دەپ ھەمرانىڭ كۆڭلىگە تەسەللى خاتىر بېرىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

پەرىزادنىڭ ئۆزىگە مەكان ھازىردۇر،
ھەر يەردە ھازىردۇر مەكانىم مېنىڭ.
مېنى سورىساڭ شاھرۇخ شاھنىڭ قىزىمەن،
ئىرەم باغدا بولۇر مەكانىم مېنىڭ.

تۇرار جايىم كوھىقاپ، شۇندا يۇرۇرمەن،
كۆڭلۈم نەنى خالىسا شۇندا بارۇرمەن،
بىر سائەتتە خالىسام مەكان قىلۇرمەن،
ھەر يەردە ھازىردۇر مەكانىم مېنىڭ.

ئەلقىسسە، پەرىزادلار ھەمراغا قاراپ زوق قىلىشتى، ئاندا ھۆرلىقا پەرىزادلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى خاتىر بەرمەك ئۈچۈن:

— ئەي ھەمرا، بۇ پەرىلەرنىڭ قايسىنى كۆڭلۈڭ خالىسا شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت قىلغىل، — دېدى، ئاندا ھەمرا ھۆرلىقاغا بېقىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مېنىڭ كۆڭلۈم ئولدۇر ساڭا قۇل بولسام،
سېنىڭ سۆزۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

ھەمرا:
ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان،
يارانلىرى بىلەن تۇرغان،
زىكرى ئاللاغە مەشغۇل بولغان،
پەيغەمبىرىم رەسۇل ئېردى.
ھۆرلىقا:
بېھىشتىن مەينى كەلتۇرگەن،
رەسۇلۇمغا قول باغلىغان،
ماڭا - ساڭا ۋەكىل بولغان،
ئۇلار ئۆزى كىملەر ئەردى.
ھەمرا:
بېھىشتىن مەي ئېلىپ كەلگەن،
رەسۇلۇمغا قول باغلىغان،
ماڭا - ساڭا ۋەكىل بولغان،
شىرى خۇدا ئەلى ئەردى،
ھۆرلىقا:
يېشىل دەستار باشىدا تۇرغان،
يېشىل ئاسا قولىدا تۇتقان،
يارانلارى بىلەن تۇرغان،
ئۇلار ئۆزى كىملەر ئەردى؟
ھەمرا:
يېشىل دەستار باشىدا تۇرغان،
يېشىل ئاسا قولىدا تۇتقان،
يارانلارى بىلەن تۇرغان،
ئۆۋەيس قىران پىرىم ئەردى.
ھۆرلىقا:
كىتابىنى قولغا ئالغان،
مېنى ساڭا نىكاھ قىلغان،
ئۇزۇن بويلۇق، قارا ساقال،
ئۇلار ئۆزى كىملەر ئەردى؟
ھەمرا:
كىتابىنى قولغا ئالغان،
سېنى ماڭا نىكاھ قىلغان،
ئۇزۇن بويلۇق، قارا ساقال،
ئۇل ھەزرىتى ئۆمەر ئەردى.
ھۆرلىقا:
تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان،
يانغىل دەبان ئەمر قىلغان،
مەينى تۇتغىل دەپ بۇيرۇغان،
ئۇلار ئۆزى كىملەر ئەردى؟
ھەمرا:
تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان،
يانغىل دەبان ئەمر قىلغان،
مەي تۇتغىل دەبان بۇيرۇغان،
پەيغەمبىرىم رەسۇل ئەردى.

پەرىزادلار مۇنى ئېشىتىپ:
— بىزنىڭ غۇلغۇلە قىلىشقانىمىز بىكار ئىكەن. پادىشاھىمىز ھۆرلىقانى ئادەمزادغە خۇدايىتائالانىڭ پەرمانى بىرلە، ھەزرىتى

ھەمرا دەرلەر نە ئىش كۆردۈم ئىرادە،
ئاشىقلارنى رەقىب قويماس ئارادە،
مېنىڭ كۆڭلۈم يەتسەم مەقسۇد - مۇرادە،
سېنىڭ كۆڭلۈڭ نەدۇر، نە خەيالدا سەن.

بۇنى ئىشىتكەن پەرىلەر غۇلغۇلە قىلىشىپ:

— بىزنىڭ پادشاھ بىۋەفا ئادەمزادقا كۆڭۈل بېرىپدۇر، — دەپ ئاچچىقى كەلدى. ھۆرلىقا بۇنى ئىشىتىپ:

— ئەي ھەمرا، پەرىزادلار تولا غۇلغۇلە قىلادۇر. مەن باشتىن كۆك گۇمبەز ئىچىدە نىكاھ قىلغاندىن ئىپتىندا قىلىپ سوراي. سىز بىردىن - بىردىن جەۋاب بېرىڭ. پەرىزادلارنىڭ كۆڭلى تىنسۇن، — دەپ ھۆرلىقا ھەمرادىن سوئال سورىغانلارى، ھەمرانىڭ جەۋاب بەرگەنلەرى. ھۆرلىقا:

تۇتۇپ دەستۇ، رۇممانىمدىن، ھەيبەتى ئالەمگە تولغان،
ئالىپ بارغان گۇلزارىمدىن، ئۇلار ئۆزى كىملەر ئىدى؟
ئۇلۇغ بابامنىڭ ئالدىدىن، ھەمرا:
ئۇلار ئۆزى كىملەر ئىدى؟ ھەممىدىن ئۇستۇن ئولتۇرغان،
ھەمرا: قامەتلىرى بەلەند تۇرغان،
تۇتۇپ دەستۇ رۇممانىڭدىن، ھەيبەتى ئالەمگە تولغان،
ئالىپ بارغان گۇلزارىڭدىن، ئۇلۇغ ئادەم ئاتام ئىدى.
ئۇلۇغ باباڭنىڭ ئالدىدىن، ھۆرلىقا:
خىزىر ئىلياس پىرىم ئىدى، ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان،
ھۆرلىقا: يارانلىرى بىلەن تۇرغان،
ھەممىدىن ئۇستۇن ئولتۇرغان، زىكرى ئاللاغە مەشغۇل بولغان،
قامەتلىرى بەلەند تۇرغان، ئۇلار ئۆزى كىملەر ئىدى؟

ئەمدى بىلدىم فانى دۇنيا پەندىنى،
يارىم كۆرگىل شىرىن لەبىم قەندىنى،
كۆكسۇمدەكى ئالتۇن تۈگمەم بەندىنى،
يەشىپ كۆرگىل، ھەمراھىم، دەۋران سىنىڭدۇر.

ھۆرلىقا ئايتادۇر: كۆرگىل ئارادە،
تىلەي يارىم بولسۇن ئۆمرۈڭ زىيادە،
بۇ كېچە مېنىڭ بىلەن مەقسۇد - مۇرادە،
يېتىپ كۆر، ھەمراھىم، دەۋران سىنىڭدۇر.

ئەلقىسسە، ھەمرا ھۆرلىقانىڭ چەھار باغىدا ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلەر. پەرىزادلار نەغمىنى ئوتتۇز ئىككى سەداغا كەلتۇردىلەر.

ھەمرا بىر كېچەسى ئۇيقۇلاپ ياتىپ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئاھ - زار چېكىپ ئەردى، ھۆرلىقا كۆڭلىدە: «بۇ ئادەمزاد ۋەفا قىلۇرمىكىن دېسەم ۋەفا قىلمىغۇدەك» دەپ:

— ئەي ھەمرا، مىسىردا مەندىن بۆلەك يارىڭ بارغا ئوخشايدۇ. شول يار مەھبۇبۇڭ يادىڭغە كېلىپ ئاھۇزار چەكتىڭ، — دەپ ھەمرادىن سوئال سوراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھۆرلىقا:
باشىڭدىن ئۆرگۈلەي، ئەي ھەمرا جانىم،
سەن نە ئۈچۈن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرسەن؟
سۆزۈڭ ئىشتىمەگۈنچە يوقتۇر قەرارىم،
سەن نە ئۈچۈن ئاھۇ ـ ئەفغان ئېتەرسەن؟
ھەمرا:
چىن ئاشىقمەن ھىزەر ئەتمەم ئۆلۈمدىن،
پەرۋايىم يوق سەندىن ئۆزگە يارىمدىن،

رەسۇلىللاھ باشلىغ جەمئىي سەھابەلەر ھەزرىتى سۇلتان ئۇۋەيس قىران پادشاھىمىنىڭ گۇمبەزلىرىدە نىكاھ قىلغان ئىكەن، — دېيىشتى. غۇلغۇلىسى پەست بولدى، ئاندىن كېيىن ھۆرلىقا چىنار تۈۋىگە كېلىپ ھەمرانى ئۆز شەھىرىگە تەكلىپ قىلدى، ھەمرا چىناردىن چۈشۈپ ھۆرلىقانىڭ تەختىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇلار بىر - بىرىگە سۆز قىلىشماي، ناز - كەرەشمىلەر بىلەن ئولتۇرۇشتى. ھۆرلىقا ئىچىدە: «مەن قىز بالا بولسام، ئاغا سۆز ئايتۇرمەنمۇ» دەر ئىدى. ھەمرا بولسا: «مەن مۇساپىر بولسام، مەن نىمە دەرمەن» دەر ئېردى. ئاخىر ھۆرلىقا كۆڭۈل زەۋقىدىن ھەمراغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بۇ كېچە بولۇرسەن مېنىڭ مېھمانىم،
بېرى كەلگىل ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر،
سېنى دەپ كەلدىمەن گۇلزار باغىمدىن،
بېرى كەلگىل ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

سېنى دەپ كەلدىم چەھار باغىمدىن،
خەبەر ئالغىل مېنىڭ ئاھۇ زارىمدىن،
تەسەددۇق بولايىن شېرىن جانىڭدىن،
سۆيە كۆر، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

شافتالۇ ئۈزگىل سەن شېرىن لەبىمدىن،
ئەسەل ئالغايسەن مېنىڭ بۇلبۇل تىلىمدىن،
ئەلفدەك قامەتىم، نازۇك بېلىمدىن،
قۇچاغلا، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

باغبان بولۇپ ئۈزگىل مېنىڭ گۇلۇمدىن،
ئۆرگۈلەيىن يارىم ئالتۇن باشىڭدىن،
سىنەم ئۆزرە تۇرغان قوش ئانارىمدىن،
تۇتۇپ كۆر، ھەمراھىم، دەۋران سېنىڭدۇر.

يارلىق بار دەپ سەندىن گۇمان قىلۇرمەن،
سەن نە ئۈچۈن ئاھۇ - ئەفغان ئېتەرسەن؟
ھەمرا:
پادىشاھ خۇسرەۋ ئاتام كىردى تۇشۇمگە،
مېھرىبانىم ئانام كىردى تۇشۇمگە،
گۈلجەمىلە سىڭلىم كىردى تۇشۇمگە،
ئانىڭ ئۈچۈن ئاھۇ - ئەفغان ئېتەرمەن.

ئەلقىسسە، ھۆرلىقا ئاندىن:
— ئەي ھەمرا، سەن ئاتا خىزمەتى ئۈچۈن بۇلبۇلگويا قۇشنى ئىستەپ كېلىپسەن. تەقدىر ئىلاھى بىرلە ماڭا ۋاسىل بولدۇڭ. مەقسىتىڭنى كەلگەن زەمان ئىزھار قىلمادىڭ. ھالا ھەم تاپىلۇر. ئاتام شاھرۇ شاھ ئۈچ ئىقلىمغا پادىشاھ ئەردى. ئاتام ۋەفات بولغاندىن كېيىن، بىر يېرىم ئىقلىم كۆھقاف بىلەن بۇلبۇلگويا قۇش، ئىگىچىم ھۆر زەئىفىرانغا مىراس قالغان ئىدى. بىر يېرىم ئىقلىم كوھقاف بىلەن بۇلبۇل زەررىن ماڭا مىراس قالغان ئىدى. ئول ھۆر زەئىفىران شەھرى قۇلزۇمغە پادىشاھدۇر. مەن شەھرى شەبىستانغە پادىشاھدۇرمەن. بۇلبۇل زەررىننىڭ بۇلبۇلگويادەك يۈزمىڭ ھەسسە خىسلىتى باردۇر. ئاتاڭنىڭ قەستى بۇلبۇلگويادا ئىكەن. ھالا بۇ كۈنلەردە قۇلزۇم خەلقى قىرىق كېچە - كۈندۈز ئۈيقۇلايدۇ. قاشىغا بارىپ ھەر قانچە پەرياد قىلسا ھەم ئەسلا تۇيمايدۇ. ئەي ھەمرا، كىشى قوشسام ئالىپ كېلۇرسەنمۇ؟ — دېدى. ھەمرا:
— خوپ بولغاي، — دېدى. ئاندىن ھۆرلىقا جەمئىي دىۋە - پەرىلەرنى يىغدى ۋە ئۇلارغا:
— ئەي دىۋە - پەرىلەر، شەھرى قۇلزۇمدىن بۇلبۇلگويانى قايسىڭىز تېز ئالىپ كېلۇرسىز؟ — دەپ سورىدى. دىۋە - پەرىلەر:
— ئەمىر قىلساڭىز ئەتىگەندىن كەچكىچە ئالىپ كېلۇرمىز، — دېدى. ھۆرلىقا:

جۇدا تۇشۇپ ئايرىلدىم ۋەتەنىمدىن،
ئانىڭ ئۇچۇن ئاھۇ - ئەفغان ئېتەرمەن.
ھۆرلىقا:
باغبانسەن، مۇندا ئانار باغىڭ بار،
باغىڭ ئىچرە ئالما - ئانارلارىڭ بار،
مىسىر شەھرىنىدە مەندىن ئۆزگە يارىڭ بار،
سەن نە ئۇچۇن ئاھۇ - ئەفغان ئېتەرسەن.
ھەمرا:
سوئال قىلدىڭ، گۈزەل يارىم، مېنىڭدىن،
جۇدا بولدۇم ئاتا - ئانام، سىڭلىمدىن،
قورقۇنچۇم يوق سەندىن ئۆزگە يارىمدىن،
ئانىڭ ئۇچۇن ئاھۇ - ئەفغان ئېتەرمەن.
ھۆرلىقا:
مەندىن ئۆزگە يار تۇتۇپسەن، ھەمراھىم،
ئۆتغە سالغان ئوخشە مېنىڭ بۇ جانىم،
يادىڭدا يىغلايمەن ھەردەم، ھەمراھىم،
سەن نە ئۇچۇن ئاھۇ - ئەفغان ئېتەرسەن؟

باغ ئىچىندە بۇلبۇل سايرار گۈلۈڭ بار،
باشىم ئۆزرە ئالتۇن - گۆھەر تاجىم بار،
مەندىن ئۆزگە خوپ چىرايلىق يارىڭ بار،
سەن نە ئۇچۇن ئاھۇ - ئەفغان ئېتەرسەن؟
ھەمرا:
ئاتام تۇشىدە ئاشىق بولدى بۇلبۇلغە،
ئۇچ قارىنداش ئىستەپ كىردۇك ئۇچ يولغە،
ئۇچ ئاي بولدى يېتەلمىدۇك مەنزىلگە،
ئانىڭ ئۇچۇن ئاھۇ - ئەفغان ئېتەرمەن.
ھۆرلىقا:
پەرىدۇرمەن ھەر يەردە ھازىردۇرمەن،
ھەر نە ئىشىڭ بولسا رەۋا قىلۇرمەن،

زەئىفىران دەرھال قاراسالار بۇلبۇلگويا يانىدا يوق، ئۇ پەرىلەرگە:
ـــ تۇتۇڭلار بۇ ئادەمزاد ئوغرىنى! ـــ دەپ بۇيرۇدى. پەرىلەر ھەمرانى تۇتۇپ ھۆر زەئىفىرانىنىڭ قاشىغە ئالىپ كىردى.
ھۆر زەئىفىران دەرغەزەپ بولۇپ:
ـــ بۇ ئادەمزاد ئوغرىنى بىرىنچى ئاسمانغا ئالىپ چىقىپ يەرگە تاشلاڭلار. يەرگە تۇشۇپ بولغۇنچە گۆشتى پوستىدىن ئايرىلسۇن. ئۇستىخانلىرى تىرىقتەك ساچىلىپ كەتسۇن، ـــ دەپ پەرمان قىلدى.
پەرىلەر ھەمرانى چاڭگاللىغان پېتى بىرىنچى ئاسمانغە ئالىپ چىقىپ كەتتىلەر. ئاڭغىچە دىۋە سۇرۇخ بارىپ ھۆرلىقاغە خەبەر قىلدىكىم:
ـــ يارىڭىز ھەمرانى ئىگىچىڭىز ھۆر زەئىفىران تۇتۇپ بىرىنچى ئاسماندىن تاشلاشنى بۇيرۇدى. پەرىلەر ئانى بىرىنچى ئاسمانغا ئالىپ چىقىپ كەتتى. مەن سىزگە خەبەر قىلغالى كەلدىم، ـــ دېدى.
ھۆرلىقا بىر ئاھ تارتىپ قولىغا بىر چاڭگال تۇپراق ئالىپ ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ، دەم قىلىپ ئاسمانغا قاراتىپ ساچتى. بىردەمدە پەرىلەر ھازىر بولدىلەر. ھۆرلىقا:
ـــ ئەي پەرىلەر، ھەمرانى ئىگىچىم ھۆر زەئىفىران بىرىنچى ئاسماندىن تاشلىماقچى بوپتۇ. يۇرۇڭلەر تۇتۇپ ئالايلى، ـــ دېدى.
ئۇلار كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە شەھرى قۇلزۇمغا يەتتى.
ھەمرا ئاسماندىن يەرگە چۇشكۇنچە خۇدايىتائالاغا يىغلاپ مۇناجات قىلىپ:
ـــ ئەي بارا خۇدايا، ئەجىلىم توشقان بولسا جان ئامانەتنى ئالغىل، ـــ دەپ، بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

يوقدىن بىزنى بار ئەيلىگەن بىرۇ بار،
بۇگۇن ماڭا رەھىم ئەتا كۇنۇڭدۇر.
سەندىن ئۆزگە يوقدۇر ماڭا مەدەدكار،
بۇ كۇن ماڭا رەھىم ئەتا كۇنۇڭدۇر.

باچەمىزنىڭ ئاتاسىدۇر ئادەم سەفى،
ئىبراھىم، ئىسمائىل، يا نۇھى نەبى،

— ئەتىگەندىن كېچەگىچە ھەمرا يارىمدىن ئايرىلىشقا تاقەتىم يوقتۇر، — دېدى، شۇندا دىۋە سورۇخ:
— سىز «ئەلھەمدۇ» نى باشلاڭ، «ۋەلەززالىن» غە يەتكۈنچە ئالىپ كېلۇرمەن، — دېدى. ھۆرلىقا:
— ھەمرانى ئالتۇن تەخت ئۈستىدە كۆتۈرۈپ باشقىغا قويۇپ، دەريايى شامال، دەريايى ئاتەش، دەريايى سىماب — بارچە خەتەرلەردىن ئۆتكۈزۈپ شەھرى قولزۇمغا ئالىپ بارىپ، ھەر نە پەرمان قىلسا قەبۇل قىلغىل. يارىم ھەمرا ئۆزى ھۆر زەئىفىرانىنىڭ ئورداسىغا كىرىپ بۇلبۇلگويا قۇشنى ئۆزى ئالىپ چىقسۇن، — دېدى. ئۇ پەنە:
— دىۋە ـ پەرىلەر ھەمراغا زەرەر يەتكۈزمەسۇن، سەھەت ـ سەلامەت قاشىمغا ئالىپ كەلگىل، — دەپ دىۋە سورۇخنى ھەمراغا قوشۇپ يولغا سالدى. دىۋە سورۇخ ھەمرانى بىرىنچى ئاسمانغا ئالىپ چىقىپ بارچە دەريالاردىن ئۆتكۈزۈپ، شەھرى قولزۇمغا — ھۆر زەئىفىرانىنىڭ ئورداسىغا ئالىپ باردى. دىۋە سورۇخ ھەمرانى باشىدىن ئالىپ يەرگە قويدى، ھەمرا:
— ئەي دىۋە سورۇخ، مەن چىققۇنچە شۇبۇ يەردە تۇرغىل، — دېدى ۋە ئۆزى يالغۇز كىرىپ كەتتى. بۇ توققۇز دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ئورداغا كىرسەلەر بۇلبۇلگويا قۇش ئالتۇن قەپەسدە ھەزار داستان يەڭلىغ سايراپ، خۇش ئاۋاز بىلەن ھۆر زەئىفىرانىنىڭ باشىدا ئاسىغلىق تۇرغان، ھۆر زەئىفىران بولسا ئالتۇن تەختتە ئۇيقۇلاپ ياتقانىكەن. ئۇيقۇلاغان پەرىلەرنى بىر ـ بىرىنىڭ قۇچاغىدىن تارتىپ ئالىپ ئۆلتۇرسەلەر ھەم ئەسلا تۇيمايدىكەن. ھەمرا ئاستا بارىپ بۇلبۇلگويا قۇشنى ئالتۇن قەپەس بىلەن ئالىپ چىقىپ، سەككىزىنچى دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، توققۇزىنچى دەرۋازىغا يەتكەندە ھەمرا ئۆزىگە: «ئاتام شاھ خۇسرەۋ بۇ قۇش ئۈچۈن بىزنى مۇنچە جاپالارغا سالدى. بۇ قۇشتا نېمە خىسلەت بار ئىكەن، بىر كۆرەي» دەپ ئويلاپ قەپەسنىڭ ئاغزىنى ئاچقان زامان ئول قۇش:
— ھەيھات! ئادەمزادنىڭ قەدەمى يەتتى! — دەپ بىر سايراپ ئىدى، ئۇنى مەغرىبدىن مەشرىققە ئىشىتىلدى. ئاغزىدىن رەڭگارەڭ گۇللەر ئاچىلدى. جەمئىي دىۋە ـ پەرىلەر ئويغىنىپ كەتتى. ھۆر

ھەمرانىڭ پىرىدۇر ھەزرىتى ئەلى،
بۇ كۈن ماڭا رەھىم ئەتا كۈنۈڭدۇر.

ھەمرا ئاسماندىن كەبۇتەر يەڭلىغ مۇئەللەق ئۆرۈپ تۈشۈپ كېلۈر ئېردى. ھۆرلىقا پەرىزادلار بىلە يېتىپ كېلىپ تۇتۇپ ئالدى ۋە ئاستا يەرگە قويدى. ھۆرلىقا كۆردىكىم، ھەمرا بىھۇش بولۇپدۇر. جانى بار-يوقلۇقىنى بىلگەلى بولمادى. ھۆرلىقا ئاھ تارتىپ، ھەمرانىڭ باشىدىن پەرۋانە يەڭلىغ چۆرۈلۈپ، ھۆكۈما - تەبىبلەرگە قاراپ ئايتقانلارى:

ئەھلى تەبىب، بارچەڭىزلەر كېلىڭلار،
بۇ يارىمغە شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.
ھەمراجانغا داۋا بارمۇ، يارانلار،
بۇ يارىمغە شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.

قۇرئەندازلار قۇرئى سالىپ باقىڭلار،
مۇنەججىملەر كىتاب ئاچىپ باقىڭلار،
كۆرگەن - ئىشتكەنلەر بولسا قىلىڭلار،
بۇ يارىمغا شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.

يارىم ئۈچۈن جانغە ئوتنى ياقىڭلار،
مېنىڭ جىگەر - باغرىمنى ئالىپ باقىڭلار،
يارىم ئۈچۈن باشىمغە تۇپراق ساچىڭلار،
بۇ يارىمغە شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.

ئاچقۇ بېرىڭ خەزىنەدار قولىغە،
ئىلماسۇنلار دۇنيا مالىن كۆزىغە،
قىرىق مىڭ خەزىنەم بار خۇدا يولىغە،
نىسار ئەيلەپ بېرەيىن ئالىڭ، جانلارىم.

ئاندىن پەيدا بولدىلا يۈز مىڭ ۋەلى،
بۇ كۈن ماڭا رەھىم ئەتا كۈنۈڭدۇر.

قۇدرەتىڭ كۆپدۇر ھەم يارانقان سۇبھان،
مىنى بۇ دۇنيادا قىلما سەرگەردان،
ئىنسۇ جىنغا پادىشاھ بولغان سۇلەيمان،
بۇ كۈن ماڭا رەھىم ئەتا كۈنۈڭدۇر.

تەۋراتنى ئوقۇغان ھەزرىتى مۇسا،
ئىنجىلنى ئوقۇغان ھەزرىتى ئەيسا،
زەبۇرنى ئەيلەدىڭ داۋۇدغە ئەتا،
بۇ كۈن ماڭا رەھىم ئەتا كۈنۈڭدۇر.

ئاشىقلارنىڭ پىرى يۇسۇف - زىلەيخا،
مەزلۇملارنىڭ پىرى فاتىمە - زۆھرە،
ئائىشە سىدىق ھەم خەلىچە كۇبرا،
بۇ كۈن ماڭا رەھىم ئەتا كۈنۈڭدۇر.

ئىشقىدا كۆيدىلەر تاھىر ۋە زۆھرە،
لەيلى بىلەن مەجنۇن جان بەردى ئۇدا،
پەرھاد بىلە شىرىن، ۋامىقۇ ئۇزرا،
بۇ كۈن ماڭا رەھىم ئەتا كۈنۈڭدۇر.

دىۋە پەرىگە پادىشاھ بولغان سۇلەيمان،
ياراتتىڭ بىزلەرگە زەمىنۇ ئاسمان،
كۇفرىلارنى قىرغان ئەلى شاھىمەردان،
بۇ كۈن ماڭا رەھىم ئەتا كۈنۈڭدۇر.

ھەزرىتى ئىلياسدۇر ئالەمدە ۋەلى،
غەۋسۇلئەئزەم پىرىمدۇر ھەممىگە ۋەلى،

بۇلبۇلگويانى يارىم باشىدىن نىسار قىلغىل، — دەپ ئېدى، ھۆر زەئىمفىران تاقەت قىلالماي بۇلبۇلگويانى ھەمرانىڭ باشىدىن نىسار قىلدى. ئاندىن ھۆرلىقا ھەمرانىڭ باشىدىن نىقابىنى ئالدى. ھەمرانىڭ جەمالىدىن بىرئىشق ئوتى چىقىپ، ھۆر زەئىمفىرانىنىڭ سىنەسىدە بەند بولدى. ھۆر زەئىمفىران:

— ئـاھ، شېرىن جانىم پەيدا بولسۇن، جەمالىڭدىن ئۆرگۈلەي، — دەپ كەبۇتەر يەڭلىغ مۇئەللەق يېقىلىپ بىھوش بولدى. بىر سائەتتىن كېيىن ھوشىغە كېلىپ ئايدىكى:

— ئەي ھۆرلىقاخان، بۇ يارىڭغە مېنى شېرىك قىلغىل!

بۇنى ئاڭلاپ ھۆرلىقا:

— ئەي ئىگىچىم ھۆر زەئىمفىران، مەن ھايات تۇرۇپ، بۇ يارىم ھەرگىز سىزگە رەۋا كەلمەس، — دېدى. ھۆر زەئىمفىران:

— ئەي ھۆرلىقا، ئانداغ بولسا يارىڭنى بىر كېچە ماڭا بەرگىل. مەن چەھار باغىمغە ئالىپ كىرىپ، ئالما - ئانارلىق باغىمدا مېھمان قىلاي، — دېدى. ھۆرلىقا ئۇنامادى. ھۆر زەئىمفىران ھۆرلىقاغە يالبارىپ نېمە دەيدۇ قېنى:

باشىڭدىن ئۆرگىلەي، ھۆرلىقاخان،
شول يارىڭنى ماڭا بەرسەڭ نە بولغاي.
شېرىن جانىم ساڭا ئەيلەيىن قۇربان،
سۆيەر يارىڭ ماڭا بەرسەڭ نە بولغاي.

بىر كېچە يارىڭنى مېھمان ئەيلەسەم،
ئەزىز جانىم ئاڭا قۇربان ئەيلەسەم،
تازە گۈللارىمغە باغبان ئەيلەسەم،
بىر كېچە يارىڭنى بەرسەڭ نە بولغاي.

ھەمرا ئۇچۇن كۆيەر بۇ تەنىمدە جان،
پەيدا بولسۇن ئاڭا مۇنداغ يۈز مىڭ جان،

يەنە قىرىق مىڭ قۇلۇمنى ئازاد قىلايىن،
يارىم ئۈچۈن باغرىمنى بەريان ئەيلەيىن،
ياقام تۇتۇپ دادۇ فەرياد ئېتەيىن،
بۇ يارىمغا شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.

كېلىڭلار تەبىبلەر داۋا قىلىڭلار،
زەر شەھرىن بىزەيىن ئانى ئالىڭلار،
ئاپارىپ مېنى قۇل دەپ ساتىڭلار،
بۇ يارىمغە شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.

ھۆرلىقا دەر: مېنىڭ بەختىم قارادۇر،
يار دەردىدە مىسكىن كۆڭلۇم يارارۇر،
يارىم ئۈچۈن يۈرەك ـ باغرىم كۆيەدۇر،
بۇ يارىمغە شىفا ئەيلەڭ، جانلارىم.

ئەلقىسسە، ھۆكۈمالار كىتاب كۆرۈپ ئايتتىكى:
— ئەي ھۆرلىقاخان، قورقماسۇنلار، بىھوش بولۇپدۇر، —
دەپ، ھەمرانىڭ يۈزىگە گۇلاب سەپتى، ھەمرا سەسكىنىپ ھوشىغە
كەلدى. ئاڭغىچە ھۆر زەئىفىران كېلىپ:
— ئەي ھۆرلىقا، سىز نېمە ئۈچۈن بىر ئادەمزادغە مۇنچە ئەۋۋارە
بولاسىز؟ ئادەمزاد دېگەن ھېچ ۋەقتىدە پەرىزادغە مۇۋاپىق
كەلمەس، — دەپ ئىدى، ھۆرلىقا ئايتتىكى:
— ئەي ئىگىچىم ھۆر زەئىفىران، بىھۇدە سۆزنى قىلماغىل.
مېنىڭ بۇ يارىم ئۈچۈن جانىم پىدادۇر. سەن نېمە خىيال
قىلۇرسەن؟ — دېدى. بۇ سۆزنى ئىشتىپ ھۆر زەئىفىران:
— ئەي ھۆرلىقا، يارىڭنى مۇنچە تەئرىپ قىلۇرسەن. ئانداغ بولس
يارىڭنىڭ يۈزىدىن نىقابىنى ئالغىل، مەن بىر كۆرەي، — دېدى
ھۆرلىقا:
— ئەي ھۆر زەئىفىران، يارىمنى كۆرەدۇرغان بولساڭ

ــ بارغىل، ئارقاسىدىن چىقىپ ماراپ تۇرغىل، ئىگىچىم هۆر زەئــىــفــىــران قازىغە نېمە دەيدۇ، ــ دەپ بۇيرۇدى. بۇ پەرى هۆر زەئــىــفــىــراننىڭ ئارقاسىدىن چىقىپ بىر يەردە ماراپ تۇردى. هۆر زەئىفىران قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

جەمالىڭدىن ئۆرگۈلەي، ئاي يۈزلۈك قازى،
قازى ماڭا نىكاھ رەۋا دېگەيسەن.
سەدىقەڭ كېتەيىن گۈل يۈزلۈك قازى،
قازى ماڭا نىكاھ رەۋا دېگەيسەن.

قۇلزۇم شەھرىنىڭ نىسپىن بېرەيىن،
قىرىق مىڭ خەزىنەم بار ئانى بېرەيىن،
جامە، ئالتۇن دەستار، تونلار بېرەيىن،
قازى ئەئلەم، نىكاھ رەۋا دېگەيسەن.

قىرىق مىڭ قىز بېرەي قولى هۈنەرلىك
قىرىق مىڭ قۇل بېرەي ئالتۇن كەمەرلىك،
قىرىق مىڭ ئات بېرەي ئالتۇن ئىگەرلىك،
قازى ئەئلەم، نىكاھ رەۋا دېگەيسەن.

هۆكۈم قىلىپ، سۆزۈڭدىن يانىپ كەتمەگىل،
سەئيى قىلىپ باشقىنى بېرىپ كەتمەگىل،
سەدىقەڭ كېتەيىن سۆزۈم ئۇنۇتماغىل،
قازى ئەئلەم نىكاھ رەۋا دېگەيسەن.

ئەلقىسسە، قازىنى دۇنيادىن بىهاجەت قىلدى. ئول قازى هۆر زەئىفىراننىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ لەبلەرىدىن شافتالۇ، ئەيبالۇ ئۈزۈپ مۇرادىغە يەتتى. ئاندىن هۆرلىقانىڭ يارىنى رەۋا بولادۇر، دەپ پەــتــۋا قــىــلــىپ بەردى. هېلىقى پەرى كىرىپ هۆرلىقاغە بولغان

جەمالىڭدىن ئۆرگىلەي، ھۆرلىقاخان،
بىر كېچە يارىڭنى بەرسەڭ نە بولغاي.

بۇ يارىڭ ئۈچۈن فەرياد ئېتەرمەن،
يارىڭنى بەرمىسەڭ ئۆلۈپ كېتەرمەن،
بۇ يەرلەردىن باشىمنى ئېلىپ كېتەرمەن،
بىر كېچە يارىڭنى بەرسەڭ نە بولغاي.

دەپ زار - زار چۈن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ تۇردى. ھۆرلىقا:
— ئەي ھۆر زەئىفىران، سەن ئۆزۈڭنى مۇنداغ ئەۋۋارە قىلما. مەن بار تۇرۇپ بۇ يارىم ساڭا ئەسلا رەۋا كەلمەيدۇ، — دەپ يېقىن كەلتۈرمىدى. ھۆر زەئىفىران ئىزا تارتىپ:
ئــانــداغ بولسا بۇ شەھەردە سۇلۇك قازى دەپ بىر قازى بار، ئانىڭدىن سوراي. رەۋا كەلمەس دېسە سىزنىڭ بەختىڭىز. ئەگەر رەۋا كېلەدۇر دېسە مەن سىز بىلەن سۆزلىشەي، — دېدى. ھۆرلىقا:
— خوپ بولغاي، ئەي ھۆر زەئىفىران ئىگىچىم، بۇگۈن ئوغرى كىشىدەك قاپاقىڭىزنى ئۇشۇرۇپ بىھۇدە سۆزلەرنى قىلىپ، قازىنى ھىمايىچى قىلۇر بولدۇڭىز، بارىڭ، يول بولسۇن، — دېدى.
ھۆر زەئىفىران قازىغە كىشى بۇيرۇدى. بىر پەرى قازىنىڭ قاشىغە بارىپ:
— ئــەي قازى ئاخۇنۇم، ئۆزلەرنى پادىشاھىم ھۆر زەئىفىران چىرلايدۇ، — دېدى.
بۇ قازى ئوتتۇز يىلدىن بېرى ھۆر زەئىفىرانغە ئاشىق ئېردى. جەمالىنى ھەرگىز كۆرەلمەس ئېردى. بۇ سۆزنى ئىشتىپ خۇشلۇقىدا دەرھــال قــوپــۇپ ئــالــدىراشلىقتا ئىگەرنىڭ ئالدى قاشىنى ئاتنىڭ كەينىگە، قۇشقۇننى بوينىغە توقۇپ، ئاتغە مىنىپ رەۋان بولدى. بۇ پەرى قازىنىڭ ئالدىدا كېلىپ ھۆر زەئىفىرانغە خەبەر قىلدى. ھۆر زەئىفىران ھۆرلىقانىڭ ئالدىدىن ئوغرىدەك مىمتىلايىپ چىقىپ كەتتى. ھۆرلىقا بىر پەرىگە:

— ئەي قازى، ئۆيدە بىھۇدە ئىشلارنى قىلىپ يالغان پەتۋا بېرەرسەن. ھالا ئەمدى سۆزۈڭگە تۇرمايسەن، — دېدى. قازى:

— كىتاب كۆرمەي سەھۋەن بولۇپدۇر مەن، — دەپ ئىدى، ھۆر زەئىفران ئىزا تارتىپ، ئاچچىقىدا قازىغا نېمە دەيدۇ، ئاڭلايلى:

ئۆيدە ۋەئدەلەر قىلدىڭ،
ۋەئدەڭگە تۇرمادىڭ قازى.
ئاخىر ئەمدى نېمە بولدۇڭ،
ئالغانىڭنى بەرگىل قازى.

قىرىق مىڭ قۇلنى ساڭا بەردىم،
قىرىق مىڭ قىزنى ساڭا بەردىم،
قىرىق مىڭ ئاتنى ساڭا بەردىم،
ئالغانىڭنى بەرگىل قازى.

قازى ئەئلەم بوپ يۈرۈپسەن،
ھارام پايدانى ئالىپسەن،
يالغان پەتۋالار بېرىپسەن،
ئالغانىڭنى بەرگىل قازى.

قۇلزۇم ئىسپىن ساڭا بەردىم،
زەربەفت تونلار ساڭا بەردىم،
دېگەنىڭنى بارىن بەردىم،
ئالغانىڭنى بەرگىل قازى.

ھۆر زەئىفران نېمە قىلسۇن،
تەنىڭنى پارە - پارە قىلسۇن،
قىزىڭ مەندەك ئاشىق بولسۇن،
ئاندىن قەدرىم بىلگىن قازى.

بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ تۇرغىل،
زېھنىڭ بىرلەن ھوشيار بولغىل،
ئۆلۈمگە سەن باشىڭ بەرگىل،
تەماشالار كۆرگىل قازى.

ئەلقىسسە، ھۆر زەئىفران ئايتتىكى:

— ئەي ھۆرلىقا، بۇ قازىنىڭ جەزاسى ئۇشبۇدۇر، — دەپ قازىنى ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ بازارغا ئاچىقىپ، دارغە ئاسىپ تىير باران قىلىپ، ئاندىن ھۆرلىقاغە يالبارىپ نېمە دەيدۇ قېنى:

قارا بوز ئات كەلتۈرۈڭ يولىنىڭ ئۈستىگە،
ئادەمزاد كەلتۈرۈڭ جانىنىڭ قەستىگە،

ۋەقــەلــەرنى بەيان قىلدى. ئارقاسىدىن ھۆر زەئىفىران بىلەن قاز
كىردى. ھۆرلىقا قازى بىلەن ھۆر زەئىفىراننىڭ يۈزىگە قارالاسا ھ
ئــىــككىلەسىنىڭ ھالى ئۆزگەچە بولۇپدۇر. ئاندىن ھۆرلىقا قازىغ
قىبلەت سەھراسىدىن قورقۇتۇپ نېمە دەيدۇ قېنى:

جەمالىڭدىن ئۆرگۈلەي، ئاي يۈزلۈك قازى،
قازى ئەئلەم، راستىن جەۋاب بەرگەيسىز.
سەدىقەڭ كېتەيىن، گۈل يۈزلۈك قازى،
قازى ئەئلەم، راستىن جەۋاب بەرگەيسىز.

خۇش كېلىبسىز قازى بىزنىڭ ئاراغە،
يالغان سۆزلەپ رىزا بولۇڭ قازاغە،
قانىڭىز ساچىلۇر ئۇشبۇ سەھراغە،
قازى ئەئلەم، راستىن جەۋاب بەرگەيسىز،

مەن بار تۇرۇپ نىكاھ رەۋا تۇشۇرمۇ،
قازى ئەئلەم شۇنداغ پەتۋا بېرۇرمۇ،
ئاخىرەتكە بارماي مۇندا قالۇرمۇ،
قازى ئەئلەم، راستىن جەۋاب بەرگەيسىز.

تاڭلار مەھشەرگاھدا ھېساب كۈنىدە،
ئالغانلارىڭ تارازۇگە تۇشكەندە،
قىلغان گۇناھلارنى ئاندا تارتقاندە،
قازى ئەئلەم، راستىن جەۋاب بەرگەيسىز.

ئەلقىسسە، ھۆرلىقا قازىغا غەزەپ بىرلە بىر قاراپ ئىدى، قازى
ھۆر زەئىفىرانغا باقىپ:
— سىــڭلىڭىز ھــۆرلىقــانىڭ يــارى سىزگــە رەۋا كــەلمــەس
ئىكەن، — دېدى. ھۆر زەئىفىران ئاندا:

سالدى. ئۆزى پەرىلەر بىلەن تۆت كۆنلۈك يەرگە كېلىپ خوشلاشىپ يىغلاپ نېمە دەيدۇ قېنى:

— مۇندىن كېتەر بولدۇڭ مىسىر شەھىرىگە،
پات كېلۈرمۇسەن ھەمرا يارىم خوش ئەمدى.
ئاللاھ سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
پات كېلۈرمۇسەن، ھەمرا يارىم، خوش ئەمدى.

— مۇندىن كەتسەم كېلۈرمەن سېنىڭ قاشىڭغە،
يىغلاماغىن، پەرىزادىم، خوش ئەمدى.
ئامان بولسام كېلۈرمەن سېنىڭ قاشىڭغە،
پات كېلۈرمەن پەرىزادىم، خوش ئەمدى.

— يىغلاماي نەيلەيىن كۆڭلۈم بۇزۇلدى،
مۇھەببەتنىڭ رىشتەسى جاندىن ئۈزۈلدى،
ماڭا ئەزەلدە ئۇشبۇ قىسمەت يازىلدى،
پات كېلۈرمۇسەن، ھەمرا يارىم، خوش ئەمدى.

— مېنى كەتتىڭ دەبان بولما سەرگەردان،
قارلاپ باقىڭ يارىم جانىمغە دەرمان،
ئامانلىق بولسا بۇ تەندە خەستە جان،
پات كېلۈرمەن پەرىزادىم، خوش ئەمدى.

— قىزىل گۈلدەك ئاچىلىپ خەزان بولماغىل،
مۇندىن كېتەر بولدۇم دەپ كۆڭۈل ئۈزمەگىل،
مەئشۇقىڭغە بىۋەفالىق قىلماغىل،
پات كېلۈرمۇسەن، ھەمرا يارىم، خوش ئەمدى.

— سېنىڭدەك دىلبەردىن جۇدا بولغۇنچە،
ئۆلگەن ياخشى دۇنيادا تىرىك يۈرگۈنچە،

خەنجەر قويارمەن ئەمدى سىنەم ئۈستىگە،
رەھىم ئەيلەگىن سەن ماڭا، ئەي ھۆرلىقاخان.

شەمشەر بىلەن چانىتىڭ ئەمدى بىلەككە،
جاندىن كەتمەس ئوتنى سالدىڭ يۈرەككە،
كىچە ـ كۈندۈز ئارام بەرمەي يەتتى سۆڭەككە،
رەھىم ئەيلەمەيسىز ماڭا ھۆرلىقاخان.

ئاخىر چاغدا باقمادىڭ مېنىڭ يۈزۈمگە،
ئانداغ مەيۈب كۆرۈنمەس ئەمدى كۆزۈمگە،
بەختىم قارا ئىكەن داغى ئۆزۈمگە،
قالدىم ئاخىر دەردىگە مەن، ھۆرلىقاخان.

ئەلقىسسە، ھۆر زەئىفىران ھۆرلىقا بىلەن خوشلاشىپ، زار ـ زار
چۈن ئەبرى نەۋ بەھار يىغلاپ، ئورداسىغە كىرىپ كەتتى. ھۆرلىقا
ھەمرا بىلەن بۈلبۈلگويا قۇشنى ئالتۇن قەپەس بىلەن ئالىپ، شەھرى
شەبىستانغە يانىپ كەلدى.

بىر كۈنى ھەمرا ئۆز شەھىرىگە يانغالى ھۆرلىقادىن رۇخسەت
تىلىدى. ھۆرلىقا يىغلاپ، رۇخسەت بەرمەدى. پەرىلەر ھۆرلىقاغە
ئايتتىكى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، كىشى ئۆز يۇرتى، ئاتا ـ ئانىسىنى
سېغىنماسۇنمۇ؟ رۇخسەت بەرسۇنلەر، — دېدى.

— ئۆز شەھىرىگە بارسا بىزنى دەرد ـ ئىشتىياقىدا قويۇپ،
كەلمەس، — دېدى ھۆرلىقا. پەرىلەر ئايتتىكى:

— ئەي ھۆرلىقاخان، رۇخسەت بەرسۇنلەر، كېلۇر. كەلمەي قايان
بارۇر. ئەگەر سىزلەردىن مەرغۇب كىشى تاپسا كەلمەسۇن، — دېدى.
ھۆرلىقا ئايدى:

— ئانداغ بولسا قارار قىلىپ ئىبەرۇرمەن. بىقارار ئىبەرمەسمەن،
— دېدى. ھۆرلىقا يەنە ئايدى:

— ئەي ھەمرا، ئۈچ ئايدا كېلىڭ، — دەپ قارار قىلىپ يولغ

خۇدانىڭ دەرگاھىغە ئاھ ئۇرماغىل،
پات كېلۇرمەن، پەرىزادىم، خوش ئەمدى.

ئەلقىسسە، ھەمرا يىغلاپ يولغە كىردى. ھۆرلىقا ئايدى:
— ئەي يارىم ھەمرا، باشىڭغە ھەر ۋاقىتتا بىر مۇشكۇل ئىش كەلسە، بۇ ساچنى ئوتغە سالغىل. شول زەمان ھازىر بولۇرمەن، — دەپ ئۈچ تال زۇلفى ساچىنى ھەمرانىڭ ياقاسىغە بەند قىلىپ يەردى. نەچەند نەسىھەتلەرنى قىلىپ ھەمراغا قاراپ يىغلاپ نىمە دەيدۇ قېنى:

ئۇشبۇ كۈندە ئۆلۈم بولسا ھەمراھىم،
ئالسا جاننى جەبر ئەيلەمەي ئىلاھىم،
ئەفغان ئۇرۇپ نالە ئەيلەي سەھەردە،
ئالسا جانىمنى جەبر ئەيلەمەي ئىلاھىم.

قادىر ئىگەم ھەجر ئوتىغە سالماسا،
ئوتلار سالىپ يارىم قاشىمدا تۇرماسا،
يارىم كېتىپ تەندە تاقەت قالماسا،
ئالسا جانىمنى جەبر ئەيلەمەي ئىلاھىم.

مەن نەيلەيىن يىغلامايمۇ جۆرىلەر،
ھەمرا ئۈچۈن ئاللاھ جاننى بەردىلەر،
يارىم كېتىپ خۇش سۆزلەرى قالدىلەر،
ئالسا جانىم جەبر ئەيلەمەي ئىلاھىم.

نە بولدىكىن قارا باسىپ قالدىمۇ،
تۇشۇمغە كىرىپ قىيامەتلەر بولدىمۇ،
قەقنۇس يەڭلىغ ھەمرا جانىمنى ئالدىمۇ،
ئالسا جانىم جەبر ئەيلەمەي ئىلاھىم.

بىسەبرىلىك قىلماغىل تا مەن كەلگۈنچە،
پات كېلۈرمەن، پەرىزادىم، خوش ئەمدى.

— مەگەر كەلسەڭ ئۈچ ئايغىچە سەبرەم بار،
گەر كەلمىسەڭ تا ئۆلگۈنچە ماتەمدار،
ئاشىقلارغە بۇ يول ئۆزرە قۇربەت بار،
پات كېلۈرمۇسەن، ھەمرا يارىم، خوش ئەمدى.

— ئەجەل يېتىپ پەيمانەسى تولماسا،
ئەزىز باشىم يول ئۈستىدە قالماسا،
سىنەلەرىم مېنىڭ چاك - چاك ئولماسا،
پات كېلۈرمەن، پەرىزادىم، خوش ئەمدى.

— ئاندا بارىپ بىزلەرنى ئۇنۇتماغىل،
بىزلەرنى ئۇنۇتۇپ يارى تۇتماغىل،
مەھكەم تۇتقىل كۆڭلۈڭنى ھەرگىز ئۈزمەگىل،
پات كېلۈرمۇسەن، ھەمرا يارىم، خوش ئەمدى.

— ئاندا بارىپ سىزلەرنى ئۇنۇتماسمەن،
كېچە - كۈندۈز كۆز ياشىمنى قۇرۇتماسمەن،
سەندىن ئۆزگە ھېچكىمنى كۆزگە ئىلماسمەن،
پات كېلۈرمەن، پەرىزادىم، خوش ئەمدى.

— قىزىلگۈلدەك نىگارىمدىن ئايرىلدىم،
بۇلبۇل يەڭلىغ قىزىل گۈلدىن ئايرىلدىم،
ياقام تۇتۇپ، ساچىم يازىپ سېرىلدىم،
پات كېلۈرمۇسەن، ھەمرايارىم، خوش ئەمدى.

— مېنى كەتتى دەپ، يارىم مەلال بولماغىل،
ساچىڭ يازىپ، ياقاڭنى چاك قىلماغىل،

بۇلبۇلگويا قۇشنى ئالىپ كەلتۇرگەن،
پەرىزاد شەھرىدە سەپەرلەر قىلغان،
ھۆرلىقا پەرىگە خىزمەت يەتكۇزگەن،
يۇسۇفنى سالغان چاھدا قالدى دېگەيسەن.

ئەرز ئايتۇرغە يوق ئانىڭ ئەزىز مەھرەمى،
ھەمرا ئۆزى يالغۇزدۇر يوقدۇر مەھرەمى،
جەراھەتدۇر ئەزاسى، يوقتۇر مەرھەمى،
يولداشىدۇر ئېلان - چايان دېگەيسەن.

توققۇز ئاي، توققۇز كۈن مېنى كۆتەرگەن،
ھەر سەھەردە قوپۇپ ئاق سۈتنى بەرگەن،
پەرۋىش قىلىپ كەمالىغا يەتكۇزگەن،
مېھرىبان ئانامغە دۇئا دېگەيسەن.

خاتىرىمدىن چىقماغاي ھېچ مۇنداق داغى،
كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولدى فىراقى،
كەمالىغا يەتمەيىن ئۆچتى چىراغى،
گۈلجەمىلە سىڭلىمغە دۇئا دېگەيسەن،

كۆزلەرى ئويۇلغان كۆرەرگە يوق كۆزى،
بۇلبۇلگوياغە بەرگەندۇر يوقتۇر كۆرمەكى،
ئاخىر ۋەقتىدە ھەمرا قۇلنىڭ تىلەكى،
تەڭرىنىڭ گەۋھەرى ئىمان دېگەيسەن.

ئەلقىسسە، ھەمرا چاھنىڭ ئىچىدە قالدى. ئىككى ئاكاسى بۇلبۇلگويا قۇشنى ئالىپ يولغە كىردى. مىسىر شەھرىگە يېقىن

ئەلقىسسە، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ قاراسى يىتكۈنچە خوبلاشىپ رىـزالاشـىپ، يىغلاشىپ ياندى. ھەمرا بۇلبۇلگويا قۇشنى ئالىپ نـەچـەند يول يۈرۈپ، چۆللەرنى كېزىپ ئۈچ يول ئاراسىغە يېتىپ كەلدى، قاداپ قويغان ئۈچ تال ئوق تەغەييىر تاپماپدۇر. ھەمرا ئىككى ئاغاسىنى ئىزدەپ، بىرىنى ئاشپەزگە ئوت قالاپ ئولتۇرغان يېرىدىن بىرىنى كاللاپەزگە ئوت قالاپ ئولتۇرغان يېرىدىن تاپىپ ئالىپ، ئىسىم شـەھـەـرىـگـە رەۋان بولدىلار. ئىككى ئاغاسىنىڭ ساچى مۆرىسىگە تۈشۈپدۇر. باشىنى توشۇرتۇپ ھاممامدا غۇسلى قىلدۇرۇپ، ئەڭلىگ ياخشى سەرۇپالارنى كەيدۇرۇپ، بىردىن ئاتقا مىندۇرۇپ ئۈچۆيلەز يولغا رەۋان بولدى. ھەمرا يولدا ئاكالارىغا باشتىن ئۆتكەن ۋاقىئەلەرنى بىر ـ بىر بەيان قىلدى. ئاكالارى ھەيران بولۇپ بارۇر ئېردى، ناگاھ بىر چەشمە لەبىگە كېلىپ چۈشتى. ھەمرانىڭ كۆزى ئۇيقۇغە باردى. ئىككى ئاكاسىنىڭ ئاناسى بۆلەك ئېرىدى. ئۇلار مەسلىھەت قىلدىكى: «بىز مۇشۇنداق بارساق ئاتىمىز ھەمرانى ئەتىۋارلاپ، پادىشاھلىقنى ئاڭا بېرەر. ھەمرانى شۇبۇ يەردە يوق ئېتىپ، بۇلبۇلگويانى بىز ئالىپ بارساق، بىرىمىز پادىشاھ، بىرىمىز ۋەزىر بولساق ...» دېيىشىپ، ئول ئىككۆيلەن ھەمرانى كۆتۈرۈپ باسىپ، قول ـ پۇتىنى چىرماپ، تېرىك تۇرغۇزۇپ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ ئېلىپ، بۇلبۇلگويا قۇشنىڭ ئالدىغا تـاشـلاپ بەردى. ئاندىن ھـەمرانـى چـاھقـا تـاشلاپ، چـاھنىڭ ئـاغزىغا خىش ـ خەشەكلەرنى قويۇپ، قۇشنى ئالىپ كېتەر بولدى. ھەمراجان چاھنىڭ تېگىدە ياتىپ ئاغالارىنىڭ كېتەر بولغانىنى بىلىپ، زار ـ زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئىممەت قۇرنى بېلىغە باغلاغان،
ھىجران ئوتىدا سىنەلەرىن داغلاغان،
كەلمىدى دەپ يولغا قاراپ يىغلاغان،
شاھ خۇسرەۋ ئاتامغە دۇئا دېگەيسەن.

يەڭىلىغ چۆرۈلۈپ، زار - زار چۈن ئەبرى نەۋ بەھار يىغلادى، ئىككى ئاغاسى ئايدى:

— ئاكاڭنى بىز كۆرمىدۇق، — دەپ شەھەرگە كىردى. پادىشاھ بۇ قۇشنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ بۇ ئىككى قاراقچىنى ياخشى كۆردى. پادىشاھ بۇلبۇلگويانى ئالدىدا قويۇپ ئەندەك سۆز قاتتى، كۈلمەدى. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ بۇلبۇلگويا قۇشنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. بۇلبۇلگويا ئايتتىكى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مېنى نە ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇيسەن؟ — دېدى. پادىشاھ ئايدى:

— ئەي بۇلبۇلگويا، سېنى مەن پەرزەندلەرىمنى بۇيرۇپ، ئۇزاق يەردىن كەلتۇرسەم، نېمە ئۈچۈن كۈلمەيسەن، — دېدى. بۇلبۇلگويا ئايدى:

— ئەي پادىشاھ، ئەۋۋەل مەن ھاردىم - ئاچتىم، ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ غېرىب - مۇساپىر بولدۇم. ئىككىنچىدىن، مەن بىر كىشىگە قارالىق - ماتەمدار، — دېدى. پادىشاھ ئايدى:

— سەن كىمگە قارالىق تۇتۇرسەن، — دەپ ئىدى، بۇلبۇلگويا ئايدى:

— ئەي بىئەقىل پادىشاھ، سېنىڭ مۇنداغ ھەددىدىن ئاشقان كەززاب بالالارىڭ نېمەنى ئالىپ كېلۇر؟ سەن خەيال قىلماغىلكى بۇ ئىككى بالام ئالىپ كەلدىمىكىن، دەپ. مېنى ئالىپ، كەلگەن پەرزەندىڭنى بۇ ئىككى قاراقچى كۆزىنى ئويۇپ ئالىپ ھەزرىتى يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى سالغان چاھغە تاشلادى، — دەپ پادشاھغە قاراپ بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

قۇلاق سېلىپ ئەرزىم ئىشىت، پادىشاھىم،
ئەقلى ھۇشۇڭ، قەرارىڭدىن ئايرىلدىڭ.
ئەمدى ھەرگىز ئېچىلماس بەختى سىياھىڭ،
گۇلىستانۇ گۇلزارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

يەتتى. شەھەر خەلقى پادىشاھ خۇسرەۋغە: «شاھ قاسىم، شا ئەندۇقلار مىسىر شەھىرىگە كەلدى» دەپ خەۋەر قىلدى. پادىشا خۇسرەۋ خۇشال بولۇپ ئالدىغا چىقتى. ھەمرانىڭ سىڭلىس گۇلجەمىلە ھەم چىقتى، قارلاسە ھەمرا كەلمەيدۇ. كېيىنرە كېلۇرمىكىن دەپ ئارقاسىغە قارلاسە ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ. گۇلجەمىل ئاكاسىنىڭ ئوت پىراقىدا يىغلاپ نېمە دەيدۇ قېنى:

جىگەر بەندىم ياشىم قانغا ئۆرۈلدى،
نە بولدىكىن مېنىڭ ئاكام كەلمىدى.
تەلىيىمگە پەلەك تەتۈر چۆرۈلدى،
نە بولدىكىن مېنىڭ ئاكام كەلمىدى.

ئەمدى مېنىڭ تىرىكلىكىم گۇماندۇر،
يىراقلىق تاغلىرىنىڭ باشى تۇماندۇر،
بۇ يىراقلىق شۇم ئۆلۈمدىن ياماندۇر،
نە بولدىكىن مېنىڭ ئاكام كەلمىدى.

قېرىنداشىم بىزدىن كۆڭۈل ئۈزدىمۇ،
قىزىل يۈزى سارغايىبان سولدىمۇ،
ئەجەل يېتىپ شۇم پەيمانە تولدىمۇ،
نە بولدىكىن مېنىڭ ئاكام كەلمىدى.

گۇلجەمىلە دۇرمەن ئۆزۈم ناتەۋان،
قېرىنداشىم دەردىدە يۈرەك ـ باغرىم قان،
تىرىك بولسا كېلۇر ئىدى بۇ زەمان،
نە بولدىكىن مېنىڭ ئاكام كەلمىدى.

ئەلقىسسە، گۇلجەمىلە ئوتقە تۇشكەن يىلاندەك تولغىنىپ، پەرۋا

زىكرىيادەك ئەررە قويسام،
بايەزىددەك چۆللەر كەزسەم،
ئەلى يەڭلىغ باشىم بەرسەم،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى؟

قەقنۇس كەبى ئوتقا كىرسەم،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى؟

قىرىق مىڭ قۇل ئازاد قىلسام،
قىرىق مىڭ قوي نەزىر قىلسام،

خۇسرەۋ ئايتۇر: مەن بىر غەرىب،
غەم بىرلە قالدىم سارغارىپ،
يەتتە ئىقلىمنى ئاختارىپ،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى؟

دەپ زار - زار يىغلاپ ئىدى، ھەمرانىڭ ئانىسى كېلىپ يىغلاپ جانى چۆرۈلۈپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ھەجر ئوتى جانىم ئۆرتەدى،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.
سەبرى قارارىم قالمادى،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.

نە سەۋدا چۈشتى باشىمغا،
كىشى كەلمەيدۇ قاشىمغا،
زەھەر قوشۇلدى ئاشىمغا،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.

پەرزەند دېگەن بىر گۈل بولۇر،
شامۇ سەھەر بۇلبۇل بولۇر،
ئاتا - ئاناغە قۇل بولۇر،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.

ئېگىز تاغلار ھەم پەست بولدى،
شېرىن جانىمغا قەست بولدى،
كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.

پەرزەندى يوقنىڭ جانى يوق،
مەجلىسكە كىرسە جايى يوق،
ئالەمدە مەشھۇر ئاتى يوق،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.

ماھى دەرلەر مېنىڭ ئاتىم،
يۇرەكىمدە يانار ئوتۇم،
يەتمەس ئاللاغە بۇ دادىم،
سەندىن بالام ئايرىلغالى.

ئەلقىسسە، ھەمرانىڭ چاھقە چۈشكەنىنى بىلىپ، گۈلجەمىلە

قەزا فەلەك خىزمەتكە ئوت چۇشكەندۇر،
دۇشمەن بىرلە ھەمرا مەجلىس قۇرغاندۇر،
تەھقىق بىلگىل گۇلۇڭ خەزان بولغاندۇر،
ئالمان قۇشۇڭ، شۇڭقارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

نەسىمىمدەك پوستىن نەچۇك سۆيدىلەر،
ئىككى ئوغلۇڭ ئىككى كۆزىن ئويدىلەر،
قولىن باغلاپ بىر قۇدۇقغە سالدىلەر،
تاغ يىقىلدى، چىنارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

سەمەن باغدىن تاپىپ مېنى كەلتۇرگەن،
پەرۋىش قىلىپ كەمالىمغا يەتكۈزگەن،
ئاكالارىن كاللاپەزدىن قۇتقۇزغان،
يۇرت ئىگىسى غەمخارىڭدىن ئايرىلدىڭ.

بۇلبۇلگويا ئايتۇر: كۆڭلۇڭ راھەتى،
پەرزەند بولۇر ئادەمزاد مېۋەسى،
قويۇڭنىڭ قوزىسى، قۇلۇڭ كەنجەسى،
قىزىلگۇلدەك پەرزەندىڭدىن ئايرىلدىڭ.

پادىشاھ بۇلبۇلگويادىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ، ئاھ بالام، دەپ يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

تىنماي سەھەر پەرياد ئېتىپ،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى؟
يىرتىپ ياقامنى چاك ئېتىپ،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى؟

ئىبراھىمدەك ئوتقا كىرسەم،
ئىسمائىلدەك قۇربان بولسام،
مەنسۇر كەبى دارغا ئاسىلسام،
تاپارمەنمۇ بالام سېنى؟

يار ـ دوستۇڭ يىغلاشۇر ۋەسفىڭدە باغرى قان بولۇپ،
بۇ سەبەبدىن مەن شىكەستە خاتىرى ۋەيران بولۇپ،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

نە ئۈچۈن قادىر ئىگەم بىزنى قىلمىشتۇر غەرىب،
بۇ غەرىبلىق بىرلە قالدىم زەئفىراندەك سارغارىپ،
مەن ئاكامنىڭ دەردىدە داد ئەيلەيىن كىمگە بارىپ،
زارلانىپ قالدىم ئاغامنىڭ يوللارىغا تەلمۈرۈپ،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

بولمادى بۇ دۇنيا ئىچرە زەررىچە دەۋران ئاڭا،
تەگرىدىن كەلدى قەزا چىدارغا يوق دەرمان ئاڭا،
ئەيلەدى جۇملە خەلايىق بارچەسى ئارمان ئاڭا،
ھەقتە ئالا ئەتا قىلغاي گەۋھەرى ئىمان ئاڭا،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

ئەلقىسسە، پادشاھ بۇلبۇلگويانى ئۈچۈردى. پادشاھ ئەركان دۆلەتلىرى بىلەن ئول قۇشنىڭ ئارقىسىدىن رەۋان بولدى. قۇش ئول چاھنىڭ بېشىدا قوندى. پادشاھ چاھنىڭ لەبىگە كېلىپ قىچقىردى. ئەسلا ئاۋاز بولمادى. ھەمرا كۆڭلىدە «ئىككى ئاغامىكىن ...» دەپ گۇمان قىلىپ جىم تۇردى. شۇندىن كېيىن گۇلجەمىلە چاھقا قاراپ يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاغام دەپ سەن مېنى گۇمان ئەيلىمە،
بەختى قارا ھەمراجانىم بارمۇسەن؟
مېنىڭ روزگارىمنى زىندان ئەيلىمە،
ئىسگىلىگدۇرمەن، ھەمراجانىم بارمۇسەن؟

سىڭلىسى پەرياد ئۇرۇپ يىغلاپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

ھەسرەتىڭدە خەستە جاننى ئوتقا ياقارمەن جىگەرىم،
كەلمەدى دەپ ھەر تەرەپلەرگە باقارمەن، جىگەرىم،
كۆندە سىزنى ياد ئېتىپ ئۆيدىن چىقارمەن، جىگەرىم،
ھەجر ئوتىغە تۇتاشىپ سۇدەك ئاقارمەن، جىگەرىم،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

بىر كېتىپ بىزدىن سىرىنى ئايتماي ئۆتتى، ۋادەرىخ،
سۇندى شاخى، گۈللىرى ئاچىلماي ئۆتتى، ۋادەرىخ،
فانى دۇنيانىڭ مەزەسىن بىلمەي ئۆتتى، ۋارەرىخ،
ئىككى ئاغاسى قولىدىن ئۆلمەي ئۆتتى، ۋادەرىخ،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

بەرمەدى جەبرى فەلەك ئاغامنىڭ ئىشىغا رەۋاج،
نەچۇك ئەيلەپ قۇدۇق ئىچرە ياتتىڭ، ئەي نازۇك مىزاج،
نەيلەيىن مەن بەندەئى بىچارەدۇرمەن نائىلاج،
قادىر ئاللاھ قۇدرەتىڭدىن ئول ناتەۋانغا قىل ئىلاج،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

گۈلشەنۇ باغى ئىرەمدە بىر گۈلى رەئنا ئىدى،
بىر لەتافەتلىك نىھالۇ بىر ئۆزى تەنھا ئىدى،
ئىككى دۇنيا ئىچرە بولغان گەۋھەرى يەكتا ئىدى،
شىرىن سۆزلۈك، قەمەر يۈزلۈك، بىر ئىسىل بەرنا ئىدى،
ئىزدەسەم ئەمدى سىنى قايدىن تاپارمەن، جىگەرىم.

ھەسرەتىڭدە ئەمدى قالدىم زار - سەرگەردان بولۇپ،
ياش تۆكۈپ يىغلار ئاناڭ ئىككى كۆزى گىريان بولۇپ،

كىم سەن ئۆزۈڭ كوھنە دەردىم قوزغىغان،
مېنىڭ مۇندا نەچچۈك قېرىنداشىم بار.

مەرھەممەت ئىستەسەم ئەلى قەيىردىن،
ئانا باشقا قېرىنداشىنىڭ جەيىردىن،
كۆڭۈل مەقسۇدىغا يەتسەم سەيىردىن،
مېنىڭ مۇندا نەچچۈك قېرىنداشىم بار.

ھەمراجان دەر: ھەقدىن سۆزلەپ ئۆتەرمەن،
بۇ چاھ ئىچىرە يىغلاپ يالغۇز ياتارمەن،
ھەسرەت بىلەن بۇ فانىدىن كېتەرمەن،
مېنىڭ مۇندا نەچچۈك قېرىنداشىم بار.

ئاندىن گۈلجەمىلە ساچىنى ھەلقە قىلىپ چاھقە سالدى. ساچ ھەمرانىڭ پىشانەسىدىن ئۆتۈپ ئاغزىغە تۈشتى. ھەمرا ساچىنى مەھكەم تىشلەدى. گۈلجەمىلە تارتتى. ھەمراھ چاھنىڭ ئىچىدىن تاشقارى چىقىپ خۇدايىتائالاغا شۈكرى سەنا ئايتىپ، شەھەر خەلقىنىڭ ئۈنىنى ئىشتىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۈنىنى تونۇپ، زار - زار چۈن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ نېمە دەيدۇ قېنى:

مىسىردىن كەلگەن يارانلار،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.
ئۇلۇغ - كىچىك مېھرىبانلار،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

ئېگىز تاغلار پەست بولدى،
شېرىن جانىمغە قەست بولدى،
كۆرەر كۆزۈم كۆرمەس بولدى،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

كۆرەي دېسەم كۆزۈم يوقتۇر،
سۆزلەي دېسەم تىلىم يوقتۇر،
تۇتاي دېسەم قولۇم يوقتۇر.
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

ھەمرا ئايتۇر: بۇ نە چاغدۇر،
بەختىم مېنىڭكى قارادۇر،
يۈرەك - باغرىم ھەم يارادۇر،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

ھەسرەتىڭدە كۆزدە ياشىم سەل بولدى،
كۆيە ـ كۆيە خەستە جانىم كۆل بولدى،
قارا كۆزۈڭ، شەھلا چەشمەڭ كور بولدى،
ھەمرا ئاكام — مېھرىبانىم بارمۇسەن؟

سەنسىز كۆڭلۈم ئۆتكەي ئاھۇ فىغاندا،
نەچۇك كەچتى ھالىڭ يالغۇز زىنداندا،
تېرىكلىكىڭ قويدى بىزنى گۇماندا،
مېھرىبانىم، دىل ئارامىم بارمۇسەن؟

تەڭرىم مۇراد ـ مەقسىدىنى بەرمىگەن،
بۇ دۇنيادا بەش كۈن دەۋران سۈرمىگەن،
جاپا چېكىپ راھەتىنى كۆرمىگەن،
ناتەۋانىم، مېھرىبانىم بارمۇ سەن؟

گۈلجەمىلە ئايتۇر جانىم قېرىنداشىم،
فىراقىڭدا ئاقار بولدى كۆزدىن ياشىم،
يالغۇزلۇقتا ھالىڭ نەدۇر ئەي سىرداشىم،
سەندىن ئۆزگە يوقتۇر مېنىڭ ھېچ قاياشىم،
جانىم ئاكام ھەمراجانىم بارمۇسەن؟

ھەمرا چاھىنىڭ ئىچىدە ياتىپ ئاتا ـ ئانا، سىڭلىسىنىڭ ئاۋازىنى ئىشتىپ، ئۆلگەن كۆڭلى تىرىلىپ: «مۇنداغ غەمناك يەردە مېنىڭ ھالىمنى سورغۇچى نەچۇك قېرىنداشىمدۇر» دەپ يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كىمنى سوردۇڭ، كىمنى دېدىڭ قىچقىرغان،
مېنىڭ مۇندا نەچۇك قېرىنداشىم بار.

كۆنلەر چىقىپ چاشگاھ بولدى، ۋاقىت ئۆتتى نىمە بولدى،
يارىنىڭ ئوتى ماڭا يەتتى، يۈرۈكلەر يارغا بارالى.

دەپ، دەرھال كۆك كەپتەر سۈرىتىگە كىرىپ ئۇچتى. ئارقاسىدىن پەرىلەر رەۋان بولدى.

ھەمرانىڭ قۇلاقىغا پەرىلەرنىڭ شەپىسى كەلدى. شول زەمان ھۆرلىقا ھەمرانىڭ يېنىغا چۈشتى. ھەمرانىڭ باشىنى تىزىغا ئېلىپ باقسالار ئىككى كۆزى يوق، ھۆرلىقا زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سۆزلە دوستۇم نە ئىش چۈشتى باشىڭغا،
مەن ئايلاناي قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.
غافىل ئەردى قۇلۇڭ كەلدى قاشىڭغا،
مەن ئايلاناي قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

قېرىنداشىڭ باسىپ كۆزۈڭ ئويدىمۇ،
نەسىمىدەك گوشتى پوستىن سويدىمۇ،
قولۇڭ باغلاپ چاھ ئىچىگە سالدىمۇ،
مەن ئايلاناي قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

يارىمنى سالغان چاھقا مېنى سالىڭلار،
يارىم ئۈچۈن مېنىڭ جانىم ئالىڭلار،
كۆزۈم ئويۇپ يار كۆزىنى سالىڭلار،
مەن ئايلاناي قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

ھۆرلىقا دەر، ئەجەب بەختىم قارادۇر،
يىراقلىقتىن يۈرەك - باغرىم يارادۇر،
ئەمدى مېنىڭ جانىم چىقسا رەۋادۇر،
مەن ئايلاناي قارا نەرگىس كۆزۈڭدىن.

ئەلقىسسە، ھەمرا ئاتا ـ ئانىسى، سىڭلىسى، شەھەر خەلقى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئايتتىكى:

— ئەي سىڭلىم گۈلجەمىلە، ماڭا ئوت كەلتۈرۈپ بەرىلڭ!

گۈلجەمىلە ئوت كەلتۈرۈپ بەردى. ھەمرا ياقاسىدىكى ھۆرلىقانىلڭ ساچىنى ئالىپ ئوتغە سالدى ۋە بۇ بەيىتنى ئوقۇدى:

نە كۆنلەر چۈشتى باشىمغا،
كەل ئەمدى يارىم، كەل ئەمدى.
رەھىم ئەيلەگىل كۆز ياشىمغا،
كەل ئەمدى يارىم، كەل ئەمدى.

مۇرۇۋۋەت ئەيلە ھالىمغا،
كەل ئەمدى يارىم، كەل ئەمدى.
ھەمرا دەرلەر: ئۈمىد سەندىن،
جانىم كۆيەر ھەسرەتىڭدىن،
كۆڭۈل ئۈزمىسەلڭ گەر مەندىن،
كەل ئەمدى يارىم، كەل ئەمدى.

كۆپ جەفا سالدى جانىمغا،
قۇلاق سالغىل فەريادىمغا،

شۇل ۋاقتىدا ھۆرلىقا شەھرى شەبىستاندا ئولتۇرۇپ:

— ھەمرا يارىم ئۈچ ئايلىق قەرەلدە كېتىپ ئېردى، بىر رەنجگە گىرىفتار بولدىمىكى، — دەپ يادلانىپ ئولتۇرۇر ئېردى. دېماغىغە ساچىنىلڭ دۇدى كەلدى. شۇل زەمان پەرىلەرگە باقىپ نېمە دەيدۇ:

دۇد يەتتى، دەرمان يەتتى،
يارىمدىن خەبەر يەتتى،
كەلتۈرۈڭلەر ئالتۇن تەختى،
قوپۇڭلار يارغا بارالى.

كەلتۈرۈڭلەر شەرابىنى،
قۇيۇڭلار پىيالىنى،
ئىچىڭلار شەربىنى،
يۈرۈڭلەر يارغا بارالى.

كەلتۈرۈڭلەر تىللا تەختى،
ياپىڭلار كىمخاب، زەربەفتى،
ئاچىلسۇن يارىمنىلڭ بەختى،
قوپۇڭلار يارغە بارالى.

كېلۇرمەن دەپ كېتىپ ئېرىدى،
كېلۇر مۇددەتىدىن ئۆتتى،
ياكى ئاڭا بىر ئىش بولدى،
يۈرۈڭلەر يارغە بارالى.

مەكتەپتە ھەمسەبەق بولغان،
بىر - بىرىگە سىرداش بولغان،
مېنىڭ بىلەن يولداش بولغان،
كېلىڭ دوستلار كۆرۈشەيلى.

ھەمرا ئايتۇر: ھەقتۇر ئىشىم،
نە سەۋداغە چۈشتى باشىم،
ئىككى جەھاندا يولداشىم،
ھۆرلىقاجان كۆرۈشەيلى.

دەپ ھەمرا ھەممەلىرى بىلەن كۆرۈشتى. ئاندا خۇسرەۋ شاھ ئايدىكى:

— ئەي ۋەفادار ئوغلۇم، ئاكىلىرىڭ ساڭا بۇ جەفالارنى سالدى. ئەمدى بەن ھەرنە قىلساڭ قىل!

— ئەي ئاتا، بۇلارنىڭ گۇناھىدىن كەچتىم. بۇلارنى ئۆلتۈرمەڭ. بۇلارنى كاللاپەز بىلەن سابۇنچىغا شاگىرت بەرمەك كېرەك.

شۇ چاغدا مىسىر خەلقى شاھ قاسىم بىلەن شاھ ئەندۇقلارنى مەجلىستىن قوغلاپ چىقاردى. بۇلار پادشاھلىقتىن نائۇمىد بولۇپ بۆلەك شەھەرگە بېرىپ، كاللاپەزنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالىغىلى تۇردى.

پادشاھ خۇسرەۋ ھەمراغا:

— ئەي ئوغلۇم، ئەمدى مەھبۇبەڭ ھۆرلىقانى شەھەرگە تەكلىپ قىلغىل، — دېدى.

ھەمرا ھۆرلىقانى مىسىرغا تەكلىپ قىلىپ تىللا سازىنى قولىغا ئېلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

يۇر كېتىلى بىزنىڭ يۇرتقا دىلبىرىم،
يەنە مۇنداغ يىگى زەمان تاپىلماس،
مېھمان بولغىل بىزنىڭ يۇرتقا دىلبىرىم،
غەنىمەت دەم سەندەك مېھمان تاپىلماس.

بۇ دۇنيا بەش كۈنلۈكتۇر ئوينىغان قالۇر،
تاڭلار گوردا ھەر كىشىنى باشقا قويۇر،

ئەلقىسسە، ئاندىن ھۆرلىقا ئايتتىكى:
ــ يىغلىماقتىن پايدا يوق. ھەمرانىڭ كۆزىنىڭ چارىسىنى قىلايلى، ــ دېدى ۋە:
ــ ھەمرانىڭ كۆزى قەيەردە، ــ دېدى. بۇلبۇلگويا:
ــ مېنىڭ قاناتىمنىڭ ئاراسىدا، ــ دەپ كۆرسەتتى. ھۆرلىقا خۇشلۇقىدا قىرىق قۇلنى ئازاد قىلدى. ئاندىن ئىككى پەرىنى ئابى ھەيات سۈيى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى ۋە يەنە ئىككى پەرىنى ئىرەم باغدىن بىر ئاق، بىر قىزىل گۇل ئالىپ كېلىشكە بۇيرىدى. «ئەگەر بىر سائەتتە يېتىپ كەلمىسەڭلەر، باشىڭلارنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلۇرمەن» دېدى. پەرىلەر راۋان بولدى. بىر سائەتتە يېتىپ كەلدى. ھۆرلىقا خۇشال بولۇپ ئابى ھەيات سۇيىدە كۆزنى يۇيۇپ، جايىغا سالۇردا ئىسمى ئەزامنى ئۈچ مەراتىبە ئوقۇدى.
ئەلقىسسە، ھەمرانىڭ كۆزىنى جايىغا سالىپ بىر سىلىغان ئىدى، كۆزى ئاۋۋالقىدەك تازا ۋە روشەن مۇنەۋۋەر بولدى. كۆرۈشكىلى كەلگەن بارچە خەلايىقنى كۆردى. ھەمرا يىغلاپ تۇرۇپ بىر سۆز ئايتقانى:

ئەي يارانلار، مۇسۇلمانلار، ئاتام ـ ئانام مېھرىبانىم،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى. كۈچ ـ قۇۋۋەتىم ھەم دەرمانىم،
بىزلەر بىلەن بىللە يۈرگەن، گۇلجەمىلە شېرىن جانىم،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى. كەل ئۇكاجان كۆرۈشەيلى.

ياتقان يېرىم زىندان ئىچى، بۇلبۇل چېكەر ئاھۇ زارى،
رەقىبلەردىن ئالاي ئۈچى، گۇلدىن بولماس غەيرىي يارى،
بۇندا كەلگەن ئۇلۇغ كىچى، كۆرەي جانانلار دىدارى،
كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى. كېلىڭ جانلار كۆرۈشەيلى.

# ئىككى شاھزادىنىڭ ھېكايىسى

رىۋايەتتىن خەۋەر بەرگۈچىلەر شۇنداق نەقىل قىلىدۇكى: چىن ماچىن شەھىرىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئاتىنى «ئادىل شاھ» دەر ئىدى. پادىشاھ بولسا كۈندۈزى دۆلەتنى ئىززەت - ئىكرام، ئادىللىق بىلەن سورىسا، كېچىسى كونا ئىگىنلەرنى كىيىپ شەھەر كوچىلىرىنى چارلار ئىدى. بىر كۈنى پادىشاھ كوچا چارلاۋېتىپ، شەھەرنىڭ بىر بۇلۇڭىغا كېلىپ قالدى ... ئۇنىڭ ئالدىغا تۆت ئوغرى ئۇچرىدى. پادىشاھ ئۇلارنى كۆرۈپ ئۆزىنى پىنھانغا ئېلىپ يوشۇرۇندى. ئالاھازەل بىر سائەت ئۆتتى، ئوغرىلار ھېچ تەرەپكە يۈرمىدى. شۇ جىمجىتلىق ئىچىدە ياراتقۇچى ئاللا پادىشاھنى بىر يۆتەلگە قىستىدى. قانچە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بولسىمۇ ئامال بولماي، پادىشاھ قاتتىق بىر يۆتەلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئوغرىلار قولىغا خەنجەر ئېلىپ بىراقلا پادىشاھقا ئېتىلىپ كەلدى ۋە سوراپ:

— نېمە ئادەمسەن، — دېدى، پادىشاھ بىر ھىيلە بىلەن جاننى قۇتقۇزاي دەپ:

— مەن سىزلەرگە ئوخشاش يالغۇز ئوغرى ئىدىم. بىرەر ھەمراھىم يوق، ھېچ نەرسىنىڭ بۇدىنى قىلالماي سىزلەرنى مىرشەپمىكىن دەپ قورقۇپ تۇرغانىدىم. بىلدىمكى، سىزلەر ئوغرى ئىكەنسىلەر، شۇڭا مېنى ئۆزۈڭلەرگە قوشۇۋالساڭلار يار ھەمدەم بولغايمەن، — دەپ تۇردى. ئوغرىلار پادىشاھنىڭ سۆزىنى خوپ كۆرۈپ، «بولىدۇ» دەپ پادىشاھ بىلەن بەشى يولغا راۋان بولدى. يولدا ماڭغۇچە پادىشاھ تۆت ئوغرى بىلەن باشتىن باشلاپ سۆزلىشىپ، ھەر قايسىڭلارنىڭ قانداق ھۈنىرىڭلار بار ئىدى، — دەپ سورىدى. ئوغرىلارنىڭ چوڭى سۆزلەپ:

— مېنىڭ ھۈنىرىم يولدا تۇرۇپ، دۇنيا بار ئۆينى يىراقتىن مارىلاپ ھىدلىغايمەن، — دېدى. يەنە بىرى سۆزلەپ:

— مېنىڭ ھۈنىرىم سەگ (ئىت) نىڭ تىلىنى بىلەلەيمەن دېسە،

ئاخىر ئامانەتنى ئىگىسى ئالۇر،
شۇكرى لىللاھ يەنە بۇ جان تاپىلماس.

غافىل بولما ئۆتەر ئەرەنلىك يىلى،
ئۆتكەرمە قولۇڭدىن نەۋبەتىڭ ۋەلى،
ئۇل يېرىڭدە قالدى ئەرمەنى گۇلى،
مۇندا ساڭا گۇلۇ رەيھان تاپىلماس.

هۆرلىقا ھەمرانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ شەھەرگە يۈردى. پادىشاھ خۇسرەۋ خۇشال - خۇررەم بولۇپ مىسىرغا يەتتىلەر، شەھەرنى ئائىنىلەر باغلاپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ ئەقدى نىكاھ بىرلە هۆرلىقانى ھەمراغا ئالىپ بەردى. ھەمرانى ئۆز ئورنىدا مىسىرغا پادىشاھ قىلىپ قويۇپ، ئۆزى بۇ ئالەم فانىسىدىن ئاخىرەت باقىغا رىھلەت قىلدى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مەمتىلى سايىت**

سىرتىغا چىقىپ كەتتى. كۆتمىگەندە ئۇلار بىر گۆرستانلىققا يېتىپ باردى. گۆرستانلىقتا تۆت - بەش گۆر ۋە گۈمبەز بار بولۇپ، ئۇلار بىر پىنھان شەمەگورغا كىرىپ ھاردۇقتا ئۇخلاپ ياتتى. ئويغانسا ئالەم پۈتۈن ۋاقتى بولۇپتۇ. سىرتقا چىقايلى دېسە تۇتۇلۇپ قېلىشتىن قورقۇپ ھېچ يەرگە بارالمىدى. ئاخىرى ئوغرىلارنىڭ چوڭى:

— بىرىڭلار كىرىپ شەھەردىن نان ئېلىپ چىقىڭلار، قورساقنى تويغۇزايلى، — دېدى. پادشاھ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن ئېلىپ چىقاي، — دەپ بىر ئارقا كوچا بىلەن مېڭىپ ئوردىسىغا كىردى ۋە دەرھال پادشاھلىق تەختىگە چىقىپ ئولتۇردى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە پادشاھنىڭ خەزىنىچىلىرى باش - كۆزلىرىگە ئۇرۇپ:

— ئەي پادشاھى ئالەم، كېچىدىن خەزىنىگە بەش ئوغرى كىرىپ كۆتۈرۈشچە جەۋاھىرلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپدۇر. ئىزىنى ھېچ قايان چىقىرالمىدۇق، — دېدى.

پادشاھ ئۇلارنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلاپ قاھقاھلاپ كۈلۈپ:

— پالان شەمەگوردا تۆت ئوغرى بار، تۇتۇپ كېلىڭلار، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن جاللات، ياساۋۇللار بېرىپ ئوغرىلارنى تۇتۇپ كەلدى. پادشاھ ئوغرىلارنى كۆرۈپ جاللاتلارغا:

— بۇ ئوغرىلارنى ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈڭلار، — دېدى. جاللاتلار ئوغرىلارنى ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ ماڭغاندا، ئوغرىلارنىڭ چوڭى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئوڭ بۇرۇتلىرى تەۋرەپ ئۆلۈمگە كەتتۇق، چەپ بۇرۇتلىرى تەۋرەيدىغان ۋاقىتلىرى يېقىنلاشتىمۇ، — دېدى.

پادشاھ ئوغرىنىڭ سۆزىگە كۈلۈپ كېتىپ، ئۇلارنى ياندۇرۇڭلار دەپ، ئوغرىلارنى باغلاقتىن ئاجرىتىپ كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ، باشتىن - ئاياغ كىيىم كىيگۈزۈپ، ئوڭ قول، سول قول ۋەزىر قىلىپ خىزمەتلىرىگە سالدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى، بۇ ئوغرىلارغا دۆلەت يارىشىپ بايغا ئايلاندى.

شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئوردا ئىچىگە بىر قەلەندەر كىرىپ كەلدى. قەلەندەردە يا سالام، يا دۇئا يوق، قاراپ تۇردى. پادشاھنىڭ كۆزى

يەنە بىرى سۆزلەپ:
— مېنىڭ ھۈنىرىم كېچىلەپ بىر كۆرگەن ئادەمنى ئون يىل ئۆتسىمۇ تونۇغايمەن، — دېدى. يەنە بىرى:
— مەن يەرنى بۇزماستىن لەخمە ئويۇپ، كىرگەن يەردىن يانىپ چىققايمەن، — دېدى.
بۇ تۆت ئوغرى پادىشاھتىن سورىدى:
— مېنىڭ بىر ھۈنىرىم باركى، ھېچ ئادەمدە يوقتۇر، ئەگەر ئوڭ بۇرۇتۇمنى بىر قېتىم تەۋرەتسەم مىڭ ئادەم بولسىمۇ ئۆلۈمگە كېتەر، ئەگەر چەپ بۇرۇتۇمنى بىر تەۋرەتسەم مىڭ ئادەم بولسىمۇ ئۆلۈمدىن خالاس بولىدۇ، دېدى. پادىشاھ باشلىغ تۆت ئوغرى ئېيتىپ:
— ئەي دۇنيانى ھىدلايدىغان بۇرادەر، بىرھىدلاپ باققىن، كىمنىڭ ئۆيىدە دۇنيا بار — ، دېدى.
ئول ئوغرى تۆت ئەتراپنى ھىدلاپ ئېيتتىكى:
— پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە جەۋاھىر، ئالتۇن، كۈمۈش تولا ئىكەن دەپ مەسلىھەت بەردى. ئۇلار سۆزلىشىپ، بىر كەمبەغەلنى يىغلاتقۇچە پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە چۆكەيلى دېدى. پادىشاھ:
— شۇنداق قىلايلى، سىزلەر بىر تولۇم كۆتۈرۈشىسىزلەر، مېنىڭ ئىككى تولۇم كۆتۈرگۈچىلىك كۈچۈم بار، — دېدى. ئەۋۋەل تام تېشىدىغان ئۇستا ئوغرى يىراقتىن، كونا تاملىقتىن لەخمە ئويۇپ تۇرار ئىدى. پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ساقلايدىغان ئۈچ مىڭ تىللالىق ئىككى تايغان بار بولۇپ، ئوغرىلارنىڭ ئۈستىگە قاۋاپ كەلدى. ئىتنىڭ تىلىنى بىلىمەن دېگەن ئوغرى سۆزلەپ:
— شوك تۇرۇڭلار، بۇ ئىتلار «ئىگىسى بىللە» دەپ قاۋايدۇ، «يولدىن قوشۇلغان بۇ ئادەمدە ئىشەنچ يوق. پادىشاھنىڭ ئادەملىرى ئوخشايدۇ» دەپ پادىشاھتىن گۇمانلىنىپ، پادىشاھنى قىيىن، قىستاققا ئالدى. پادىشاھ قىيىن- قىستاققا چىداپ تۇرۇپ:
— مەن مۇشۇ ئەھۋالىم بىلەن قانداقمۇ پادىشاھنىڭ خادىملىرىدىن بولالايمەن، — دېگەندى، بۇ ئوغرىلار «ئىتنىڭ قاۋىشىغىمۇ ئىشىنەرمىزمۇ» دەپ، لەخمە بىلەن كىرىپ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىن كۆتۈرۈشچە ئېلىپ تاڭ ئېتىشتىن ئەۋۋەل شەھەرنىڭ

ـــ كۈن مەشرىقتىن چىقىپ مەغرىبتە ئولتۇرىدۇ، ـــ دېدى.
ۋەزىر ھەيران بولۇپ يەنە سورىدى:
ـــ ئەي قەلەندەر، ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقى نەچچە يىللىق يول، ـــ دېدى. قەلەندەر جاۋاب بېرىپ:
ـــ يەر بىلەن ئاسماننىڭ ئارىلىقى ئادەم قاراغۇچىلىك يول، ـــ دېدى. ۋەزىر:
ـــبەش يۈز يىللىق يول ئەمەسمۇ؟ ـــ دېدى. قەلەندەر:
ـــ مەن يەردە تۇرۇپ ئاسمانغا قارىسام ئاسماننى كۆرىمەن ئەمەسمۇ، ـــ دېدى. ۋەزىر:
ـــ يەنە ئىككى ئېغىز سوئالىم بار، ـــ دېدى. قەلەندەر:
ـــ سېنىڭ ھاجىتىڭ ماڭا چۈشۈپتۇ، مېنىڭ ساڭا ھاجىتىم يوق. مەسىلە سورىغان ئادەم ئېگىزدە تۇرسۇن، جاۋاب بېرىدىغان ئادەم پەستە تۇرۇپ جاۋاب بەرسۇن دەپتۇ. شۇڭا مەندىن مەسىلە سورىماقچى بولساڭ ئاتتىن چۈشكىن، مەن ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ ئاندىن سوئالىڭغا جاۋاب بېرەي دېدى. ۋەزىر ئاتتىن چۈشتى. قەلەندەر ئاتقا مىنمەكچى بولۇپ ئاتنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى، ئات قەلەندەرنىڭ جەندە كۆلاھىدىن ئۈركۈپ ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمىدى. قەلەندەر:
ـــ ئات مېنىڭ جەندە كۆلاھىمدىن ئۈركۈپ يېقىن كەلتۈرمىدى. سەن باشتىن - ئاياغ كىيىملىرىڭنى سېلىپ ماڭا بەرگىن، مەن كىيىپ سېنىڭ سۈرىتىڭدە بولۇپ كەلسەم مىنگىلى قويار دېدى. ۋەزىر نائىلاج كىيىملىرىنى سېلىپ بېرىپ، جەندە - كۆلاھنى كىيدى. قەلەندەر ۋەزىرنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ تىللانى ئېلىپ ئاتقا مىندى ۋە تىللانى ئاتنىڭ ئىگىرىگە مەھكەم چېگىپ تۇرۇپ: سوئالىڭنى سورىغىل دېدى. ۋەزىر سوئال سوراپ:
ـــ خۇدايىم ھازىر نېمە ئىش قىلىدۇ، ـــ دېدى. قەلەندەر جاۋاب بېرىپ:
ـــ خۇدايىم ھازىر مەندەك دۇنيا كۆرمىگەن ئاجىزغە نەق مىڭ تىللا بەردى ـــ دېدى. ۋەزىر ھەيران بولۇپ يەنە سورىدى:
ـــ خۇدايىم ئاش ۋاقتىدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ قەلەندەر جاۋاب بېرىپ:

ھېلىقى قەلەندەرگە چۈشتى. پادىشاھ «بۇ كىشىدە بىر سىر - ئەسرار باردەك قىلىدۇ» دەپ ئويلاپ، شەرەت بىلەن مەسىلە سورىماق ئۈچۈن، ئېغىزىنى ئاچماي باشىنى سىلىدى. قەلەندەر: «باش تىلدىن كېتىدۇ» دەپ تىلىنى چىقىرىپ، شەرەت بىلەن جاۋاب بەردى. پادىشاھ يەنە سوراپ، «ئادەمنىڭ يۈزى قەيەردىن كېتىدۇ» دەپ يۈزىنى سىلاپ ئىدى، قەلەندەر: «ئادەمنىڭ يۈزى نەپسىدىن كېتىدۇ» دەپ گېلىنى سىلاپ جاۋاب بەردى. پادىشاھ قەلەندەرنىڭ ئىشارەتلىك جاۋابىدىن خۇشال بولۇپ:

— ھەي خەزىنىچىلەر، بۇ قەلەندەرگە باشتىن - ئاياغ ئېسىل كىيىم بىلەن، مىڭ تىللا ئىنئام قىلىڭلار دەپ ئەمىر قىلدى. خەزىنىچىلەر باشتىن - ئاياغ ئېسىل كىيىملەر بىلەن مىڭ تىللانى ئېلىپ چىقىپ قەلەندەرگە بەردى، قەلەندەر ياخشى دۇئالارنى قىلىپ چىقىپ كەتتى. قەلەندەرگە بەرگەن ئىنئامغا ئوغرى ۋەزىرلەر چىدىماي:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ قەلەندەر يا سالام قىلمىسا، يا دۇئا قىلمىسا، مىڭ تىللا بىلەن كىيىمنى بەرگىنىڭىز دۇرۇس بولمىدى. مەن ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ سوئال سوراپ، ياكى زۇلۇم بىلەن، ياكى سىپاھگەرچىلىك بىلەن بەرگەن ئىنئامنى قايتۇرۇپ كەلسەم رازى بولارسىزمۇ، — دېدى. پادىشاھ:

— ئاناڭ ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان بولسا ئۆزۈڭ چاغلاپ بىر ئىش قىلىپ ئېلىپ كەلسەڭ، تىللا سېنىڭ بولسۇن دېدى. ۋەزىر بولسا بىر ئارغىماقنى مىنىپ پەرۋەز قىلىپ قەلەندەرنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ:

— ھەي قەلەندەر توختاغىن، سەندىن سورايدىغان سوئالىم بار، — دېدى. قەلەندەر توختاپ:

— نېمە سوئالىڭ بار دېدى. ۋەزىر سوراپ:

— مەغرىبتىن مەشرىققىچە نەچچە يىللىق يول، — دېدى قەلەندەر جاۋاب بېرىپ:

— بىر كۈنلۈك يول، — دېدى. ۋەزىر:

— قانداق بولۇپ بىر كۈنلۈك يول بولىدۇ، — دېدى. قەلەند جاۋاب بېرىپ:

پادىشاھلىقىقا تەۋە قازى، مۇفتى، بەگ دېگەندەك ئەمەلدارلارغا نۇرغۇنلىغان سوۋغا ـ ئىنئاملارنى تارقىتىپ بېرىپ، ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋالدى. كۈنلەر ئۆتۈپ ئاخىرى قىرىق كۈن توشتى. پادىشاھى ئادىل ۋەزىر ـ ئۆمىرالىرىنى جەمئىي قىلىپ:

— ئەي ۋەزىر ـ ئۆمرالار، مەن پادىشاھلىقىمنى قىرىق كۈنلۈك مۆھلەتتە قەلەندەرگە ئىنئام قىلغانىدىم، ھازىر بولسا ھاكىمىيەت ئۇ قەلەندەرلەرنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇلار بولسا شەھەر خەلقىگە ناھايىتى كۆپ كالا، تۆگە، قويلارنى ئۆلتۈرۈپ، يۇرتلارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئاۋامنىڭ قەلبىنى مايىل قىلدى. قانداق قىلساق بولار؟ دەپ مەسلىھەت سالدى.

ۋەزىر ـ ئۆمرالار: «ئەمدى مۆھلەت توشتى، شۇڭا قەلەندەرلەرنى چاقىرىپ تاماق راستلاپ ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلەن ھاكىمىيەتنى تەلەپ قىلايلى» دەپ مەسلىھەت بەردى. شۇ مەسلىھەت بىلەن قەلەندەرلەرنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ پادىشاھى ئادىل بۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

ئادالەتلىك شاھىم ـ سۇلتان، ۋەئىدە ئۆزرە ۋەپا قىلغىل،
ھاجىتىمنى رەۋا ئەيلە. نامەردلەرگە جاپا قىلغىل،
جانانىلگە جانىم قۇربان، مۆئمىنلەرنى رىزا قىلغىل،
كۆز ياشىمنى سىياھ ئەيلە. جەماللىلاھ لىقا قىلغىل.

سۇلايماندەك سۇلتان بولساڭ، ئادىل شاھەن ھالىم ئېيتاي،
جاھان ئىچرە دەۋران سورسەڭ، قىرىق كۈن بولدى جانىم نىتاي.
نۇشىرۋاندەك ئادىل بولساڭ، سۇلتانىمغە پەرياد ئېيتاي،
ئەرىزداشىم ئادا ئەيلە. دۇشمەنلەردىن جۇدا ئەيلە.

— ئەي سۇلتانە، ئالەم ھەقتەئالانىڭ رىزالىقى بىلەن، پادىشاھلىقىمنى قىرىق كۈنلۈك تۆھپە قىلغانىدىم. ئەمدى ۋەدىگە ۋەفا قىلماق كېرەك، — دېدى. قەلەندەرلەر بولسا شەھەر خەلقىگە قاراپ بۇ ئىشنى شەھەر خەلقى ئايرىسۇن دەپ:

— خۇدايىم ئاش ۋاقتىدا دۇنيانى كۆتۈرەلمەي، مەندەك ھارغ
قەلەندەرگە شۇنداق ياخشى ئارغىماق ئاتنى بىرۇر، — دېدى. ۋەزىر ي
سوراپ:
— خۇدايىم چۈش ۋاقتىدا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ دېدى. قەلەند
جاۋاب بېرىپ:
— خـۇدايىم چۈش ۋاقتىدا ئاتقا مىنگەن ئادەمنىڭ ئېتىنى
چۇلۋۇرىنى تۇتۇۋېلىپ ماڭغىلى قويمىغاننىڭ باشىغا تەياق بىرەرد
دەپ ۋەزىرنىڭ باشىغا بەش - ئون قامچا ئۇرۇپ، باش - كۆزلىرىن
يېرىپ، قورقۇتۇپ ئالدىغا سېلىپ سۈرەپ، ئوردىغا ھەيدەپ كىردى
پـادىشاھ ۋەزىر بىلەن قەلەندەرنى بۇنداق ھەلەتتە كۆرۈپ، ۋەزىر
كايىدى ۋە قەلەندەرگە قاراپ:
— ئـەي قـەلەندەر، تاپقان ئاتاڭغا، تۇغقان ئاناڭغا رەھمەت
سېنىڭ قىلغان بۇ ئىشلىرىڭ ئۇچۇن ئەتە، ئۆگۈن كېلىپ مەندىن
قىممەتراق نەرسە تىلەپ ئالغىن، — دەپ قەلەندەرنى يولغا سالدى. تۆ
كـۈنـدىـن كـېـيىن قەلەندەر كېلىپ، پادىشاھتىن قىرىق كۈنلۈك
پادىشاھلىقنى تەلەپ قىلدى.
پادىشاھ:
— قىرىق كۈنلۈك پادىشاھلىقنى بەردىم، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن
قەلەندەر پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ ئولتۇردى ھەمدە بىر - ئىككىدى
ۋەيرانە قەلەندەرلەر پەيدا بولۇپ، ئوردىدا قەلەندەرلەر يەتتە كىشى
يەتتى. شۇنداق قىلىپ ئەۋۋەلقى قەلەندەر پادىشاھ بولدى، قالغا
ئالتىسى ۋەزىر بولدى.
ئـەمـدى گەپنى پادىشاھى ئادىلدىن ئاڭلايلى: پادىشاھى ئادى
پادىشاھلىقنى قەلەندەرگە بەرگەندىن كېيىن، خانىش بىلەن ئىكك
پـەرزەندىنى ئېلىپ شەھەرنىڭ تېشىدا ياسىتىپ قويغان چاھار باغ
ئورۇنلاشتى.
قـەلەندەرلەر بولسا شەھەر خەلقىگە يارلىق چىقىرىپ: «قىر
كۈنگىچە ھەممە پۇقرالار خاتىرجەم ياشاڭلار، ھەر كۈنلۈكى ئۈچۈ
تـامـىـقىڭلار پادىشاھلىقتىن بولىدۇ» دەپ ھەر كۈنى كالا، قوي
تۆگىلەرنى ئۆلتۈرۈپ شەھەر خەلقىگە تارقىتىپ بەردى ھەمدە پۈت

چۇشىدۇ. ئۇنداق قىلمىسىڭىز، ئۇ باشقا شەھەر ۋە ئەلگە خەت يېزىپ، ئاخىرى سىزدىن شەھەرنى ۋە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ سىزنى پاراكەندە قىلىدۇ، — دېدى. قەلەندەرگە بۇ سۆز خۇشياقتى. قەلەندەر:

— ئانداق بولسا ئەتە تۆت دار ياساتقىلار. ئۇلارنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپ كۆڭۈلنى خاتىرجەم قىلايلى، — دېدى. ئۇ بۇ پادىشاھى ئادىلنىڭ بىر يېقىن مەھرەمى بار ئىدى. ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھى ئادىلغا ئىچى ئاغرىپ يېرىم كېچە بىلەن پادىشاھى ئادىلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆگزىگە چىقىپ، «سىزنى قەلەندەر ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ» دەپ قانلىق ياش تۆكۈپ، ئاھ ئۇرۇپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەرزىمنى ئىشتىكىل ئەي پادىشاھىم،
دۇنيادا سېنىڭدەك بىغەم بولۇرمۇ؟
تۈگىمەس ھەسرەتلىغ تەندە بۇ جانىم،
يۈلتۈزلار ئەشكىڭدىن شەبنەم بولۇرمۇ؟

باغىڭدا ئاچىلىپ ياخشى چىمەنلەر،
چىمەنلەردە سايرىشۇر ياخشى بۇلبۇللار،
ساڭا مۇنىس بولغان ياخشى ئوغۇللار،
قانلار تۆكۈپ يەنە شەبنەم بولۇرمۇ؟

ھۆكۈم سۈردى ئۇشۇل كۈنى قەلەندەر،
غەمكىن بولۇر يۈزۈڭگە چۈشكەن ئاي، كۈنلەر،
مەھرەم بولغان قۇلۇڭدۇرمەن مۇقەررەر،
ساڭا يىغلاپ ئەرزىم ئادا بولۇرمۇ؟

تاڭلا سېنى بۇيرۇپ دارغا ئاسارلەر،
ئۇ شۇل بەد بەخت قولۇڭنى باغلاپ چىقارلەر،
ئىككى ئوغلۇڭ ھەم قاننى ساچارلەر،
خانىماندىن سەندەك جۇدا بولۇرمۇ؟

— ئەي شەھەر خەلقى، سىزلەر بۇ ئىشقا نېمە دەيسىلەر، — ۋارقىـرىـدى. بـارلىق ۋەزىر - ئۆمرالار، قازى، مۇفتى، بەگ شەھەردىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسى:

— ئـادىـل پـادىـشـاھ خـۇدا بـەرگـەن دۆلەتنى كۆتۈرەل پـادىشاھلىقنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەردى، بىزلەر ئۆزلىرىدىن ب كىشىنى پادىشاھ قىلماسمىز، — دېدى. قەلەندەر، ئەلەم - قاز مۇفتىلارغا قاراپ:

— سىزلەر نېمە دەيسىلەر، — دېدى. ئۇلارمۇ:

— خۇدا يولىدا بەرگەن نەرسە شەرىئەتتە يانمايدۇ. شۇڭا بىزلە رەھىم قىلغايلا پادىشاھى ئالەم، — دېدى. پادىشاھى ئادىل ھەيىر بولۇپ چاھار باغقا كېلىپ بولغان ۋەقەنى مـەلـىكە گـۇل چېھرە بىر - بىر بايان قىلدى. مەلىكە پادىشاھىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:

— ئەسلى قەلەندەر دېگەن بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىپ كەلسە، نان بېرىپ يولغا سېلىش قائىدە ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇنىمسا تاياقتە ئۆزگىسى بىكار ئىدى. ھالا بۇگۇنگە كەلگەندە پادىشاھلىقنى بېرد خەزىنىدىكى دەپىنە - دۇنيانى تارتتۇرۇپ قويۇپ ئىدۇق، ئۇلار تەيې خەزىنە بىلەن ئەل كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، بىزلەرنى ئاۋارە قىلىدىغا بولدى. ئەمدى كۇنىمىز قانداق بولاركى؟ دېدى.

قـەلـەنـدەرلـەر بولسا پادىشاھلىقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن شەھەرمۇ شەھەر يارلىق چىقىرىپ: «بارلىق پۇقرالاردىن ئۈچ يىلغىچ قەلەندەرنىڭ بۇ ياخشىلىق ۋە ئىلتىپاتىغا خۇشھال بولۇپ: «مۇنداق ئادىل پادىشاھ جاھانغا كەلمەس» دەپ پادىشاھىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا دائىم دۇئا قىلىدىغان بولدى. ئالىۋان ئالمايمەن» دەپ جاكارلىدى. ئاۋا

ئـەلـقىسسە: جاسۇس ۋەزىرلەر قەلەندەرنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ خۇشامەت قىلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سىزگە يۈز يىگىرمە تۆت شەھەر تابىئى بولۇپتۇر. شۇنداق بولسىمۇ سىزگە يەنە دۈشمەنمۇ تولادۇر، شۇڭا سىز دۈشمەننى يوق قىلىمەن دېسىڭىز ئالدى بىلەن پادىشاھى ئادىلنى، ئايالىنى ۋە ئىككى پەرزەندىنى ئۆلتۈرسىڭىز ئاندىن كۆڭلىڭىز جايىغا

پەلەك چەكتى كۆككە مېنىڭ گەردىمنى،
ئادا بولماس دەپتەر قىلسام دەردىمنى،
ئەزىز ئەيلەدىم گىريان قىلدىم دەردىمنى،
بۈگۈن بىزگە قاراقچىلاردىن ئامان بەر.

ئەزىز روھىم چىقار تەندىن بۇ جانىم،
يۈرەكىمدە داغى - دەردىم، ئارمانىم،
رەھىم ئەيلەگىل قولۇڭغە سەن رەھمانىم،
بۈگۈن بىزگە قاراقچىلاردىن ئامان بەر.

رەسۇلىللاھ پەيغەمبەرلەر سەردارى،
چاھاريارلار ئاسىيلارنىڭ رەھبەرى،
ھەسەن - ھۈسەيىن شەھىدلارنىڭ سەردارى،
بۈگۈن بىزگە قاراقچىلاردىن ئامان بەر.

ئەرشى كۈرسى لەۋھى قەلەم مۇقەررەر،
يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ ئۆتكەن پەيغەمبەر،
بۇ دۇنيادىن بارچەسى قىلدى سەپەر،
بۈگۈن بىزگە قاراقچىلاردىن ئامان بەر.

ئادىل شاھەن بۇ تەندەدۇر ھاياتىم،
بۈگۈن ساڭا يېتەر مېنىڭ پەريادىم،
غەمدىن ماڭا بەرگىل بۇدەم نىجاتىم،
بۈگۈن بىزگە قاراقچىلاردىن ئامان بەر.

مۇناجات تۈگىگىچە قاراقچىلار ھەر تەرەپنى ئىزدەپ، ئۇلارنى تاپالماي قىلىچلىرىنى قېنىغا سېلىپ تاغ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. پادىشاھ بولسا ئۆتىنىڭ يىلتىزىنى كولاپ ئوزۇقلۇق قىلىپ يەپ، يەنە يىگىرمە تۆت كۈن يول يۈرۈپ بىر جايغا كېلىپ چۈشتى.

قولاق سېلىپ ئىشتكىل مېنىڭ ئەرزىمنى،
ئاڭلامىسۇن ھېچكىشى، ساچار قانىمنى،
ئېزىز جاندىن جۇدا قىلۇر گۇل چېھرە خانىمنى،
تۆت كىشىگە ئۆلۈم رەۋا بولۇرمۇ؟

مەھرەم بالا يانىپ كەتتى، پادىشاھى ئادىل بۇ سۆزلەرنى ئاڭلا ئاھ - پەرياد چەكتى. دادى ھېچكىمگە يەتمىدى. كېچە يېرىم بىلـ تۆت ئاتقا مىنىپ، تۆت ئاتقا ئالتۇن - كۇمۇشلەرنى يۈكل چاھارباغدىن چىقىپ كەتتى. شۇ قاچقانچە ئۈچ كېچە - كۇندۇز يو يۈرۈپ، بىر تاغنىڭ باغرىدىكى غارغا چۈشۈپ ياتتى. مەلىكە گۈ چېھرە بىلەن ئىككى بالىسى ئۇيقۇغا پېتىپ ئۇخلاپ قالدى. پادىشاھ غەم بېسىپ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. تۈن يېرىم بولغاندا تاغ ئۈستىدە بىر غوۋغا پەيدا بولدى، پادىشاھ ئاينىڭ يورۇقىدا قارىسا ئون ئاتلـ قاراقچى غار تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ. پادىشاھ دەرھال مەلىكە بىلە ئىككى پەرزەندىنى ئېلىپ، بىر تاشنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇندى قاراقچىلار سەككىز ئات بىلەن ئالتۇن - كۇمۇشلەرنى ئالدى ۋ بىر - بىرسىگە: بۇ ماللارنىڭ ئىگىسىنى تېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتسەك ياخشى بولاتتى دەپ تەرەپ - تەرەپنى ئاختۇردى. پادىشاھى ئادىل بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ زار - زار يىغلاپ ياش تۆكۈپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئالەمنى ياراتقان قادىر خۇدايىم،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىلاردىن ئامان بەر.
ئەۋۋەل ئاخىر سەنسەن مېنىڭ پاناھىم،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىلاردىن ئامان بەر.

نەقىلايمەن بۇ كۈن بولدۇم بىچارە،
خارۇ - زارۇ ھەيران بولۇپ ئاۋارە،
رەھىم ئەيلەگىل قويمە مېنى بۇ زارە،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىلاردىن ئامان بەر.

ئەسلا خاتىرلىرىغە كەلمىسۇن، ئەگەر خاتىرجەم بولالمىسلا بۇ ئوغۇللاردىن بىرنى بىزگە ھەمراھ قىلىپ قويسىلا، مەن بىر ھاجەتمەن دەپ «غېرىب بولۇپ»، ياشنى ئاققۇزۇپ يىغلاپ تۇردى. پادشاھ سۆزلەپ:

— ئۇنداق بولسا ھاجەتلىرى راۋا بولسۇن، بىزنىڭ بولسا يېگىلى ھېچنەرسىمىز يوق، يېگىلى بىرەر نەرسىمۇ ھاسىل بولسا شۇنىڭ بىلەن بىرەر مەنزىلگە يېتەرمىز، — دەپ، شاھ پەرۇخ دېگەن ئوغلىنى ھەمراھ قىلىپ مەلىكىگە ماقۇل بولدى. بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن، سودىگەر شاھ پەرۇخ دېگەن ئوغۇلنىڭ باشىغا تۆت - بەش قامچا ئۇرۇپ مەلىكىنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ قاچتى. پەرۇخ كېچىدە ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي زار - زار يىغلاپ، ئاتاسىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئەي ئاتا ئۇ ھىيلىگەر، هارامزادە ئىكەن، مېنى ئۇرۇپ ئانامنى ئېلىپ قاچتى، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادشاھ ھوشىدىن كېتىپ، يەنە ھوشىغا كېلىپ يىغلاپ:

— بۇ قاراقچى ئىكەن، يەنە قاراقچىلار بىزگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمىگەي، بۇ يەردىن تېزدىن كېتەيلى دەپ ئىككى بالىسىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى، يولىدا يىغلاپ ياش تۆكۈپ:

مېنى سالدى ھېجران چۆلىگە،
پايتەختىم ئاندا قالدى.
كەلمەس بەختىم ئەندى قولغە،
تاجى تەختىم ئاندا قالدى.

زەئىپرانىدەك رەڭگى - روھىم،
دۇتا بولدى قەددى بويۇم،
غېرىبلىقتە دۇئا كويۇم،
خۇش ئاشىيانلەر ئاندا قالدى.

ئەجەب بولدى زامانەلەر،
ھالىم بىلمەس ھەم نادانلەر،
ھەمدەم بولغان دوست - يارانلەر،
زار يىغلاپ ئاندا قالدى.

كۆنلەر تۇشۇبدۇر باشىمە،
زەھەر قۇشۇبدۇر ئاشىمە،
تۇپراق بولدى كۆز ياشىمە،
خۇش جۇۋانلەر ئاندا قالدى.

ئەلقىسسە: شامدىن بەش يۈز تۆگىلىك كارۋان سودىگەر يولغا چىقىپ بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر مەنزىلگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ بىر سەردارى بار بولۇپ، تۆت - بەش بەردەم يىگىتنى ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ، بۇ سەردارلارنى بەش يۈز سودىگەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاشقا قويۇپ، ئۆزى تاغ ئۈستىگە قارىسا، يىراقتا ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «ئۇ يەردە قاراقچى بار ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلەي» دەپ يېقىن بېرىپ، قىرىق ياشلاردىكى بىر قارا ساقال كىشىنى كۆردى. يېنىدا بولسا قىزىل گۈلدەك ئىككى بالا ئولتۇرغۇدەك، چوڭىنىڭ يېشى ئون تۆت ياشتا، كىچىكىنىڭ يېشى ئون ئىككى ياشتا، يەنە يىگىرمە تۆت ياشلىق بىر مەلىكە ئولتۇرغىدەك، جامالى قۇياشتەك چىرايلىق ئىكەن. سودىگەرلەرنىڭ سەردارى بۇ گۈزەل مەلىكىنى كۆرۈپ، ئاشىق شەيدا بولدى ۋە بىللە كەلگەنلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزى ئاتتىن چۈشۈپ پادىشاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ پاتىھە ئوقۇدىلەر، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ قول باغلاپ تۇرۇپ:

— ئەلھەمدۇلىللاھ، مۇرادىم ھاسىل بولدى. مېنىڭ باشقۇرۇشىمدا بەش يۈز سودىگەر بىللە ئىدۇق، بۇ جايغا كەلگىلى تۆت - بەش كۈن بولدى. ئايالىم سەپەرگە بىللە چىققان بولۇپ، ئېغىرئاياغ ئىدى. بىر كۈن بولدى، تۇغۇت ئاغرىقى تۇتۇپ كەتتى، بالا يا تۇغۇلمىدى. بىر ئايال كىشى يوق، بىزنىڭ قولىمىز ھېچ ئىشقا كەلمىدى. ئايالىمنىڭ ئاغرىق ئازابىغا تاقەت قىلالماي بىر ئايال كىشى ئىزدەپ چىقىپ ئىدىم، بۇ يەردە سىزلەرنى ئۇچراتتىم، شۇڭا ئايالىڭىز بارىپ ئايالىمنىڭ يېنىدا بىر سائەت ئولتۇرۇپ بەرسە، ئۇنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىدىن ئايالىمنىڭ كۆزى ئاسانراق يورۇسا، بارغان ھەققىنى بەرسەم، مەلىكىلىرىنى ئىش تۈگىگەندە قاشلىرىغا ئەكىلىپ قويسام، ساۋابلىق ئۈچۈن ئىلتىپات قىلسىلا، — دەپ ھىيلە ئويلاپ تۇردى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— سىزگە بۇ مەلىكە نامەھرەمدۇر، دۇرۇس بولماس، — دېدى. سودىگەر يىگىت:

— ئەي ئاتا، بۇ مەلىكە مېنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىمدۇر. بۇ ئىش

مۇڭداش غەمگۇزارىمدىن جۇدا قىلدىڭ، ئەمدى جاندىن ئەزىز قىزىل گۈلدەك ئىككى پەرزەندىمدىن جۇدا قىلدىڭ، ھەرنە قىلساڭ قۇدرەت سەندە، مەن بىر ئاجىز بەندەڭدۇرمەن. بۇلارنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم، — دېدى. يول بېسىپ كۆزىدىن ياش ئورنىغا قان يىغلاپ:

ئالەمنى ياراتقان قۇدرەتلىك رەھمان،
قەدىمى قۇدرەتتىن رەمان ئەيلەدىڭ.
بارچەلەرنىڭ پاناھى قۇدرەتلىك يادەييان،
قۇدرەتىڭنى ھەممىگە ئەيان ئەيلەدىڭ.

بىر ئاتىڭ رەھىمدۇر، رەھمان بىر ئاتىڭ،
يېتىشمەس ھېچكىشى قەدىمدۇر زاتىڭ،
كەرىمدۇر بىر ئىسمىڭ ھەم زاتى پاكىڭ،
جەھاننى قەدىمدىن مىزان ئەيلەدىڭ.

قۇدرىتىمنى بىلسۇن دەپ ئەيلەدىڭ زاھىر،
قۇدرەتىڭدىن ياراتىپ ئەيلەدىڭ زاھىر،
جۇملە مالائىكدۇرۇر بۇلارغا نازىر،
جەننەت ئىچرە ئادەمنى ئەئيان ئەيلەدىڭ.

مۇنىس روزگار قىلىپ ئادەمگە ھەۋۋا،
جەننەتدە ياراتىپ كامىللار مەئۋا،
خوشھالىقدىن بولار قىلاشىپ سەدا،
بۇ ئىكى بەندەڭگە يەرنى ماكان ئەيلەدىڭ.

ئاجايىپ سايراشىپ چىمەندە بۇلبۇللەر،
ئاچىلىپ جەننەتدە رەڭگارەڭ گۈللەر،
ئاجايىپ سۇنئىڭدىن ياراتىپ قۇللەر،
خىزمەتىدە ھۆرىلەر غىلمان ئەيلەدىڭ.

پەلەك بۇزدى مېنىڭ شەئنىمنى، ئادىل شاھدۇر مېنىڭ ئاتىم،
ئوتقە سالدى مېنىڭ كانىمنى، ئەجەب بولدى قارا بەختىم،
ھېچكىم بىلمەس مېنىڭ ھالىمنى، ماھى تابان گۈلچېھرىم،
قەدىردانلار ئاندا قالدى. قاراقچىلار قولىدا قالدى.

دەپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئوتلارنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يەپ، ئوتتۇز كۈندە بىر دەرياغا يېتىپ باردى. ئۇ دەريادىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەريا بويىدا تۇرسا بىر ئاتلىق قىرغىز پەيدا بولۇپ پادىشاھى ئادىل بىلەن كۆرۈشۈپ ھال - ئەھۋال سورىدى. پادىشاھ باشىغا چۈشكەن سەرگۈزەشتىسىنى سۆزلەپ بەردى ۋە: دەريادىن ئۆتەلمەي تۇرۇۋاتىمىز، شۇ غەمدە بېشىم قاتتى دەپ يىغلاپ تاشلىدى. پادىشاھنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن قىرغىز:

— مەن بولسام سۇچىدۇرمەن، سىلەرنى ھېچقانداق ھەق ئالماي دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قوياي، — دېدى. پادىشاھ خۇشال بولۇپ ئۇنىڭغا ماقۇل بولدى. قىرغىز:

— مەن سىلەرنى بىر - بىردىن ئۆتكۈزىمەن، — دېدى. پادىشاھ ماقۇل بولدى. قىرغىز پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلى پەرۇخنى ئاتقا مىندۈرۈپ دەرياغا كىردى ۋە:

— ئەي ئادەم، مەن قاراقچىدۇرمەن، بالاڭدىن غەم قىلماغىل، — دەپ دەريادىن ئۆتۈپ كەتتى. پادىشاھ ھەيران، سەرگەردان بولۇپ زار - زار يىغلاپ:

— ئەي ئوغلۇم جەمشىد، ئاناڭدىن ئايرىلدۇق، ئەمدى ئاكاڭدىن ئايرىلدۇق، بىزگە خۇدانىڭ ئىرادىسى شۇنداق ئوخشايدۇ. ئۇنى تارتماسلىققا ئىلاجى يوقتۇر. قولۇڭنى ماڭا بەرگىن، . ئىلاجى قىلىپ بۇ دەريادىن ئۆتەيلى دەپ، شاھ جەمشىدنىڭ قولىنى تۇتۇپ دەرياغا كىردى. ئۇلار دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە سۇ ئۇلغىيىپ خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن پادىشاھ يىقىلىپ، ئوغلى جەمشىد قولىدىن ئاجراپ ئېقىپ كەتتى. پادىشاھ مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا ئوغلى يوق، ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ دەريادىن ئۆتتى ھەمدە:

— ئىبارا خۇدايا ئەۋۋەل خانىمانىمدىن جۇدا قىلدىڭ، ئاندىن

يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ پەيغەمبەر ئۆتتى،
ئاخىر بارچەسىنى قارا يەر يۇتتى،
نەچچە شاھ، كادالەر تۇرمايىن كەتتى،
مۇھەممەدنى ئاخىر زەمان ئەيلەدىڭ.

ئۇلاردۇر ئۇممەتلەرنىڭ سەرۋەرى،
ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ھەيدەرى،
ئەلى ئېرۇر ئۇممەتلەرنىڭ رەھبەرى،
مۇھەممەدكە بۇلارنى ياران ئەيلەدىڭ.

بى ۋافادۇر بىزگە بۇ پانى جەھان،
قۇدرەتىڭدىن ئالەمنى ياراتقان رەھمان،
ساڭا نىسار ئەيلەيىن جانىمنى قۇربان،
ئەجايىپ يەنە بىر زەمان ئەيلەدىڭ.

خانىمانىمدىن جۇدا بولدۇم ئايرىلىپ،
روزىگارىم، پەرزەندىمدىن جۇدا ئەيلەنىپ،
سىنىپدۇر قاناتىم بۇلاردىن ئايرىلىپ،
نەسەۋبدىن مېنى ھەيران ئەيلەدىڭ.

شەھىرىم ئىچرە قالىبدۇر ياخشى يارانلەر،
جۇدا بولۇپ بارچەدىن قالدىم ھەيرانلەر،
ئادىل شاھقە ئەجەب بولدى زامانلەر،
سىنەم داغلاپ كۆزۈمنى گىريان ئەيلەدىڭ.

دەپ مۇناجات ئوقۇپ، ئون تۆت كۈن يول يۈرۈپ بىر دەشت باياۋانغا يېتىپ كەلدى. قارىسا قۇم ئارىسىدا بىر مازار تۇرۇپدۇر، مازارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى يىقىلغان، مەسچىدلىرىنىڭ تام - تورۇسلىرى كونىرىغان، قۇدۇقلارى توپا بىلەن توشقان، ئادەم

بارچە مالائىكىلارغە ئەيلەدىڭ نىدا،
ئادەمگە سەجدەنى قىلدىلەر ئاندا،
ئاداۋەتدىن ئەزازىل قىلدىلەر سەدا،
تەۋاق سالىپ بوينىغە شەيتان ئەيلەدىڭ.

چىقارىپ بۇ دۇنياغا ئادەم، ھەۋۋانى،
ئۇلار ئۇچۇن ياراتىپ پانى جەھاننى،
جۈپتى ئەيلەپ ئىككى ماھ لىقانى،
پەرزەندنى دۇنياغا چەندان ئەيلەدىڭ.

روشەن قىلىپ دۇنيانى ئاي، كۈن ياراتىپ،
نەزەر قىلۇر ئاي، كۈن ئادەمگە باقىپ،
ئادەم نەسلىدىن نەبىي مۇرسەل ياراتىپ،
پەيغەمبەرلىكنى ئاڭا ئەئيان ئەيلەدىڭ.

خۇش ئەيلەدىڭ ھەرنە بولدىلەر دەلىل،
قۇدرەتىڭدىن ئۇلۇغدۇر جەببار، جەلىل،
نەمرۇدنىڭ ئوتىدا كۆيمەدىلەر خەلىل،
كۈپىرالارنى يەر بىلەن يەكسان ئەيلەدىڭ.

تۆت كىتاب ئىبەردىڭ قۇدرەتلىك خۇدا،
تەۋراتنى مۇساغە، ئىنجىلنى ئىيسا،
زەبۇرنى داۋۇدغە، قۇرئاننى مۇستەفا،
بۇ كىتابلار ئاتىنى پەرمان ئەيلدىڭ.

بارچە بەندەڭ يەرگە قارار تاپتىلەر،
بىر نەچچەسى ھۆكۈمىڭنى بەرپا تۆتتىلەر،
ھۆكمىڭگە بىجاندىل قوبۇل بەندىلەر،
قارۇننى يەردە پىنھان ئەيلەدىڭ.

دەريا ئىچرە جانىمنى ئالدى، قاراقچىلار قولىنى باغلاپ،
ھەقدىن ئۆزگە كىملەر بىلدى، ئارمان بىلەن يۈرەك داغلاپ،
ئادىل شاھمەن نىتەي ئەمدى، مېنىڭ ئۈچۈن چەندان يىغلاپ،
جەمشىدىمنى كۆردۈڭلەرمۇ؟ پەرۇخۇمنى كۆردۈڭلەرمۇ؟

دەپ زار - زار يىغلاپ، ئېيتتىكى: ئىيبارا خۇدايا، خانىمانىمدىن، مېھرىبان روزگارىمدىن، جاندىن ئەزىز پەرزەندىمدىن جۇدا بولۇپ بۇ جەزىرىگە كەلگەلى ئون تۆت يىل بولۇبدۇر، ئادەم پەرزەندىنى كۆرمىدىم، جامائەت بىلەن ناماز ئۆتەمىدىم ۋە جۇمە نامازنى ئۆتەمىدىم، دەرگاھىڭدا ئەجەب ئاسى شەرمەندە بولدۇم، ئەمدى ئادەم بار يەرگە بېرىپ ساڭا قۇلچىلىق قىلايكى؛ ئۆزۈم يالاڭاچ، بەدىنىمنى تۈك باستى، ــ دەپ قولىغا بىر ئاسا ئالدى، دەرەخلەرنىڭ ياپرىقىنى، يىلتىزىنى يەپ ئون بىر كۈن يول يۈرۈپ بىر كەنتكە يېتىپ كەلدى، ئاللا تائالاغا شۈكرى - سەنا كەلتۈرۈپ، ئېقىپ تۇرغان سۇدىن ئىچىپ كەنتكە كىردى. خالايىقلار پادشاھنى كۆرۈپ: «بۇگۈن ئالباستى، ئىزىتقۇلار ئاشكارا بولۇپتۇر، يۇرتلارغا ئاپەت يېتىپدۇر» دەپ قېچىپ بىر - بىرىگە خەبەر قىلدى. بارلىق خالايىقلار پادشاھنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ «كەلىمە ئىتەمجىد» نى ئوقۇماققا مەشغۇل بولدى. ئەر - ئايال، چوڭ - كىچىك ھەممىسى پادشاھنى كۆرۈپ: «ئېزىتقۇ، ئالباستى ئاشكارا بولۇپتۇ. بىزگە ئاپەتنى سالىدىغان بولدى» دەپ قېچىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن پادشاھ:

ــ ئىيبارا خۇدايا مەن نېمە بالاغا قالدىم، ھەر قانداق ئادەم مېنى كۆرسە ئالباستى دەپ قاچقىلى تۇردى. بۇ يۇرت قايسى شەھەردۇر، ــ دەپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدى. قارىسا بىر ئاق قۇش ھاۋادا ئەگىپ ئۇچۇپتۇ. نەچچە مىڭ ئەر - ئايال ئۇ قۇشقا قاراپ ھەيرانلىق بىلەن تۇرۇپتۇ، پادشاھنى كىم كۆرسە قېچىپ يېقىن كەلمىدى. ئاخىرى پادشاھ خىجىل بولۇپ، بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇۋىدى، بىر ئادەم پادشاھنى كۆرۈپ قاچتى، پادشاھ قاچقان ئادەمگە قاراپ:

بالىسىنىڭ ئىزناسى يوق، ھېچ جانىۋارلارنىڭ ئىزى چۈشمەپتۇ، دەرەخلەرى قۇرۇپ كەتكەن. قۇدۇق ئەتراپىدىكى ئالما، ئانار، بېھى، ئۈزۈملىرى قۇرۇغىلى تەييار تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇلارنى كۆرۈپ، «بۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش مۇساپىر، غېرىب مازارات ئىكەن. مۇشۇ ماڭا خۇدانىڭ نېسىپ قىلغىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ. مۇشۇ جايدا تائەت - ئىبادەت قىلاي» ، دەپ مازارنىڭ توغ - ئەلەملەرنى قايتىدىن تۇرغۇزۇپ، قۇدۇقتىن توپىلارنى قېزىپ چىقىرىپ سۇ چىقاردى. ئاندىن مەسچىتنىڭ يىقىلغان جايلىرىنى ياماپ چاپلاپ، مېۋىلەرگە سۇ قۇيۇپ كۆكلەتتى، ئۆزى بولسا تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەر تەرەپتىن ھەر خىل جانىۋارلار قۇدۇقتىن سۇ ئىچكىلى كەلدى. پادىشاھ غىزاسىغا ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزدى.

ئەلقىسسە: پادىشاھ ئۇن تۆت يىلنى شۇ جايدا تائەت - ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزدى. كىيگەن ئىگىنلىرى چۈرۈپ يىرتىلىپ يالاڭاچ قالدىلەر. شۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە ھايۋاننىڭ بەدىنىدەك تۈك ئۆسۈپ كۆزىدىن بۆلەك ئەزاسى كۆرۈنمىدى. پادىشاھ ئۆزىنىڭ بۇ ھالىغا ئېچىنىپ ئۇششاق جانىۋارلارغا قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ:

ئۇستۇن تۇرغان تۇتى قۇشلار،
بۇ ھالىمنى كۆردۇڭلەرمۇ؟
خۇش سايرىشىپ تۇتى قۇشلار،
تۇرغانىمنى كۆردۇڭلەرمۇ؟

چۆللەر ئىچرە جانىم قىيناپ،
چۈشكەنىمنى كۆردۇڭلەرمۇ؟

ماچىن ئىچرە زار جەندان،
سىزلەر ئۈچۈن جانىم قۇربان،
شەھىرىم تەختىم كۆشەك ئايۋان،
يارانلارنى كۆردۇڭلەرمۇ؟

قانلار تولدى كۆز ياشىمغە،
كەلمەس ھېچكىم قاشىمغە،
نالە قىلىپ كېچە - كۈندۈز،
يۈرگەنىمنى كۆردۇڭلەرمۇ؟

مېنىڭ بىلەن ھەمدەم بولغان،
دىيدەلەرى پۇرنەم بولغان،
قاراقچىغە ئەسىر بولغان،
گۈلچېھرەنى كۆردۇڭلەرمۇ؟

غېرىب بولۇپ سىينەم داغلاپ،
ئاشىقلارنىڭ يولىن ئويلاپ،

شەيتان لەئىن ئىمانىمغا قەسىد ئېتەر،
ئۇشۇل كۆنى جان جەسەددىن ئايرىلسە.
پەلەك مېنىڭ ئىقبالىمنى پەست ئېتەر،
مېھنەت كېلىپ دۆلەت قولدىن ئايرىلسە.

دۆلەت كېلىپ قونسا چىبىنىڭ باشىغە،
سۇمرۇغ كېلۇر ھەر كۆنى ئانىڭ قاشىغە،
شەكەر بولۇر زەھەر سالسا ئاشىغە،
ئول كۆنى دۆلەت كېلىپ يازىلسە.

مېھنەت كېلىپ دۆلەت كەتسە ئادەمدىن،
كېچە - كۈندۈز كۆلبەت يېتەر ئادەمدىن،
قاچار بارچە ئۆزگەسىلەر ئىماندىن،
پادىشاھلەر خانىماندىن ئايرىلسە.

ئۇچار قۇشدەك قاناتىدىن قارىلۇر،
خانىمانى باد سەرسەردەك سويرالار،
جاندىن ئەزىز پەرزەندىدىن ئايرىلۇر،
غېرىب بولۇپ ئۆز ماكاندىن ئايرىلسە.

ئادىل شاھدەك چېكىپ ئاھۇ نەدامەت،
ئۆلمەي تۇرۇپ بولدى ماڭا قىيامەت،
پەلەك سەندىن كۆردۇم جەفا ئالامەت،
ئامان تاپسام روھۇم تەندىن ئايرىلسە.

دەپ بۇ نەزمىنى ئوقۇپ تۇرار ئىدى، ئۇ قۇش پەسلەپ كەلگەنچە پادىشاھى ئادىلنىڭ باشىغە قوندى. بارلىق شەھەر خەلقى، ۋەزىر، ئۆمرا، ئەركانى دۆلەت ئاكابىر - ئەشرەبلەر قۇشنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. بۇ قۇش قانداق ئادەمنىڭ باشىغە قونغاندۇ؟ قانداق ئادەم بىزگە پادىشاھ بولار؟ دەپ بارسا، قوتازدەك بىر نەرسىنىڭ ئۇستىگە

— ئەي بۇرادەر، مەن ئادەممەن. قاچماغىن، — دەپ ئۇ ئادەمنى قوغلادى. ئۇ ئادەم پەرياد قىلىپ قېچىپ كېتىۋېتىپ يىقىلدى. پادىشاھى ئادىل ئۇ ئادەمنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:

— ئەي بۇرادەر، مەن ئالباستى، ئېزىتقۇ ئەمەس. ئون تۆت يىلنىڭ ئىچىدە ئادەم كۆرمەي، كېيگەن ئىگىن - ئاياغلىرىم چۇرۇپ يىرتىلىپ تۈگىدى. چۆللەردە يۈرۈپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم، — دېدى. ئۇ ئادەم قارىسا، پادىشاھنىڭ ساچلارى بىلىگە چۇشۇبدۇر، پۈتۈن بەدىنىنى ئىككى غېرىچ تۈك بېسىپدۇر، كۆز بىلەن ئېغىزدىن بۆلەك ئەزاسىنى پەرق ئېتىش مۇمكىن بولمايدۇر، ئۇ ئادەم پادىشاھنىڭ «مەن ئادەم» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ئاندىن يۈرەكى جايىغا چۇشۇپ، قاراپ تۇردى. پادىشاھ سوراپ:

— ئەي بۇرادەر، بۇ شەھەر قايسى شەھەر، بۇ خالايىققا ھېيت بولدىمۇ ياكى بىرەر ئويۇن بولدىمۇ، نېمە ئىش بولدى، — دېدى. ئۇ ئادەم كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ:

— بۇ شەھەرنى «كۆكچى خانيارىبەگ[1] شەھىرى» دەيدۇ، پادىشاھىمىز ئۆلۈپ كەتكەنىدى، دۆلەت قۇشى دەپ بىر ئاق قۇش بار بولۇپ ئۇنى ھاۋاغا قويۇپ بەردى، قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇنى پادىشاھ قىلماقچى. ھالا قىرىق كۈن بولدى، ئۇ قۇش يەرگە چۇشمەيدۇ، يا ھېچكىمنىڭ باشىغە قونمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خالايىق كېچە - كۈندۈز، ئۇ قۇشقا ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ شەھەرنىڭ قائىدىسى شۇ، — دېدى. پادىشاھى ئادىل ئۇ ئادەمنى قويۇپ بەردى. ئۇ ئادەم، «لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە» (ئاللانىڭ ياردىمى بولمىسا، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ) نى ئوقۇپ كەينىگىمۇ قارىماي قاچتى. پادىشاھ: «خۇدا سەن بارلىق نۇقسانلاردىن پاكتۇرسەن، مەن نېمە بالاغا قالدىم. ئەي خۇدايا ھەرنە قىلساڭ ئۆزۈڭ قىلۇرسەن» دەپ پەلەكنىڭ شەئنىگە:

[1] «كۆكچى خانيارىبەگ» — بۇ شەھەرنىڭ خارابىسى ھازىرقى كېرىيە ناھىيە ئارىش كەنتىنىڭ كۆكچى مەھەللىسى بىلەن ساي تۇتىشىدىغان بوستانلىق ساھىلىغا جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئورنى.

بىرگە بىربىدۇر دوررى دۆلەتى،
بىرگە يەتكۈزۈپ رەنجى مىھنەتى،
ساڭا باشىدىن ئىپتاي ئۆتكەن كۈلبەتى،
بىرنىڭ بەختىنى قارا ئەيلەدى.

سىگىل ھەم ئانانى ياخشى ئاغادىن،
ھەسرەت بىرلە ئۆتتى فانى دۇنيادىن،
قىزلارنى مىھرىبان مەئشۇق ئانادىن،
ئاتانى ئوغۇلدىن جۇدا ئەيلەدى.

بىرووڭگە ئىچۈردى لالەگۈن شەراب،
بىرنىڭ باغرىنى قىلدىلەر كاباب،
ئاخىردا قىلدىلەر بارچەنى خاراب،
ھەر كىمگە بۇ قىسمەتنى خۇدا ئەيلەدى.

ھەزرەتى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان،
بىلقىسنىڭ ھەجرىدە يىغلادى چەندان.
ياقۇپ ئوغلى يۇسۇف دىدەسى گىريان،
يۇسۇفنى كەنئاندىن جۇدا ئەيلەدى.

ھەزرەتى رەسۇلغە، ئوغلى ئەي ئادەم،
جەمالىغە ئاشىق ئەردىلەر دايىم،
ئەمرى ئەيلەپ جاننى ئالدى خۇدايىم،
مىھرىبان پەرزەندىدىن جۇدا ئەيلەدى.

بىرنىڭ رەنجىگە بىربىدۇر داۋا،
بىرنىڭ ھاجىتى بولالماس راۋا،
بىرنىڭ كۆزىنى ئەيلەپ نابىنا،
قولىغە بىر ياغاچنى ئاسا ئەيلەدى.

قونۇپ ئۇنى مەھكەم قاماللاپ تۇرۇپدۇر، پادىشاھى ئادىل سۆزلەپ:
— مەن پادىشاھ بولمايمەن، مەن بىر مۇساپىر، — دەپ قۇشنىڭ ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ ئاجرىتالماي قالدى. ۋەزىر - ئۆمرالەر:
— ئەي خالايىق، بىزگە ئاللاتائالا بىر ئالباستىنى پادىشاھ قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ بارچەسى «كەلىمەئىتەمجىد» نى ئوقۇغىلى تۇردى. ھەممىسى قېچىپ پادىشاھقا يېقىن كەلمىدى ياكى قۇش ئاجرىمىدى، ئاخىرى پادىشاھى ئادىل:
— ئىـــبارا خۇدايا، ئەي پەرۋەردىگارىم، نېمە قىلساڭ ئۆزۈڭ قىلۇرسەن، ماڭا بۇ نېمە بالادۇر، ئەي خالايىقلار، مەن ئادەمدۇرمەن، ئون تۆت يىل چۆلدە يالىڭاچ يۈرۈپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم، — دېدى. ۋەزىر - ئۆمرالەر: «ئەي خالايىق ھەممىمىز بىرلىشىپ ئۇنى تۇتايلى» دەپ ئەندىشىدە ھەممىسى بېرىپ تۇتۇپ، قۇشنى ئاجرىتىپ ئالدى. قارىسا ھېچ ئەزاسىغا زەرەر يەتمەپتۇ. خالايىق سۆزلىشىپ: «ھەر قانداق ئىش بولسىمۇ قائىدىمىزنى بۇزمايلى، بىزگە ئاللاتائالانىڭ ئىنسايىتى شۇ ئوخشايدۇ دەپ باشىغە تاج، بەدىنىگە زەرلىك تون يايىپ پادىشاھچە كىيىم كەيدۈردى. بىلىـگە ئـالتـۇن كـەمــەر بــاغلاپ، باشتىن - ئاياغ جابدۇپ كىمخاپ مەيگە ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە ئېلىپ كــىردى. پادىشاھ سەلتەنەت تەخت رەسمىيىتىدە ئولتۇرۇپ سۇراغ ســوئالنى باشلادى. ھەمدە خۇدائى تەئالاغا شۈكرى كەلتۈرۈپ ئىچ باغرىدىن يىغلاپ:

قەدىردانلار ساڭا بىر سۆز ئېيتايىن،
چەرخى پەلەك ھەركۇنى جەپا ئەيلەدى.
بىرىگە كەيدۈردى زەرىن - زەررىدىن،
بىرنى ئەل ئىچرە گەدا ئەيلەدى.

بىرىگە بېرىبدۇر تەخت ئىلە تاجى،
ئالەم خەلقى بولۇبدۇر ئاڭا مۇھتاجى،
بىرنى ئاچلىقغە قىلىپ قەللاجى،
مېھنەت ئىچرە قەددىنى دۇتا ئەيلەدى.

ئەلقىسسە: بىر كۈنى ۋەزىر - ئۆمرالەر بىرلىشىپ:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرىگە بىر ئىلتىماسىمىز بار ئىدى. ئۆزلىرىگە خۇب كەلسە، ئۆيلەپ قويايلى دېگەنىدۇق. بۇنداق يالغۇز ئۆتۈش خوپ ئەمەس، ۋەزىرلەرنىڭ ۋە ئۆتكەن پادىشاھنىڭ چىرايلىق قىزلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزلىرىگە قاراشلىق پادىشاھلىقلاردىمۇ پەرى سۈپەت چىرايلىق مەلىكىلەر بار، — دېدى. پادىشاھ ۋەزىرلەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ:
— دېگەنلىرىڭلار كۆڭلۈمگە ياقتى، ئەمما ماڭا ھازىر ئايال كىشى لازىم ئەمەس، — دەپ، مەلىكە گۈلچېھرەنىڭ پىراقىدا باھار بۇلۇتلىرى يامغۇر تۆككەندەك ياش تۆكۈپ يىغلاپ، تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇدى:

كىشى يۇرتىدىن ئايرىلسا،
ئۆز يۇرتىغا ئوخشارمۇ؟
كىشى يارىدىن ئايرىلسا،
ئۆزگىسى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشارمۇ؟

كۆككە يېتەر بۇ پەريادىم،
ئىشتىڭلار ئاھۇ - زارىم،
ئاھ پەرۋخۇم ۋاپادارىم،
ھەر زاغ بولبۇلغە ئوخشارمۇ؟

كۆڭلۈم مېنىڭ تولا غەمدە،
سىنەم داغلاپ كۆزۈم نەمدە،
ئىلاجىم يوق بىزلەر بەندە،
لاچىن شۇڭقارغا ئوخشارمۇ؟

يارانلاردىن جۇدا بولدۇق،
غەم قولىدا ئادا بولدۇق،
ئاھ جەمشىدىم ئىلاجىم يوق،
تىكەن، گۈللەرگە ئوخشارمۇ؟

خانىمانىم ئاندا قالدى،
گۈلچېھرەما بەند بولدى،
قاراقچىلار قولىدا قالدى،
كىشى ئۆز يارىغا ئوخشارمۇ؟

ئادىل شاھمەن ئۆزۈم غېرىب،
غەم بىرلە يۇردۇم ساغىرىپ،
تامام ئالەمنى ئاختارىپ،
غېرىب ماڭا ھەم ئوخشارمۇ؟

— ماڭا كۆيۈنگەنلىكىڭلارغا رەھمەت، مېنىڭ يالغۇزلۇقىمغا ئىچىڭلار ئاغرىغان بولسا ماڭا بىر غۇلام ئەكېلىپ بېرىڭلار، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلماڭلار، خەزىنىدىن پۇل - مال ئېلىپ چىقىپ باھاسىنى

بىروۋنى قىلىبدۇر ۋەسلى دۆلەتى،
بىرىگە بىرىبدۇر دەردى مېھنەتى،
بىرىگە بىرىبدۇر ئەيش - ئىشرەتى،
بىرنى ياردىن جۇدا ئەيلەدى.

ۋامۇق - ئۇزرا بىلە شېرىن - پەرھاد،
بۇ پانى دۇنيادىن ئۆتتىلەر ناشاد،
فەلەكنىڭ قولىدا داد ئىلە بىداد،
بىرىگە مىڭ تۈرلۈك جاپا ئەيلەدى.

لەيلى بىلە مەجنۇن ئاشىقى شەيدا،
ئۆلارنىڭ باشىغا چۈشتى مىڭ سەۋدا،
بارچەنى ئۆلتۈرگەن ۋاپاسىز دۇنيا،
شاھلارنى نىچۇككى گەدا ئەيلەدى.

ئادىل شاھ دەر ئىشتكىل يەنە ئاھ زارى،
قىدا بولسۇن سىزگە دىلى ئەپكارى،
مۇختەسەر ئەيلەدىم سۆزۈمنىڭ بارى،
بۇ دۇنيا كىملەرگە ۋەفا ئەيلەدى.

دېگەن بېيىتلارنى ئوقۇدى. ۋەزىرلەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پادشاھنىڭ بۇنداق شېرىن سۆزلۈكىگە تەھسىن - ئافىرىن ئوقۇدىلەر. بىر نەچچە كۈندە پادشاھقا تائاملار سىڭىپ چاچ - ساقاللىرىدىن، قاش - كىرپىكلىرىدىن باشقا تۈكلەر چۈشۈپ ئۆز ئەكسىگە كەلدى. ئۇ شۇنداق ئېغىر بېسىق، ھايالىق، ئادالەتلىك پادشاھ بولدىكى، ھېچقانداق ئادەم ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە تەرەددۇت قىلالمايدىغان ھالەتكە كەلدى. ئادالەتتە بولسا ئىلگىرىكى پادىشاھدىن ئەدىل - ئادالەتلىك بولۇپ، بارلىق ۋەزىرلەر، دەرۋىشلەر، پۇقرالار پادشاھنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىغا دۇئا قىلدى.

شەھىرى» نىڭ تۆت دوقمۇشىغا ئېلىپ كەلدى. ئۆمرالار قارىسا، بىر خۇش سۈرەت شاھزادە سۇپەت بىر غۇلام قولىدا گۈندە، كۆزىدە ياش يىغلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇ ئەمىرلەر كېلىپ:

— ئەي قىرغىز، بۇ غۇلامنى ساتامسەن؟ — دېدى. قىرغىز سۆزلەپ:

— ئەسلى ساتمايتتىم، ئاتامدىن قالغان خىزمەتچى ئىدى. ماڭا ھاياسىزلىق قىلىپ قويدى، شۇڭا ئېلىپ كەلدىم. ھەر كىم ئالسا مىڭ تەڭگىگە ساتىمەن، — دېدى. ئەمىرلەر:

— بۇ بالانىڭ ئاتى نېمە، — دەپ سورىدى. قىرغىز:

— ئاتى غۇلامزادە، — دەپ جاۋاب بەردى. ۋەزىر - ئۆمرالار: «خۇداغا شۈكرى، پادشاھقا لايىق غۇلام تاپتۇق. ئۇن مىڭ تەڭگىگە ئەزان» ، دەپ قىرغىزغا مىڭ تەڭگىنى بېرىپ خەت مۆھىر قىلىپ، بالىنى ئېلىپ ئورداغا كەلدى ۋە بالىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ياخشىلاپ، پادشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پادشاھ قارىسا بىر نۇرانە چىراي غۇلام ئېلىپ كېلىپدۇ. تۇرقىدىن ھېچ خىزمەتكارنىڭ نىشانىسىنى بىلگىلى بولمايدۇ. پادشاھ خۇداغا شۈكرى قىلىپ، ئەمدى ياخشى خىزمەتچىگە يولۇقتۇردۇڭ، دەپ ئۆزىگە خىزمەتچى قىلدى. بالا كۈندۈزى پادشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلسا، كېچىسى تائەت - ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. پادشاھ يىغلاپ ئىبادەت قىلسا، بالا پادشاھتىن مىڭ ھەسسە يىغلاپ ئىبادەت قىلدى. بىر كۈنى بالا چاھارباغقا كىرىپ، خىلمۇ خىل جانىۋارلارنى، تۈرلۈك رەڭدىكى گۈللەرنى تاماشا قىلدى ۋە ئۆز ئەكسىگە قاراپ:

— ئىيبارا خۇدايا، ئۇن تۆت يىل بىر قىرغىزغە تۇتۇلۇپ مېھنەت - مۇشەققەت تارتىپ خىزمەت قىلدىم، ئەمدى غۇلام بولۇپ پادشاھنىڭ ئالدىدا دۆلەتكە چىقتىم، مېھرىبان ئانام، ۋاپادار ئاتام، غەمگۇزارىم قېرىنداشىم قايەردە خار - زار بولۇپ قالغاندۇ، — دەپ زار - زار يىغلاپ قۇشلارغا ھال تۆكۈپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدىلەر:

خۇش سايراشۇر تۈتى قۇشلار، مەن غېرىبىدىن تۈتى قۇشلار،
قاياشلارىمگە سالام دېگەيسەن. شاھ ئاتامغە سالام دېگەيسەن.

كەم قىلماي، ئىگىسىنى رازى قىلىپ كۆڭلىگە ئازار بەرمەي ئىلىڭلار، خۇداغا ئاھ ئۇرماسۇن، كۈندۈز خىزمەت قىلىپ، كېچىدە ماڭا ھەمراھ بولغۇدەك چىرايلىق يىگىت ئېلىپ بەرسەڭلار بولىدۇ، — دېدى. ۋەزىرلەر پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن «كۆكچى خانىياربەگ شەھىرى» نىڭ تۆت دوقمۇشىغا كېلىپ جاكالاپ:

— ھەر كىمنىڭ پادىشاھقا يارىغۇدەك غۇلامى بولسا ئېلىپ كەلسۇن، باھاسىنى دېگىنىنى بېرىپ ئالۇرمىز دەپ ئىدى، ھەر تەرەپتىن بايلار خىزمەتچىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. ھېچبىر غۇلام ۋەزىرلەرگە يارىمىدى.

ئەمدى سۆزنى پەرۇخنى دەريا بويىدا ئېلىپ قاچقان قاراقچىغا يۆتكەپ ئاڭلىساق: ئۇ قاراقچى پەرۇخنى ئېلىپ قېچىپ ئاتىنى غۇلامزادە قويىدى. ماكانىغا ئېلىپ بېرىپ ئون تۆت يىل مال باققىلى سالدى. خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇ قاراقچى قىرغىزنىڭ دۇنياسى تۈگىدى، باشقا قىرغىزلارغا نۇرغۇن قەرزدار بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر تەرەپتىن قىرغىزلار كېلىپ قەرز تۇتقالى تۇردى. بەرگىلى نەرسىسى يوق تۇرغاندا «پادىشاھقا خىزمەتچى لازىم ئىكەن» دېگەن خەۋەر قىرغىزغا ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن قىرغىز شاھ پەرۇخنىڭ قاشىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

قولاق سالغىل جانىم غۇلام،
ئەمدى سېنى ساتايىن.
نىلەي ئىدىڭ ئەي بالام،
ساتىپ باھا ئالايىن.

رازى بولغىل سەن مەندىن،
ساتىپ ئالاي پۇل بايدىن،
مىڭ تەڭگىگە ساتايىن،
قەرزىم ئادا قىلايىن.

بويۇن سونغىل ئەي بەندە،
قولۇڭ بەرگىل سەن مۇندە،
سالىب قولۇڭغە گۇندە،
بۈگۈن سېنى ساتايىن.

رازى بولغىل بۇ پۇرسەت،
ياخشى قىلدىڭ سەن خىزمەت.
تۈگەر ئەمدى ماشاقەت،
ساتىپ تىللا ئالايىن.

دەپ، قولىغا ياغاچتىن گۇندە سالىپ «كۆكچى خانىياربەگ

پۈتـۈن بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارقالدى.

ئـەمدى سۆزنى پادشاھ دەريادىن ئۆتكەن ۋاقىتقا قايتۇرساق، پادشاھنىڭ كىچىك ئوغلى دەريادىن ئۆتەر ۋاقىتىدا پادشاھ يىقىلىپ كېتىپ ئوغلى قولىدىن ئاجراپ ئايرىلغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، «كۆكچى خانياربەگ شەھىرى» نىڭ چېتىدىكى دەريا بويىدا بىر بېلىقچى بولۇپ، ھەر كۈنى دەرياغا تور سالىپ بېلىق تۇتۇپ شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ جان باقاتتى. بىر ئايغىچە تورغا ھېچنەرسە چۈشمىدى. شۇنىڭ بىلەن بالىلىرى ئاچلىقتىن قىينىلىپ جان ھەلقۇمغا كېلىپ قالدى. بىر كۈنى بېلىقچى ئەر - ئايال دەريا بويىغا كېلىپ غۇسلى تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئۆتەپ خۇداغا يىغلاپ:

بۇ ئالەمنى ياراتقان قادىر خۇدايىم،
بۈگۈن ماڭا بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىل.
يەر كۆكنى خەلق ئەيلىگەن بىرۇ بارىم،
بۈگۈن ماڭا بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىل.

نەچچە يىلدىن داملەر قويدۇم بېلىققە،
سېتىپ ئۇنى چىقار ئىدۇق خوبلۇققە،
بىر ئاي بولدى ئىلاجىم يوق ئاچلىققە،
بۈگۈن ماڭا بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىل.

كۈندىن بەتەر بولدى ئەھۋالىم،
يېتەر بۈگۈن مېنىڭ قىلغان بۇ زارىم،
سەنسەن مېنىڭ ئەۋەل - ئاخىر خۇدايىم،
بۇ كۈن ماڭا بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىل،

چىققالى ئانىڭ مۇھەممەد ئۆز زاتى،
بۇ دەريادۇر غايىپلارنىڭ ماكانى،
يېتەر كۆككە مەن غېرىبنىڭ فىغانى؛
بۈگۈن ماڭا! بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىل.

بىزلەر بىلەن ھەمدەم بولغان،
دىيدەلىرى پۇرنەم بولغان،
بىزنى يوقلاپ جەۋلان بولغان،
يار ئىنىمغە سالام دېگەيسەن.

ھەق كالامىن بەرھەق بىلگەن،
دىل باغرىغا قانلار تولغان،
ئەجەل قولىدا شەراب ئىچكەن،
شاھ ئاتامغا سالام دېگەيسەن.

مېنىڭ ئۈچۈن يۈرەك داغلاپ،
ئارمان بىلەن جاننى قىيناپ،
زار ئەيلەبان قانلار يىغلاپ،
جان ئانامغا سالام دېگەيسەن.

شاھ پەرۋىخ ئاھ زارىم،
ئىشتىڭلار يار دوستلارىم،
ئاھ جەمشىدىم غەمگۈزارىم،
جەمشىدىمغە سالام دېگەيسەن.

قانلىق ياش تۆكۈپ چاھارباغدىن قايتىپ چىقتى. ئۇ كۈندۈزى پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى قىلسا، كېچىسى ئاتا - ئانىسى، قېرىنداشنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا ئاللاتائالاغا يىغلاپ تائەت - ئىبادەت قىلدى.

ئەلقىسسە: بىر يىل شۇنداق ئۆتتى. ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى ئاتانى بالاغا، بالىنى ئاتىغا تونۇتماي ئۆتتى. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ يىگىتكە ئىچى ئاغرىپ ۋەزىر - ئۆمرالارغە:

— ئەي ۋەزىرلىرىم، مەن دەردمەنىمكىن دېسەم، بۇ بالا مەندىنمۇ ئۆتە دەردمەن ئىكەن. كۈندۈزى خىزمىتىمنى ياخشى قىلىپ، مېنى ئەسلا گەپ قىلدۇرمايدۇ. كېچىدە مەن ئۆز ھالىمغا يىغلىسام، بۇ بالا ئۆز ھالىغا يىغلاپ چىقىدۇ، پەقەت ئۇخلىمايدۇ. شۇڭا بۇ بالىغا ھەمراھ بولغۇدەك بىر خىزمەتچى ئېلىپ كېلىپ ھەمراھ قىلىپ قويۇڭلار، — دېدى.

ۋەزىر - ئۆمرالار پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بازارغا بېرىپ جاكالاپ:

— ھەر قانداق ئادەمنىڭ پادىشاھقا يارىغۇدەك خىزمەتچىسى بولسا ئېلىپ كېلىپ بىزگە كۆرسەتسۇن، باھاسىنى كەم قىلماي ئالىمىز، — دېدى. بايلار ھەر تەرەپتىن ئۆز خىزمەتچىلىرىنى ئېلىپ كەلدى. نەچچە مىڭ يىگىت جەم بولدى. ھېچقايسىسى ۋەزىرلەرگە يارىمىدى. بۇ خەبەر «كۆكچى خانىياربەگ شەھىرى» نىڭ

ھالىدىن كەتتى. بىر كۈنى ئۇ خاتۇنغا:

— ئەي مەزلۇم، ئاڭلىسام پادىشاھ خىزمەتكار ئالارمىش. ئەمما ھېچ بىر غۇلام - يىگىت ئۇنىڭغا يارىماپتۇ. شۇڭا خۇدابەردىنى سېتىپ قەرزنى تۆلىسەك قانداق بولۇر، — دېدى. خاتۇنى:

— بۇ بالا ئۆز بالىمىزدەك بولۇپ قالغانىدى. نېمىشقىمۇ قەرزدار بولۇپ قالغانتىمىز، ئەمدى ئۆزلىرى دېگەندەك قىلماي ئامال يوق، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن بېلىقچى شاھزادىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئەي ئوغلۇم خۇدابەردى، بۈگۈن سېنى ساتماقچى بولدۇم، نېمە دەيسەن، — دەپ سورىدى. خۇدا بەردى بېلىقچىغا قاراپ قانلىق ياش تۆكۈپ:

ئاغام ئىردى ماھى روخسار،
ئاللاھدىن كەلسە نىلاردۇك.

ئەرزىم ئىشىت جانىم سەيياد،
ئاللاھدىن كەلسە نىلاردۇك.
كۈندىن - كۈنگە كۆڭلۈم ناشاد،
ئاللاھدىن كەلسە نىلاردۇك.

بۇ كۈن بىزگە بولۇپ قىيامەت،
ھەردەم چېكىپ ئاھۇ نەدامەت،
تۇرلۇك بولدى ئەجەپ ئالامەت،
ئاللاھدىن كەلسە نىلاردۇك.

خانىماندىن جۇدا بولدۇق،
غېرىبلىق يولىغا كىردۇق،
قاراقچىدىن ئازاد بولدۇق،
ئاللاھدىن كەلسە نىلاردۇك.

ساتىب ئالساڭ پۇلۇڭدۇرمەن،
كېچە - كۈندۈز قولۇڭدۇرمەن،
ھەرنە قىلساڭ رازىدۇرمەن،
ئاللاھدىن كەلسە نىلاردۇك.

ئاتام ئىردى بىزگە غەمخور،
ئانام يىغلاب دايىم بىسيار،

دەپ بېلىقچىنىڭ خاتۇن - بالىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ۋە رازىلىشىپ بېلىقچى بىلەن بازارغا كەلدى. ۋەزىر - ئۆمرالار خۇدا بەردىنىڭ چىرايىغا قارىسا پادىشاھ كۈتكەندەك خىزمەتچى ئىكەن. شۇڭا

خۇداۋەندە بىر ئىسمى سىپاتىڭ،
مۇھەممەد ھۆرمىتى ئول زاتى پاكىڭ،
قۇدرەتلىك قەدىمدۇر بىر ئىسمى زاتىڭ،
بۇگۇن ماڭا بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىل.

بۇ دۇنيادىن جىمى ئۆتكەن پەيغەمبەر،
چىھىلتەنلەر بولۇر ئالەمغە سەرۋەر،
ئابابەكرى، ئۆمەردۇر، ئوسمانۇ ھەيدەر،
بۇگۇن ماڭا بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىل.

بىر ئاي بولدى ھەم ئاچلىقتىن خار - زار،
بۇ يەردە يوق سەندىن ئۆزگە غەمگۇزار،
نائۇمىد قويما بۇگۇن يارەھىم ئەيكار،
بۇگۇن ماڭا بىر بېلىق ئاتا ئەيلىگىل.

دەپ دۇئا قىلىپ ئەر - خاتۇن تەڭ: «بىسمىللاھىر-رەھمانىررەھىم» دەپ دەرياغا تور سالدى. ئاللانىڭ پەرمانى بىلەن بىر چوڭ بېلىق تورغا كېلىپ ئۇسۇپ، ئېلىنىپ قالدى. بېلىقچى «خۇدايا شۇكرى» دەپ تورنى تارتىپ بېلىقنى توردىن ئالدى ۋە خۇشال بولۇپ:

— ئەي خاتۇن، بۇ بوغاز بېلىق ئوخشايدۇ دەپ بېلىقنىڭ قارنىنى ياردى. بېلىقنىڭ قارنىدىن نىھايەت ئون ئىككى ياشلاردىكى بىر ساھىبجامال يىگىت چىقتى. ئۇلار: «بالىنىڭ جانى بارغا ئوخشايدۇ. ۋاي ئىسىت، بۇ لەھەڭ بۇ بالىنى يۇتۇپ كەتكەن ئىكەن» دەپ، دەرھال بالىنى ئاپىرىپ قۇمغا كۆمدى ۋە دۇم قىلغانىدى، ئاغزىدىن سۇ يېنىپ كۆزىنى ئېچىپ ھۇشىغە كەلدى. بېلىقچى بېلىقنى پارچە - پارچە قىلغانىدى. ئىچىدىن توققۇز دانە مەرۋايىت چىقتى. بېلىقچى خۇشال بولۇپ مەرۋايىتنى سېتىپ تۇرمۇش كەچۇردى. شاھزادە جەمشىدنىڭ ئاتىنى «خۇدابەردى» قويدى ۋە ئون تۆت يىل ئۆز خىزمىتىگە سالدى. كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بېلىقچىنىڭ دۇنياسى توگىدى ۋە قەرزدار بولۇپ قالدى ھەمدە ئۆزىمۇ قېرىپ

قاراقچىلار سىنەڭ داغلاپ،
ئارمان بىلەن جانىڭ قىيناپ،
مېنىڭ ئۈچۈن چەندان يىغلاپ،
ۋاپادارىم ھەم قايداسەن؟

قىرغىزلارغا بەندە بولۇپ،
مەخمەل يۈزۈڭ گۈلدەك سولۇپ،

نەرگەس كۆزۈڭ قانلار تۆكۈپ،
قېرىنداشىم ھەم قايداسەن؟

قېنى سەندەك ۋاپادارىم،
ئىشتىكىلى يوق ئاھ زارىم،
مەندەك غېرىب يوقدۇر دايىم،
قەدىردانىم ھەم قايداسەن.

دەپ ئاھ ئۇرۇپ، ئۆز ھالىغا يىغلار ئىدى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بالىنى ئاتاغا، ئاتانى بالاغە، ئاكانى ئۇكاغا تونۇتمادى، شۇنداق قىلىپ ئالتە ئاي ئۆتتى.

ئەمدى سۆزنى سودىگەردىن ئاڭلىساق: سودىگەر مەلىكىنى چادىرغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا قول سۇندى. سودىگەرنىڭ بەد قىلىقىنى كۆرگەن مەلىكە:

— ئەي نائىنساپ پەس، مېنى ھىيلە بىلەن ئالداپ ئېلىپ كېلىپ، مۇشۇنداق قىلماقچىمۇ سەن؟ — دېدى. سودىگەر بولسا مەلىكىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماي چادىرنى مەھكەم ئېتىپ يەنە قول سوزدى. مەلىكە ئۇنىڭ بەد قىلىقىغا چىداپ تۇرالماي:

— ئەي ھاياسىز، ئەگەر خىيالىڭ شۇ بولسا بىر سائەت توختاپ تۇرغىن، مەن ھەيزدارمەن ئۆزۈمنى پاك قىلاي، بىر قاچا سۇ بەرگىن، — دېدى. سودىگەر بىر چۆگۈن سۇ بەردى، مەلىكە غۇسلى تاھارەت ئېلىپ ئىككى رىكئەت ناماز ئۆتەدى ۋە باشىنى سەجدىگە قويۇپ زار - زار يىغلاپ بۇ مۇناجادنى ئوقۇدى:

دۇنيانى ياراتقان قادىر خۇدايىم،
مېنى بۇ ئاراده قويمە ئىنتىزار.
سەندىن ئۆزگە يوقتۇر پاناھىم،
مېنى بۇ ئاراده قويمە ئىنتىزار،

بېرىپ غۇلامنىڭ باھاسىنى سورىدى. بېلىقچى:
— بۇ بالىنى بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ ساتماس ئىدىم. قەرزدار بولۇپ قالدىم. شۇڭا ساتماي ئىلاجىم يوق، شۇڭا مىڭ تەڭگىگە ساتىمەن، — دېدى. ۋەزىر - ئۆمرالەر مىڭ تەڭگىنى ساناپ بەردى ۋە مۆھىر خەت قىلىپ غۇلامنى ئوردىغا ئېلىپ كېلىپ باشتىن - ئاياغ كىيىم كىيدۈردى ۋە ئەۋەلقى غۇلام بىلەن ھەمراھ قىلىپ قويدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ناھايىتى ئىجىل - ئىناق ئەدەپ بىلەن چوڭ بولدى. ئۇلارنىڭ ھەربىكەتلىرى بىر - بىرسىدىن ئارتۇق، كۈندۈز بولسا پادىشاھنىڭ خىزمىتىنى بىجانىدىل بېجىرسە، كېچىدە پادىشاھ تائەتكە مەشغۇل بولغاندا بۇ ئىككى بالا ئۆز ھالىغا يىغلاپ ئۇخلىماي ئىبادەت قىلدى. پادىشاھ بۇلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ «مەن دەردمەن دېسەم، بۇلار مەندىن بەك دەردمەن ئىكەن» دەپ ئۇلارغا ناھايىتى يېقىن بولۇپ قالدى ۋە ئۇلاردىن گەپ سوراشنى ئەپسىز كۆرۈپ ئۇلاردىن بىر سائەتمۇ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدىغان ھالەتكە بېرىپ يەتتى. گەرچە بۇ بالىلار راھەت - پاراغەتتە ئۆتسىمۇ، ئەمما ئاتا - ئانىسى، ئاكا - ئۇكىسىنى ئەسلەپ ھەر كۈنى كېچىدە يىغلاش بىلەن:

خانىمانىمدىن جۇدا بولغان،
ئادىل شاھ ئاتام قايداسەن.
غېرىبلىقىدە گادا بولغان،
ئادىل شاھ ئاتام قايداسەن؟

تەخت ئۈستىدە دەۋران سۈرگەن،
ھەم مېھنەتنىڭ ئوتىدا كۆيگەن،
دەرد ئەلەمدە كۆڭلى چۆرۈلگەن،
غەم گۇزارىم ھەم قايدا سەن؟

بىزنىڭ ئۈچۈن بولۇپ گادا،
قىلاي سىزگە جانىم پىدا،
فىغان چېكىپ قىلىپ نىدا،
شاھسۇۋارىم ھەم قايدا سەن؟

كېچەلەردە بىدا بولغان،
ئاق سۈتىنى دايىم بەرگەن،
كامالىغە ھەم يەتكۈزگەن،
مېھرىبان ئانام قايداسەن؟

بىھەققى بېھىشت فىردەۋس جەننەتلىمەئۋا،
مېنى بۇ ئارادە قويمە ئىنتىزار،

غەملىك گۈلچېھرە مەن بەرگەيسەن نىجاد،
بىچارە قولۇڭمەن قىلدىم مۇناجاد،
بىھەققى سەرۋەرى جەھان يەتتە سەمەۋات،
مېنى بۇ ئارادە قويمە ئىنتىزار.

غەمگۇزار روزىغارىمدىن، قىزىلگۈلدەك ئىككى پەرزەندىمدىن جۇدا قىلدىڭ، پېشانەمنىڭ تەتۈرلىكىدىن بىر ئوغرىنىڭ قولىغا گىرىپتار قىلدىڭ. پەرۋەردىگارىم، ھەرنە قىلساڭ ئىختىيار سەندە، ماڭا بۇ غەمدىن نىجادلىق بەرگەيسەن دەپ خۇداغا يىغلادى.
شۇ سائەتنىڭ ئۆزىدە سودىگەرنىڭ كۆزىگە ئۇيقە غالىب كېلىپ ئۇخلاپ قالدى ۋە بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئاسمان تەرەپتىن بىر ئالتۇن تەخت. ئۇ تەخت ئۈستىدە يەنە بىر تەختتە، خۇدانىڭ رەسۇل چاھار يارلىرى بىلەن بىرگە يەنە ئىلى مۇرتەزا، پاتەمى زوھرا بىرگە كەلدىلەر ۋە يەنە غەزىب بىلەن ئىككى مالائىك كېلىپ، سودىگەرنىڭ يۈزىگە ئىككى كاچات سالدى. شۇنىڭ بىلەن سودىگەرنىڭ ئىككى يۈزى قارا بولدى. ھەزرەتى رەسۇل سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم:
— ئەي بەد بەخت، مېنىڭ تەقۋادار ئۇممەتىمنىڭ پاكلىقىنى، پاك بەدىنىنى ناپاك قولۇڭ بىلەن تۇتۇپ، كۆزۈڭ بىلەن قاراپ گۇناھ قىلدىڭ، ئۆزۈڭنى دوزاخقا تاشلادىڭ،— دېدى.
ھەزرەتى پاتىمە زوھرا ئىككى پەرىشتىگە ئىشارەت قىلىپ: «بۇ بەدبەختنى دوزاخقا ھەيدىگىل» دېيىدى، ئىككى مالائىك سودىگەرنى ھەيدەپ ماڭدى. سودىگەر رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ۋەسسەللەمگە قاراپ، ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تىلەپ يىغلاپ:

پەيغەمبەرلەر سەرۋەرى يا رەسۇلى خۇدا،
تۆبە قىلاي يېنىپ ئەپۇ ئەيلە گۇناھىم.
ئۇممەتلەرنىڭ رەھبەرى يا رەسۇلى خۇدا،
تۆبە قىلاي يېنىپ ئەپۇ ئەيلە گۇناھىم.

ئەرشى كۇرسى، لەۋھى قەلەم مۇقەررەر،
يۈز يىگىرمە تۆت مىڭ ئۆتكەن پەيغەمبەر،
بۇ دۇنيادىن بارچەسى قىلدى سەپەر،
مېنى بۇ دۇنيادا قويمە ئىنتىزار.

ئۈممەتلەرگە بېھىشدى پاناسى بولغان،
بەھەققى مۇھەممەد شول پەخرى جاھان،
ئابابەكرى سىدىق ئۆمەرۇز ئوسمان،
مېنى بۇ ئارادە قويمە ئىنتىزار.

بەھەققى كالامىڭ قۇرئانى مەجىد،
كەربالادا ياتقان يەتمىش ئىككى شەھىد،
ئاجىز بەندەڭدۇرمەن قىلما نائۇمىد،
مېنى بۇ ئارادە قويمە ئىنتىزار،

مۇشكۇلۇمنى ئاسان ئەت غېرىبىنىڭ ئىشى،
بەھەققى ئاشىقلارنىڭ ئىزىلگەن باشى،
بەھەققى يېتىملەرنىڭ كۆزۈنىڭ ياشى،
مېنى بۇ ئارادە قويمە ئىنتىزار،

ئاشىقلارنىڭ سەردارى يۇسۇف - زۇلەيخا،
مەزلۇملارنىڭ سەردارى پاتىمە - زوھرا،
بەھەققى ئايشىئە خەدىچە كۇبرا،
مېنى بۇ ئارادە قويمە ئىنتىزار.

شۇل ئىككى بەندەڭدۇر ئادەمى ھەۋۋا،
بۇلارغا جەننەتنى ئەيلەدىڭ بەرپا،

دەرەخلەردىن چادىر تەييارلاپ، تۇگرۇكلىرىنى ئالتۇن - كۈمۈشتىن، تاناپلىرىنى يىپەكتىن قىلىپ بىر تەخت ياساپ ئۇنىڭ ئۈستىگە سايىۋەن قىلىپ مەلىكىنى ئاي - كۈنگە كۆرسەتمىدى. بەش يۈز كارۋان بىلەن شەھەرمۇ شەھەر، يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ ئون تۆت يىلنى ئۆتكۈزۈپ ئاخىرى «كۆكچى خانياربەگ شەھىرى» گە يېتىپ كەلدى. كارۋانلارنى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزى پادىشاھقا لايىق سوۋغا سالاملارنى ئېلىپ ئىككى غۇلام بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بىز بەش يۈز سودىگەردۇرمىز، مەن ئاشۇ سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى بولىمەن. ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىگە چۈشتۇق، شۇڭا ئەتە ماللارنى كۆرۈپ باج ئالدۇرسىلا، — دەپ، يانماقچى بولدى. پادىشاھ قارىسا بۇ كىشى يۇرت كەزگەن، مۇھەببەتلىك كىشى ئوخشايدۇ. بۇ ئادەم بىلەن بىر كېچە مۇڭدىشىپ ئۆلپەتلەشسەم كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالار دەپ سودىگەرنى توختىتىپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەرزىم ئىشتكىل ساھىب تۇجار،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.
كۆڭۈللەرنى ئەيلەگىل ئىزھار،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.

چىمەندە يىغلاشۇر قۇشلار گۈلغە،
مۇنتەزىردۇر گۈللەر خۇش بۇلبۇلغە،
ئەرىز دادىڭنى ئېيتقىل مەن غېرىب قۇلغە،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.

يىگەن ئىچكەنىم زەھەر زوقۇمدۇر،
ئۆلتۈرۈپ قويقانىم دەرد ئەلەمدۇر،
بۇ پانى جاھاندا كۆڭلۈم پۇرغەمدۇر،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.

قىلغان ئىشىم بولدى گۇناھلىق،
شەيتان يولىغە كىردىم تاپتىم خاتالىق،
بىھەققى بۇ تورغان ئىككى مالائىك،
تۆبە قىلاي يېنىپ ئەپۇ ئەيلە گۇناھىم.

بىھەققى ئابابەكرى ئۇمەردۇر ئوسمان،
بىھەققى پاتىمەئى، يا شاھى مەردان،
پىدا بولسۇن سىزلەرگە بۇ پانى جەھان،
تۆبە قىلاي يېنىپ ئەپۇ ئەيلە گۇناھىم.

بىھەققى ئەرشى كۇرسى لەۋھى قەلەم،
مەغرىبدىن مەشرىققە ئەرەب ئىلە ئەجەم،
ھەقنىڭ دەرگاھىدا بولدى مەكەررەم،
تۆبە قىلاي يېنىپ ئەپۇ ئەيلە گۇناھىم.

دەپ ئۆز گۇناھىنى تىلىدى. ھەزرەتى رەسۇلىللاھى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم:

— ئەي مالائىكلەر سەبرى قىلىڭلار. ئەي بەدبەخت، ئەگەر بۇ بىچارەنى نامەھرەمگە كۆرسەتسەڭ ياكى ئامانەتكە خىيانەت قىلساڭ، ئىككىسىنىڭ قولىغا تاپشۇرمىساڭ، مەن سېنى ئۇممەتچىلىككە راۋا كۆرمەسمەن، سەندىن خۇدا بىزار بولۇر، قىيامەتدە جەھەننەمگە كىرەرسەن ۋە كوپىرىلاردىنمۇ يامانراق ئازابقا قالۇرسەن، يېقىن كەلگىن، — دەپ بىر ئايەت ئوقۇپ دەمىدە قىلىپ غايىب بولدى. سودىگەرنىڭ يۈزى ئەۋەلقى ھالىتىگە كەلدى. شۇ سائەتنىڭ ئۆزىدە سودىگەر سىلكىنىپ ئۇيقۇدىن ئويغاندى. دەرھال مەلىكىنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلاپ:

— ئەي مەلىكە، سەن مېنىڭ سىڭلىم دۇرسەن. بەد قىلدىم، خاتا قىلدىم، — دەپ مەلىكىنى ئېلىپ كۆپلىگەن سوغىلارنى تەييارلاپ پادشاھنى ئىزدەپ كەلسە، پادشاھ قالغان يەردە يوق. ئاھ ئۇرۇپ يۈزمىڭ پۇشايمانلارنى قىلىپ ئىستەپ تاپالماي يېنىپ كەلدى ۋە ئالىي

ساقلاڭلار، ـــ دەپ بالىلارغا ئىككى قىلىچ بېرىپ، ئامانەتنى ئۇخلاپ قالماي ساقلاشنى چېكىلەپ، سودىگەرگە قوشۇپ قويىدى. سودىگەر ئۇلارنى باشلاپ بېرىپ بىر چادىرنى كۆرسىتىپ: ئامانەت مانا مۇشۇ يەردە، ئوبدان ساقلاڭلار دەپ پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. بۇ كېچە پادىشاھ سودىگەرنى ياخشى غىزالار بىلەن مېھمان قىلىپ، باشتىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىسىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. ئەمما پادىشاھ بالىلىرىدىن، روزىغارىدىن ئايرىلغىنىنى، سودىگەر بولسا پادىشاھنىڭ مەلىكىسىنى ئېلىپ قاچىپ ئون تۆت يىل شەھەرمۇ - شەھەر يۈرگەنلەرنى ئەسلا سۆزلىمىدى.

ئەمدى سۆزنى ئامانەتنى ساقلاشقا چىققان ئىككى غۇلامدىن ئاڭلىساق، ئۇلارنىڭ چوڭى:

ـــ ئەي ئاداش خۇدابەردى، ماڭا بۇ پادىشاھقا سېتىلغىلى بىر يىل بولدى، سىزگە ئالتە ئاي بولدى. كۈندۈز بولسا پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە، كېچە بولسا ھەر قايسىمىز ئۆز ھالىمىز بىلەن، بىر - بىرىمىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن خەبەر ئېلىپ مۇڭدىشىشقا ھەر ئىككىمىزگە ئارام بولمىدى. بۈگۈن كېچە بۇ ئامانەتتىن خەبەر ئالغىلى چىقاردى. بۇ چادىردە ئالتۇن - كۈمۈش بارمىكىن، ئۇقمايمىز. نېمە ئامانەت بارلىقىنى بىلمىگەندىكىن ئۇخلىماي ئوبدان ساقلىدۇق. تۈن سەھەر ۋاقتى بولۇپتۇ، ئەمدى ئۇخلاپ قالساق ئامانەتكە خىيانەت بولۇپ قالسا ئەھدىسىدىن چىقالماسىمىز. تاڭ يورىغىچە ئۇخلىماي، باشىمىزدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىمىزنى سۆزلەپ ئولتۇرايلى، ـــ دېدى. خۇدا بەردى بىلەن غۇلامزادە چادىرغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى. خۇدا بەردى ئالدى بىلەن:

مەن بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەشكە كۆڭلۈم بۇزۇلىدۇ. جانىم ئازابلىنىدۇ. ئەگەردە سۆزلىسەم ئەرشى كۈرسى، لەۋھى قەلەم تىترەيدۇ. دەريالار نالە قىلىدۇ. ئەۋەل سەن سەرگۈزەشتىلىرىڭنى بايان قىلغىن، ـــ دېدى. غۇلامزادە:

ـــ ئەي ئاداش، سەن مېنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىمنى ئاڭلاشقا ئاجىز كېلىسەن، مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى ئاڭلىساڭ سەن تاقەت قىلالمايسەن، سېنىڭ دەردىڭ مېنىڭ دەردىمنىڭ ئالدىدا ياماغلىق

كۆندىن كۆنگە بولدى بۇ ھالىم بەتەر،
كېچە كۈندۈز يىغلاپ جانىمنى ئۆرتەر،
ئەر ئاتلىغ قاراقچى بالامنى ئۆرتەر،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.

ئۆتوپ باج خىراجدىن رەھا ئەيلىسەم،
تۇشكىنە قونالغۇ بېرىپ ئادا ئەيلەسەم،
رەقىبلەر ئىلكىدىن جۇدا ئەيلەسەم،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.

يولۇڭدا قىلسام مەن جانىمنى قۇربان،
نىدا بولسۇن ساڭا بۇ پانى جەھان،
تەڭرىم ئەيلەسۇن مۇشكۇلۇڭنى ئاسان،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.

قۇلاق سالىپ ئىشتكىل بۇ قۇلنىڭ دادىنى،
سەندىن تىلەيدۇرمەن كۆڭۈل شادىنى،
ئادىل شاھ دەيۇرمەن غېرىبنىڭ ئاتىنى،
بىر كېچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي.

سودىگەر ئۆزرە ئېيتىپ:

— ئەسلىدە قونسام بولاتتى، پادىشاھنىڭ لەۋزىنى بۇزۇش مېھمانغا ۋاجىپ ئەمەس، لېكىن مەندە كىشىنىڭ ئامانىتى بار، مۇبادا ئامانەتكە خىيانەت بولۇپ قالسا مەن ئەسلا ئەھدىسىدىن چىقالماسمەن، — دېدى. سودىگەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا مەن ئامانەتكە خىيانەت قىلمىغۇدەك ئادەم چىقىراي، ئەگەر ئامانەتكە خىيانەت بولۇپ قالسا جاۋابىنى مەن بېرەي، — دېدى ۋە ئىككى يىگىتنى چاقىرىپ:

— سىلەر بۇ كىشىنىڭ ئامانىتىنى خىيانەت قىلماي

مەن بۇلاردىن ھەم ئايرىلىپ، شاھ جەمشىد دەرلەر ئاتىمنى،
سۆندى قاناتىم قايرىلىپ، كىشى بىلمەس بەريادىمنى،
پادىشاھقا بەندى بولۇپ، سورىساڭ بۇدۇر دەرد داغىمنى،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم. سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم.

دەپ تۇرۇشىغا، شاھ پەرۇخ تاقەت قىلالماي:

— ئاھ جەمشىدىم، شۇ قىرىندىشىڭ مەن ئۆزى شۇ، — دەپ ئىككىسى بىھۇش بولۇپ يىقىلدى.

ئەلقىسسە: مەلىكە بۇ غۇلاملارنىڭ سۆزىنى مەنمۇ ئاڭلاي دەپ چادىرنىڭ ئىشىك تۈۋىگە يىقىن كېلىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ جەزمى قىلدىكى: «مىنىڭ ئون تۆت يىلدىن بىرى ئايرىلىپ قالغان باللىرىم شۇ ئىكەن» دەپ، چادىرنىڭ ئىشىكىنى سىندۇرۇپ، پارە - پارە قىلىپ چىقىپ، باللىرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، زار - زار يىغلاپ چادىرغا ئېلىپ كىرىپ:

— ئەي جانىمنىڭ جانانىسى، يۈرەك پارىلىرىم. ئون تۆت يىلدىن بۇيان گۈلدەك جامالىڭلاردىن جۇدا بولدۇم. سىلەرنىڭ دەردىڭلەردە ئازاب تارتىپ يۈرگەن ئاناڭلار گۈلچىھرە مەن ئەمەسمۇ؟ دەپ ئىچ - ئىچىدىن ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ:

دەرد ئەلەمدە خانىماندىن ئايرىلغان،
ۋاپادارىڭ غېرىب ئاناڭ مەن ئەمەسمۇ؟
مەجنۇن كەبى ئىشىق ئوتىدا سورۇلغان،
غەمگۇزارىڭ غېرىب ئاناڭ مەن ئەمەسمۇ؟

ئاھ بالام دەپ، ئاھ ئۇرۇپ قانلار يىغلاپ،
سىنىڭ ئۈچۈن بەرياد ئۇرۇپ سىينەم داغلاپ،
ئارمانىم يوق ئۆلسەم ئەمدى جانىم قىيناپ،
ۋاپادارلىرىم غېرىب ئاناڭ مەن ئەمەسمۇ؟

پەيدا قىلىپ كامالىغە ھەم يەتكۈزگەن،
توققۇز ئاي توققۇز كۈن ھەم كۆتەرگەن،

بولالمايدۇ. شۇڭا ئالدى بىلەن سەن سۆزلىگىن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن خۇدابەردى سۆز باشلاپ ئەۋەلدىن - ئاخىرغىچە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بايان قىلىپ:

بايان قىلسام سەرگۈزەشتىمنى،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم.
ساڭا ئېيتاي بۇ دەردىمنى،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم.

پايتەخت شەھرى ماچىندە،
ئاتام ئەردىلەر خوسەندە،
بۇلبۇل سايرار ئول چىمەندە،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم.

بىر كۈنى يەتتە قەلدەندەر،
ھەق شەيئاللاھ دەرلەر،
ئالەم بولدى ھەم مۇكەررەر،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم.

قىرىق كۈن پادشاھلىق تىلەدى،
ئاتام ئاڭا شەھەرنى بەردى،
بىزنى ھەيدەپ چىقاردى،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم.

كۈندىن كۈنگە ھالىم تەبا،
قىلغان ئىشلارىم بولدى خاتا،
قىلدى بىزگە دارلار بەرپا،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم.

ئات قۇيرۇقى ساچىلدى،
ئاتام بىزنى قاچقۇردى،
مەھرەم بەچچە خەبەر بەردى،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم.

ئاتام ئەردى خوش يولداشىم،
ئانام ئەردى سەۋرداشىم،
شاھپەرۇخ قېرىنداشىم،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم.

يوللار يۇرۇپ بىر جاي كېلىپ،
ئاسىف سۇۋار دوزلار[1] كېلىپ،
قاراقچىلار بۇلاپ ئېلىپ،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم.

دوزنىڭ قولىدا ئانام قالدى،
مەن يېتىمنى غەمگە سالدى،
خوش مەنزىللەر ئاندا قالدى،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم.

شاھ پەرۇخنى دوزلار ئالدى،
دەريا ئىچرە ئاتام قالدى،
مەن بىلمەدىم نەلەر بولدى،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم.

---

① دوزلار — ئوغرىلار.

ساقلىسام،
— ۋاي ئىست، ئۇن تۆت يىل جەريانىدا پەردە ئىچىدە ساقلىسام، بۇگۈن كېچىنى پۇرسەت بىلىپ، نامەھرەمگە بويۇن سۇنۇپ ئۆزىنى بولغاپتۇ. مەزلۇم كىشىگە ئىشەنگەن بارمۇ؟ بۇ مېنى دوزاخقا تاشلىغانلىق ئەمەسمۇ؟ دەپ ساقلىنى يۇلۇپ ناله - پەرياد چېكىپ ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ، ئوردىغا يۇگۇرۇپ پادشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— داد پادشاھى ئالەم، دەردىم شۇكى، ئىككى غۇلامىڭىزنىڭ ئۇستىدىن داد ئېيتىمەن دېدى. پادشاھ:
— ئىجازەت، ئېيتىڭ دوستۇم، نېمە ۋاقە بولدى؟ سودىگەر:
— مەن ئېيتمىغانمۇ، مەن بۇ يەردە قونماي دېسەم ئامانەتكە خىيانەت قىلمايدىغان ئادەم بار، — دېدىله. ئىككى بۆرىنى خاتۇنسىزلىق بىلەن بېقىپ ئىكەنلا، ئۇلار ئامانەتكە خىيانەت قىلىپ ئامانەتنى بۇلغاپتۇ، — دېدى، ۋە:

مۇندا قونۇپ پادشاھىم،
جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭ.
ئېغىردۇر تاغدىن گۇناھىم،
دوزاخقا راۋا قىلدىڭ.

دوزاخ ئوتىنى جانغا سېلىپ،
ئىماندىن جۇدا قىلدىڭ.

ساڭا ئېيتاي مەن بۇ دادىم،
كۆككە يېتەر ئاھ پەريادىم،
قۇرۇپ كەتتى نەسلى زاتىم،
جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭ.

ئېتمادىممۇ ئەي سۇلتانىم،
چىقىپ كەتسۇن تەندە جانىم،
ۋەدە يالغان تۆككىل قانىم،
بار يۇقۇمنى ئادا قىلدىڭ.

ئەزىز جانغا جاپا قىلىپ،
مەن غېرىبنى غەمگە سېلىپ،

نەلەر كېچەر تۇججار، مالىم،
دوزاخ ئىچرە بولدى جايىم،
كىمگە بولۇر ھەم ۋەبالىم،
جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭ.

دەپ بۇ شېئىرنى ئوقۇپ دېدىكى:
— ئەي پادىشاھى ئالەم دادىمنى ئاڭلاپ ھالىمغا يەتكىن.
سودىگەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان پادىشاھ:
— بۇ ئوغۇممۇ - چۇشۇممۇ؟ دەپ ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ، راست - يالغانلىقىنى بىلىپ كىرىڭلار، — دېدى.

تۈن سەھەرلەر قويۇپ ئاق سۈت ئەمگۈزگەن،
مېھرىبانىڭ غېرىب ئاناڭ مەن ئەمەسمۇ؟

نە بولدىلەر ئەجەب بەختىم قارادۇر،
پەرزەندلەرىم ئوتىدىن باغرىم يارادۇر،
ھەسرەت بىلەن مېنىڭ جانىم چىقادۇر،
ۋاپادارىڭ غېرىب ئاناڭ مەن ئەمەسمۇ؟

سېنىڭ ئۈچۈن خۇدايىمغە يالبارىپ،
گۈلدەك يۈزۈم زەئىفراندەك سارغىيىپ،
سىنەم داغلاب فىراقىڭدا ياش تۆكۈپ،
شۇل ئىستەگەن غېرىب ئاناڭ مەن ئەمەسمۇ؟

گۈلچېھرەمەن بالام ئىشت زارىمنى،
ھېچكىم بىلمەس ئەردى مېنىڭ ھالىمنى،
سېنىڭ ئۈچۈن پىدا قىلاي جانىمنى،
مېھرىبانىڭ غېرىب ئاناڭ مەن ئەمەسمۇ؟

دەپ مۇناجات ئوقۇپ، بالىلىرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى.

ئەلقىسسە: ئانا - بالاغا، بالا - ئاناغا تويماي تۇرغاندا جاھان قۇياشى كېچە قاراڭغۇلۇقىنى ھەيدەپ، مەشرىقتىن باش چىقىرىپ ئالەمنى يورۇتتى، كۈن چاشكا ۋاقتى بولدى، سودىگەر پادىشاھنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قارىسا، مەلىكەم ئېتىلگەن چادىرنىڭ مىخلىرى قومۇرۇلۇپ ئىشىكلىرى پارە - پارە بولۇپ كېتىپتۇ. مەلىكە بولسا ئىككى غۇلام بىلەن قۇچاقلىشىپ يۈزلىرىنى - يۈزلىرىگە يېقىپ بىر - بىرلىرىگە ھەشقىپۇچەكتەك چاپلىشىپ چىرمىشىپ تۇرۇپتۇ. ئەتراپتا تۇرغان بەش يۈز سودىگەر: بۇ مەلىكە بولسا خوجايىنىنىڭ خاس ئامانىتى ئىدى، ئامانەتكە بۇ ئىككى غۇلام ئۆزلىرى خىيانەت قىلدى دەپ يېقىن كەلمەي تۇرۇپتۇ، خوجايىن ئۇلارنىڭ بۇنداق ھالىتىنى كۆرۈپ:

قانمىغان بالىلىرىم، ئاتا جامالىغا تويمىغان بالىلىرىم، ئاتا جامالىنى كۆرۈپ مۇرادىغا يەتمىگەن بالىلىرىم، نېمە گۇناھ قىلغان ئىدىڭلار، پادىشاھ باشلىرىڭلارنى ئالدى بالىلىرىم، دەپ زار - زار يىغلاپ پادىشاھقا قاراپ:

ئون تۆت يىلنىڭ ئىچىدە بولدۇم مەن گادا،
ئەي پادىشاھ رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.
پەرزەندىمنىڭ دەردىگە بولدۇم مۇپتەلا،
ئەي پادىشاھ رەھىم مېنى ئۆلتۈرگىل.

مەن بىلمەدىم ئەجەب بەختىم قارادۇر،
پەرزەندىمنىڭ دەردىدىن باغرىم يارادۇر،
رازىدۇرمەن جانىمنى ئالساڭ راۋادۇر،
ئەي پادىشاھ رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

پەرزەندىمنىڭ جاللادلار باشىنى ئالدى،
ئېزىز تېنى سارغارىپ قاقىرا قالدى،
قىزىل گۈلدەك يۈزلەرى قانغا بويالدى،
ئەي پادىشاھ رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

ئاھ زار يىغلاپ، خانىماندىن مەن كېچىپ،
ھەسرىتىدە باشىمغە تۇپراقلار ساچىپ،
تەسەددۇقۇڭ بولاي بۇ جاندىن كېچىپ،
ئەي پادىشاھ رەھىم ئەيلەب مېنى ئۆلتۈرگىل.

توققۇز ئاي توققۇز كۈن كۆتەردىم ئانى،
تۈن سەھەرلەردە قوپۇپ بەردىم سۈتۈمنى،
نەگۇناھدىن ئۆلتۈردۈڭ غېرىب نۇرۇمنى،
ئەي پادىشاھ رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

ۋەزىرلەر چىقىپ قارىسا سودىگەرنىڭ ئېيتقىنى راست. ۋەزىرلەر يېنىپ كىرىپ، پادىشاھقا ئەھۋالنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. پادىشاھ دەرغەزەپكە كېلىپ:

— جاللاد! دەپ چاقىرىپ ئىدى، ئىككى تەرەپتە توققۇزدىن ئون سەككىز جاللاد لەببەي دەپ تۇردى ۋە:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سۇلتانى باكىرەم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن. تىغىمىز ئىتتىك، كىمنىڭ ئۆمرى ئاخىرغا يەتتى؟ قايسىمىزغا ئەمىر بولسا، ئۇنىڭ ئۆمۈر يىپىنى دۇنيا يۈزىدىن ئۈزۈپ تاشلايمىز، — دېدى. پادىشاھ ئۇلارغا:

— بۇ سودىگەرنىڭ ئامانىتىگە خىيانەت قىلغان ئىككى غۇلامنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، باشىنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى. تۆت جاللاد چادىرغا بېرىپ ھېچنەرسىدىن خەۋىرى يوق ياتقان ئانا - بالىلارنى كۆرۈپ: «پادىشاھنىڭ ئەمرى» دەپ، مەلىكىنىڭ قۇچاقىدىن ئىككى غۇلامنى ئاجرىتىپ باشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى، ۋە ئىككى بالىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىردى.

ئەلقىسسە: مەلىكە قارىسا تۆت جاللاد چىقىپ، سورىماستىن ئىككى پەرزەندىنى ئۆلتۈرۈپ كاللىسىنى كۆتۈرۈپ كەتتى. چادىر قانغا بويالدى. مەلىكىگە يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى. ھۇشىدىن كېتىپ يەنە ھۇشىغە كەلدى. چاچلىرىنى يۇلۇپ ئاھ پەرياد قىلىپ بالىلىرىنىڭ باشىنى ئېلىپ كەتكەن تەرەپكە يۈگۈردى ۋە ئوردىغا كىردى. ئۆمرالار: بۇ ئايال، سودىگەرنىڭ خاس مەھرىمى ئىدى. توسساق پادىشاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايمىز دەپ ھېچكىم تۇتۇۋالمىدى. بىلمىگەنلەر ئېغىزىنى بۇزۇپ: «مەزلۇملەرگە ئەركىشىدەك تاتلىق نەرسە جاھاندا تېپىلمىغاي، كۆردۈڭلەرمۇ ئۆلۈكنىڭ كەينىدىن بەرياد ئۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ» دېيىشتى.

مەلىكە ئوردىغا كىرىپ ئىككى قانلىق باشنى قولىغا ئېلىپ، يۈزىنى يۈزىگە سۈرتتى ۋە ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ:

— ئون تۆت يىل ئىچىدە تۇتىيا بولغان بالىلىرىم، ئارزۇسىغا

مەلىكە ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكىنى كۆرۈپ ئىشق ئوتى مېنى پەخش قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمگە بىر پىكىر كېلىپ ھىيلە - مىكرى بىلەن ئۇ كىشىنى ئازدۇرۇپ، بىر پەرزەندى بىلەن مەلىكىنى كەينىمگە سالدىم. ئۇلاردىن يىراقلاشقاندىن كېيىن ئوغۇلنىڭ باشىغا بەش - ئون قامچا ئۇرۇپ، مەلىكىنى ئاتقا مىندۇرۇپ چادىرغا قايتىپ كەلدىم. شەيتان غالىب كېلىپ، نەفسىم تەقەززا قىلىپ، مەلىكىگە قول سۇندۇم، مەلىكە قارشىلىق قىلىپ مېنى يېقىن كەلتۈرمىدى. مەن يەنە زورلۇق قىلىشقا ئۇرۇندۇم. ئاخىرى مەلىكە سۆزلەپ: «مەن ئۆزۈمنى پاكلاي، ئاندىن قانداق سۆزۈڭ بولسا ئاڭلاي» دېدى. سۇ تەييار قىلىپ بەردىم. مەلىكە تاھارەت ئېلىپ ئىككى رىكئەت ناماز ئۆتەپ دۇئاغا ئولتۇردى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كۆزۈم ئۇيقۇغا باردى، چۈش كۆردۈم. چۈشىمدە ئاسمان تەرەپتىن بىر ئالتۇن تەخت، تەخت ئۈستىدە مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم، تۆت چاھاريار، فاتىمە زوھرا قاتارلىقلار كەلدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىككى پەرىشتە بىللە ئىدى، ئىككى پەرىشتىنىڭ قولىدا ئىككى توتلۇق گورزە بار ئىدى. ئىككى پەرىشتە كەلگەنچە كېلىپ يۈزۈمگە بىر شاپىلاق ئۇردى، يۈزۈم قارا بولدى. پاتىمە ئىشارەت قىلىپ: «ئۇنى دوزاخقا ھەيدىگىل» دېدى. ئۇلار مېنى دوزاخقا سۆرەپ ماڭدى. مەن نالە - پەرياد قىلدىم ھەم تىلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ھەزرەتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم توختىتىپ: «بۇ ئامانەتنى ئىگىسىنىڭ قولىغا بەرمىسەڭ، سېنى ئۇممەتچىلىككە راۋا كۆرمەسمەن، قىيامەتتە جەھەننەمگە سازاۋەر بولۇرسەن» دەپ، گۇناھىمدىن ئۆتۈپ يۈزۈمنى سىلىغانىدى، يۈزۈم ئاقاردى. ئۇلار غايىب بولدى. ئويغانسام چۈشۈم، ماڭا قورقۇنچ يامىشۋالدى. شۇنىڭ بىلەن مەلىكىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدىم. قىلغانلىرىمغا ئەپۇ سورىدىم. مەلىكىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار قالغان يەرگە ئېلىپ كەلسەم، ئۇلار يوق، قانچە ئىزدەپمۇ تاپالمادىم. نامەھرەمگە قارايدىغان كۆزۈمنى كور قىلدىم. مەلىكىنى بولسا جان دىلىم بىلەن سىڭىل قىلدىم ۋە

رەھىم ئەيلەگىل پادىشاھ غېرىب ھالىمغە،
قويمە مېنى مۇندا يەنا زالىمغە،
رازىدۇرمەن تۆكسەڭ قىزىل قانىمغە،
ئەي پادىشاھ رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

ئەجەب بولدى ماڭا ئاخىر زامانلار،
بىلمەس مېنىڭ ھالىمنى ھەرگىز نادانلار،
تىرىكلىكىم ھارامدۇر ئەمدى يارانلار،
ئەي پادىشاھ رەھىم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

گۈلچېھرە مەن دائىم ئاقار كۆز ياشىم،
پەرزەندلەرىم ئەردى مۇڭلۇغ مۇداشىم،
بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سىرداشىم،
ئەي پادىشاھ رەھىم ئەيلەب مېنى ئۆلتۈرگىل.

دەپ مۇناجات ئوقۇپ بولۇپلا ھوشىدىن كەتتى. پادىشاھ ھەيران بولۇپ:

— ئەي كارۋان بېشى، بۇ مەزلۇمنى باشقىلارنىڭ ئامانىتى دەيسەن، ئەمما بۇ مەزلۇم بۇ غۇلاملارنى بالام دەيدۇ. بۇ قانداق ئىش؟ بۇ مەزلۇم قانداق كىشىنىڭ ئامانىتى ئىدى، — دەپ سورىدى. كارۋان بېشى سۆزلەپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، دۆلەت - ئىززەتلىرىگە يار بولسۇن. بىركۈنى بەش يۈز تۆگە بىلەن سەپەرگە چىققانىدۇق. بىر تاغنىڭ باغرىغا چۈشتۇق. ئۇ كېچە ناھايىتى قاراڭغۇ بولدى. مەن ئۈچ - تۆت ھەمرايىمنى ئېلىپ، تاغ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىدىم. چۈنكى، يېقىن ئەتراپتا قاراقچى بولسا ماللىرىمىزغا زىيان يەتكۈزۈشتىن ئەنسىرىگەنىدۇق. ئويلىمىغان يەردىن يىراقتا ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈندى، يېقىن باردىم، قارىسام، شاھانە سۈپەت بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ ئۇنىڭ يېنىدا شاھزادە سۈپەت ئىككى ئوغۇل بىلەن بىر

پېشانەمدە قىسمەت مۇنداغ يېزىلدى،
ۋەيرانلىق دەردىدىن باغرىم ئېزىلدى،
ھەسرەتىڭدە ئاھ ئۇرۇپ يۈرەك يېرىلدى،
قانلار يىغلاپ ھەسرەتلىك جاھان ئەمەسمۇ؟

ئارمان بىلەن يىغلاپ قادىر خۇداغە،
يەر - كۆكلەر يىغلاشۇر ئاھۇ - نىداغە،
تونۇتمادىڭ بالانى ھەرگىز ئاتاغە،
جامالىڭغا تويمىغان ئاتاڭ ئەمەسمۇ؟

غېرىب بولۇر ئەمدى مېنىڭ بۇ باشىم،
غەمگۇزارىم، روزىگارىم، يولداشىم،
بۇ دۇنيا ئاخىرەتدە مېنىڭ سىرداشىم،
بۇلبۇللارنى سايراتقان گۈللەر ئەمەسمۇ؟

مەن بىلمەدىم ئەجەب بەختىم قارادۇر،
ئارمان بىلەن ئۆمرۇم ئۆتۈپ بارادۇر،
ئادىل شاھ دەر ئۆلۈم ماڭا راۋادۇر،
باغرىمنى قان قىلغان جاھان ئەمەسمۇ؟

دەپ ئېيتتىلەركى:

— ئەي ۋەزىرلىرىم، مەن ئەمدى بۇ دۇنيادا ھايات ياشىيالماسمەن، مېنى بۇ ئىككى پەرزەندىم بىلەن بىرگە كۆمۈۋېتىڭلار، مەن سىلەردىن رازى، — دېدى ۋە نالە قىلىپ:

— ئىبارا خۇدايا، بىر يىل بولۇپتۇ، ئون تۆت يىل ئايرىلغان پەرزەندلىرىمنى ماڭا تونۇتمىدىڭ ياكى مېنى بالىلىرىمغا تونۇتمىدىڭ، ئاخىرى ئاتا - ئانا جامالىغە قاندۇرماي ئۆز قېلىچىم بىلەن باشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدۇرغان خۇدايىم، — دەپ، ئەر - ئايال ئىككىسى

پەردە ئىچىگە ئالدىم، ئۇن تۆت يىل بولدى، شەھەرمۇ شەھەر، چۆلمۇ - چۆل ئىزدەپ يۈرۈپ ئىگىسىنى تاپالمىدىم. بۈگۈن بۇ ئىش يۈز بەردى، بۇ غۇلاملاردىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق، — دېدى. بۇلارنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى. چىرايى سارغىرىپ:

— ئەي سودىگەر ھېلى سەن گېپىنى قىلغان مەلىكە شۇمۇ، — دېدى. سودىگەر:

— راست شۇ، — دېدى.

پادىشاھ دەرھال بېرىپ مەلىكىنىڭ بېشىنى يۆلەپ، مەلىكىگە ھەسەل شەربىتى ئىچۈردى. مەلىكە ھۇشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. پادىشاھ:

— ئەي بىچارە ئايال، بۇ غۇلاملار قانداق بولۇپ سېنىڭ پەرزەندىڭ بولىدۇ؟ ماڭا ئېيتقىن، — دېدى. مەلىكە، پادىشاھقا چىن ماچىندىن چىقىپ تاكى پەرزەندلىرى بىلەن كۆرۈشكىچە بولغان ئەھۋالنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. بۇلارنى ئاڭلىغان پادىشاھ تاجىنى يەرگە تاشلاپ، تەختتىن ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. ئىككى پەرزەندىنىڭ تېنىنى ئەكەلدۈرۈپ قانلىق تېنىنى قۇچاقىغا ئېلىپ زار - زار يىغلاپ، نالە - پەريادلار قىلدى ۋە مەلىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ:

ئەرزىمنى ئىشتكىل ئەمىر زادىلەر،
خارزار شاھىڭ مەنغۇ ئەمەسمۇ؟
ئۆز تېغىمدا شەھىد بولغان شاھزادىلەر،
قارا باغرى قان ئاتاڭ مەنغۇ ئەمەسمۇ؟

تىغ بىرلە ئۆزۈمنى سەد پارە قىلسام،
ياقامنى يىرتىپ بۈگۈن پەرياد قىلسام،
غەملىك قولمەن ئۆزۈمنى ناشاد قىلسام،
مېنىڭ جانىم ساڭا قۇربان ئەمەسمۇ؟

بوشاڭلىقىڭدىن دۆلىتىڭدىكى نۇرغۇن دانىشمەن، ئەقىل ئىگىلىرى زىندانغا چۈشۈپ بەزىلىرى بېشىدىن جۇدا بولدى. سەن ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇلارغا مەدەتكار بولىسەن، ــ دەپ غايىب بولدى. پادىشاھ بوۋاينىڭ دېگىنىدەك قىلدى، ئىككى ئوغلى ئەسلىگە كەلدى. پادىشاھ خۇرسەن بولۇپ نۇرغۇن كالا، قوي سويۇپ ئەلگە نەزىر قىلدى. دانىشمەن - ئەقىل ئىگىلىرىنى تارتۇقلىدى.

ئەلقىسسە: ئەمدى سۆزنى پادىشاھى ئادىل قېچىپ چىققان چىن ماچىن شەھىرىدىن ئاڭلىساق، پادىشاھ خوتۇن - باللىرىنى ئېلىپ قېچىپ چىققاندىن كېيىن، قەلەندەرلەر پادىشاھنى كۆپ ئىزدەپ تاپالمىغاندىن كېيىن بۇ دۆلەت ئەمدى بىزگە ئۇچچە قالدى دەپ پۈتۈن شەھەرنى ئۆز قولىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن قەلەندەرلەر شەھەرنى ئانداغ پاراكەندە قىلدىكى، ئىلگىرى ئۆزلىرىنى قوللىغان قازى - مۇپتى، ئالىم - ئۆلىمالاردىن تارتىپ يۇرتنىڭ چوڭ - كىچىك بەگلىرىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، بەزىلىرىنى زىندانغا سېلىپ بايلارنىڭ مال - دۇنيالىرىنى بۇلاپ، پۇقرالارغا سالمىغان زۇلۇمى قالمىدى. ئۇلار ئون تۆت يىل پادىشاھ بولۇش جەريانىدا ئەل زۇلۇم تارتتى. شەھەرنىڭ سېپىلى يېقىلدى. پۇقرالار ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتتى. يەتتە بەڭگى قەلەندەر شەھەر تالىشىپ بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاخىرى بىر بەڭگى قالدى.

بىر كۈنى زىندانغا چۈشكەن شەھەر ئۆلىمالىرى ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، يەتمىش كىشى بىر - بىرىنىڭ پۇت - قولىدىكى زەنجىر - كىشەنلەرنى چېقىپ تاشلاپ: «ئەي بۇرادەرلەر ئەقلىمىزنى تاپايلى، شۇنداق ياخشى ئادىل پادىشاھنى يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىپ، بۇ ئاياغىنى قۇم باسىدىغان قەلەندەرلەرگە بۆلۈشۈپ، ئاخىرى ئۆزىمىزنىڭ قىساسى ئۆزىمىزگە كېلىپ، زىندانغا چۈشتۇق. ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقازمىساق ئاخىرى بۇ قەلەندەرنىڭ قولىدا ئۆلىمىز. بىر كۈن تۇغۇلدۇق، بىر كۈن ئۆلىمىز. شۇڭا ئۆلگەندىمۇ ئادەمدەك ئۆلەيلى» دەپ، قوللىرىغا تاش ئېلىپ زىندان ساقلايدىغان گۇندىپايلارنى ئۆلتۈرۈپ، يېرىم كېچە بولغاندا ئوردىغا بۆسۈپ كىرىپ،

ئـۆلـۈكلەرنىڭ ئۈستىگە بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بۇ كۈن پۈتۈن شـەھەرگە بۇ ئىشلارنىڭ غۇلغۇلىسى تارقالدى. ئاسمان - زېمىنمۇ لەرزىگە كەلدى. ئەرشى كۈرسى تىترەپ، لەۋھى قەلەم يىغلادى. بارچە ئـەل ۋە ۋەزىـرلـەر پادىشاھنىڭ ھالىغە يىغلاشتى. ئاخىرى كېلىپ پادىشاھنىڭ باشىنى يۆلەپ ھۇشىغە كەلتۈرۈپ تەسەللى قىلدى ۋە:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، «قازاغا رازى، بالاغە سەبرى» دەيدۇ، شۇڭا سەبرى قىلىشلىرى لازىم، — دەپ تۇرۇشىغا ئات مىنگەن بىر بوۋاي يېتىپ كېلىپ:

— نېمە ئىش بولدى؟ دەپ سورىدى، پادىشاھ بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى.

بوۋاي ھەممە سۆزنى ئاڭلاپ بولۇپ:

— ئەي پادىشاھ، سەن نېمانچە ئاخماق نادان پادىشاھسەن؟ خۇدا بـەرگـەن پـادىـشـاھـلـىـقـنى بىر قەلەندەرگە تارتتۇرۇپ، دۆلەتنى قـەدىـرلـىـمـىـگـىنىڭ ئۈچۈن ئايالىڭ بىلەن ئىككى پەرزەندىڭدىن ئايرىلدىڭ، ئىككى پەرزەندىڭ يېنىڭدا تۇرسىمۇ ئۇنىڭ ھالىغا يەتمەي، ئـۇلار بـىلەن مۇڭداشماي قويغىنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىنى ئۆز قولۇڭ بىلەن كەستىڭ. بولۇپمۇ تېگى پەس نائەھلى قەلەندەرلەرنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، تاجۇ - تەختىڭنى بەرگىنىڭ بائىسىدىن ئون تۆت يىل سەرگەردانلىقتا ئۆتتۇڭ. ئەمدى سېنىڭ بىر مازارلىقتا توپا بىلەن تىنىپ كەتكەن قۇدۇقنى كولاپ سۇ چىقىرىپ، نۇرغۇنلىغان قـۇش، جانىۋارلارنى سۇغىرىپ، كۆپلىگەن دەرەخلەرگە سۇ قۇيۇپ كـۆكـلـەتـكـىـنىڭ ئۈچۈن، ھەم ئىككى ئوغلۇڭنىڭ قېنى ناھەق تۆكـۈلـگىنى ئۈچۈن، ئىككى ئوغلۇڭغا جان بەخشەندە قىلىندى. ئـەۋلادلىرىڭغا ئىبرەت قىلغىنكى، ھەرگىزمۇ خۇدا نېسىپ قىلغان بـەخت - دۆلەتنى قەلەندەرگە بەرمىسۇن. ئىككى بالاڭنىڭ بېشىنى تـېـنـىـگـە چـاپـلاپ ئۇدۇللاشتۇرغىن، — دېدى. ئۇلار بوۋاينىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئىككى بالا مىدىرلىدى. بوۋاي يەنە دېدىكى:

— ئـەمـدى جـاراھـىتىگە تېۋىپلار مەلھەم قىلسۇن، سېنىڭ

# مەلىكە سەنەمخان

مۇنداق رىۋايەت قىلۇرلەركىم: بۇرۇنقى زاماندا رۇم شەھىرىدە بىر پادشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ مەلىكە سەنەمخان ئىسىملىك ساھىبجامال بىر مەلىكىسى بار ئىكەن. يىللاردىن يىللار ئۆتۈپ رۇم شەھىرى شاھىنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يېتىپ بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپتۇ، پادىشاھلىق ئاتىسىدىن مەلىكە سەنەمخانغا مىراس قاپتۇ. بۇ مەلىكە گۈزەللىكتە ئالەمدە يەككە - يېگانە ئىكەن، شېئىر - نەزمە يېزىش، بېيىت ئېيتىشىش ۋە ئىلمىي ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن ئىكەن. ئاي ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەلىكىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن، ئەقلىگە ئەقىل قوشۇلۇپ، سىرتقا چىقسا چىرايى قۇياشنى خىجىل قىلىدىغان بوپتۇ. مەلىكىنىڭ گۈزەل چىرايى، چېچەنلىكى توغرىسىدىكى سۆزلەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، شەھەردىن - شەھەرگە ئۆتۈپ، نەتىجىدە ئون سەككىزمىڭ ئالەمدىكى شەھەرلەرنىڭ شاھزادە، بەگزادىلىرى مەلىكە سەنەمخانغا غايىۋانە ئاشىقى - بىقارار بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن مەلىكە ھوزۇرىغا ئەلچى ئەۋەتىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە سەنەمخان ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان ئەلچىلەرنى كۆرۈپ ئېگىزلىكى ئاسمان پەلەك بىر ئالتۇن راۋاق ئەتتۇرۇپ، راۋاقنىڭ ئۈستىگە بىر جۈپ ئالتۇن كۇرسا ۋە بىر جۈپ ئالتۇن ناغرا بىلەن ئالتۇن چوكىنى قويۇپ، راۋاق تۆۋىگە ئايغى يېنىك، سۆزمەن جېسەكچىدىن تۆت يۈز سەكسەن تۆت نەپەر كىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. بۇ ئىشلار تاماملانغاندىن كېيىن، مەلىكە سەنەمخان ھەر تەرەپكە جاكارچىلارنى ئەۋەتىپ جار سالدۇرۇپ: «كىمدە كىم مەلىكە سەنەمخان بىلەن روبىرو بولماقچى بولسا، راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئالتۇن نەققارىنى شادىيانە پەدىگە چالسۇن! ئالتۇن نەققارىنىڭ ئۈنى مەغرىپتىن مەشرىققىچە پۈتۈن ئون سەككىز مىڭ ئالەمگە ئاڭلانسا، مەلىكە چىقىپ ئۇل دادىخانىڭ ئەرزىنى ئاڭلايدۇ» دەپ جاكارلىتىپتۇ.

قەلەندەرنى تاش كېسەك قىلىپ ئۆلتۈردى. شۇ ۋاقىتتا «پادىشاھى ئادىل ، كۆكچى خانىياربەگ ، دېگەن ئەلگە پادىشاھ بوپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇنى ئاڭلىغان شەھەر چوڭلىرى مەسلىھەت قىلىپ نامە يېزىپ پادىشاھى ئادىلغا ئەۋەتتى. نامىدە: «شەھىرى چىن-ماچىن ئىگىسىز قالدى. شۇڭا ئۆزلىرى بىزنى ئەفۇ قىلىپ، ئىلتىپات بىلەن بۇ شەھەرنى قوللىرىغا ئالسىلا، بىز پۇقرالارنىڭ دەردىگە يەتسىلە» دەپ يېزىلغان بولۇپ، نۇرغۇن تارتۇقلار بىلەن ئەلچىنى يولغا سالدى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئەلچى «كۆكچى خانىياربەگ شەھىرى» گە يېتىپ بېرىپ پادىشاھى ئادىل بىلەن كۆرۈشۈپ ئېلىپ بارغان تارتۇقلارنى ۋە خەتنى بەردى. پادىشاھ خەتنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ: «يەمەتلىك چوڭلارنىڭ كۆڭلى شىكەستە يېگەن تۇپەيلىدىن بۇ خەتنى يېزىپتۇ» دەپ ئويلىنىپ، ئۆزى بېرىشنى كۆڭلى خالىماي، كارۋان باشلىقىنى ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ مۆھۈرنى بېسىپ چىن-ماچىنغا ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن سودىگەر چىن-ماچىنغا بېرىپ پادىشاھ بولدى. يۇرتنى ئاۋات قىلىپ، پۇقرالارنىڭ دادىغا يېتىپ، شەھەرلەرنى مۇنەۋۋەر قىلدى. پادىشاھى ئادىل ئايالى، ئىككى پەرزەندى بىلەن «كۆكچى خانىياربەگ» دە ئادىللىق بىلەن ئەل سوراپ ئالەمدىن ئۆتتى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى

ياساۋۇللار:
— ئەي يىگىت، سەن قەيەردىن كەلدىڭ، ئالتۇن نەققارىنى چېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟ — دەپ سورىغان ئىكەن، شاھزادە بەھرام:

يۇرتۇم مەشرىق — چىن ماچىندۇر،
ئالتۇن نەققارىنى چالغىلى كەلدىم،
مەلىكە سەنەمنى ئالغىلى كەلدىم.
بۇ گېپىمدىن ئەسلا تانماسمەن،
مەلىكىنى ئالمىغۇنچە زادى يانماسمەن.
مەغرىپلىقلاردىن ئەسلا قورقمايمەن،
مەلىكە سەنەمنى ئالماي قويمايمەن.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ياساۋۇللار شاھزادە بەھرامدىن يۇقىرىقى نەزمىنى ئاڭلاپ:
— ياھۇ ۋەلى، ۋىلا قۇۋۋىتى، بۇ يىگىت يوغان گەپلەرنى قىلىدۇ، ئەمدى بېرىپ بۇ يىگىتنىڭ جاۋابىنى شاھىمىزغا يەتكۈزەيلى، — دەپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشۈپتۇ. مەلىكە سەنەمخان ياساۋۇللارنىڭ ۋاقتىدا كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ:
— نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئۇزۇن هايال بولۇپ قالدىڭلار؟ — دەپ ئاچچىقلىنىپتۇ. ياساۋۇللار مەلىكىگە بولغان بارلىق ئەھۋاللارنى بايان قىپتۇ.
— ئۇنداق بولسا ئۇ يىگىتنى مېنىڭ ئالدىمغا باشلاپ كىرىڭلار! دەپتۇ مەلىكە سەنەمخان ياساۋۇللارغا. ياساۋۇللار چىقىپ شاھزادە بەھرامنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. بەھرام يېتىپ كىرگەندە مەلىكە ئىززەت - ئىكرام بىلەن پادىشاھلىق تەختتىن چۈشۈپ:
— خوش كېلىپىلا ئېزىز مېھمان، قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە، — دەپ ئالتۇن جاۋاھىراتلاردىن پۈتكەن ئورۇندۇققا تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە بەھرام كېلىپ ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، مەلىكە سەنەمخان:

ئارىدىن بىر قانچە ئايلار ئۆتكەندىن كېيىن، مەلىكە سەنەمخاننىڭ بۇ پەرمانى چىن ماچىن خاقانىنىڭ ئوغلى شاھزادە بەھرامنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. مەلىكە سەنەمخاننىڭ داڭقى - تەۋسىپىنى خېلىدىن بېرى ئاڭلاپ، مەلىكىگە ئاشىق بولۇپ، ئىشقى - پىراقىدا يىلاندەك تولغىنىپ يۈرگەن بەھرامنىڭ بىر كۆيۈك ئوتى ئىككى بولۇپ، تاقەتسىزلىك بىلەن ئاتا - ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپ ئالتە ئايلىق يول تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، رۇم شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ. پادشاھ ۋە چىن ماچىن ئەھلى شاھزادە بەھرامنى ئۇچ كۈنلۈك يەرگىچە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ ۋە ئاق يول تىلەپ دۇئا قىلىشىپتۇ. شاھزادە بەھرام يول ئۇستىدىكى خېيىمخەتەرلەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ يول يۈرگىلى ئالتە ئاي بولغاندا مەلىكە سەنەمخاننىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئات - ئۇلاغ ۋە ھەمراھلىرىنى بىر كارۋان سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، يول ئازابى، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقنىڭ دەردىنى ئۇنتۇپ، شەھەر ئىچىگە كىرىپ، راۋاق تۈۋىدىكى گۈزەتچىلەرگە نەزەرىنىمۇ سالماستىن راۋاق ئۈستىگە چىقىپ، ئالتۇن نەققارىنى شۇنداق چالغىلى تۇرۇپتۇكى، ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كەپتۇ. بۇ ۋاقىتتا مەلىكە ئۇيقۇدا ئىكەن، ناغرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇيقىدىن ئويغۇنۇپ ئويغىنىپ. بىدار بولۇپ ياساۋۇللارغا:

— ئەي ياساۋۇللار، چىقىپ قاراپ بېقىڭلار، بىر دادىخا كەلدى بولغاي، — دەپتۇ.

ياساۋۇللار قىلىچ، قالقانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ راۋاق ئۈستىگە قارىسا، بىر يىگىت بېرىلىپ ئالتۇن نەققارىنى چېلىۋاتقۇدەك، ئۇ يىگىتنىڭ ھۆسنى ماھى تاباندەك نۇر چېچىپ تۇرغۇدەك. ياساۋۇللار بىر - بىرىگە قاراپ ياقىلىرىنى چىشلىشىپ: «توۋا، ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى، ئادەمزات ئارىسىدىن بۇنداق نۇرلۇق چىراي ئادەم چىققان ئەمەس» دەپ غۇلغۇلا قىلىشىپتۇ. يىگىتنىڭ ھۆسنىنى بىر پەس تاماشا قىلغاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ پەرمانىنى ئېسىگە ئېلىشىپ شاھزادە بەھرامدىن گەپ سوراشقا باشلاپتۇ. ياساۋۇللار ئىككى ئېغىز سۆز قىلسا بەھرام تۆت ئېغىز سۆز قىپتۇ، تۆت ئېغىز سۆز قىلسا سەككىز ئېغىز سۆز قىپتۇ. ئاخىرى

سۇتى تېمىپ تۇرىدۇ. بۇگۇن ئاتىڭىزنىڭ كۆز يۇمغىنىغا توپتوغرا ئون يىل بولغان كۇن، بۇنداق كۇندە ئادەم ئۆلتۈرسىڭىز ئاتىڭىزنىڭ روھى قورۇنۇپ قالا، ئۇ يىگىتنىڭ گۇناھىدىن ئۆتسىڭىز، ــ دەپتۇ. مەلىكە سەنەمخان ئىنىكئانىسىنىڭ يۈز خاتىرىسى، ئاتىسىنىڭ روھىناتى ئۇچۇن شاھزادە بەھرامنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىشقا بۇيرۇق قىپتۇ. جاللاتلار شاھزادە بەھرامنى قويۇپ بېرىپتۇ.

شاھزادە بەھرام مەلىكە سەنەمخاننىڭ دەردى - پىراقىدا شەھەرنى تاشلاپ چۆللەرگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ چۆلدە بىر كونا مازار بار ئىكەن. شاھزادە بەھرام مازارلىقتا قىرىق كۇن خۇداغا يىغلاپ، بۇ دۇنيالىق رىسقىنى مەلىكە سەنەمخان بىلەن بىر قىلىشنى تىلەپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۇنى شاھزادە بەھرامنىڭ تەلىپى ئىجابەت بولۇپ ئاغزىدىن بىر لەرزە قان يېنىپ زۇۋانى رۇم زۇۋانىغا ئۆرۈلۈپتۇ ۋە خۇدادىن خىزىر ئەلەيھىسسالامغا: «ئەي ۋەزىرىم، رۇم شەھىرىدە مەلىكە سەنەمخان ئاتلىق بىر شاھ مەلىكە بار، ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە ھېچقانداق بەندەم ئۇ قىز بىلەن تەڭ شېئىر - بېيىت ئوقۇيالمايدۇ. سەن بېرىپ ئۇ شاھ بىلەن شېئىر - بېيىت ئوقۇشۇپ، ئۇنى چىن ماچىن شەھىرىنىڭ شاھزادىسى بەھرامغا نىكاھلاپ بەرگەيسەن» دەپ ۋەھى كەپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە بىر ئىسمى ئەزەم ئوقۇغان ئىكەن. ئۆز قىياپىتىدىن ئۆزگىرىپ 150 ياشلىق بىر قېرى بوۋاينىڭ سىياقىغا كىرىپتۇ.

خىزىر ئەلەيھىسسالام رۇم شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ ئالتۇن نەققارىنى شۇنداق چالغىلى تۇرۇپتىلەركى، ھەددىدىن زىيادە ئاۋاز چىقىپ يەر - زېمىن تىترەپ كېتىپتۇ. ئالتۇن نەققارىنىڭ ئاۋازى مەغرىپتىن، مەشرىققىچە ياڭراپتۇ.

ــ ئەي ياساۋۇللار چىقىپ قاراپ بېقىڭلار بىر دادىخا كەلگەن بولسا كىرەك، نېمە سۆزى بولسا ئاڭلاپ بېقىڭلار، ــ دەپ بۇيرۇپتۇ مەلىكە سەنەمخان ياساۋۇللىرىنى. ياساۋۇللار چىقىپ قارىسا ئالتۇن كۇرسىدا 150 ياشلىق بىر قېرى بوۋاي ئولتۇرغۇدەك. ساقاللىرى بىر باغ بېدىدەك ئۆسۈپ كەتكەن، يۇزلىرى چۇپۇر، بېلىنى بىر ئەسكى

— ئەي يىگىت، نېمە ۋەجىدىن بۇ شەھەرگە كەلدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ. شاھزادە بەھرام:

ئالتۇن نەققارىنى چالغىلى كەلدىم،
مەلىكە سەنەمنى ئالغىلى كەلدىم.
بۇ گېپىم راست، ئەسلا تانماسمەن،
مەلىكىنى ئالماي يۇرتقا يانماسمەن.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يەنە: «ياچىن، ماچىن قېنىڭىزدا سۇنانچىن، رومانچىن گۇل ئاچىن» دەپ نەزمە ئوقۇپتۇ. مەلىكە بەھرامنىڭ كېيىنكى نەزمىسىنى ئۇقالماپتۇ.

— ئەي يىگىت، سىز مېنى ئالىمەن دەيسىز، ئۇنداق بولسا جامالىمنى بىر كۆرۈپ بېقىڭ، — دەپ مەلىكە سەنەمخان يۈزىدىن نىقابىنى شۇنداق ئالغان ئىكەن، ئوردا ئىچى كۈن چىققاندەك نۇرلىنىپ كېتىپتۇ. مەلىكە سەنەمخاننىڭ جامالىدىن چىقىۋاتقان نۇرغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن شاھزادە بەھرام بىھوش بولۇپ ئورۇندۇق ئۈستىدىن يىقىلىپتۇ.

— جاللات! بۇ يىگىتنى راۋاق ئاستىدىكى دارغا ئېسىپ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىل! — دەپ مەلىكە سەنەمخان شاھزادە بەھرامنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار بەھرامنىڭ پۇت - قوللىرىنى چەمبەرچاس باغلاپ دار ئالدىغا ئېلىپ مېڭىۋاتسا، مەلىكە سەنەمخاننىڭ ئىنىكئانىسى شاھزادە بەھرامنى كۆرۈپ نېمە سەۋەبتىن بۇ يىگىتنى دار ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى جاللاتلاردىن سوراپتۇ. جاللاتلار بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى بايان قىپتۇ.

— ئەي بالىلىرىم، سەۋرى قىلىپ توختاپ تۇرۇڭلار، مەلىكە بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشۈپ چىقاي، — دەپ جاللاتلارنى توختىتىپ قويۇپ، مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي جاھاننىڭ قۇياشى قىزىم، جاللاتلارنىڭ قولىدا بىر ياش يىگىتنى كۆردۈم، ئۇن گۇلىنىڭ بىرى ئېچىلماپتۇ، ئاغزىدىن ئوغۇز

جاۋاب بېرىپتۇ.

— «بــە» نىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ مەلىكە سەنەمخان يەنە سورىغان ئىكەن، بوۋاي:

— مــۇھــەمــمەت سەللەللاھۇ ۋەسسالام دېگەن بولىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭ مەلىكە سەنەمخاننى بۇ بوۋايغا بەرگىن، قۇتۇلغىن دېگەن بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بوۋاينىڭ جاۋابىدىن پۈتۈن ئــوردا ئەھلى كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن مەلىكە: «بۇ بوۋاي ماڭا گەپ بەرمەي ئوردا ئەھلى ئالدىدا مېنى خىجىل قىلدى، يۈزۈمنى ئېچىپ چىرايىمنى بىر كۆرسەتمەي، ئەگەر تاقەت قىلالىسا خوپ، بولمىسا ئۆز تەقدىرى ئۆزىگە، جازاسىنى بېرەي» دەپ يۈزىدىكى نىقابىنى ئاچقان ئىكەن، بوۋاي بەھۇزۇر كۈلۈپ ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېرىپتۇ. مەلىكە سەنەمخان ھەيران قېلىپ:

— ئەي بوۋاي، مەلىكە سەنەمخاننىڭ ئېتىنى تۇتۇپ ئۈچ كۇپلېت بېيىت ئوقۇغىن، ئوقۇيالىساڭ خوپ. ئەگەر ئوقۇيالمىساڭ مەندىن رەنجىمىگىن، — دەپتۇ. بوۋاي ئالتۇن ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

دوس تۇتادۇر بوستانە،
ئاتابەكرى ئوسمانە.
كۆڭلۈم ھەم غەمگۇزانە،
كۆزلىرى چولپان سەنەم.

پەردە ئىچىدە يۈزىڭىز،
مەن بوۋايدا كۆزىڭىز.
قىزىل ئانار دۇر يۈزىڭىز،
چاچلىرى بوستان سەنەم،

ئىشقى ئوتىڭ قىلدى خاراب،
يۈرىكىم بولدى كاۋاب.
لېۋىڭدىن ئىچەي شاراب،
رۇمغا ئۆزەڭ سۇلتان سەنەم.

مــەلــىكە سەنەمخان بوۋاينىڭ سۆزدە چاققان، بېيىت ئوقۇشقا ئۇستا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ئەي بوۋاي، مېنىڭ دەرگاھىمدىن ئەمدى كەتكىن، ئەگەر تەرسالىق قىلىپ يەنە كەتمەي تۇرۇۋەرسەڭ ئۆلتۈرمەك ئۈچۈن پەرمان

شويىندا باغلىۋالغان، ھەر بىر پۇتىغا بىردىن ئۆچكە تېرىسىدە چورۇق كىيگەن، چورۇقنى بوغقان يىپلىرى ئارقىسىدا بىر گەز سۆرۈلۈپ تۇرغان بۇ بوۋاينى كۆرگەن ياساۋۇللار ئىنتايىن ھەيران بوپتۇ. ئاخىرى سۆز سورىماسلىققا ئىلاجى بولماي، بوۋايدىن گەپ سوراپتىكەن، بوۋاي تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

ئالتۇن نەققارىنى چالغىلى كەلدىم،
مەلىكە سەنەمنى ئالغىلى كەلدىم.
بۇ گېپىم راست زادى تانماسمەن،
مەلىكىنى ئالماي يۇرتقا قايتماسمەن.
ئەي مەغرىپلىقلار سەندىن قورقماسمەن،
مەلىكە سەنەمنى خوتۇن قىلماي قويماسمەن.

ياساۋۇللار بوۋاينىڭ تۇرقىغا ۋە ئوقۇغان بېيىتىغا ھەيران بولغان ھالدا مەلىكىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئالتۇن نەققارىنى چالغۇچى بوۋاينىڭ تەقى - تۇرقىنى ۋە ئوقۇغان بېيىتنى بايان قىپتۇ. «مەلىكە سەنەمخاننى 150 ياشلىق بىر قېرى بوۋاي ئالغىلى كەپتۇ» دېگەن بۇ خەۋەر يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ ئېغىزىدا تارقىلىپ يۈرۈپتۇ. مەلىكە سەنەمخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ياساۋۇللار بوۋاينى ئوردىغا باشلاپ كىرىپتۇ. مەلىكە بوۋاينى ئالتۇن ئورۇندۇققا تەكلىپ قىپتۇ. بوۋاي ھېچ تارتىنماستىن خۇددى ئاسماندىن سا چۈشكەندەك لەسسىدە كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ. مەلىكە: «بۇ بوۋاينىڭ نادانلىقى تۇرقىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ، كالا موللا پارسىدىن بىر سوئال سوراپ كۆرەي، ئەگەر جاۋاب بېرەلىسە خوپ، جاۋاب بېرەلمىسە ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە بولغاي» دەپ ئويلاپ بوۋايغا قاراپ:

— ئەي بوۋاي «ئېلىپ» نىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىغان ئىكەن بوۋاي:

— ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمدە خۇدا بىر دېگەن بولىدۇ، — دەپ

— ئەي خىزىر ئاتا، مەن ئۆزلىرىنى مۇتلەق بىلگىنىم يوق، ئالدىلىرىدا ئۆتكۈزگەن گۇناھىمنى ئەپۇ قىلغايلا، — دەپ يىغلاپ خىزىرنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— ئەي قىزىم، سىز بۈگۈن مەن بىلەن تەڭ بېيىت ئوقۇيالىدىڭىز، سىزنى ئوقۇتقان پىر ئۇستازىڭىزغا رەھمەت. ئەمدى سىز ئۆزىڭىزنى چىن ماچىن شاھزادىسى بەھرامگە قوبۇل قىلىڭ، — دەپ ئەل كۆزىدىن غايىب بولۇپ، شاھزادە بەھرام ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغان مازارغا بېرىپ، ئۇنى مەلىكىنىڭ قېشىغا ئېلىپ كىرىپ، ئوردا ئەھلى ئالدىدا مەلىكە بىلەن شاھزادىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ قويۇپتۇ. رۇم شەھىرىدە داقا - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلار چېلىنىپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز كاتتا توي مەرىكە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. تويدىن كېيىن مەلىكە سەنەمخان رۇم شەھىرىنىڭ پادىشاھلىقىنى شاھزادە بەھرامغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلاشماپتۇ. خىزىر ئەلەيھىسسالام تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇپتۇ ۋە ئەل كۆزىدىن غايىب بوپتۇ.

ئەي خالايىق ئاڭلاڭلار، مەن دائىم توۋا قىلاي،
ئۇشبۇ سۆزۈم يالغانمۇ؟ بۇ يامان نەس ئالەمگە.
ئۇشبۇ دۇنيا تۆرىلىپ، بېرىسەن دەيدۇ ئۇلار،
مۇنداق بالا بولغانمۇ؟ ئۆشرە، زاكات مالىمگە.

شاھزادە بەھرام خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېيىتىغا ئۇلاپ تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

ھەر كىشى ئۆز يۇرتىدا ئۇلۇغ بولدى،
ئىچىپ قايماق يۈزلىرى نۇرلۇق بولدى.
ئالامەتلەر مۇنداق بولدى ئۇشبۇ باھاندا:
جازانە قىلدى ناۋايلار كىچىك يېقىپ ناندا.
ئۆستى زاراڭزا خېلى ياغ باردەك بولدى،
ئۇشبۇ جاھاندا ئالامەتلەر يالغان بولدى.

بېرىمەن، — دەپتۇ ۋە تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

يەنە قىلساڭ تەرسالىق غەزەب قىلارمەن،
بېشىڭنى كېسىپ قاتتىق ئازاب قىلۇرمەن.
سەندەك ئەسكىلەر ئۆلۈمگە لايىق،
قىلدى دېمىگىن مېنى زالىملىق.

بوۋاي: ئەي مەلىكە ئورغىن، تۇردۇم مانا ئالدىڭدا،
ھەر زامان مەن بار، سېنىڭ يادىڭدا.
مەلىكە: ئەي بوۋاي كەتكىن، سۆزۈڭگە كىرمەسمەن،
ئۆلسەم ئۆلەرمەن، ساڭا تەگمەسمەن.
بوۋاي: دىل مادارىم مەن لىغ، لىغ، لىغ،
يىغلىدى جان بوغ، بوغ، بوغ،
تەنىمنىڭ ئوتى چوغ، چوغ، چوغ،
ئات سالدىم توغ، توغ، توغ،
كۆيدى تېنىم لوغ، لوغ، لوغ،
مەلىكە سەنەمخان چۇ، چۇ، چۇ.
تەگسە ماڭا باغ، باغ، باغ،
بولسا كۆڭۈل تاغ، تاغ، تاغ،
ۋاقتى سەھەر قۇم، قۇم، قۇم،
كۆزلىرى چولپان سەنەم.
مەرھەم ئېيتىپ باغرىڭ ياق،
قېرىكەن دەپ قىلما مازاق.
ئاھۇ سەنەم، ئاھۇ پىراق،
ئىككى يۈزۈڭ سۈتتىن ئاق.

بوۋاي مەلىكە سەنەمخاننىڭ بېيىتىغا جاۋابەن يۇقىرىقى بېيىتنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. مەلىكە سەنەمخان كۆز ئالدىدا تۇرغان بۇ بوۋاينىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئېيتقان بېيىتلىرىگە پۇشايمان قىلىپ:

# شەكەر ئايلا بىلەن نەبات خوجا

ئۆتكەن زاماندا قاراقاشنىڭ جاي تېرەك دېگەن يۇرتىدا شەكەر ئايلا دېگەن مەزلۇمغا نەبات خوجا دېگەن ئادەم ئاشىق بولۇپ، ھىجران ئوتىغا تاقەت قىلالماي، يا ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئوقەت قىلالماي، بىر - بىرىگە بېيىت ئوقۇغانلىنىڭ بەيانى:

ئەلقىسسە، نەبات خوجا دېدىكى، روزا ئەيتىنىڭ ئون يەتتىسىدىن باشلاپ ساڭا ئاشىق بولغان جانىجان بىر مەرتىبە بارىپ كۆرەلمەي ياندىم. ئىككىنچى ئايدا سېنىڭ يادىڭدە ئەۋاقات قىلالماي، ئىككى مەرتىبە ئەرز قىلدىم. ئۈچىنچى ئايدا سېنىڭ ئىشقىڭدا ئۇيقۇلالمىغان جانىجان ئۈچ مەرتىبە بارىپ ھال ئېيتتىم. تۆرتىنچى ئايدا سېنىڭ فىراقىڭدە تائام سىڭمىگەن جانىبدىن تۆرت مەرتىبە بارىپ يىغلاپ ياندىم. بەشىنچى ئايدا سېنىڭ زەۋق - شەۋقىڭدە ئۆيدە تۇرالماي بەش مەرتىبە بارىپ سېنى كۆرۈپ ياندىم. ئالتىنچى ئايدا سېنىڭ ئىشتىياقىڭدا ئالتە مەرتىبە بارىپ نەغمە ئويناپ ياندىم. يەتتىنچى ئايدا سېنىڭ بىۋاپالىقىڭدە يەتتە مەرتىبە بارىپ سۆزلىشەلمەي ياندىم. سەككىزىنچى ئايدا سېنىڭ ھەجرىڭدە سەككىز مەرتىبە بارىپ يانىپ كەلدىم. ھاسىل كالام سەككىز ئاينىڭ ئۈچىدە مەن سېنى مېھرىبان قىلالماي، ئۆزەمنىڭ تالىبلىقىدىن، ئىشق ئوتىنىڭ غالىبلىقىدىن بۇ كىتابنى نەزمە قىلدىم.

بارس[1] يىلىدا ساڭا كۆيدۇم، شول زەمان قويدۇم قەدەم،
نە بەلاغە قالدى ئەمدى قېرىغان چاغدا ئەدەم.
مەن سېنى قىلدىم بەرى ئون تۆرت ياشار چوكان بىلە،
كۆندە بولسا نەچچە ئاھ دەپ، كېسەل بولۇپ قالدى گەدەم.

---

[1] بارس — يولۋاس.

بۆزچىلەر كىشىنى قاقشاتتى ئاقاغنى ئۇغرىلاپ،
ئۇشتە قىلدى خامىنى تاياقتا ئۇڭلاپ.
ئاتقۇچىلار ماز بىلەن قوشۇپ پاختا ئاتتى،
تۆمۈرچىلەر ھىيلە قىلىپ ئەلنى يىغلاتتى.
يەنە قاسساپ گۆش دەپ سۆڭەكنى تارتماقتا،
يەنە باققال جىڭدا چالا تارتماقتا.
ياغچىلار ئېسىل ياغ دەپ ياغقا سۇ قاتتى،
موزدۇزلار قەغەزدە ئاياغ تىكىپ ساتتى.
ئۇشبۇ ئالەمدە ئالامەتلەر شۇنداق بولدى،
يېتىملىكتە چارەم يوق بېشىم قاتتى.

شاھزادە بەھرام ئۆز يۇرتىنى، ئاتا - ئانىسىنى سېغىنىپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇپتۇ:

قانداق قىلاي مەن بىر غېرىب، ۋا ھەسرەت، ۋا نادامەت،
بۇ كەڭ جاھاندا مەن غېرىب، بولدى ماڭا قىيامەت،
ھەمراھلىققا يوقتۇر يا ئىنىم، ئۆز يۇرتۇمنى ياد ئەتسەم
غېرىبلىققا چارەم يوق. يېتىملىكتە چارەم يوق.

بەھرامنىڭ نەزمىسىنى ئاڭلىغان خالايىق ئۇنىڭغا كۆڭۈل قوۋۇتى بېرىپ يولەپ ئوردىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

شاھزادە بەھرام بىلەن مەلىكە سەنەمخان بىر ئۆيلۈك بولۇپ مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپ، ئادالەت بىلەن يۇرت سوراپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. بېيىت - نەزمە ئېيتىپ كۆڭۈل ئىزھار قىلىش، مەلىكە سەنەمخان بىلەن شاھزادە بەھرامدىن بىزگە مىراس قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: گۇما ناھىيە سانجۇ يېزا بلش ئېرىغىل كەنتىدىن مەرھۇم غوپۇر ئاخۇن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن مۇھەممەت ھوسۇيۇن

قۇدرەتىم يەتسە رەقىپىنىڭ باشىنى ئاتسام چاقىپ.
بەزىدە تاپتىم ئۆيۈڭدە، بەزىدە مەن كۆرمەدىم،
ئۇل سەبەبدىن بۇ ئوغۇلنىڭ يۈرەكى بولدى ئاقىپ.

ئاشىق مەئشۇقىغە ئامراق بولۇپ خاتۇنىغا ئۆچ بولغانىنىڭ بەيانى:

مەن ساڭا كۆيگەن زەماندە خاتۇنۇم بىرلە خىرە،
ساقلىقىمدەك ھەر يىلىدە بەرمەدىم ئۇزۇك - زىرە،
بۇ كۆڭۈل خاتۇن بىلەن بىر تەكيدە ياتقۇزمىدى،
شۇنچە باقسام ئۇل خاتۇنلار سىزلەدەك ئىرمەس سىرە،
سەن خېنىمنىڭ ئىشقىدە تاڭ ئاتقۇچە تۇردۇم ئۆرە.

ئاشىق مەئشۇقىنىڭ قېشىغىچە كەلگەنىنىڭ بەيانى:

ئەسلى ھالىم قالمادى، يۇققارى بارغۇم كېلىپ،
ئەل بىلەن بارغان مەھەلىدە ئايرىلىپ قالغۇم كېلىپ،
بۇ غەرب بولغان چاغىمدا ئۇل خېنىم چالسا سىتەر،
يارنىڭ رەۋقىدە ھەر كۈن دوتارىم چالغۇم كېلىپ.

ئاشىقنىڭ يارانلارىغە ھال ئېيتغانلارىنىڭ بەيانى:

ئەي يارەنلەر مەن تىرىك بار، مەشۇقۇم بولسا ھايات،
بىر لەمە ... قويغان ئىككىمىز بولساق ۋەفات.
ئوت فىراقىڭدا يۈرۈپ مەن قالمادىڭ يىلدىز توقۇپ،
ئاخىرى بىر كۈن شەكەرگە قوشۇلۇپ قالسا نەبات.
سەككىز ئايدۇر بۇ ئوغۇلدىن كەتمەدى بۇ ئىشتىياق،
تەشنەلىككە سۇ ئىچەرمەن ھەر كېچە تۆرت، بەش ئاياق.
ماڭا ئوخشە راست ئوغۇلغە تەگمەدى ھەرگىز تاياق.

مەئشۇقنىڭ بىۋاپالىقىغا ئوقۇغان بېيىتلىرى:

بۇ كىتابنى بىتىپ ئالدىم خەلققە پاش بولسىمۇ،
مۇنچە قىلماق لازىم ئېرمەس، يېگەنىم ئاش بولسىمۇ.
كۈندە ـ كۈندە بۇ كىتابنى ئوقۇتۇپ تىڭشاپ باقىڭ،
بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا سۇ بولۇر تاش بولسىمۇ.

ئاشىقنىڭ كېچىدە ئۇيقۇلالمىغانىنىڭ بەيانى:

مەن ساڭا يۈز قارلاغاندە، سەن خېنىم بىر باقمىدىڭ،
ئوت سالىپ قويغان تونۇرغا، دەرمەھەل نان ياقمىدىڭ.
مەن يۈرەك باغرىم بىلە ئاقتىم، ساڭا كەلگۈن سۈدەك،
نەچچە باردىم مەن ئېلىشقە، سەن خېنىم بىر باقمىدىڭ.

ئاشىقنىڭ تائام يېمىگەنىنىڭ بەيانى:

سەن خېنىمنىڭ ئىشقىدە، نەچچە قېتىم تارتتىم ئىزا،
بىۋەفا يار دەردىگە مەن پاتقىنە ئۆلسەم رىزا.
ساي تائام ئالدىمغە كەلسە، بۇ كۆڭۈل گاللى سىقىپ،
ئول سەببەددىن قارا چاينى قايناتىپ قىلدىم غىزا.
مەن ساڭا يۈز قارلاغاندا، سەن خېنىم قېيداپ قالىپ،
مەن ساڭا «كۆيدۈم» دېگەندە، سەن خېنىم مۇزلاپ قالىپ.
قېيداپ تۇرغان چاغىمدا، سەن خېنىم ئۈزلاپ قالىپ،
تاپمادىم ئالەمدە سەندەك چىرايى ئىسسىغ كىشى،
ئىشق ئوتى ... پۈلىدەك كۈندە بىر قۇزلاپ قالىپ.

ئاشىققە مەئشۇقنىڭ ئېرى سەت كۆرۈنگەنىنىڭ بەيانى:

نەچچە بارسام ئولتۇرادۇر، ئۆيلەردە شۇم رەقىپ،

مەن ئوغۇلنىڭ كۆيگەنىمنى تەڭرىم ئۆزى بەربات قىلىپ.

مەئشۇقى تالاغا چىقىپ سائەت كەلمىگەنىنىڭ بەيانى:

تەلمۈرۈپ تۇردۇم يولۇڭدا سەن خېنىم پات كەلمەگەچ،
كۆزلەرىڭگە ئىلمادىڭ مەن ئۆزەم چات كەلمەگەچ،
كەلمەدى باشىغە مەھبۇب ئاشىق دېگەن كۈندە ئەمەس،
تاشقارى چىققانلارىڭنى بىلمەدىم سات كەلمەگەچ،
تاڭ سەھەر كۆردۈم تۈشۈمدە تۈن ھەسسەدە ياد ئەيلەگەچ،
ئولزەمان يانىمدا يوق ئۇيقۇدىن بىدار ئەيلەگەچ،
بەئىنزادە كۆردۈم تۈشۈمدە شول زەمان باقتىم ئىزى،
ئىسمى ئەئىزا ساچلارى باشىمدا تۇمار ئەيلەگەچ.

ئاشىقنىڭ كۆڭلى مەئشۇقنى خالاغانىنىڭ بەيانى:

يۈز كىشىنىڭ ئاراسىدا سىزلەنى مەن خۇاھلادىم،
ئاندىن ئۆزگە مەن ئوغۇلما زوق بىلە كۆپ قالادىم.
مەن ساڭا كۆيگەن زەماندا سەن خېنىم يالغان دېدىڭ،
بۇ ئىچىمگە پاتماغاندا خەلقكە مەن ھالادىم.

يارى بىلە خىلۋەت يەردە سۆزلەشكەنىنىڭ بەيانى:

يارنى قىلدى ئىشارەت نەچچە كۈن قول، پۇتلارىم،
بۇ پۇتۇمدا شۇنچە ماڭسام تۇگۇمەيدۇر يوللارىم.
بۇ كۆڭۈل قويدى ئاغىزنى يار بىلەن گەپلەشكەلى،
يەتتە ئەئىزا ئىشەيەلمەي خىش كايىشىدۇر قوللارىم.

ئاشىقنىڭ كۆڭلى قاراڭغۇ بولۇپ قولىدىن ھېچ ئىش

ئەي يارانلار، مەن ئوغۇلنىڭ سەندىن ئۆزگە يارى يوق،
ئەرزى ھالىم نەچچە ئېيتتىم ئىشتمەدى ھەرگىز قۇلاق.

مەئشۇقىنىڭ ئۆيى يىراق بولغانىنىڭ بەيانى:

كۆڭلىمىز ئانداغ يېقىندۇر ئۆيلەرى ئانداغ نېراق،
كىچىكىمدە كۆيگەن ئىككىگە تارتمىغان مۇنداغ فىراق.
ئاھ يارىم مەن ئوغۇلنى يول يىرقى ئۆرتەدى،
ئول خۇدا مۇنداغ سالۇرمۇ بەندەسىگە ئىشتىياق.

ئاشىقىنىڭ ئاناسى گەپ سورىغانىنىڭ بەيانى:

ئانام ئېيتۇر نېمە بولدۇڭ سارغىيىپ قالدىڭ بالام،
خېلى بولدى بۇ ئۆيۈڭدە يېمەدىڭ بىر چىن تائام.

ئاشىق ئاناسىغە يالغان ئېيتقانىنىڭ بەيانى:

ياشۇرۇپ تۇردۇم ئانامغە ئۇيقۇسىز قالدىممىكى،
ھەر كېچە ئاغزىم قۇرۇيدۇر قان بىلە سەفرامىكى،
بەندە ئەئزا ئوت بولۇبدۇر تەف بولۇپ قالدىممىكى ...

ئاشىق ئۆز ھالىنى مەئشۇقىغە بەيان قىلغانى:

ئاھ يارىم نەچچە كۇندە ئىشىق ئوتى بۇنياد قىلىپ،
سەككىز ئايدۇر سەن خېنىمغە بارمادىم فەرياد قىلىپ،
ھېچ ئاشىق مەشۇقىغە كۆيگەنى مۇت [1] كەتمەدى،

---

(1) مۇت — خوتەن شېۋىسىدە ھەقسىز، ئەجىرسىز دېگەن مەنىدە.

نان ئېتەردە قوللارىنى يۇدىلەر تۆرت، بەش قاتار،
ئۇل سەبەبدىن مەئشۇقۇمنىڭ ھېچ يەرى زەخمەت ئەمەس.

ئاشىق مەئشۇقىنى تەئرىف قىلىپ ئەلگە داملاغانىنىڭ بەيانى:

تەۋادادا ئۇل خېنىمنىڭ چىنەسى يۈز جۈپچە بار،
فەرغەزىدە مەئشۇقۇمنىڭ كەفتەرى يۈز جۈپچە بار.
كۆندە ئاندا نەچچە باردىم بۇ كۆڭۈلنىڭ شەۋقىدە،
چوڭ - كىچىكلەر سۆزلىشەدۇر ئىككىمىز بىر جۈپچە بار.

ئالتە قوينى ئاسىپ ئالدى بار ئىكەن تۆرت يۈز مالى،
سەككىز ئۆيگە ئۈزۈم ئاستى بار ئىكەن قىرىق يول تالى.
ئالتە ئۆيدە قوغۇن ئالدى، تېرىغان توقسان ئارىق،
يەتتە پاتمان بۇغداي ئالدى كۆپ قوناق بىرلە شالى.

نارەسىدە نەغمە قىلدى ئاشىق ئەيلەر يىغلاسە،
بەئىزەسىنىڭ بەيىتى بولسا ئوقۇسام كۆپ يىغلاسە،
ئەئىلەم ئاخۇنۇم بولسا ئەردى بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاسە.

ئـــاشىق مەئشۇقىغە ھەر كۈنى نەچچە نەۋەت ئۆگزەگە چىقىپ قارلاغانىنىڭ بەيانى:

ئۇلتۇرالمايمەن ئۆيۈمدە ھەر كۈنى توققۇز چىقىپ،
ھەر قەيانغا قالادىم مەن ئۆگزەگە ئوتتۇز چىقىپ.
كەلمەگەندىن ئۆيگە باردىم زار يىغلاپ بىر كۈنى،
ساي بارىپ تۇردۇم نامازغە سۈرەتىڭ قالاپ تۇرۇپ،
چالا - چالغاق ئۆتەپ ئالدىم ئانى مۇدۇرلاپ تۇرۇپ.
ھەر نامازدىن يانغانىمدا ئېيتىپ ئەردىم ئاخىرەت،

كەلمىگەنىنىڭ بەيانى:

سەككىز ئاي بولدى خېنىم مەن ئوغۇل فاسىق بولۇپ،
ياكى شەنبە، ياكى ئازنە خاتىرىدە يوق بولۇپ،
سىنغالى تۇردى ئوغۇلنىڭ كۆڭلىما يالاپ تۇرۇپ.

مەئشۇق خالايىق ئالدىدا خەفا بولغانىنىڭ بەيانى:

مەن ساڭا ئاشىق دېگەندە، سەن تولا قىلدىڭ خەفا،
خەلق ئارا شەرمەندە بولدۇم تولا ئەل قىلدىم خەفا،
ئوتلارى شۇنداغلا تۇرسە ئەل مېنى مەجنۇن ئېتەر،
ھەممە ئادەم مەن ئوغۇلغە قىلدىلەر تەنى - تاپا.

شەكەر ئايلانىڭ ئوت فىراقىدە نەبات خوجا نەغمىگە ئامراق بولغانىنىڭ بەيانى:

ھامىلە بولغان خاتۇنلەر ھەم غورا يەيدۇر ئۆرۈك،
ئاڭا ئوخشە مەن ئوغۇلمۇ نەغمىگە بولدۇم يۇرۇك، ①
ئاھ يارىم بۇ كەسەلگە نەغمە ھەم بولدى دەۋا،
نەچچە يىللار تالىب ئېردىم ئەمدىغۇ بولدۇم تۇرۇك.

مەئشۇقنىڭ ئۆيى يىراق بولغانىنىڭ بەيانى ۋە ئۆي خالى بولمىغانىنىڭ بەيانى:

نەچچە بارسام ئول خېنىمنىڭ ئۆيلەرى ئەخلەت ئەمەس،
شۇبۇ كۇندە مەئشۇقۇمنىڭ ھېچ يەرى مېھنەت ئەمەس.

① يۇرۇك — يۈگرەيدىغان، يۈگرەك.

ساي ئۇنۇپ چىققان قوناقغە ئىت بىلە قۇچقاچ چىقىپ،
ئول قوناقنىڭ ئوتراسىغە كوھنەراق بۆز تىكلەدى.
ئالتە خامنى بەرگەي ئەردى، كۇزدىكى ئالبانچىلار،
ئەرتەيازدىن يەنە ئالدى ئونباشى يالغانچىلار،
بۇ فەقىر ئالبانچىلار يىغلاپ يۇرۇرلەر زار - زار،
گاھ بېگىم سوقتى بۇ ئەلنى باستۇرۇپ ئاغلاقچىلار.

مەئشۇقنىڭ خۇداغە يىغلاغانىنىڭ بەيانى:

ئەي خۇدايا رەھىم قىلغىل يۇرەككە ئوت كەتمەسۇن،
سەن خۇدا ھازىر تۇرۇپ كۆيگەنلەرىم مۇت كەتمەسۇن،
مەن ئوغۇلنى خار قىلدىڭ، سېنى مەن بىلدىم ئەزىز،
سەن خېنىم ئاسمانغا چىقساڭ چىققالى شوت كەتمەسۇن.

ئاشىقنىڭ خۇدانىڭ يولىغە كىرگەنىنىڭ بەيانى:

ئاللاھ دەپ كىردى خەلايىق ئول خۇدانىڭ يولىغە،
ئول مۇباھنىڭ شەكلەسىنى ئاستىلەر ئوڭ دۇلىغە،
ياش جەۋانلەر بىرلە چوكان باشىغە ئاتتى لىچەك،
ياش يىگىتلەر قالامايدۇر ئول ئاغا ۋەلۋۇلىغە.
ئول زەماندە ھەممە ئادەم باشىغە ئاتتى سىفەچ،
كۇندە بولسە نان، چىراغقە سۇقۇشۇپ قالدى كۇمەچ،
«لا ئىلاھە» دەپ يۇرۇيدۇر ھەممە ئادەم ئالدىراپ،
تاڭ نەمازغە كۇنلىكى بەش ۋاقىت نەماز قىلدى خىراج،
تولا خاتۇنلەر مەجلىسگە ئەر كىشى بارسە بۇلاپ،
كۇندە بولسا باش تارايدۇر باشىغە ئەشمە ئۇلاپ،
ئەر كىشىلەر خاتۇندىن باكلىقىنى سورىمادى،
ئول سەبەبدىن سوستەلىككە قالدىلەر ئەسكى بولاپ.

ئول سەۋابلارنى تاپالماي بۇ كۆڭۈل ئەيلەپ تۇرۇپ.
بۇ چىلان ئۇرغىدا ھەمە ئەھلى دىن تەسبىھ قىلىپ،
ھەر كۈنى مىڭ ئوقۇماقغە چوڭ ـ كىچىك رەسىم قىلىپ،
ئول مەھەلدە ھەر كىشىنىڭ ھۈنىرى قىرق فەرز بىلەن،
بىلمىگەننى شەيخۇلئىسلام دەررەدە تەئىزىر قىلىپ.
چومچايىپ تۇردى مەزەرغا ھەممە ئەل قول باغلاشىپ،
كۈندە بولسا نەچچە مالنى ئولتۇرۇپ تۇغ باغلاشىپ،
بەئىزى ئادەم ئىمەدۇرغان بالانى بەردى نىياز،
مال تاپالماي قالغان ئادەم خام بىلە يۈك باغلاشىپ.
جەزۋىگە بەرگەن پۇلىنى ھەم يىلدا بولسا ئالمادى،
نارەسىدە ھەققىنى ھەم ئوغرىلارمۇ ئالمادى،
يەتتە يولنىڭ بەندىدە ئون تەڭگە پۇل تۇردى بىر ئاي،
نەچچە ئۆتتىكىم ھەرامخورلار بۇ پۇلنى ئالمادى.

مەئشۇقنىڭ ئۆيقۇسى قاچقانىنىڭ بەيانى:

سەن خىنىم يادىمغا كەلسەڭ ھەر كىچە ئۆيقۇم قاچىپ،
ئەرتەسى باردىم ئۆيۈڭگە يۈگۈرۈپ ئۆفكەم ئاچىپ،
يارىنىڭ زەۋقى ھەرارەتلەردىن بولۇپ تەشنەئى،
نىمە بولغاي يۈرەكىمگە قويسەلەر سۈنى سىقىپ.
بارس يىلىدا تىرىغان بۇغدايلارنى قۇرت ئالدىلەر،
خەلقنىڭ تاپقان پۇلىنى يىغلاتىپ يۇرت ئالدىلەر،
ئول مىراس ئالغان كىشىنى دورغەلەر رەسۋا قىلىپ،
يىلداكى ئالبان ① تاشىدا ئون سەر كۈمۈش مۇت ئالدىلەر،
قۇرت يىمەي قالغان قۇناقغە ھەممەسى كۆز تىكلەدى،
كۆز تىگەر دەپ ئول قوناقغە دەرمەھەل شاخ تىكلەدى،

① ئالبان — ئالۋان، ياساق.

شەكەر ئايلا يەنە سورىدى:
ــ سەن ماڭا ئاشىق بولغاننىڭ خاسىيىتى بولۇرمۇ يا مەئىسىيەت بولۇرمۇ؟
نەبات خوجا جاۋاب بېرىپ:
ــ خاسىيەت بولسا مىزان تەرەزۇتنىڭ پەللىسىنى ئانىڭ بىرلە توشقارۇر ئىدىم. مەئىسىيەت بولغان جاندىن يەردە بىرگە تىنالمايمىز، ــ دېدى.
شەكەر ئايلا سورىدى:
ــ قانداغ بولسا مەئىسىيەت بولاردۇر؟
نەبات غوجا جاۋاب بېرىپ:
ــ ئىلگىرى ئەرتە ئاخشام ئاھ خۇدايىم، دەر ئېردىم، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىدا ئاھ شەكەر ئايلا دەپ يۈرەرمەن ۋە يەنە تولا سەۋابلار بۇ كۆڭلۇمدىن قاچىپ قىلغالى قويمادى - دېدى.
شەكەر ئايلا يەنە سورىدى:
ــ بۇيانقى (بۇ يەردىكى) ئەللەر مەئشۇقنىڭ ئېرىنى دۇشمەن تۇتار، سەن مېنىڭ ئېرىمنى نېمەگە دوست تۇتاسەن؟
نەبات خوجا جاۋاب بېرىپ:
ــ ئوغرى ئۆي ئىگىسىنى دوست تۇتمايدۇر، مەن ئوغرى ئەمەس، ــ دېدى.
شەكەر ئايلا سورىدى:
ــ بۇيانقى ئاشىقلار ھېچ كىشىگە سىرىنى بەرمەيدۇ، سەن نېمە ئەلگە ئاشكارا قىلاسەن؟
- ــ نەبات خوجا ئايدى:
ــ ئۆستەڭنىڭ سۈيى ئاز بولسا تىنچ ئاقاردۇر، تولا بولسا يالاپ شىشادۇر.
ــ شەكەر ئايلا سورىدى:
ــ كۆيدۇم - كۆيدۇم دەرسەن، قېنى ھېچ يېرىڭدە قاراسى يوق.

ئەي ئوغۇللار ئەمدى توختاڭ نەغمىدىن كەسەك چىقار،
مۇنداق ئويناپ ئۆز ئىچىدىن بىر كىشى ئۇسكەك چىقار،
ئەرتە يازدىن نەغمە ئويناپ ياتمادىڭلار بىر كېچە،
بۇ ئويۇننىڭ شۇملۇقىدىن بىر كۈنى دەججال چىقار.

پەسلى داستان: شەكەر ئايلانىڭ نەبات خوجادىن سوئال سورىغانىنىڭ بەيانى:

بەيان، ئەۋۋەلقى سوئال شەكەر ئايلا سورادى:

— سەن خۇدانىڭ يادىدا قانچە بار؟

نەبات خوجا جاۋاب بېرىپ،

— زەررەچە ۋۇجۇدۇم يوق، — دېدى.

يەنە شەكەر ئايلا سورىدى:

— سەن مېنى قانچىلىك ياد ئەيلەدىڭ؟

نەبات خوجا جاۋاب بېرىپ:

— سېنى تەكرار قىلغاندەك تەكرار قىلسام خوتەندىكى كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، قۇرئاننى ئارىغ ياد ئالۇر ئىدىم، — دېدى.

شەكەر ئايلا سورىدى:

— فىراق دېگەن قانداق نېمە ئىكەن؟

نەبات خوجا جاۋاب بېرىپ:

— ئۇيقۇ قاچماق، ئىشتىھايى تۈتۈلماق، ئۆيدە ئولتۇرالماسلىق، ئەلنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسلىق، شۇبۇ ئىللەتلەر پەيدا بولۇر ئىكەن، — دېدى.

شەكەر ئايلا سورىدى:

— سەن ئاخىرەت دوستىمۇ ياكى نامرات دوستىمۇ؟

نەبات خوجا جاۋاب بېرىپ:

— مەن ئاخىرەت دوستىدۇرمەن، نامرات دوستى مۇنداغ ئىمگەلىپ[1] ئولتۇرمايدۇر، — دېدى.

---

① ئىمگەلىپ — تىرشىپ ھەرىكەت قىلىپ.

نەبات خوجا جاۋاب ئايدى:

— سۆز قويسا نىمە قوغۇلۇق؟ شۇنداق پەيغەمبەرزادە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زۇلەيخانىنىڭ نەچچە يىل قويىنى باققان.

شەكەر ئايلا سورىدى:

— كىتابىتا نەغمە ئويناماق بارمۇ يا هارامموُ؟

نەبات خوجا ئايدى:

— كۆڭۈل داۋاسى ئۈچۈن ئىشتىمەك بار. ئەمما كەسەل داۋاسى ئۈچۈن چەغىر (هاراق) ئىچكەندىن يامان ئىرمەس.

شەكەر ئايلا يەنە سورىدى:

— بۈگۈن سىنىڭ كۆڭلۈڭ غەمكىنموُ يا شادمۇ؟

نەبات خوجا جاۋاب ئايدى:

— مېنىڭ بۈگۈندە ئەسلا ئىشىم يوق. شۇبۇ ئاخىر زەماندا نەغمىگە ئامراق بولغان مەهەلدە دەججال چىقىپ مېنى باشلاپ كېتەرمىكى دەپ قورقامەن. يەنە كۆنلەردە ئاغرىپ نەزئى جان (سەكراتقا چۈشكەن) مەهەلدە شەيتان ئەلەيهى لەئىن شەكەر ئايلانىڭ سۈرەتىدە بولۇپ، ئىمانىمنى غارەت قىلۇرمىكى دەپ قورقامەن.

شەكەر ئايلا يەنە سورىدى:

— مېنىڭ ئاتىمنى نىمە ۋەجىدىن شەكەر ئايلا قويدۇڭ؟

نەبات خوجا ئايدى:

— هەر ۋاقىت شەكەر ئايلا دىسەم، ئاغىزىمغە شەكەر سالغاندەك بولادۇر.

شەكەر ئايلا يەنە سورىدى:

— ئۆزەڭنىڭ ئاتىنى نىمە ئۈچۈن نەبات خوجا قويدۇڭ؟

نەبات خوجا ئايدى:

— بىر كۈنى بىر ئورۇندا بولۇپ قالساق شەكەر نەباتغە قوشۇلۇپ قالسا هېچكىم ئىلغاپ ئاالالمىسۇن دەپ شۇنداق قويۇپ ئىدىم، — دېدىلەر.

يەنە شەكەر ئايلا سورىدى:

نەبات خوجا:

— تۇنۇرنىڭ تاشى ھېچ نېمە بولمايدۇ، ئەمما سۇدا يۇغۇرغان خەمەر ئانىڭ ئىچىدە نان پىشىپ چىقادۇ، — دېدى.

شەكەر ئايلا يەنە سورىدى:

— سىنىڭ ئۆيۈڭنىڭ يانىدا ھەلىمە ئايلا، سەلىمە ئايلا، سەفىيدە ئايلا، زەينەپ ئايلا، خادىچە ئايلا، مۆھتىرەم ئايلا، رابىيە ئايلا، جەمىيلە ئايلا، ھەبىبە ئايلا، توقاچ ئايلا، زەمۇرە ئايلا، خېنىم ئايلا، دەپ نەچەند جەۋانلار بار. ئانىڭ بىرلە ھەمسۆھبەت بولساڭ بولماسمۇ؟

نەبات خوجا دېدى:

— مەن ئۇلارغا ھەرگىز سۆز قىلغان ئەمەس. ئۇلار ماڭا بىر مەرتىبە گەپ قىلغان ئىدى، ئاچچىغىمدا يۇزىگە تۇپا بىلە بىر ئۇردۇم، سىغىز لايغا ئېتىپ ئاتتىم.

شەكەر ئايلا سورىدى:

— سەن ماڭا ئاشىق بولغان بۇيانىدە دۆلەتكە چىقتىڭمۇ يا خارلىققا قالدىڭمۇ؟

نەبات خوجا ئايدى:

— ئۆزەم خارلىق غەمدە قالدىم. ئەللەر مېنى شەكەر ئايلانىڭ كۆيەك جاپاسىغە قالىپتۇر دېدى. بۇ كۆڭلۇم ئانداغ دۆلەتكە چىقتىكىم، كەپتەر سەبەتكە چىققاندەك. يەنە ئەل مەلامەت قىلاردۇركى، بەش - ئالتە يىل بولدى، بىر يىراق يەرگە كۆچۈپ كەتتىڭمۇ نېمە؟ دەيدۇر.

يەنە شەكەر ئايلا سورىدى:

— نامەھرەمگە قارلاماق بارمۇ؟

نەبات خوجا ئايدى:

— نامەرەمگە قارلامدىم، مەئشۇقۇمغە قارلادىم. ھېچقايسىسى كىتابدا ئاشىق مەئشۇق ھەرام دەپ يوق.

يەنە شەكەر ئايلا سورىدى:

— مەن سېنى خىزمەتكە بۇيرۇسام ئەل سۆز قويارمۇ؟

# تاھىر ۋە زۆھرە

ئىلگىرى ئىككى پادشاھ بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى ئاقخان، بىرىنىڭ ئېتى قاراخان ئىدى. بىر كۈنلەردە «ئوۋغا چىقىمىز» دەپ ئىككىيلەن مەسلىھەت قىلىشتى. ئوۋغا چىقار ۋاقتىدا خوتۇنلىرى:

— بىزنىڭ قورسىقىمىزدا بار، تۇغۇشقا يېقىن بولدۇق، — دېدى. بۇ گەپنى ئىشتىپ بۇ پادشاھلار:

— ئانداق بولسا، بىز بىر مەسلىھەت قىلدۇق، شۇنى قوبۇل تۇتۇپ ئىش قىلساڭلار بولىدۇ، — دېيىشتى.

ئاقخان پادشاھ خوتۇنىغا:

— ئەي خوتۇنۇم! ئوغۇل تۇغسىڭىز ئېتىنى تاھىر پادشاھ قويۇڭ. قىز تۇغسىڭىز ئېتىنى زۆھرەخان قويۇڭ. ئالدىمغا نوغۇچ، سۇپىرا، تاختا ئېلىپ چىقىڭ. شۇندىن قىز تۇغۇپتۇ دەپ پەرەز قىلىمەن. ئەگەر ئوغۇل تۇغسىڭىز ئالدىمغا ئات ئىگەرلەپ ئېلىپ چىقىڭ. شۇندىن بىلىمەن، — دېگەن ئۈشبۇ سۆزنى قىلدى.

قاراخان پادشاھمۇ خوتۇنىغا:

— ئەي خوتۇنۇم! بىزلەر ئوۋغا چىقىمىز. ئەگەر بىز كىرگۈچىلىك تۇغسىڭىز، ئوغۇل بولسا ئېتىنى تاھىر پادشاھ قويۇڭ. ئەگەر قىز تۇغسىڭىز ئېتىنى زۆھرەخان قويۇڭ. ئالدىمغا چىققان ۋاقتىڭىزدا سۇپىرا، تاختا، نوغۇچ ئېلىپ چىقسىڭىز قىزلىقىنى شۇنىڭدىن پەرەز قىلىمەن. ئەگەر ئوغۇل تۇغسىڭىز، ئالدىمغا ئات ئىگەرلەپ ئېلىپ چىقسىڭىز ئوغۇللۇقىنى شۇنىڭدىن بىلىمەن، — دېدى.

بۇ ئىككىيلەن خوتۇنلىرىغا بۇ مەسلىھەتلەرنى بېرىپ ئوۋغا چىقىپ كەتتى. بىر نەچچە زامان ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ، بىر يەردە ئاقخان پادشاھ ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدى. بۇ سۆز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى بۇ ئىككى پادشاھ چىقىپ كېتىپ، بىر نەچچە زاماندىن

— شەكەرنى نەباتغە قوشۇپ نېمە قىلاسەن؟
نەبات خوجا ئايدى:
— ئىككى دارۇنى بىر قىلسا مۆتىدىل بولىدۇ، ئاندىن ھەر قايداغ كېسەلگە دەۋا بولۇر دەپ، نەبات خوجا ئاچچىغلاپ شەكەر ئايلانىڭ بىۋەفالىقىغە، شۇمداغ تەئىنە قىلغانىغازار - زار يىغلاپ، خون - جىگەرىدىن ئاھ تارتىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇپدۇر:

ئىشكىل بۇ فىراقىمنى مېنىڭ يارىم نەزاكەت بار.
ئۇ يارىمدەك ئەمەس، ھېچكىم خاتۇنلەردە فەلاكەت بار،
بۇ دۇنيادا كۆرۈپ تۇردۇم، ئۇ دۇنيادا ئوغۇل چارە،
قىيامەتنى كۆرۈپ يۇردۇم، ئۇ يارىمغە قىيامەت بار.
سېنىڭ ئالدىڭدا ئەي يارىم، مېنى قىلدى خۇدا تىلسىز،
ئۇ ئالەمدە تىلىم چىققاي، بۇ ئالەمدە قانائەت بار.
خۇدا قازى بولۇپ تۇرغايكى، ئاشىق دەردىنى سورىغاي،
غەزەپ قىلغاي خۇدا سىزگە، بۇ ئاشىقغە شەفائەت بار.
بۇ ئاشىقغە ۋەپا قىلماق، خۇداۋەندە مېنىڭ يارىم،
بۇ ئىشقىمنى بىرۇر بىر كۈن، ئۇ يارىمدا ئامانەت بار.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن تۇردى

ئانىسى. بۇ بالا:
— كوچىدا توپ ئويناپ كېتىپ بارۇر ئىدىم. ئويىنىغان توپۇم بىر خوتۇننىڭ چاقىغا تېگىپ كەتتى. ئۇ خوتۇن مېنى «هوي دادىسىدىن كىچىك قالغان! يولدا تىنچ ماڭساڭ بولمامدۇ؟» دەپ تىللىدى. مەن شۇنىڭدىن مېنىڭ دادام يوق ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم، — دېدى.
بۇ خوتۇن بالىسىغا دېدىكى:
— ئەي بالام! قاراخان پادىشاھ سىزنىڭ دادىڭىز، ئۇ خوتۇن بىكار ئېيتىپتۇ.
بۇ بالا بولسا:
— ئەي ئانا، راستىڭنى ئېيتقىن! بولمىسا مەندىن قۇتۇلالمايسەن. مەن ئاخىر دادامنى تاپمىسام بولمايدۇ! — دەپ تۇتتى. ئۇنىڭ ئانىسى:
— بالام، دادىڭىزنى سورىماڭ. دادىڭىز شۇ قاراخان پادىشاھ. ئاندىن باشقىسى يوق، - دېدى
— بولمىسا ئانداق دېمەس ئىدى، راست گېپىڭنى قىل! — دەپ يەنە تۇتتى بالىسى.
ئاخىر بولماستىن بۇ خوتۇن بالىسىغا راستىنى ئېيتىپ، ھەممە گەپ - سۆزلەرنى قالدۇرماي بايان قىلدى. بۇ گەپلەرنى بۇ بالا ئانىسىدىن ئىشىتىپ ئەجەب بولۇپ قالدى. «مېنىڭ راست دادام يوق ئىكەن. بۇ قاراخان پادىشاھ مېنىڭ دادام ئەمەس ئىكەن. زۆھرەخانمۇ مېنىڭ بىلەن بىر تۇغقان ئەمەس ئىكەن» دېگەنلەرنى كۆڭلىگە سىلىپ قويدى.
تاھىر - زۆھرەخان ئىككىيلەن ھەر كۈنى مەكتەپكە بارغۇچە - كەلگۈچە مۇڭدىشىپ، گەپ - سۆز قىلىشىپ ئوينىشىپ يۈرۈپ بىر - بىرىگە دوست بولۇشۇپ قالدى. بېرىپ - بېرىپ مەكتەپتىمۇ ياخشى ئوقۇماي، بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇردى. ئوقۇتقان ئاخۇنى «بۇلار نېمە ئانداق قىلىدۇ؟ بۇ قانداق ئىش؟» دەپ ھەيران بولۇپ، بۇ ئىككىيلەننى بىر - بىرىدىن ئايرىپ، باشقا ئۆيگە ئاچىقىپ قويدى. باشقا ئۆيگە ئاچىقىپ قويغاندىن كېيىن، بۇ ئىككىيلەن ئولتۇرغان يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تامنى تېشىپ قارىشىپ

كېيىن، بۇ ئىككى خوتۇن تۇغدى. ئاقخان پادىشاھنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغدى. قاراخان پادىشاھنىڭ خوتۇنى قىز تۇغدى. ئۇلار بۇ ئىككى پادىشاھ ئوۋدىن يېنىپتۇ دەپ ئاڭلىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاقخان پادىشاھنىڭ خوتۇنى بىر ئات ئىگەرلەپ، بىر نەچچە يۈز كىشى بىلەن ئالدىغا چىقتى. قاراخان پادىشاھنىڭ خوتۇنى قىز تۇغقان بولغاچقا، بۇ خوتۇن بىر نەچچە كىشى بىلەن سۇپىرا، تاختا، نوغۇچ كۆتۈرۈپ ئالدىغا چىقتى. قاراخان پادىشاھ كېلىپ بۇنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدى. ئاقخان پادىشاھنىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ خاپا بولۇپ، كۆپ ئېزىتىراپ چەكتى.

قاراخان پادىشاھ ئىككى بالىنى ئۆزى ئوردىغا ئېلىپ كىرىپ، بىر ئۆيدە بېقىپ چوڭ قىلىپ، مەكتەپكە بەردى. بىر نەچچە زامان بۇ ئىككىلەن ئاچا - ئۇكا بولۇپ ئوقۇپ، ئەقىل - پاراسەتكە تولۇپ باردى. ھەر خىل ئىلىملەردىن خەۋەر تېپىپ، بىلىمى زىيادە بولدى. ئاندىن كېيىن بالىلار قاراخان پادىشاھقا:

— ئەي دادا! مەكتەپتىكى بىزنىڭ ئاداشلىرىمىز توپ، ئوقيا ئېتىپ ئوينايدۇ. بىزگىمۇ شۇنىڭدىن ئېلىپ بەرسىلە! بىزمۇ شۇلارغا ئوخشاش ئوينىساق، — دېدى.

بۇ پادىشاھ:

— ئوبدان، بالىلىرىم! — دەپ، ئۇلارغا بىردىن توپ بەردى. ھەر كۈنى مەكتەپكە بارۇر ۋاقتىدا، كېلۇر ۋاقتىدا ئويناپ ماڭار ئىدى. بىر كۈنى مەكتەپكە كېتىپ بېرىپ توپ ئوينىغاچ ماڭغانىدى. بىر تۇل خوتۇن ئىشىك ئالدىدا چاقتا يىپ ئىگىرىپ ئولتۇرۇر ئىدى. تاھىرنىڭ ئـوينىغان توپى بېرىپ، شۇ خوتۇننىڭ چاقىغا تەگدى. ئاندىن بۇ خوتۇن:

— ھـوي دادىسىدىن يېتىم قالغان! نېمىگە مېنىڭ چاقىمنى سۇندۇرۇۋېتىسەن؟ يولدا تىنچ ماڭساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى.

بۇ بالا خاپا بولۇپ مەكتەپكە باردى. ئوقۇپ يېنىپ ئۆيگە كېلىپ، ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىپ سورىدى:

— ئـەي ئانا! مېنىڭ دادام قەيەردە؟ مېنىڭ دادامنى تېپىپ بېرىڭ!

— ئەي بالام! نېمە بولدى؟ نېمىگە خاپا بولدىڭىز؟ — دېدى

مەنزىل يۈرگەندى، ئالدىغا تاھىر ئۇچرىدى. قارا باھادىر تاھىرغا يالغان گەپلەرنى قىلىپ، كاللىنى ئۇنىڭدىن تارتىۋېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ قويدى. تاھىر بولسا قارا باھادىرغا قولىدىكى ياۋ پادىشاھىنىڭ كاللىسىنى بېرىپ، قاراخان پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرمەستىن، بالدۇرقى زۆھرەخان بىلەن بىللە ئويىنغان باغقا كەتتى.

ئەمدى، قاراخان پادىشاھ ياۋ پادىشاھنىڭ كاللىسىنى دەپ خوش بولۇپ، قىزىنى بۇ قارا باھادىرغا بەرمەكچى بولدى. ئەمما تاھىر بىلەن زۆھرەخاننىڭ بىللە ئويناپ يۈرگىنى قارا باھادىرنى غەمگە سالدى. قارا باھادىر: «پادىشاھنىڭ قىزىنى مەن ئالۇر بولسام، نېمىشقا تاھىر بىلەن ئويناپ يۈرۈيدۇ؟» دەپ ئاچچىقى كېلىپ، تاھىرنى قاراخان پادىشاھقا چېقىشتۇرغىلى تۇردى. بۇ گەپنى قاراخان پادىشاھ ئاڭلاپ ئاچچىقى كېلىپ:

— بۇلار نېمىشقا ئانداق قىلىشىپ يۈرۈيدۇ؟ — دېدى. قارا باھادىر بولسا پادىشاھقا بىر مەسلىھەت كۆرسىتىپ نەزمە ئوقۇدى:

بۇ تېرەك، يوغان تېرەك،
تۇۋىدىن كەسمەك كېرەك،
تۇۋىدىن كېسىپ شال تىلدۇرماق كېرەك،
خارەت ① ئېلىپ كېلىپ ساندۇق چاپتۇرماق كېرەك،
ساندۇق پۈتكەندىن كېيىن تاھىرنى سالماق كېرەك،
بۇ ساندۇقنى ئاپىرىپ دەرياغا قويۇپ بەرمەك كېرەك.

پادىشاھ بۇ نەزمىنى ئىشىتىپ، بىر تېرەكنى كەستۇرۇپ ساندۇق چاپتۇردى. ساندۇق پۈتكەندىن كېيىن، تاھىرنى ئېلىپ كېلىپ ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم بېكىتىپ، ئېلىپ بېرىپ دەرياغا قويۇپ بەردى.

ئاندىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، پادىشاھ قىزىنى قارا باھادىرغا تويلاپ بەرمەكچى بولدى. زۆھرەخان قارا باھادىرغا تېگىشكە رازى بولماي، ناھايىتى خاپا بولۇپ، شىكەستەلىك بىلەن ھېچ نەرسە

① خارەت — ياغاچچى.

ئـولـتـۇردى. ئاخىر بولماي، ئاخۇن «بۇلار مۇنداق قىلسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ، قىز باللارغا باشقا يەرگە بىر مەكتەپخانا سالدۇردى. ئاندىن كېيىن، ھەممە قىز باللارنى شۇ مەكتەپكە ئاچىقىپ قويىدى. تـاھـىر بىلەن زۆھرەخان باشقا - باشقا يەردە ئولتۇرۇشۇپ تـاقەت قـىـلالـمـاي مـەكـتـەپتە ئولتۇرمىدى. ئاخىر بۇلار مەكـتـەپكىمـۇ كەلمىدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگىمۇ كىرمىدى. باشقا يەرلەردە، باغلاردا تاماشا قىلىپ يۈردى. بۇنى قاراخان پادىشاھ بىلمەيتتى. بىر كۈنى بۇ پادىشاھنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى. بۇ پادىشاھ مۇنداق ئېلان قىلدى:

— بىزنىڭ بېشىمىزغا كۈن چۈشتى. مەشرىقتىكى بىر شەھەردىن بىر نەچچە مىڭ لەشكەر بىز بىلەن جەڭ قىلغىلى كېلىۋېتىپتىمىش. ئەمدى شۇ يېغىنى ياندۇرۇپ نۇسرەت قۇچۇپ كېلىدىغان ئادەم بولسا، مەن شۇ ئادەمگە قىزىمنى تويلاپ بېرىمەن!

بۇ پادىشاھنىڭ بىر پالۋانى بار ئىدى، ئېتىنى قارا باھادىر دەر ئىدى. بۇ كىشى:

— ئەي پادىشاھى جانابلىرى، مەن بېرىپ بۇ يېغىنى ياندۇرۇپ نۇسرەت قۇچۇپ كېلىمەن، — دېدى. پادىشاھ كۆپ خۇرسەن بولدى.

ئەمدى، تاھىر بىلەن زۆھرەخان بىر باغدا ئويناپ تاماشا قىلىپ يۈرەر ئىدى. قارا باھادىر توغرۇلۇق گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلىدى. تاھىر زۆھرەخانغا:

— مەن بېرىپ شۇ يېغىنى بېسىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنى نىكاھىمغا ئالىمەن، — دەپ باغدىن چىقىپ كەتتى. تاھىر بېرىپ بىر نەچچە مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ بېشىنى ئېلىپ، يېغىنى بېسىپ يېنىپ كەلدى. بۇ خەۋەرنى قارا باھادىر ئاڭلاپ، «مەن بېرىپ ياۋ پادىشاھىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىدا قويسام، قىزىنى ماڭا بېرىدۇ» دېگەن خىيالنى قىلىپ يۈردى. بۇ قارا باھادىرنىڭ بىر قارا ئېشىكى بار ئىدى. ئۇنى قاراڭغۇ ئۆيدە ساقلار ئىدى. بۇ ئېشەكنى مىنسە، بىر كۈندە ئالتە ئايلىق يول ماڭار ئىدى. قـارا بـاھـادىر بۇ ئېشەكنى ئېلىپ چىقىپ توقام سېلىپ مىنىپ، تاھىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىن ئۇ كاللىنى تارتىپ ئېلىپ كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا قويماقنى خىيال قىلىپ يۈردى. بىر

كۆتۈرۈپ زۆھرەخاننىڭ قېشىغا كىردى. تاھىر دەريادا ئاققاندىن بېرى زۆھرەخان جىق ئىزتىراپقا چۈشۈپ، كېنىزەكلىرىدىن ئۇنىڭ خەۋىرىنى سورار ئىدى. زۆھرە بۈگۈنمۇ بۇ كېنىزەكتىن:

— ساڭا بىر كىشى گەپ قىلدىمۇ؟ گەپ سورىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەندىن ھېچ كىشى گەپ سورىغان يوق. ئەمما، بىر سودىگەر كېتىپ بېرىپ: «ھەي مەزلۇم، توختاڭ! سۈيىڭىزدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋالاي» دېدى. سۇنى بەردىم. بىر يۇتۇم ئىچىۋالدى، دېدى بۇ مەزلۇم.

ئاندىن كېيىن، زۆھرەخان:

— چۆگۈننى ئەكەل، قولۇمنى يۇي! — دېدى.

كېنىزەك چۆگۈننى ئەكىلىپ زۆھرەخاننىڭ قولىغا سۇ قۇيۇۋىدى، چۆگۈننىڭ ئېغىزىدىن بىر قەغەز قولىغا چۈشتى. بۇ قەغەزنى ئېچىپ كۆرسە، خەت يېزىقلىق ئىكەن. خەتنى ئوقۇپ باقسا:

بۇ تارام توققۇز تارام،
توققۇز تارامدىن زۆھرەمگە سالام،
سالاممنى ئىلىك ئالسا،
سالام تۆپەسىگە سالام،
سالاممنى ئىلىك ئالماسا،
بۇرۇن سۆيگەنلەرىم ھارام.

دەپتۇ. زۆھرەخان خەتنى كۆرۈپلا ئايلىنىپ، ھوشىدىن كېتىپ، يەنە ھوشىغا كېلىپ، بۇ مەزلۇمغا:

— شۇ سودىگەرنى تونۇمسەن؟ — دېدى.

— تونۇيمەن، — دېدى مەزلۇم.

— تونۇساڭ، سەن شەھەرگە چىقىپ شۇ ئادەمنى تاپقىن! — دېدى زۆھرەخان.

مەزلۇم ئىزدەپ تاپالماي، بىر نەچچە كۈن ھەيران بولۇپ يۈرەر ئىدى. ئۇ بىر كۈنى يەنە شۇ سۇ ئالغان جايغا سۇغا چىققاندى. بۇ قارىغۇدەك بولسا، شۇ سودىگەر قاراپ قويۇپ كېتىپ بارغانىكەن. بۇ

يېمەي، ئىچمەي ئولتۇردى. ئەمدى بۇ سۆز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

تاھىر دەريادا ساندۇقنىڭ ئىچىدە كېتىپ بارۇر ئىدى. بىر نەچچە زاماندىن كېيىن ئېقىپ بىر يەرگە باردى. ئادەملەرنىڭ گەپلەشكىنى ئاڭلاندى. تاھىر ئادەملەرنىڭ گەپلەشكەن ئاۋازىنى ئىشىتىپ: «بۇ يولدا ئادەملەر بار ئوخشايدۇ» دەپ خىيال قىلدى. ئاندىن مۇنۇ نەزمىنى ئوقۇدى:

بۇ تارام توققۇز تارام،
توققۇز تارامدىن زۆھرەمگە سالام.
سالامىمنى ئىلىك ئالسا،
سالام تۆپەسىگە سالام،
سالامىمنى ئىلىك ئالماسا،
بۇرۇن سۆيگەنلەرىم ھارام.

بۇ يولدا يۈرگەن ئادەملەر كارۋان - سودىگەرلەر ئىدى. بۇلار دەريادا كېتىپ بارغان ساندۇقتىن بۇ ئاۋازنى ئىشىتىپ، قولىغا دۇۋەت قەلەم ئېلىپ، ساندۇقتىن ئىشىتكەن نەزمىنى يېزىۋالدى. يېزىۋېلىپ: «بۇ نېمە گەپتۇ؟ نېمە ئىش بولغاندۇ؟ بۇنىڭدا بىر گەپ بار ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىلەر. ئاندىن يولىغا راۋان بولدى. شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە زامان يول يۈرۈپ بىر شەھەرنىڭ كانارىغا بېرىپ چۈشتى. ئەتىسى بۇ سودىگەرلەر بېشى شەھەرگە كىرىپ ئايلىنىپ كېتىپ بارۇر ئىدى. بىر مەزلۇمنىڭ دەريادىن بىر چۆگۈندە سۇ ئېلىپ كېتىپ بارغىنىنى كۆردى. سىنچىلاپ قارىسا، ئۇ مەزلۇم پادشاھنىڭ خىزمەتكار - كېنىزىكىگە ئوخشاپ كەتتى. بۇ سودىگەرنىڭ كۆڭلىگە: «بۇ پادشاھنىڭ كېنىزىكى ئوخشايدۇ» دېگەن ئوي كەلدى. سودىگەر دەرھال:

— ئەي مەزلۇم، توختاڭ! قولىڭىزدىكى چۆگۈنىڭ سۈيىدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ ئالاي، — دەپ توختاتتى. بېرىپ مەزلۇمنىڭ قولىدىن چۆگۈننى ئېلىپ، سۇ ئىچكەن بولۇپ، يولدا يېزىۋالغان نەزمى خەتنى چۆگۈننىڭ ئاغزىغا تىقىپ قويدى. مەزلۇم چۆگۈننى

شۇنىڭ بىلەن زۆھرەخان شەھەرنىڭ ھەممە سودىگەرلىرىنى مال ئالماس ـ ساتماسلىققا ھۆكۈم قىلدى. ئاندىن كېيىن بۇ سودىگەرنىڭ ماللىرىنى ساتقىلى تۇردى. ماللارنى سېتىپ بولۇپ، باشقا ماللارنى ئالغىلى تۇردى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن جابدۇقلىرىنى تەييار قىلىپ، بۇ سودىگەرنى يولغا سالدى.

تاھىرنى سالغان ساندۇق ئېقىپ بىر شەھەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، دەريا سۈيىنىڭ بىر قايىنىمىدا چۆرگىلەپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر باغ بار ئىدى. بۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ بىر چىرايلىق قىزى بار ئىدى. ئول قىز قىرىق كېنىزەك بىلەن ھەر كۈنى شۇ باغقا چىقىپ تاماشا قىلۇر ئىدى. بۇ باغدا بۇ قىز قىرىق كېنىزەك بىلەن تاماشا قىلىپ، دەريانىڭ لېۋىگە كەلسە، دەريادا بىر ساندۇق تۇرىدۇ. ئول قىزنىڭ كۆزى بۇ ساندۇققا چۈشتى. بىر كېنىزەك:

— ئەي غۇلاملار! دەريادىكى ساندۇقنى ئېلىڭلار! بۇ ساندۇقتا نېمە بار، نېمە يوق؟ كۆرىمىز، — دېدى.

ئاندىن غۇلاملار دەريادىن ساندۇقنى باغقا تارتىپ چىقاردى. ساندۇقنى تارتىپ ئېلىپ، «بۇ ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچايلى» دېسە، ھېچ يەردىن ساندۇقنىڭ ئىشىكىنى تاپالمىدى. ئاخىر بولماي، پالتا ئېلىپ كېلىپ ساندۇقنى چاقتى. ئېچىپ قارىسا، ئىچىدە بىر يىگىت ئولتۇرىدۇ. ناھايىتى ساھىبجامال، خۇشھال يىگىت ئىكەن. ئۇنىڭ چاچلىرى، تىرناقلىرى ئۆسۈپ كېتىپتۇ. ئۆزى ئەجەب زەئىپلىشىپ كېتىپتۇ. بۇ يىگىتنى ساندۇقتىن ئېلىپ كېپەكتە ئولتۇرغۇزۇپ كېپەك سۈيى ئىچۈردى. ئاز ـ تولا قۇۋۋەت پەيدا بولغاندىن كېيىن دورا قىلدى. ئۇ بەش ـ ئون كۈننىڭ ئىچىدە ئوبدان بولدى. ئۆزى قارىماققا، بۇ يىگىت شاھزادىغا بەئەينى ئوخشايدىكەن. ئىززەت ـ ئىكراملىق، ناھايىتى ساھىبجامال يىگىت ئىكەن. پادىشاھنىڭ قىزى بۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قالدى. دادىسى بۇنى ئاڭلاپ:

— مەن شۇ يىگىتنى كۆرىمەن. ئۇنىڭدىن گەپ سورايمەن، — دېدى.

بىر كۈنى بۇ يىگىتنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاچىقتى. پادىشاھ قارىسا، بۇ ناھايىتى ياخشى يىگىت ئىكەن. پادىشاھقىمۇ ئەرزىپ

مەزلۇم ئۇنى كۆرۈپ، ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ:

— ئۆزلىرى نەدىن كەلگەن كىشى؟ — دېدى.

— مەن پالانى شەھەردىن كەلدىم. ئۆزۈم سودىگەردۇرمەن، — دېدى سودىگەر. بۇ خەۋەرنى ئېلىپ مەزلۇم زۆھرەخانىنىڭ قېشىغا كىرىپ، بۇ سودىگەرنىڭ قىلغان گەپ - سۆزلىرىنى دەپ بەردى. زۆھرەخان: «بۇ سودىگەرگە تاھىر يېزىپ بەرگەن خەت ئىكەن» دەپ پەم قىلدى، ئاندىن شۇ مەزلۇمنى يەنە:

— شۇ سودىگەرلەرنى تېپىپ مېنىڭ قېشىمغا ئېلىپ كىرگىن، مەن بىر كۆرۈشەي، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇ مەزلۇم چىقىپ ھېلىقى سودىگەرلەرنىڭ چۈشكەن يېرىنى ئىزدەپ - سوراپ تاپتى. شۇ يەرگە بېرىپ زۆھرەخانىنىڭ گەپلىرىنى بۇ سودىگەرلەرگە بىلدۈرۈپ «ئۆزلىرىنى خانەكام قىچقىرىدۇ» دەپ باشلاپ ئېلىپ كىردى. زۆھرەخان سودىگەرلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورىدى. ئاندىن كېيىن:

— بۇ خەتنى ئۆزلىرىگە كىم بەردى؟ — دېدى.

سودىگەر ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلدى:

— بۇ خەتنى ماڭا ھېچكىم بەرگىنى يوق. بۇ شەھەرنىڭ شەرقىدىكى ئەزىم دەريا بويىدا يولدا كېلىپ بارۇر ئىدۇق. دەريادا بىر ساندۇق كېتىپ بارۇر ئىكەن. شۇ ساندۇقتىن بۇ نەزمىنى ئىشىتتۇق. بىز شۇنى يېزىۋالغانىدۇق. ۋەقە شۇ.

— ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە نېمە ئىشلىرى بار؟ نېمە ئالىدىلا؟ نېمە ساتىدىلا؟ — دېدى زۆھرەخان.

— بىزنىڭ كۆپ ماللىرىمىز بار. ئۇنى سېتىپ، شۇ بۇ يەردىن مال ئېلىپ ئۆز شەھىرىمىزگە يانارمىز، — دېدى سودىگەر. بۇ گەپنى زۆھرەخان ئاڭلاپ بولۇپ:

— ئانداق بولسا ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى مەن ساتتۇرۇپ، مال ئالدۇرۇپ، بىر - ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ جابدۇقلىرىنى پۈتكۈزۈپ يولغا سېلىپ قويىمەن. دەريادا كەتكەن ساندۇقنىڭ ئىز - تەرىپىنى قىلىپ، شۇنىڭ بار - يوقلۇقىنى ماڭا مەلۇم قىلسىلا، مەن خۇرسەندە بولسام، — دېۋىدى، بۇ سودىگەر:

— ئانداق بولسا ناھايىتى ياخشى، — دېدى.

ۋەزىر - ۋۇزرالار يىگىتنى تەختكە تەكلىپ قىلدى. يىگىت: «پادىشاھ ئۆزى ئولتۇرماستىن مېنى تەختكە تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ. سەۋەبى نېمىكىن؟» دەپ ھەيران بولدى. ئۇ پادىشاھنى تەختكە تەكلىپ قىلدى. پادىشاھ:

— ئۆزلىرى مېھمان. ئۆزلىرى ئىلگىرى چىقىپ ئولتۇرسىلا، ئاندىن كېيىن مەن چىقىمەن، — دېدى.

يىگىت ئاشۇ كونا تەختكە بېرىپ ئولتۇردى. بۇنىڭغا ۋەزىر - ۋۇزرالار ھەيران قالدى. «بۇ يىگىت راست شاھزادە ئىكەن» دەپ ئاچچىقى كېلىپ تۇرغاندى، پادىشاھ:

— مانا كۆردۇڭلارمۇ؟ راست شاھزادىمىكەن؟ بىر ئادەمنىڭ ئۆز سۈرىتىدىن، رەڭگى - روھىدىن، گەپ - سۆزىدىن ياخشى - يامانلىقى مەلۇم بولىدۇ، — دېدى.

ئاندىن كېيىن بۇ ۋەزىرلەر يەنە بىر مەسلىھەت قىلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم! ئادەمزات دېگەننى ئۈچ مەرتىۋە سىناپ بېقىش لازىم، يەنە سىناپ باقايلى، — دېدى.

— قانداق سىنايمىز؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ. ۋەزىرلەر:

— ئەمدى ئۆزلىرى مىنىدىغان ئارغىماق ئاتلىرىغا كونا ئىگەر - توقۇم سېلىپ، باشقا ئاتلارغا ئالتۇن، كۈمۈشتىن ياسالغان ئىگەر، يۇگەن، قۇرۇشقۇن (قۇشقۇن) جابدۇقلارنى سېلىپ تەييار قىلسۇن. كونا ئىگەر - توقۇم سېلىپ جابدۇغان ئۆزلىرى مىنىدىغان ئاتنى بىرى نېرىراقتا تۇتۇپ تۇرسۇن. باشقا ئاتلارنى يېقىن يەردە تۇتۇپ تۇرسۇن. راست شاھزادە بولسا، بېرىپ ئۆزلىرى مىنىدىغان ئاتقا مىنىدۇ. ئەگەر، شاھزادە بولمىسا، باشقا ئاتلارغا مىنىدۇ، — دېيىشتى.

بۇ گەپنى ئىشتىپ پادىشاھ دېدى:

— ياخشى، بولىدۇ. ئەمىسە شۇنداق قىلىڭلار!

غۇلاملار ئاختاخانىدىن ئارغىماق، ئاتلارنى ئاچىقىپ، پادىشاھ مىنىدىغان ئاتقا كونا ئىگەر - توقۇملارنى سېلىپ تەييار قىلدى. باشقا ئاتلارغا يېڭى جابدۇقلارنى، ئالتۇن ئىگەرنى توقۇپ تەييار قىلدى. پادىشاھقا «تەييار قىلدۇق» دەپ مەلۇم قىلىۋېدى، پادىشاھمۇ چىقتى. ۋەزىر - ۋۇزرالارمۇ چىقتى. پادىشاھ ئاتلارغا قاراپ:

قالدى. ئاندىن كېيىن پادىشاھ:

— مەن ئۇشبۇ قىزىمنى شۇ يىگىتكە بېرىمەن. ئۇنى ئۆزۈمگە كۈيئوغۇل قىلىۋالىمەن، — دېدى.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ يىگىتنىڭ يۇرتىنى ھەم ئاتا - ئانىسىنى بىلمىسەك، بۇ يىگىتكە قانداقمۇ قىزلىرىنى بەرگىلى بولىدۇ؟ — دېدى ۋەزىر، — ئۆزلىرى پادىشاھ تۇرسىلا.

— ئۇنداق بولسا، قانداق قىلماق كېرەك، — سورىدى پادىشاھ.

— بۇ يىگىتنى بىر سىناپ باقايلى.

— قانداق سىنايمىز؟

— ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان تەختنىڭ يېنىغا يەنە بىر تەخت قىلايلى. ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان تەختنى كونا بىساتلارنى سېلىپ، باشقا ئۇستەللەرنى قويۇپ جابدۇيلى، — دېدى ۋەزىر جاۋابەن، — يېڭى قىلغان تەختنى ناھايىتى ئوبدان جابدۇپ، يېڭى بىساتلارنى سېلىپ، ئالتۇن كۇرسىنى قويۇپ تەييار قىلايلى! ئاندىن شۇ يىگىتنى تەكلىپ قىلايلى. ئەگەر، ئۇ يىگىت شاھزادە بولسا، ئۆزى ئولتۇرىدىغان كونا بىساتلارنى سېلىپ جابدۇغان تەختتە ئولتۇرىدۇ. ئەگەر شاھزادە بولمىسا، يېڭى بىساتلارنى سېلىپ ئالتۇن كۇرسىنى قويۇپ تەييار قىلغان يېڭى تەختتە ئولتۇرىدۇ. شۇنىڭدىن ھەممىنى بىلىمىز.

پادىشاھ بۇ مەسلىھەتتىن خۇش بولۇپ:

— ئانداق بولسا، ھەممىنى شۇ تەكلىپتە تەييار قىلىڭلار! — دەپ ھۆكۈم قىلدى.

ئاندىن كېيىن، ئوردا ئەھلى پادىشاھ ئولتۇرىدىغان كونا تەختكە ئوخشاش بىر تەخت تەييار قىلدى. ئۇستىگە كونا بىساتلارنى سالدى، باشقا ئۇستەل قويدى. يېڭى تەييار قىلغان تەختكە يېڭى بىساتلارنى سېلىپ ئالتۇن كۇرسىنى قويۇپ جابدۇپ، پادىشاھقا بىلدۈردى. پادىشاھ:

— تەييار بولغان بولسا، شۇ يىگىتنى تەكلىپ قىلىڭلار! نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز، — دېدى.

ۋەزىر - ۋۇزرالار يىگىتنىڭ قېشىغا كىرىپ: «ئۆزلىرىنى پادىشاھ چىقىرىدۇ» دېدى. بۇ يىگىت «خوپ» دەپ چىقتى. پادىشاھ باشلىق

— چۈشمىدى، — دېدى ۋەزىرلەر.

— ئەمدى نېمە قىلىمىز، — دېدى پادىشاھ.

بۇ ۋەزىرلەر دېدىكى:

— ئەمدى ئۆزلىرى ئولتۇرىدىغان مېھمانخانا ئۆيگە ئوڭ پۇت، چەپ پۇتلارنى باراۋەر قىلىپ ياخشى بىساتلارنى سېلىپ جابدۇيلى. شاھزادە بولسا ئوڭ پۇتنى تېپىپ ئولتۇرىدۇ. بولمىسا چەپ پۇتتا ئولتۇرىدۇ.

— بولىدۇ، ئەمىسە شۇنداق تەييار قىلىڭلار! — دېدى پادىشاھ.

ھەممىنى تەييار قىلدى. يىگىتنى قىچقىرىپ ئېلىپ چىقىپ بۇ ئۆيگە باشلىدى. يىگىت بارغانچە بېرىپ پادىشاھ ئولتۇرىدىغان يەردە ئولتۇردى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ:

— مانا، شاھزادە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ راست شاھزادە ئىكەن! — دەپ، قىزنى يىگىتكە تويلاپ بېرىدىغان بولدى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، پادىشاھ قىرىق كېچە - كۈندۈز كاتتا توي قىلىپ، بۇ يىگىتكە قىزنى نىكاھلاپ بەردى. پادىشاھلىقنىمۇ بېرىپ، ئۇنى تەختكە ئېلىپ چىقىپ ئولتۇرغۇزدى. شاھانە لىباس - ئىگىنلەرنى كىيدۈرۈپ، پادىشاھلىق تاجىنى بېشىغا قويۇپ، پادىشاھ باشلىق ھەممە ۋەزىر - ئۆمرالار مۇبارەكلىدى.

ئاندىن كېيىن بىر نەچچە زامان ئۆتتى. بۇ يىگىت تۇرغانسېرى ياداپ كەتتى. شۈك بولۇپ، ھەم گەپ - سۆز قىلماس بولدى. خوتۇنى ئۇنىڭدىن:

— ئەي پادىشاھ، ئۆزلىرىگە نېمە بولدى؟ گەپ قىلماس بولۇپ، ياداپ ئورۇقلاپ قالدىلا! نېمە ئىشتىن مۇنداق بولدىلا؟ يا بىر كىشىدىن خاپا بولدىلامۇ؟ ماڭا دېسىلە! — دەپ سورىدى.

يىگىت ھەسرەت بىلەن دېدى:

— مەن مەشرىقتىكى ئاقخان پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىدىم. مەن دادامدىن كىچىك قېلىپ، مېنى قاراخان پادىشاھ بېقىپ چوڭ قىلغانىكەن. قاراخان پادىشاھنىڭ زۆھرەخان دەپ بىر قىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن خۇشتار دوست بولۇپ قالغانىدۇق. شۇ سەۋەبتىن مېنى ساندۇققا سېلىپ، دەرياغا قويۇپ بەرگەنىدى. ھالا ئەمدى مەن بۇ يەرگە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئۆزلىرىنى نىكاھىمغا ئالدىم.

— ھە، ئوبدان بولۇپتۇ. ئەمدى يىگىتنى تەكلىپ قىلىڭلار، چىقسۇن! قانداق ئىش بولىدىغانلىقىنى كۆرەيلى، — دېدى.

ۋەزىرلەر يىگىتنىڭ قېشىغا كىرىپ: «ئۆزلىرىنى پادشاھ قىچقىرىدۇ» دەپ تەكلىپ قىلدى. بۇ يىگىت «ئوبدان!» دەپ ئورنىدىن قوپۇپ چىقتى. تالادا پادشاھ باشلىق ھەممە ۋەزىر - ئۆمرالار تۇرۇپتۇ. پادشاھ دېدىكى:

— ئۆزلىرى مۇنۇ ۋەزىر - ۋۇزرا، بەگ - سىپاھلار بىلەن چىقىپ سەيلە قىلىپ، ئوۋ ئوۋلاپ ئويناپ كىرسىلە. قۇش - قارچۇغىلارنى ئارقىلىرىدىن ئېلىپ چىقىدۇ. قېنى، ئاتقا مىنسىلە!

بۇ يىگىت بېرىپ ھەممە ئاتلاردىن ئارىلاپ ئۆتۈپ پادشاھنىڭ مىنىدىغان ئېتىنى تۇتۇپ مىندى. بۇلار ھەيران بولۇپ، تەئەججۇپتە قالدى. ئاندىن كېيىن باشقىلارمۇ ھەممىسى ئاتقا مىندى. بىر يەرگە چىقىۋېدى، ئارقىسىدىن شۇڭقار، قۇش - قارچىغىلارنى ئېلىپ بىر توپ مۇلازىملار يېتىشىپ چىقتى. ئاندىن كېيىن بۇ ۋەزىرلەر يىگىتكە قۇش - قارچۇغىلارنى تەكلىپ قىلدى:

— ئۆزلىرى بىرنى ئالسىلا، ئاندىن بىزلەر بىردىن ئالۇرمىز، — دېۋېدى، بۇ يىگىت پادشاھ تۇتىدىغان شۇڭقارنى قولىغا ئالدى. ئاندىن كېيىن، ھەر نەرسىلەرنى قۇشلاپ يۈرۈپ سەيلە قىلىپ، ئۆيگە يېنىپ كىردى. پادشاھ ۋەزىرلىرىدىن:

— بۇ يىگىت قايسى قۇش، قارچىغىنى ئالدى؟ سىلەر قايسىسىنى ئالدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— بىزلەر ئۇنى - بۇنى ئالدۇق. بۇ يىگىت ئاۋۇ قارچۇغىنى ئالدى، — دېدى ۋەزىرلەر.

پادشاھ بۇنىڭغا چىنپۇتمىدى. يىگىتنى قىچقارتتۇرۇپ، ئۆزىدىن:

— ئۆزلىرى قايسى قۇش - قارچۇغىنى ئېلىپ ئوينىدىلا؟ — دەپ سورىۋېدى، ئۇ يىگىت:

— مەن ئاۋۇ شۇڭقارنى ئېلىپ ئوينىدىم، — دېدى. «مېنىڭ پۇتمىگىنىم راست ئىكەن» دەپ خىيال قىلدى پادشاھ. ئاندىن كېيىن ۋەزىرلىرىدىن يەنە سورىدى:

— بۇ يىگىت ئاتتىن يەرگە چۈشتىمۇ - چۈشمىدىمۇ؟

ئۇ ھەم مەلۇم بولماپتۇ،
مەن ھەم كېلىپ سالام ئەۋەتتىم.
بادى سابا شامالدىن،
بۇ ھەم مەلۇم بولماپتۇ.
مەندىن ئايرىلىپ خۇرسەن بولغانغا ئوخشايدۇ،
مەن ھەم يېنىپ كېتەيىن ئۆز يۇرتۇمغا.

— دەپ بېيىت ئوقۇدى.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان زۆھرەخان تاقەت قىلىپ تۇرالماي، يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىسا، ھېچ كىشى يوق. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. زۆھرەخان:
— «ئالەم سەھەر ۋاقتى بولۇپتۇ. ئەمدى مەن قايدىن تاپىمەن يارىمنى؟» دېگەن ئاۋازنى ئىشىتىپ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقسام ھېچ كىشى يوق. جىن ـشاياتۇنمۇ بۇ؟ — دېۋىدى. تاھىر:
— ئادەمزات دېگەن جىن - شاياتۇن بولغىنى يوق. غېرىب بولۇپ، بېرىپ پادشاھ بولۇپ خۇرسەنلىكتە ئولتۇرۇپ، يەنە شۇ ياخشى كۆرمەي يارىمنى ئىزدەپ كېلىپ، يەنە غېرىب بولدۇم، — دېدى.
بۇ گەپنى زۆھرەخان ئىشىتىپ ئاھ تارتىپ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، تاھىرنى بىر جايدىن تاپتى. تاھىر زۆھرە بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى بايان قىلىپ، چۈشكەن جايغا باشلاپ ئېلىپ باردى. ئاندىن كېيىن ئىككى مەزلۇم كۆرۈشۈپ، بىر - بىرىگە ئەھۋالنى بايان قىلىپ، خۇرسەن بولۇشتى. بىر چاغدا زۆھرەخان يېنىپ چىقتى. ئۆيگە كېلىپ ئانىسىنى قىچقىرىپ چىقىپ، بۇ گەپ - سۆزلەرنى بىردىن - بىردىن بايان قىلىپ ئانىسىغا مەلۇم قىلدى. ئانىسى كىرىپ قاراخان پادشاھقا بايان قىلدى. قاراخان پادشاھ بۇنى ئىشىتىپ ھەيران بولدى. «ئۇنى دەرياغا تاشلىغاندۇق. ئۇنى كىم ئېلىپ پەرۋىش قىلىپ بۇ ئىشلارغا يەتكۈزگەندۇ؟» دەپ خىيال قىلدى. ئاندىن قاراخان پادشاھ:
— ئەمدى مەن تاھىر بىلەن كۆرۈشىمەن. ئوردىغا ئېلىپ كىرىڭلار! — دەپ ھۆكۈم قىلدى.

پادىشاھلىقتا ھەم ئولتۇردۇم. ئەمدى ماڭا مەشۇقۇم زۆھرەخاننىڭ ئىشقى ئوتى ئازار قىلىپ، بۇگۇن بۇ ھالغا يەتتىم.

— ئانداق بولسا خاپا بولمىسىلا. بىر ئىلاجىنى قىلۇرمىز، — دېدى پادىشاھنىڭ قىزى. ئاندىن بۇ ۋەقەنى ئانىسىغا دېدى. ئانىسى قىزنىڭ دادىسىغا دېدى. ھەممىسى بۇ گەپلەرنى ئىشتىپ بولۇپ، بىر نەچچە كۇن مەسلىھەت قىلىپ:

— بۇ قانداقلا بولسا پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىكەن. جابدۇق قىلىپ يولغا سېلىپ قويايلى. بېرىپ كەلسۇن! — دېيىشتى.

ئاردىن بىر نەچچە زامان ئۆتۇپ، ھەممە جابدۇقىنى پۇتكۇزۇپ، بىر كۇنى يولغا سېلىپ قويىدى.

ئەمدى، بۇ زۆھرەخان ناھايىتى زەئىپلىشىپ يىغلاپ ئولتۇرار ئىدى. بىر كۇنى كېچىسى تاڭ ئاتارغا يېقىن زۆھرەخان:

— توخۇلار چىللايدۇ، ئىتلار قاۋشىدۇ. مېنىڭ يارىم كەلگەن ئىكەنمىكىن. چىقىڭ! بىر تىڭشاپ كىرىڭ! — دەپ قېشىدىكى ئادىمىنى چىقارتتى. بۇ مەزلۇم تالاغا چىقىپ:

— يوقسۇ، خانىم! ئانداق ئەمەس. ئىتلار نان دەيدۇ، توخۇلار دان دەيدۇ. ھېچ گەپ يوق، — دەپ كىردى. زۆھرەخان يەنە بىر كۇنى سەھەرلىكتە يېتىپ، مەزلۇمنى تالاغا يەنە چىقارتتى:

— بىر كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئىشتتىم. يارىم كەلگەنگە ئوخشايدۇ. چىقىڭ! — دېدى. مەزلۇم چىقىپ يەنە شۇ گەپنى قىلىپ كىردى. زۆھرەخان ئۆيدە يېتىپ «بۇ مەزلۇم يالغان گەپ كۆتۇرۇپ كىرىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ خىيال قىلىپ بىر نەزمە ئوقۇدى:

سەن يارىم كەلگەن بولساڭ،
كىرۇر ئىدىڭ.
ئاندا يارىڭ بار ئىكەن،
مەندىن بۆلەك.

تاھىر ئۇشبۇ نەزمىنى ئىشتىپ:
مەن يارىمغا سالام ئەۋەتتىم،
توققۇز تارامدىن.

ۋە قىزنى نەدە - نەدە ئەمەس، بېرىپ ئۇقۇپ كېلىڭلار! دەپ ئەۋەتكەن
ئوخشايدۇ» دېگەنلەر كۆڭلىگە كېلىپ، تەختتىن تۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ
كەتتى. بۇنىڭدىن ۋەزىر «ئۇ مېنى كۆرمىگەن ئوخشايدۇ. ئۆيىگە
كىرىپ كەتتى» دېگەن ئويغا كېلىپ، يېنىپ كەتمەكچى بولدى.
يىگىت ئۆيىگە كىرىپ بولۇپ:

— قايسىڭ بار! — دېۋىدى.

— لەببەي! — دەپ بىر كىشى يۈگۈرۈپ كىردى.

— تەختنىڭ ئالدىدا مۇنداق رەڭلىك بىر ئادەم تۇراتتى. شۇنى
تونۇمسەن؟ — دېدى پادىشاھ.

— تونۇيمەن، — دېدى ھېلىقى كىشى. پادىشاھ:

— ئانداق بولسا شۇ كىشىنى ھازىر تېپىپ مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ
كىرگىن! — دەپ ھۆكۈم قىلدى.

بۇ ئادەم يۈگۈرۈپ چىقسا، ھېلىقى كىشى ئوردىدىن چىقىپ،
شەھەر رەستىسىدە كېتىپ بارۇر ئىكەن. ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ
ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ:

— ئۆزلىرىگە پادىشاھنىڭ يارلىقى بار، — دېدى.

— ھە نېمە گەپ؟ — دېدى ھېلىقى كىشى.

— ئۆزلىرىنى پادىشاھ قىچقىرىدۇ.

— ياخشى، — دەپ ئالدىغا كىرىپ ماڭدى ئۇ كىشى. «پادىشاھ
دېگەن تەخت ئۇستىدە ئولتۇرۇپ بىراۋدىن گەپ سورىماقنى توغرا
كۆرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۇچۈن ئۆيىگە كىرىپ، ئاندىن ئارقامدىن كىشى
چىقارتىپتۇ» دەپ خىيال قىلدى ۋەزىر. ئاندىن پادىشاھنىڭ ئادىمى
پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم! ئۆزلىرى دېگەن ئادەمنى تېپىپ كەلدىم،
— دېدى. پادىشاھ:

— مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كىرگىن! — دېدى.

بۇ ئادەم چىقىپ ھېلىقى كىشىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا باشلاپ
ئەكىردى. پادىشاھ كۆرۈشۈپ ناھايىتى خۇش بولدى. قېيناتا،
قېينانىلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن تىنچلىق سورىدى، بۇ يەردىكى
ھەممە گەپ - سۆزلەرنى بىلىندۇرۇپ بايان قىلىپ بەردى. ئاندىن
كېيىن ۋەزىرمۇ پادىشاھنىڭ قېيناتا، قېينانىسىنىڭ قىلغان گەپ -

ئـانـدىـن كېيىن، ۋەزىرلەر بىر قانچە كىشى بىلەن چىقىپ، تاھىرنى چۈشكەن يېرىدىن باشلاپ ئوردىغا ئېلىپ كىردى. پادىشاھ بېقىۋالغان ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ ناھايىتى خۇش بولدى. تۆت - بەش كۈنگىچە ئەھۋاللىرىنى بىر - بىرىگە ئېيتىشىپ يىغلىشىپ ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن، قاراخان پادىشاھ تاھىرغا قىزىنى قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بەردى، ھەم ئۇنى تەختتە ئولتۇرغۇزدى. ئارىدىن بىر نەچچە زامان ئۆتتى.

تاھىرنىڭ بالدۇرقى ئالغان خوتۇنىنىڭ دادىسى خوتۇنى بىلەن «بـۇلار كـەلـمىدى. نېمە بولدىكىن؟ ئۇلاردىن بىر خەۋەر ئالايلى» دېيىشىپ، بىر ۋەزىرنى تەيىن قىلدى.

— مېنىڭ قىزىم نەدە تۇرۇپتۇ، نەدە ئەمەس، كۈيئوغلۇم نېمە ئىش قىلىپتۇ؟ نېمىشقا كەلمەپتۇ؟ ئـالەمـدە بارمـۇ، يوقـمۇ؟ بېرىپ ئىز - تەرىپىنى قىلىپ كېلىڭلار! — دەپ، بۇ ۋەزىرنى يولغا سالدى.

ئارىدىن بىر نەچچە زامان ئۆتۈپ، بۇ ۋەزىر قاراخان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە كەلدى. تۆت - بـەش كـۈن يۈرۈپ باشـقـا ئادەمـلـەردىن سـوراپ - سـۈرۈشـتـە قىلىپ باقسا، تاھىرنى ھېچكىم ئۇقمايدۇ. «بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزدە ئانداق ئادەم يوق. ئانداق ئادەم كەلگىنى مەلۇم ئەمەس» دېيىشتى. ۋەزىر بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ يۈرۈپ ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا بارسا، بـۇ ۋەزىـر ئـىزدەپ يـۈرگەن پـادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بۇ شەھەردە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرىدۇ. ۋەزىر بۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ: «ھە، راست! بۇ پادىشاھنىڭ ئوغلى ئىكەن. ئەمدى نېمە قىلسام بـولۇركىن» دەپ يېنىپ كەلدى. ۋەزىر ئەتىسى بارسا، ئۇ ئوغۇل پادىشاھلىق تەختىدە كۆرۈنمىدى. يەنە يېنىپ كەلدى. يەنە تۆت - بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بارسا، بۇ يىگىت پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋەزىر بۇنى كۆرۈپ يېقىن باردى. «مېنى كۆرسە تونۇسا، بىر گەپ سورارمىكىن؟ ئاندىن ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىپ، پادىشاھنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى بايان قىلسام» دېگەن خىيالدا يەنىمۇ يېقىن باردى. يىگىت تەختتە ئولتۇرۇپ بۇ ۋەزىرنى كۆرۈپ تونۇدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قېيناتىسىنىڭ ۋەزىرى، ئۇ شەھەرگە پادىشاھلىق قىلغان ۋاقتىدا ھەم ئۆزىگە ۋەزىرلىكمۇ قىلغان كىشى ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ «قېيناتام مېنى

# ئابدۇراھمان غوجا

ئىپتىدانى باشلايمىز،
شېھىدانە خوتەندىن.
باتۇرلارنى ئۆستۈرگەن،
شان - شەۋكەتلىك ۋەتەندىن.

قەدىمكى بىر زاماندا، ئاتچۇي① دېگەن يۇرتتا ھېبىبۇللا مۇپتى ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئېتى سۇدۇرخان، ئوتتۇرانچىسىنىڭ ئېتى مەسۇمخان، كىچىكىنىڭ ئېتى ئابدۇراھمان خان ئىدى. مەسۇمخان بىلەن سۇدۇرخان ئىلچى② شەھىرىدە تۇراتتى. ئابدۇراھمان خان مەدرىستە ئوقۇيتتى.

ئابدۇراخمان خان غوجا،
يەتتە - سەككىز يېشىدا.
پىكرى - زىكرى ئىلىمدە،
كالا موللا بېشىدا.
كېتىپ بارسا بىر كۈنى،
مىرغىزار③لىق قېشىدا.
ئاپپاق ساقال بىر بوۋاي،
تۇرغىدەكمىش ئالدىدا:
پىنھان بولۇپ بىر ھېكمەت.
بايان قىپتۇ دالدىدا،
بويۇڭغا قارىسام تۈزۈك كۆرۈنەر،
يۈزۈڭگە قارىسام سۈزۈك كۆرۈنەر،
دىلىڭغا قارىسام ئۈزۈك كۆرۈنەر.
پېشانەڭ ئوچۇق بۇزرۇك④ كۆرۈنەر.
نەرگىس⑤ كۆزلىرىڭ ياشقا تولۇپتۇ،
شىكەستە⑥ دىلىڭ بەريان⑦ بولۇپتۇ.
يۈرۈڭقاش سۈيۈڭ ھەريان ئۈرۈپتۇ،
ئېيتقىل نىچۈن ئەپغان⑧ چېكەرسەن؟

---

① ئاتچۇي — ھازىرقى خوتەن ناھىيىسى باغچا بازىرىنىڭ بىر كەنتى.
② ئىلچى — ھازىرقى خوتەن شەھىرى، ئىلگىرى «ئىلچى» دەپ ئاتىلاتتى.
③ مىرغىزار — ئوتلۇق يەر، گۈل چىمەنلىك.
④ بۇزرۇك — ئەتىۋارلىق، ئىززەتلىك، ھۆرمەتلىك.
⑤ نەرگىس — كۆزگە ئوخشايدىغان چىرايلىق گۈل.
⑥ شىكەستە — زەخىملىك، جاراھەتلىك.
⑦ بەريان — لەختە - لەختە، تىلىنىش.
⑧ ئەپغان — داد - پەرياد، نالە - پىغان.

سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلىپ بەردى ... پادىشاھ بۇ ۋەزىرنى چۇشكەن جايىدىن كۆچۈرۈپ ئەكىلىپ، بىر نەچچە كۈن مېھمان قىلىپ، ئىززەت - ئىكراملار قىلدى. بۇنى قاراخان پادىشاھقىمۇ مەلۇم قىلىپ كۆرۈشتۈردى. ئاندىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ كىشىنى بىر نەچچە غۇلاملار بىلەن يولغا سېلىپ قويدى.

بۇ ۋەزىر بىر نەچچە زامان ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆز شەھىرىگە كەلدى. ئۇدۇل كېلىپ ئوردىغا كىردى. پادىشاھقا كۈيئوغلىنىڭ، قىزىنىڭ ئەھۋاللىرىنى، قىلغان گەپ - سۆزلىرىنى بايان قىلىپ بەردى. پادىشاھ ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن خۇش بولۇپ، باشلىرى ئاسمانغا تاقىشاي دېدى. بۇ پادىشاھنىڭ قىزى ۋە كۈيئوغلى شۇ پادىشاھلىق بىلەن خۇشال ئۆتۈپ كەتتى.

قارا باھادىر بولسا بىر نەچچە زامان يۈرۈپ «مەن بۇ پادىشاھنىڭ پالۋان، باھادىرى بولسام، ئۇنىڭغا جىق خىزمەتلەرنى قىلسام، نەچچە يەردىن يېغى كەلسە، ئۇنى مەن تىنجىتسام، زۆھرەخان ماڭا رازى بولمىسا، مەن ئەمدى بۇ قىزنى دۇنيادىن يوق قىلىمەن» دەپ خىيال قىلار ئىدى. بۇنىڭ قىلغان يامان گەپلىرى مەلۇم بولۇپ، زۆھرەخاننىڭ ئانىسىغا ئىشتىلدى. بۇ خوتۇن بۇ گەپلەرنى قاراخان پادىشاھقا دېدى. قاراخان پادىشاھ بۇنى ئىشىتىپ: «بۇ ئوغرى مېنىڭ بالامنى يامان نىيەتتە قەستلەپتۇ. ئەمدى بۇنى ھەيدەپ چىقىرىۋەتمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ، قارا باھادىرنى شەھەردىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۇنى ھەيدەپ چىقارغانغا زۆھرەخان ناھايىتى خۇش بولدى. بۇ قارا باھادىر ئۆزىنىڭ ئېشىكىنى مىنىپ، بىر باياۋان تەرەپكە چىقىپ كەتتى.

گۇننار ياررىڭ [شۋېتسىيە] «ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرى» (مىللەتلەر نەشرىياتى 1997-يىلى 12-ئاي 1-نەشرى: ، نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: مەمتىمىن يۈسۈپ، بارىجان زەپەر، نىڭ «خوتەن تېكىستلىرى» قىسمى 3-، 33-بەتلىرىدىن ئېلىندى) ئەسلىي ئېتىپ بەرگۈچىلەر گويا ناھىيىسىدىن: ئالىم ئاخۇن، ھاشىم ئاخۇن.

خىزىر بوۋاي خان غوجىنىڭ ئاغزىنى ئاچتۇرۇپ ئابىزەمزەم ئىچۈردى، ئوڭ دولىسىنى ئاچتۇرۇپ ئالتۇن تامغىسىنى باستى، چەپ دولىسىنى ئاچتۇرۇپ نەزەر ئىلتىپات قىلدى:

كۆرسەم يەتتە يېشىڭدا،
بىر خىسلەت بار بېشىڭدا.
قايدا بارساڭ جان ئوغلۇم،
خىزىر بوۋاڭ قېشىڭدا.
نىشانە قىپ قويدۇممەن،
ئۆچمەس بەلگۈڭ ئويدۇممەن.
بارغىل ئوغلۇم ئامان بول،
ساڭا ئاق يول تىلەيمەن.

ئۇستازىڭنىڭ ئۈمىدى.
ئۇنۇتمىغىل پىرىڭنى.
پانى دۇنيا ئەھلىدىن،
پىنھان تۇتقىل سىرىڭنى.
سەبرى گۆھەر، سىر ئالتۇن،
سىرى ئەھيان ئۆزگىدۇر.
سىرى ئايان ئەھلىگە،
ئۆمرى گەريان ئۆزگىدۇر.

خىزىر بوۋاي خان غوجىنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ غايىب بولدى. ئابدۇراھمان خان غوجا ھەيرانلىق ئىچىدە مەدرىسكە يول ئالدى، خىزىرنىڭ سۆزى قەلبىدە قالدى.

.........
ئايدىڭغىنا ئاي ئۆتۈپ،
كۈندىڭغىنا كۈن ئۆتۈپ،
ئابدۇراھمان خان غوجا،
ئارسلاندەك ئەر بولدى.
شەمشاد كەبى جىسمىغا،
يانار تاغدەك كۈچ تولدى.
ئەرتۇغا[1] بوپ يېتىشىپ،
ھەر قەدەمدە دۇشمىنى،
يەكسان بولدى، يەر بولدى.
ئىلياس ئىدى ئۇستازى،

رازى بولدى غوجىدىن.
مەرىپەتلىك نۇر بەردى،
دۇئا ئەيلەپ دىلىدىن:
— ئەي بالام، غوجام بالام،
باسقان ئىزىڭ گۈل بولسۇن.
ساڭا ئاق يول تىلەيمەن،
ئاللا ئۆزى يار بولسۇن.
ئۇن ئىككى مىڭ ئىماملار،
ھەردەم مەدەتكار بولسۇن.
غېرىب، غۇرۋا، يېتىملەر،
يۈرىكىڭدە بار بولسۇن.

[1] ئەرتۇغا — ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مەشھۇر رىۋايەتلىك قەھرىمان ئاپراسىياپنىڭ يەنە بىر نامى.

ئابدۇراھمان خان غوجا ئۆزىنىڭ نامۇ - ھالىنى يېپقا تىزغان مارجاندەك بىر بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن مۇنداق مۇڭلۇق بىر مۇناجات ئوقۇدى:

ئۆز يۇرتىنى ئالەمدە،
سۆيمەيدىغان ئەر بارمۇ؟
شېھىدانە خوتەندەك،
غەپلەت باسقان يەر بارمۇ؟
شۇ كەمگىچە كۆرمىدىم،
كۇندۇز - تۈننىڭ پەرقىنى.
ئەزەل قارا قىلغانمۇ،
خوتەنلىكنىڭ بەختىنى؟

كەر بالاغا ئوخشايدۇ،
پىيالمىنىڭ[1] چۆللىرى.
ئىمام ھەسەن - ھۇسەندەك[2]،
خازان بولدى گۈللىرى.
شۇڭا دىلىم سۇنۇقتۇر،
غەم پەيمانىم[3] تولۇقتۇر.
تاپسا يۇرتۇم ئاسايىش،
بۇ ھەممىدىن ئۇلۇقتۇر.

بۇ نەزمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بوۋاي شاد - خۇراملىق ئىچىدە ئۆزىنى ئاشكارىلاپ، مۇبارەك قولى بىلەن خان غوجىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئېيتتىكى:

ئى بالام جانىم بالام،
ھەق يولىغا كىرىپسەن.
ئانا سۈتىن ئاقلاشنى،
قەرزىڭ - پەرزىڭ بىلىپسەن.
ئوتتۇز ياشقا كىرگەندە،
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغايسەن.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتۇڭغا،
ئەبەت سادىق بولغايسەن.
زۇلۇم، كۈلپەت باغرىغا،

خۇرۇچ خەنجەر ئۇرغايسەن.
ئامبال - دوتەي تەختىنى،
گۇمران قىلىپ چاققايسەن.
شۇندا مەشھەر بارغاندا،
شېھىت خەلقىڭ ئالدىدا،
ئاق يۈز بىلەن باققايسەن.
روھىڭ تولۇپ ھۆرمەتكە،
پۇلسىراتتىن جەننەتكە،
پەرۋان بولۇپ ئاققايسەن.

---

① پىيالما — قاراقاش بىلەن گۇما ئارىلىقىدىكى چۆللۈك.
② ئىمام ھەسەن، ئىمام ھۇسەن — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى، كەر بالادا شېھىت بولغان.
③ پەيمان — قاچا.

يۇرۇڭقاشنىڭ سۇلىرى،
خادا تاشتەك تۇرۇلدى.
خان غوجىنى كۆرگەندە،
قارا بۇلۇت سۇرۇلدى.

ئەسكە ئالدى خان غوجا،
خىزىر، ئۇستاز سۆزىنى.
قايدىن كەلسۇن ئۇلۇغ سۇ،
ئاچماي بۇلاق كۆزىنى؟

ئالا - ئالا ئارغامچا،
گۈلەڭگۈچكە يارامدۇ؟
ئەل ئۇمىدىنى ئاقلىماي،
ئۆزىن ئەر دەپ سانامدۇ؟!

قايتتى شۇنداق كۈچ بىلەن،
هوجرىسىغا خان غوجا.
دېدى: قىلىچ تەييارلار —
مەھرىمىگە، خان غوجا.
..............................

ئەمدى بىر كەلىمە سۆزنى خوتەننىڭ ئامبىلىدىن ئىشتەيلى:

قاراڭغۇ تۈن، كېچىدە،
ئامبال دارىن چۈش كۆردى.

چۈشىدە بەك يامان،
ئاجايىپ بىر ئىش كۆردى.

ئامبال چۆچۈپ ئويغىنىپ جىمىكى يايى - دايىلىرىنى جەم قىلدى.

ئى يايىلار، دايىلار،
چۈشۈم شۇنداق ياماندۇر.
كىمدۇ بىرى تەختىمگە،
كۆز تىككىنى ئاياندۇر.
شەمۇ - شەھەر كېزىڭلار،
يۇرت - مەلىنى قېزىڭلار.

يۈز بېشى، بەگ، چوڭلارنى،
يامۇلغا تېز يىغىڭلار.
زۇڭ داخۇينى[1] ئېچىڭلار،
ھەريان تىڭلاپ بېقىڭلار.
ماڭا خىرىس قىلغاننى،
نەدىن بولسا تېپىڭلار.

ئامبالنىڭ يارلىقى بىلەن ھەممە يۇرتنىڭ بەگ، يۈز بېشىلىرى يىغىپ كېلىنىپ، قاتتىق سوراق قىلىندى. ئاتچۇينىڭ سامان قورساق

[1] زۇڭ داخوي — چوڭ يىغىن.

ئۇستازىڭنىڭ تىلىكى،
تۇمارىڭغا باغ بولسۇن.
ئاۋازىڭدىن ئويغانسۇن،
غەپلەت بىسىپ ياتقانلار.
شۇ چاغ ئىيتار ئاپىرىن،
نىجات نۇرى ئاپقانلار.
شاگىرت بولاي مەن ساڭا،
ھەيران بىلمە ساھىپنى.
تاپشۇرارمەن قولۇڭغا،
ئەمدى بەش يۈز تالىپنى.
پەرۋىش ئەيلەپ قىلغايسەن،
جان دىلىڭدىن تەربىيەت.
پەخەس بولغىن يولۇڭغا،
تاپقىن ئوغلۇم كامالەت.
..........................
شۇندىن باشلاپ خان غوجا،
باستى ئۇستاز ئىزىنى.
مەرىپەتنىڭ چىرىغى،
نۇرلاندۇرۇپ دىلىنى.

*

باھار بولدى قارلىغاچ،
نىمە بولدى، كەلمىدى.
ئۈۋىسىنى يىلانلار،
ئىلىۋالدى، بەرمىدى.

ئاينىڭ ھۆسنى قاراڭغۇ،
داغ قاپلىغاچ يۈزىگە.
زۇلمەت ئوقى قادالدى،
مەھكۇم ئەلنىڭ كۆزىگە.
ئىلچىنىڭ بازارىغا،
ئالتە ئىشەكتە قاق كىردى.
نارەسىدە باللارنىڭ،
ساقىلىغا ئاق كىردى.
كۆۋرۈكتىكى جۇپ دەمدە،
ئۇنلىمىدى سەھەردە.
گۇلباغ[1] ئارا ئۇچالماس،
بۇلبۇل تۆمۈر قەپەسدە.
قارا قۇشنى قۇشلىتىپ،
يۈرەر ئامبال، مەسمىكىن!
چاي ئورنىغا قان ئىچەر،
ئەسلىي زاتى نەسمىكىن!
پاناھ تىلەر بەندىلەر،
نالە قىلىپ خۇداغا.
تاقەت قىلىپ بولارمۇ
مۇنداق مۇدھىش جاپاغا ...
قانداق چىدار خان غوجا،
ئەل - يۇرتىنىڭ زارىغا.
ۋادەرىخا! بۇ قىسمەت،
تەگدى كۆڭۈل تارىغا.

ئەلقىسسە: ئابدۇراھمان خان غوجا بەش يۈز تالىپ ئىچىدىن ئىشەنچلىك مەھرەم[2] تاللىۋالدى. ئۇلارغا قوشۇمچە سىپاھگەرلىكنى[3] ئۆگەتتى. ھوجرا ئىچىگە تۆمۈرچىلەرنى توپلاپ، نەيزە - قىلىچ سوقتۇرۇپ خۇپىيانە راسكەرلىق قىلدى.

---

① گۇلباغ — جاي ئىسمى (ئىلچىنىڭ مەركىزىي كوچىسى).
② مەھرەم — ئىشەنچلىك ياردەمچى، خىزمەتچى.
③ سىپاگەرمگەرلىك — ھەربىي ئىلىم، ھەربىي مەشق.

بۇ پەيلىڭدىن يان بالام،
بىزگە جاھان تار بالام.
نىيىتىڭدىن يانمىساڭ،
يۇرتۇڭ بولار قان، بالام.
تەلپىڭنى بىجىرەي،
نىمە دىسەڭ خان بالام.
بىزنى قويما ئەلەمگە،
كۆز قارىچۇقۇم جان بالام.
ئامبال بىلەن ئويناشما،
ئۇ زەھەر — چايان، بالام.
جەڭگى - جىدەل باشلانسا،
كۆن بولار يامان بالام.
ئەزىزانە خوتەننى،
شىھىت قىلغان ئامبال شۇ.
قاشتىشى ماكانىغا،
قان تىرىغان ئامبال شۇ.
بالام قىلما قاراملىق،
ئۇ قىلغىنىڭ نادانلىق.
يۇرىكىنى يەپ بولغاچ،
يۇرتتا ئەر يوق يارامىلىق.
كۆز ئالايتساڭ ئامبالغا،
بىزگە يوقتۇر ئاراملىق.

ئابدۇراھمان خان غوجا ھاجىم دادىكىسىنىڭ نەسىھەتلىرىدىن سوڭرە ئېيتتىكى:

ھاجىم دادا قولاق سال،
مېنىڭ يۈرەك سۆزۈمگە.
يۇرت ھالىنى ئويلىسام،
قان - ياش تولار كۆزۈمگە.
ئاتا، ئانام، ئەل يۇرتۇم،
رىزا بولغاي مېنىڭدىن.
ئەر سۆزىدىن قايتمايدۇ،
يولۋاس باسقان ئىزىدىن.
قولدىن كەتكەچ تەختىمىز،
قاچقان بىزنىڭ بەختىمىز.
قاراقچىغا تا ئەبەت،
قارشى پۈتكەن ۋەدىمىز.
يوقلىقىدىن ئادالەت،
كۆڭلۈمدە كۆپ ئاداۋەت.
قولدا قىساس قىلىچىم،
يالتىرايدۇ داۋامەت.
ئامبالغا ئوت ئاچارمەن،
ئىت قېنىنى چاچارمەن.
شىھىت ئۆتكەن ئەۋلادىڭ،
قېنىغا قان ئالارمەن.
ئامان قالسام غازىمەن،
شىھىت بولسام رازىمەن.
ئازاب چەككەن يۈرەكنىڭ،
جان تومۇر ئاۋازىمەن.
يېتىم - يېسىر، غۇربەتكە،
يەتتى ئىسسىق يازىمەن...
بىر كەم ئوتتۇز يېشىمدا،
قىسمەت يەتتى بېشىمغا.
دۇئا بېرىڭ جان دادا،
رەھىم ئەيلەپ ئىشىمغا.

بېگى ئامبال ئالدىدا قويرۇق شىپاڭلىتىپ ئېيتتىكى:
— «ئى ئامبال، ھېبىبىللا مۇپتاجىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ پەيلى — ئىمانى بۇزۇقلارغا يار، پەقەت ئۇلاردىن باشقا سىلىگە يەنە كىم خىرىس قىلالىسۇن؟!»
قورقىنىدىن لاغىلداپ تىترىگەن ئامبال ئوردا چېرىكلىرىگە دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى:

ھەي يايىلار، يايىلار، دەرھال باغلاپ كېلىڭلار.
ھازىر يولغا كىرىڭلار. يۈرىكىنى سۇغىرىپ،
ھېبىبىللا ھاجىنى، زىختىا كاۋاپ قىلىڭلار.

«خوپ» — دېدى - دە، ھايال ئۆتمەي ھېبىبىللا مۇپتاجىنى چەمبەرچاس باغلاپ ئامبال ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئامبال ئېيتتىكى:

ئى ھاجىيۇ — مۇپتاجى، گۇناھىڭدىن كەچمەيمەن.
خىرىس قىلغان تەختىمگە، يالغان بىلەن ئالدىساڭ،
سەنمۇ؟ جاۋاب بەرگەيسەن. يۈرەك قېنىڭ ئىچكەيمەن.
راست گېپىڭنى ئېيتمىساڭ، ھازىر كاللاڭ كەسكەيمەن.

ئەلقىسسە، ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق ھېبىبىللا مۇپتاجى ئامبالنى رازى قىلالمىدى. ئامبال دەرغەزەپ بولۇپ قىزىتىلغان يىڭنىنى ئۇنىڭ تىرناقلىرىغا تىقتى. مىس لىگەننى قىزىتىپ كۆكرىكىگە ياقتى. يامۇل ئىچى قىيامەت — ئەرساتقا تولدى... شەھەرنىڭ قازى - كالانلىرى ئامبالدىن ھېبىبىللا مۇپتاجىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى. ئۈچ كۈنلۈك سۈرۈك بىلەن بورۇنغا ئالدى. ھېبىبىللا مۇپتاجى ئۇدۇل مەدرىسكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئوغلى ئابدۇراھمان خان غوجىغا ئېيتتىكى:

ئارسلاندەك ئەر بالام، ئامبالغا خىرىس قىل دەپ،
سېنى كىملەر ئازدۇردى؟ كىملەر گۆرنى قازدۇردى؟

بىشىمىزغا چۈشۈپتۇر،
دەھشەت قىزىل قىيامەت.
خوتەن خاراپ بولۇپتۇر،
باغرى قانغا تولۇپتۇر،
ئالدىمىزدا ئىككى يول —
ھايات - مامات تۇرۇپتۇر.
كىم كۆيۈنسە دىلىدىن،
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئېلىگە.
قىلىچنى ئېپ قېنىدىن،
مىنسۇن ئاتنىڭ بېلىگە.
بىلەنسۇن شەمشەر قىلىچلار،
باتۇرلار خاتىر تېشىغا.
ئەجەلدىن قىزىپ چېلىشلار،
غەم ياغسۇن ياۋ بېشىغا.
مەيداندا تاپقان شان بىلەن،
تىكلەنسۇن بىرلىك تاغلىرى.
مەرتلەر تۆككەن قان بىلەن،
يۇيۇلسۇن يۇرتنىڭ داغلىرى.
باش كۆتەر خوتەن ئوغلانى،
خورەكنى توختات، باش كۆتەر.
لەنەتلە تاتلىق چۈشلەرنى،
لەنەتلە، ئۇخلاش بەس، يېتەر.
مەرد بولساڭ چىق مەيدانغا،
نامەرتلەرگە سۆزۈم يوق.
ئەلنى سۆيمەس نامەردكە،
قارايدىغان كۆزۈم يوق.
ئانام ھەققى قەسەمياد،
ئاتلاندىم مەن غازاتقا.
يىگىت بولساڭ قىلىچ ئال،
ئېتىڭنى چاپ مەيدانغا.
..............................
سەپداش بولدى، يول ئالدى،
تۈن كېچە ئەل ياتاردا.
ئەھتىكاپتا ئۇلتۇردى،
ئالتۇن[1] دېگەن مازاردا.

*

ئۈچىنچى كۈن كېچىدە،
شورۋاغ[2] تامان تاقىلدى.
دەرۋازا ئېچىلغۇنچە،
تاڭنى كۈتۈپ ساقلىدى.
سېزىپ دۈشمەن قاغىدەك،
سېپىل بويلاپ قونۇشتى.
چەللەپ غوجام كۆزىنى،
تىركەشتىن[3] ئوق ئۇزۇشتى.
جەڭ قىزىدى كارامەت،
شۇڭقار غوجام سالامەت.
دۈشمەنلەرنىڭ بېشىدا،
قايىنار ئىدى قىيامەت.
ئامبال - دارىن باش بولۇپ،
قولىلىرىدا تاش بولۇپ،
جان تالىشىپ چاپاتتى،
كۆزلىرىگە قان تولۇپ ...
كېچەش ئېيتىپ ئەمەتخان،
كەلدى غوجام ئالدىغا،

---

① ئالتۇن — خوتەن شەھىرىدىكى «ئالتۇنلۇغۇم» مازىرى.
② شورۋاغ — مازىرقى خوتەن شەھىرىنىڭ بىر يېزىسى.
③ تىركەش — ئوقدان.

سىرىقسۇ[1] دا — ھوجرامدا،
يىگىتلىرىم ياتقاندۇر.
تەقەززا بوپ شۇ تاپتا،
ئەندىشىگە پاتقاندۇر.
ئاق چاچ ئانام مېھرىبان،
رازى بولغىن مېنىڭدىن.
ئاق سۇتۇڭنى بەرگەنسەن،
ئايرىپ قىزىل قېنىڭدىن.
يېگەنمەنغۇ جان ئانا،
سېنىڭ ئاپپاق نېنىڭدىن.
ئاقلىمىسام قەرزىمنى،
ئۆتىمىسەم پەرزىمنى،
تۇزكور قىلىپ، بەرگىنىڭ،
تېشىپ چىقسۇن جېنىمدىن...
مەن سۇتۇڭنى ئاقلارمەن،
جەڭگاھ ئارا تاقلارمەن،
كۆكرىكىمنى قالقان قىپ،
ئەل - يۇرتۇمنى ساقلارمەن.
بارالمىدىم باغچامغا[2]،
سالام ئېيتىڭ ئاغچامغا.
دىلى غەمناك بەش بالام،
قىزىل گۇلۇم، غۇنچامغا.

ئابدۇراھمان خان غوجا شۇ تەرىقىدە مۇناجات ئېيتىپ ئىجازەت سورىدى. ھېبىبۇللا ھاجى نائىلاجلىقتىن رىزالىق بەردى، روزغار تەييارلاپ تەڭ كېچە مەھەل بىلەن ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قويدى:

ئابدۇراھمان خان غوجا،
قايتىپ كەلدى قاتارغا.
كۆپىنىڭ كۆزى قادالدى،
بويىنىدىكى تۇمارغا.
بۆرە[3] باشلىق ئول تۇمار،
مۇقەددەستۇر مۇبارەك.
سۆيۈنەردى جان دىلدىن،
ئۇنى كۆرگەن ھەر يۈرەك.
كۇتۇپ تۇرغان يارەنلەر،
چۆرىسىگە ئولاشتى.
غوجا سۆزى ئۇلارغا،
دەرمان بولۇپ جۇغلاشتى.
غوجا تولغان غەزەپكە،
ئوت چاقنىغان كۆزلىرى،
خەنجەر ئىدى، ئوق ئىدى،
ئېيتقان ھەر بىر سۆزلىرى:
— ئامبالدا يوق دىيانەت،
بارچىسىدا خىيانەت،
يۇرتنى تامام قاپلىغان،
ۋابا يەڭلىغ جىنايەت.
بىزنىڭ ئەلدە بولمىغاچ،
بەركە، بىرلىك، ئىنايەت،

① سىرىقسۇ — يۇرت ئىسمى.
② باغچا — ھازىرقى خوتەن ناھىيىسىنىڭ باغچا بازىرى.
③ قەدىمكى تۇتېمىزىم (ھايۋانلارنى مۇقەددەس بىلىپ چوقۇنۇش) ئېتىقادى بويىچە، تۈركى خەلقلەر ئۆزلىرىگە يول باشلىغۇچى سۈپىتىدە بۆرىنى تۇتېم قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ شۇ خەلقلەر ئارىسىدا بۆرىنى سىمۋول سۈپىتىدە ئۇلۇغلاش ئۇخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانغان.

دەپ جاۋابنامە يوللاندى. ئەلچى شەھرىنى دادىسىغا تاپشۇرۇپ، قايتا جەڭگە ھازىرلاندى:

جېنىم دادا شەھرىمىز،
ئەمدى سىزگە ئامانەت.
ئەلكىڭىزدىن كۆچ تاپقاي،
يۇرتتا ئەدلۇ - ئادالەت.
يۇرت بېشىغا كەلمىسۇن،
قايتىپ يەنە قاباھەت.

مەن غازاتقا بارايمەن،
بېرىڭ دادا ئىجازەت.
دۇئا قىلىڭ جان دادا،
قايتىشىمغا سالامەت.
قىرىق بىر مەھرەم يېنىمدا،
جەڭ قىلۇرمەن داۋامەت.
جېنىم دادا بىزلەرگە،
قىلىپ تۇرۇڭ شاپائەت.

ئەلقىسسە: خان غوجا ئىشەنچلىك دەپ تاللىغان قىرىق بىر مەھرىمىنى سەپكە تىزىپ دادىسىنىڭ ئالدىدىن بىر - بىر ئۆتكۈزدى. رەڭگى - رۇخسارى، مىجەز - خۇلقى، روھىي ھالىتىگە قاراپ دادىسى قىرىق مەھرەمنى ئىشەنچلىك تاپتى. بىرسىگە كەلگەندە خان غوجىغا ئېيتتىكى:

بالام قىرقى يارادۇر،
مۇنۇ بىرسى قالادۇر.
چۈنكى كۆزى ئالادۇر،
دۇرە[1]لىرىمۇ قارادۇر.
ئۇنى جەڭگە ئېپ چىقساڭ،
بەلكىم باشقا بالادۇر.

ئابدۇراھمان خان غوجا دادىسىنىڭ سۆزىگە قايىل بولمىدى.
— ئى ھاجىم دادىكا! بۇنىڭ ئېتى ئىسمائىل. يەتتە يېشىدىن ئاش - تۇزۇمنى يەپ چوڭ بولغان بىر يېتىم. ئۇ ماڭا ئىشەنچلىك، دەپ ئېيتتىكى:

ئىسمايىلدۇر قاناتىم،
قاناتىمدۇر ھاياتىم.
مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلسام،
قولدا تۇرماس نجاتىم.
ئۇنى سەپتىن ئالمىڭىز،
شۇبھە ئىچرە قالمىڭىز،
دۇئا بېرىڭ جان دادا،
ھەق ئالدىغا يولىڭىز.

---
[1] دۇرە — چىش.

دېدى : دۈشمەن ھىلىگەر،
يوشۇرۇندى دالدىغا.
ئىشىنىڭ قىسمىتى جەڭدۇر،
ئوندىن توققۇزى رەڭدۇر.
جەڭ قىلماقنى بىلمەكلىك،
تىرىلمەك بىلەن تەڭدۇر.
راسلايلى ئېگىز شوتا،
تەييارلايلى شاخ - شۇمبا.
ئوتۇنغا ياغ چاچايلى،
ئوت قويۇپ يول ئاچايلى.
خان كېچەكشە قوشۇلدى،
شاخ - شۇمبىلار توشۇلدى.
لاچىن بولۇپ ئەمەتخان،
ئوت بورانى سوزۇلدى.
گۇلخاندىن چوغ چېچىلدى،
ياۋلار ھەريان قېچىلدى.
ئاھۇ - پەرياد ئىچىدە،
«تۆمۈر دەرۋازا»[1] ئېچىلدى.
نەيزە، قىلىچ زەپتىدىن،
مىڭلاپ چېرىك يىقىلدى.

تىرىكلىرى تۇغ تۇتۇپ،
تەسلىماتقا قېتىلدى.
قاچقانلىرى ئېتىلدى،
ئەجەل بىلەن چېتىلدى.
شېھىدانە خوتەنگە،
شام چىراغلار يېقىلدى.
قول - پۇتىنى كىشەنلەر،
پارە - پارە چېقىلدى.
..........................
كۈنلەر ئۆتتى، ئاي ئۆتتى،
دۈشمەن پۇرسەتنى كۈتتى.
قاچقان ئامبال چېرىكى،
پىيالمىنى[2] جاي تۇتتى.
مەدەت تىلەپ ئوردىدىن،
ئىلتىماسقا خەت پۈتتى.
قىلىچتىن قان تامغۇزۇپ،
بار مۇلۇككە قول سوزۇپ،
خان ئەۋەتكەن قانخورلار،
سەپ تارتىپ كېلىپ يەتتى.

ئەلقىسسە: ئامبال قاچقاقلىرى ھەيۋە بىلەن ئابدۇراھمان خان غوجىغا بىر پارچە نامە ئەۋەتتى. نامىدە: «بىز بىلەن ئېتىشار بولسا مەيدانغا چىقسۇن، ئېتىشماس بولسا خوتەننى دەرھال بىكارلاپ قويسۇن» دېيىلگەن ئىدى.

خان غوجا بۇ نامىنى كۆرۈپ دەرغەزەپ بولدى:

قول، قارام بوپ ياتقىچە،
قانخور ئامبال قولىدا.

ئۆلۈپ كەتسەك ئارمان يوق،
ھەققانىيەت يولىدا.

---

① «تۆمۈر دەرۋازا» — خوتەن شەھىرى يېڭىشەھەر رايونىدىكى سېپىلنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى.
② پىيالما — گۇما ناھىيىسىنىڭ خوتەن - قەشقەر تاشيولى بويىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى. تاشيولنىڭ ئىككى تەرىپى پايانسىز چۆل - دەشت.

ئىسمايىلنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى، خان غوجىدىن رىشتىسى ئۈزۈلدى.
يامبۇغا سېتىلدى، ۋەدە بېرىپ ئۇلارغا قېتىلدى.

ئابدۇراھمان پاشانىڭ،
ئىشەنچىسى مەندىدۇر.
كاللا بىزنىڭ دەۋرنىڭ،
ئامانەت ئۇ تەندىدۇر.

ئىسمايىل نىقابىنى يۈزىگە تارتتى، ئىپلاسلىق بۇرچىنى يەلكىسىگە ئارتتى، خان غوجامغا كېلىپ، ھىلىگەرلىك بىلەن شۇنداق دېدى:

قۇلاق سېلىڭ بۇ گەپكە،
باردىم دۈشمەن تەرەپكە.
چېرىكلىرى ساناقسىز،
ھېچبىر ئەمەس ياراقسىز.
ئېگىز سېپىل سوقۇپتۇ،
چۆرىدەپ تومۇر توقۇپتۇ.
مەھكەم ساقلاپ ياتاركەن،
ھەر ياغزا ئوق ئاتاركەن.
ئۇلارغا تەڭ كۈچ بولماس،
كۈچ بولسىمۇ دۇچ بولماس.
ئۇرۇشمايلى كېتەيلى،
ماكانىغا تېز يېتەيلى.
يا ئۇلارغا ئەل بولۇپ،
ئامراقلىشىپ ئۆتەيلى.

خان غوجىنىڭ ۋۇجۇدى غەزەپكە تولدى. دادىسىنىڭ مەسلىھىتىنى ئەسلەپ، ئىسمايىلدىن كۆڭلى دەر گۇمان بولدى. ئەقىل قۇشلىرى پىيالىمىغا قاراپ ئۇچتى. ئىسمايىلغا ئۇخلاشقا ئىجازەت بېرىپ، قۇرئاندازى ئەمەتخان بوۋايدىن مەسلىھەت سورىدى. كېڭەش بويىچە، ئىسمايىلغا تۇيدۇرماي قالغان ئەزىمەتلىرى بىلەن دەرھال جەڭگە ئاتلىنىش قارارىغا كەلدى. مەسۇمخان بىلەن سۇدۇرخانمۇ ئىككى يۈزدىن ئاتلىق چەۋەندازلىرى بىلەن تەييار بولدى. خان غوجا ئاق بوز تۇلپارغا مىنىپ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، پىيالىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن دۈشمەن توپىغا بېسىپ كىردى:

ئارغىماقلار ئاتلاندى،
چېرىك بېلى قاتلاندى.
بىرىنچى رەت ئېلىشتا،
ۋاقتى سائەت ئىسمايىل،
تۇردى چۆچۈپ ئورنىدىن.
ھارام نىيەت، شۇم پېئىل،

دادىسى خان غوجىنىڭ لەۋزىنى قايتۇرالمىدى. ئاخىرى:

يول بولسۇن بالام، يول بولسۇن، ئەل يۇرتۇڭنىڭ ئۈمىدى،
پىشانەڭدە نۇر بولسۇن. قورالىڭغا جور بولسۇن،
مەھرەملىرىڭ، ھەمدىمىڭ، پىيالىمىنىڭ چۆلىمۇ،
خىزىر ساڭا يار بولسۇن. ئىزىڭ يەتكەچ گۈل بولسۇن.

دەپ دۇئـا ئـەيلىدى. خان غوجا دادىسى بىلەن خوشلىشىپ، پىيالىمغا قاراپ يول ئالدى. پىيالىمغا يېقىن كەلگەندە دۈشمەنگە غازات ئېلان قىلىشقا ئىسمايىلنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. ئىسمايىل پىيالىمغا كـىـرىـشـى بـىلەنلا چىرىكلەر ئۇنى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى. ئامبال ئۇزۇندىن بېرى ئىسمايىلغا كۆز سېلىپ يۈرەتتى. ئۇ ھەييارلىق بىلەن ئـىسمايىلنى قۇچاقلىدى. پۇت - قولىنى يەشتۇرۇپ چوڭ زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. ئوڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئىسمايىلغا ئېيتتىكى:

ئى ئىسمايىل قاندىشىم، قاراپ تۇرغىن ئۆلارنىڭ،
قايسى شەيتان ئازدۇردى؟ قانغا پاتار ھەممىسى.
مەزھىپىڭدىن قايتۇرۇپ، ۋاقىت، پۇرسەت غەنىمەت،
بىزگە ئورا قازدۇردى؟ ئەقلىڭنى يىغ ئۆزۈڭگە.
داداڭ بىلەن بىر سەپتە، قىلغىل ئەمدى بىر خىزمەت،
ئىدۇق بىزلەر بىر چاغدا. قولاق سالغىن سۆزۈمگە.
سېنى ئولجا قىلغانتى، ئابدىراھمان پاشانىڭ،
يەتتە ياشار ۋاقتىڭدا ... كاللىسىنى ئېلىپ كەل.
داداڭنىمۇ ئۆلتۈرگەن، ياكى نەيزەڭ ئۇچىدا،
غوجا نەسلى ئەمەسمۇ؟ يۈرىكىنى تىلىپ كەل.
ئاكاڭنىمۇ ئۆلتۈرگەن، مانا تەييار سوغاتلار،
ئاشۇ پەسلەر ئەمەسمۇ؟ سەكسەن يامبۇ ئالىسەن.
ئۇنۇتتىڭما قىساسنى، بىز خوتەنگە بارغاندا،
ئەگەشكىنىڭ نېمىسى؟ چارىگاھتا ياتىسەن.

ئـامـبـال سـەكـسـەن يـامبۇنى ئىسمايىلنىڭ ئالدىغا قويدى.

كەلسە ئالدىمغا خۇشامەت بىرلە، يادەك ئېگىلىپ،
چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ھى - ھىلىسا يالغان كۈلۈپ،
كۈلكىسى، جا جىلۋىسىنى مەن نادان راست دەپ بىلىپ،
ئىلتىپات ئەيلەپتىمەن ئوبدان كىيىم، ئاش - نان بېرىپ،
پەيلى ياتنىڭ شۇملۇقىنى ھېچقاچان بىلمەپتىمەن.

ئاسرىساڭ ئادەم بالاسى، ئاغزى - بۇرنۇڭ قان ئېتەر،
بوۋىلارنىڭ بۇ سۆزىن ھېكمەت چىراغى شان ئېتەر،
ياتقا ئاشكار ئەيلىسەڭ سىرىڭنى ئول پەيمان ئېتەر،
دۈشمىنىڭگە دىل بېرىپ، باشىڭنى راست پەيخان ئېتەر،
سىر تۇتۇش ئالتۇن ئىكەنكىم، قەدرىگە يەتمەپتىمەن.

مەيلى ئىسمايىل نىخۇيكى ئادىمى ئاڭنى يوقات،
مەيلى كەس كاللامنى ياكى كۆكرىكمگە نەيزە ئات،
مەن ئۆزەم ئادەم تۇرۇپ، كۈتمەسمەن ئىتتىن ئىلتىپات،
يات ياۋۇز ئاسراندىدىن دات، پەندىيات، مىڭ پەندىيات،
لەنتى بىلسەڭ ساڭا شۇنداق جاۋاب بەرمەكچىمەن.

ئىسمايىل بەزگەكتەك تىترەشكە باشلىدى، كۆزىنى يۇمۇپ زەھەرخەندىلىك بىلەن خان غوجامنىڭ گېلىغا شۇنداق ئۇرغان ئىدى. قىلىچ ئوغاقتەك ئېگىلىپ كەتتى. خان غوجام يەنە بىر قېتىم بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئەل - يۇرتى بىلەن خۇشلاشماق بولۇپ شۇنداق مۇناجات ئېيتتى:

ئادىمىزاتنىڭ كۆلمىكى بادۇر،
ھامانەم بىر كۈن ئۆلمىكى باردۇر،
مېنىڭ بۇگۈن ئۆلەر كۈنۈمدۇر،
ئانا تۇپراقنى سۆيەر كۈنۈمدۇر.
رازى بولغايسىز ئاتا - ئانىلار،

سەكسەن چىرىك پاتلاندى. خەنجەر ئالدى قوينىدىن.
ئىككى - ئۈچلەپ نۆۋەتتە، ماڭدى چىغىر يول بىلەن،
يۈزلەپ ئۆلۈك سەپ بولدى. پىنھان تۇتۇپ ئۆزىنى.
پىيالىدا دۈشمەنگە، مەخپىيەتتە پاشانىڭ،
جان ساقلىماق گەپ بولدى. چەللەپ ئاتتى كۆزىنى.

................................

ئىسمايىلنىڭ قولى تىترەپ ئاتقان ئوقى خان غوجامنىڭ ئوڭ يوتىسىغا تەگدى، خان غوجام قانسىراپ ئاخىرى ئاتتىن يىقىلدى، كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، يېنىدا قىلىچىنى تەڭلەپ ئىسمايىل تۇراتتى.
— ھەي ئىسمايىل، بىلىمدە ئون يەتتە بەرى دۇردۇنۇم بار، بىر بەرىسىنى يىرتىپ يوتامنى تېڭىپ قوي، — دېدى. ئىسمايىل ئېيتتىكى:

سەندىن قىساس ئېلىشقا، بېشىڭ تەندىن جۇدادۇر،
ئەزرائىل بولۇپ كەلدىم. پەيمانىغا تولۇپ كەلدىم.

ئىسمايىل خەنجىرىنى سۇغىرىپ خان غوجامنىڭ گېلىغا ئۇرماقچى بولدى. خان غوجا ئېيتتىكى:
— ھەي ئىسمايىل، بىردەم تەخىر قىلغىن، جان ئالساڭمۇ نامەردلىك بىلەن ئالما، — دېدى - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ غەزەپ نەيزىسىنى ئىسمايىلنىڭ كۆزىگە قادىدى، مۇناجات ئوقۇپ پىيالىمنى لەرزىگە سالدى:

ۋادەرىخا! بىر چايانىنى بىلمەيىن ئاسراپتىمەن،
مۇھتەرەم ھاجىم دادامنىڭ ھەق سوزىن ئۇقماپتىمەن،
كۆزلىرىم ئويغاق تۇرۇپ، غەپلەت ئارا ئۇخلاپتىمەن،
بىر قاۋاننى ئۆز بالام دەپ قەدىرلەپ ساقلاپتىمەن،
ھەق گۇماننى تەرك ئېتىپ، ناھەقنى مەن ياقلاپتىمەن.

ھەر يۇرەكتىن غەزەپنىڭ، جىنازىغا يىپپىلدى.
ژۇلقانلىرى ئېتىلدى. تەتۇر كىيىپ ئىگىنىنى،
مەسۇم، سۇدۇر كۆز يېشى، يولدا ساما سېلىنىدى.
سەل - يامغۇردەك بىلىندى. كەڭ باياۋان قۇچىقى،
خان غوجامنىڭ جەسىدى، پىر قىيامەت قىلىندى.
تەختىراۋانغا ئېلىندى. چاقماق چېقىپ ئاسماندا،
مەھرەملەرنىڭ مىلتىقى، دۇررى مونچاق تۆكۈلدى.
تەتۇر قىلىپ ئېسىلدى. گويا قات - قات بۇلۇتلار،
تۇغ - ئەلەملەر ئېگىلىپ، چاك - چېكىدىن سۆكۈلدى.

مەسۇمخان بىلەن سۇدۇرخان جىنازىنى قولدىن قولغا تالىشىپ شەھەرگە ئېلىپ مېڭىۋاتقان ھازىدارلارغا قاراپ ئېيتتىكى:
— ئەگەر ھاجى دادىكام بىلەن، ئاغىچى ئانىكام سوراپ قالسا:

ئۈنچە - مارجان چېچىلدى، سەگۈ تېرەك يېقىلدى،
تېرىپ بولماي قالدۇق. يۆلەپ بولماي كەچ قالدۇق.

دەپ جاۋاب بېرىڭلار، — دېدى.
جىنازا ئەلچى دەرۋازىسىدىن كىردى. خان غوجامنىڭ ئانىكىسى ئېگىز مۇنارىغا چىقىپ پىيالما تەرەپتىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرغىنىغا ساق ئۈچ كۈن بولغان ئىدى. بىردىنلا بىر جىنازا ئالدىدا ئىككى ئوغۇلنىڭ ئىگىنىنى تەتۇر كىيىپ ساما ئېچرە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، «ئاھ!» دەپ يىقىلدى. سۇڭرە جىنازىغا ئۆزىنى ئېتىپ شۇنداق بوزلىدىكى، ئۇنىڭ مىسكىن زارىدىن يەر يېرىلىپ، تاغۇ - تاشلار ئېرىپ كەتكۇدەك بولدى:

بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈن، بالام،
ماڭا بولدى قارا تۈن، بالام.
يېشىم ئاقتى يۈزۈمگە، بالام،
زۇلمەت پاتتى كۆزۈمگە، بالام.

جاندىن ئەزىزلەپ سۆيگەن باللار.
رازى بولغاي ئۇل پىرۇ ئۇستازىم،
باش ئېگىپ قىلاي ئۇنىڭغا تازىم.
رازى بول مېنىڭ ئەزىمەتلىرىم،
مېنى ئۆستۈرگەن ئەزىز يەرلىرىم.
رازى بول تاغ، تاش، دەريا - قىرغاقلار،
رازى بول ئەل - يۇرت، يېقىن - يىراقلار ...
سىلەرگە كۆزۈم قانداقمۇ قانار،
ئويلىسام باغرىم ئوت بولۇپ يانار.
قەسەمياد خەلقىم، تۇغۇم ئالدىدا
ئۆلسەم ئۆچلىرىم بولمىغاي ئادا.
قىساس قىلىچىم سىزگە ئامانەت،
ئەلۋىدا، ئەلۋىدا، ئەلۋىدا! ...

ئەلقىسسە: ئىسمايىل ئاخىرى مەرتە خەنجىرىنى سۇغىرىپ خان غــوجــىــنىڭ يۇرىكىگە سانچىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بوراندەك ئات ئوينىتىپ كېلىۋاتقان قوشۇننى كۆرۈپ قالدى - دە، دەرھال كۆزىدىن غايىب بولدى. مەسۇمخان بىلەن سۇدۇرخان يېتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بــولــسـا خان غوجام قان دەرياسى ئىچىدە بىھوش يېتىپتۇ. ئۇلار ئــۇكــىــسىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئېتىپ زار - زار بوزلىنىپ، خان غــوجامنىڭ بېشىنى يۆلىدى. خان غوجام تەسلىكتە جىلغا تەرەپنى ئىشارە قىلدى. مەسۇمخان ئېتىغا مىنىپ جىلغا تەرەپكە قۇيۇندەك ئۇچتى. ھايال ئۆتمەي ئىسمايىلنى ئاتقا سۆرىتىپ ئېلىپ كەلدى. خان غوجام كۆزىنى ئاران ئېچىپ:

— بۇ مەلئۇننى ئىلچى ئەھلىگە تاپشۇرۇڭلار، — دېدى - دە، كۆزىنى مەڭگۈلۈك يۇمدى.

| | |
|---|---|
| ئېگىز چىنار يىقىلدى، | قايغۇ - ماتەم قېتىلدى. |
| گۈلدۇرماما چېقىلدى. | غازات قىلغان باتۇرنىڭ، |
| نالە - پەرياد ئۇستىگە، | ئىڭەكلىرى چېتىلدى. |

ئەمدى قۇرۇق باغ قالدى، بالام.
پاشا غوجام كەتتى دەپ، بالام،
يۈرىكىمدە داغ قالدى، بالام،
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان غوجام.
پىيالىغا بارغاندا، بالام،
تاشلار تەكى بولدىمۇ، بالام.
ئاستىڭىزغا سالغاندا، بالام،
يانتاق كۆرپە بولدىمۇ، بالام.
ئۈستىڭىزگە ياپقاندا، بالام،
قامغاق يوتقان بولدىمۇ، بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان غوجام.
تاغۇ - تاشلار تەۋرەيدۇ، بالام،
بۇلبۇل مۇڭلۇق سايرايدۇ، بالام.
غەمگە پاتقان لەشكىرىڭ، بالام،
خان غوجام دەپ يىغلايدۇ، بالام.
ھاۋادىكى ئاق بۇلۇت، بالام،
ساڭا ماتەم تۇتۇپتۇ بالام.
غېرىب - غۇرۋا ئەۋلادىڭ، بالام،
زەھەر - زوقۇم يۇتۇپتۇ، بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان غوجام.
ئېغىلدىكى بوز ئېتىڭ، بالام،
ئوت سەپ بەرسەم يېمەيدۇ، بالام.
قوتاندىكى كالاڭمۇ، بالام،
سېنى ئىزدەپ مۆرەيدۇ، بالام.
ئاسماندىكى تورغايمۇ، بالام،

ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان غوجام.
قۇلاق سالغىن سۆزۈمگە، بالام،
تويۇۋالاي يۈزۈڭگە، بالام.
جىنازاڭغا باش قوياي، بالام،
جامالىڭدىن گۈل ئوياي، بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان غوجام.
ھەزىتاجىم دادىڭىزنى، بالام،
ئاخۇن ئاغىچا ئانىڭىزنى، بالام،
بەش ناتىۋان بالىڭىزنى، بالام،
پۈتمەس دەردكە قويدىڭىز، بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان غوجام.
ئوڭ يېنىڭغا قارىسام، بالام،
مىلتىقلىرىڭ ئېسىقلىق، بالام.
سول يېنىڭغا قارىسام، بالام،
قىلىچ، نەيزەڭ تىزىغلىق، بالام.
جىنازاڭنىڭ ئۈستىگە، بالام،
ئالتۇن تۇغۇڭ يېپىغلىق، بالام.
باش - كۆزۈڭگە قارىسام، بالام،
ئەگەكلىرىڭ تېڭىغلىق، بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان غوجام.
سۇلار كەتتى ساي قالدى، بالام،
ئىگىسى يوق جاي قالدى، بالام.
دادىسىدىن ئايرىلغان، بالام،
بەش قۇلۇنۇڭ - تاي قالدى، بالام.
ئالما، ئانار ئۈزۈلدى، بالام،

[ئىسلاۋە] «ئابدۇراھمان خوجا» داستانى شەرق كلاسسىك خەلق داستانچىلىقىنىڭ ئاخىرقى يىرىك نەمۇنىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان رېئالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىش مۇساپىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشى، خەلقىمىزنىڭ چىك سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى بىلەن زىچ باغلانغان.

«ئابدۇراھمان خوجا» داستانىدىكى ئابدۇراھمان (1833 — 1863) تارىخىي شەخس بولۇپ، 1860 - يىللاردا كۆتۈرۈلگەن خوتەن خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەركەردىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1863 - يىلىدىكى «پىيالما جېڭى» دە مەھرىمى تەرىپىدىن سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئانىسى ئاخۇنئاغىچا (1810 —— ؟) تەرىپىدىن بۇ داستانىڭ 30 نەچچە كۇپلېتى توقۇلۇپ، ئۇنىڭ ماتەمدە، نەزىر - چىراغلىرىدا ئوقۇلغان. رۇس شەرقشۇناسى رادلوف ئەسەرلىرىنىڭ 6 - تومىدا بۇ داستانىڭ تۇنجى ئىجادچىسى ئاخۇنئاغىچا ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىپ، داستاندىن پارچىلار ئېلان قىلىنغان. 1890 - يىلى خوتەن رايونىدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، «ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئاسىيا ئېگىزلىكىدە» ناملىق كىتابىنى يازغان فرانسىيىلىك ئالىم، ئېكسپېدىتسىيون دۇترېئۇئىلنىڭ 1898 - يىلى ف. گرېنارد تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ پارىژدا فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلىنغان بۇ كىتابىدا «ئابدۇراھمان خوجا» داستانىنىڭ 100 مىسراسىنى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا ئەينەن بېرىپ، ئاستىغا فرانسۇزچە تەرجىمىسىنى قوشۇپ ئېلان قىلغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ بۇ داستانىڭ قوليازما نۇسخىلىرىنى ياپونىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ئېلىپ كەتكەن.

«ئابدۇراھمان خوجا» داستانى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان مەدداھلار، خەلق داستانچىلىرى تەرىپىدىن ئوقۇلۇپ، ئۈزلۈكسىز بېيىغان. ئۇنى ئاتىسىدىن ئۆگىنىپ، ھېلىغىچە ئېيتىپ كېلىۋاتقان شاھ مۇھەممەت ئاكا ئەنە شۇ مەشھۇر داستانچىلارنىڭ بىرى. داستانىڭ بۇ كىتابىمىزغا كىرگۈزۈلگىنى شاھ مۇھەممەت ئوقۇپ، فولكلورشۇناس ئابدۇكېرىم راخمان

ساڭا نەزمە توقۇيدۇ بالام،
تاغلاردىكى قۇشلارمۇ، بالام،
مەرسىيەڭنى ئوقۇيدۇ بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان غوجام.
ئالا تايغان كۈچۈكۈڭ، بالام،
كۆككە قاراپ ھۇۋلايدۇ، بالام.
ئايۋىنىڭدا ئاسلانلار، بالام،
مىياڭلىشىپ يىغلايدۇ، بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان غوجام.
تىنچ ياتقىن گۆرۈڭدە، بالام،
يۇرتۇڭ ماڭار يولۇڭدا، بالام.
قارا زۇلمەت تەختىنى، بالام،
كۈل قىلارمىز ئوتۇڭدا، بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان غوجام.
مەھشەرگاھقا بارغاندا، بالام،
خۇدا قازى بولغاندا، بالام،
داۋاغا تىك تۇرارمىز، بالام،
دۈشمەندىن خۇن سورارمىز، بالام.
ئاھ بالام، ئابدۇراھمان ئاخۇنۇم،
نادىرخان غوجام.
ئاھ ھەسرىتا، خان بالام!
ئاھ نادامەت، جان بالام! !

ئېيتىپ بەرگۈچى: **شاھ مۇھەممەت**
نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇكېرىم راخمان**

# زىۋىدىخان

زىۋىدىخان:
— مەمەت كېرىم باي،
جەينىم كېرىمباي،
دۇۋاغا ① كىرىپ،
لامۇسقا ② كېلىپ،
كېۋەز تېرىيلى.
كېۋەز تېرىساق
تاۋا كىيەمىز،
دۇردۇن كىيەمىز،
كېۋەز تېرىمىساق،
كولۇڭغا كىرەمىز،
بۇلۇڭغا كىرەمىز،
شۇنداغا دېگەندە،
مەمەت كېرىباي،
ئالىما توپاقىغا،
توقۇمنى توقۇپ،
تۆپىسىگىمۇ،
ساپالىنى قويۇپ،
ئۇنىنىغىنا ئاتىپ،
لامۇسقا بېرىپ،
بىر قىر يە ھەيدەپ،
ئىككىمۇ قىر ھەيدەپ،
ئۈچ قىر بولغاندا،
—زىۋىدىخان قاراكۆز،
قورسىقىم بەك ئاچتى.
بىر چارەك ئۇندا،
بىر كۆمەچ ساسىلا،
سۇنىمۇ ئەكىلىپ،
ئىتتىك يۇغۇرۇپ،
شۇنداغا دېگەندە،
زىۋىدىخان قاراكۆز،
سۇنىمۇ ئەكىلىپ،
بىر چارەك ئۇندا،
خېمىر يۇغۇرۇپ،
ئوچاققا ئوتىنى،
راسا قالاپتۇ.
بىر چارەك ئۇندا،
بىر كۆمەچ ساپتۇ.
بىر چارەك ئۇنىنىڭ،
كۆمىچىنى كۆمەپ،
ئورنىدىن قوپاپ،
بىردەم تۇرغاندا،
مەمەت كېرىم باي:
— زىۋىدە قارا كۆز،

① دۇۋا — گوما ناھىيىسىنىڭ بىر بازىرى.
② لامۇس — دۇۋا بازىرىنىڭ بىر كەنتى.

رەتلىگەن نۇسخىسى بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق داستانلىرى» (1980 - يىل نەشرى) ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

«ئابدۇراھمان خوجا» داستانىنىڭ شاھ مۇھەممەت ئاكا ئوقۇپ، مەرھۇم مەمتىلى سايىت رەتلەپ نەشرگە تەييارلاپ، خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ئىشخانىسى تەرىپىدىن شۇ نام بىلەن 1984 - يىلى باستۇرۇلغان مەتبەئە نۇسخىسى ئەڭ مۇكەممەل نۇسخا ھېسابلىنىدۇ. ئۇ 81 بەت، ئىككى قىسىم بولۇپ، نەسر قىسمى تەخمىنەن 21 بەت كېلىدۇ، نەزم 1141 مىسرادىن ئارتۇق. بۇ نۇسخا تولۇق بولۇپلا قالماستىن، ئۆزىدە خوتەن شېۋىسىنى ساقلاپ قالغانلىقى بىلەنمۇ ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. گەرچە بۇ كىتابىمىزدا مۇشۇ نۇسخىنى قايتا ئېلان قىلالمىغان بولساقمۇ، راۋاب ياكى تەمبۇر تەڭكەشلىكىدە مەخسۇس ئاھاڭ، يۈكسەك ھاياجان بىلەن ئوقۇلىدىغان، چاچما شېئىر شەكلىدىكى ئۆزىگە خاس بايان ئۇسلۇبىغا ئىگە بۇ ئېپوسنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە يەنىلا بەدىئىي زوق ئاتا قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

## ئابدۇللا سۇلايمان

ھارۋىغا چىقىپ،
قاراقاشقا كىردى.
قاراقاشقا كىرىپ،
خەقتىن سورىسا،
زىۋىدىخان قاراكۆز،
ئىلچىگە كېتىپتۇ.
مەمەت كېرىمباي،
يىغلىغىلى تۇردى.
يەكشەنبە بازارغا،
بارغاندا خېنىم،
ئاشپەز بولۇۋالساڭ خېنىم،
ساقنى ئۆزىڭىز،
ساتسىڭىز خېنىم،
سۈيۈقىنى ماڭا،
بەرسىڭىز خېنىم،
ئاشپەز ئىمكارى دېسە،
يوغىنا دۆلەت،
ئەمەسمۇ خېنىم؟
ئىلچى شەھىرىگە،
كەلگەندە خېنىم،
ناۋاي ئىمكارى بولۇۋالسام،
ناۋاي ئىمكارى دېسە،
يوغىنا دۆلەت،
ئەمەسمۇ خېنىم؟
يۇروڭقاشقىمۇ،
بارغاندا خېنىم،
چارشەمبە بازارغا،

يىغلاپقىنا ئەمدى،
بارغاندا خېنىم،
ناۋاي بولۇۋالساڭ خېنىم،
ساقىنى ئۆزۈڭ،
ساتساڭ خېنىم،
چۇشۇكنى ماڭا،
بەرگەندە خېنىم،
ناۋاي ئىمكارى دېسە خېنىم،
يوغىنا دۆلەت ئەمەسمۇ؟
كۆمەچ يېگەن قانىمنى،
پىچىۋەتسەم بولمايدۇ؟
دەپقىنا يىغلاپ؛
يۇروڭقاشقا بارىپ،
لوپقىما بارىپ،
چىرىغا بارىپ،
كۆلنىڭ باشىدا،
يىغلاپ ئولتۇرۇپتى؛
شۇ زىۋىدىخان،
ئىككىما قاپاقنى،
يۇدۇپما كېلىپ:
—مەمەت كېرىمباي،
نەدىن كەلدىڭلار،
شۇنداغىغا دېگەندە.
مەمەت كېرىمباي:
—زىۋىدىخان قارا كۆز،
سىزنىما ئىزدەپ،
مىشەگە كەلدىم.

ئون بەش سوغىدا،
كۆلنىڭ سۈيىدىن،
لىققىنا ئەكەلسىلە،
قورسىقىم بەك ئاچتى،
كۆمەچنى ئىچىپ،
سۈغىما چىلاپ،
ئانداغىدا يېيەمىز.
زىۋەدىخان قارا كۆز،
سۈنى ئەكىلىپ،
ئوچاقنى باقسا،
كۆمەچ چىقمىدى.
زىۋەدىخان قارا كۆز:
— مەمەت كېرىمباي،
كۆمەچ نەكەتتى؟
شۇنداغىدا دېگەندە،
مەمەت كېرىمباي:
— زىۋەدىخان قارا كۆز،
قورسىقىم بەك ئىچىپتۇ،
ھەممىنى يەپ بولدۇم.
زىۋەدە قارا كۆز:
— مەمەت كېرىمباي،
ئىشتىنى قاساق تاز،
كونا سامانلىق تاز،
دۆدۈنە كالپۇك تاز،
بىر چارەك ئۈنىڭ،
كۆمىچىنىغىنا،
بىر ۋاقلىقىڭغا يەپ،
بوغان تاز.
سەندەكقۇ تازدىن،
سۆزۈمنى ئالاي،
دەپقىنا يىغلاپ،
يامانلاپ كەتتى.
مەمەت كېرىمباي،
ئۈچ قىرىيە ھەيدەپ،
ئالىما توپاقىنى،
توختاتىپ قوياپ،
ئىزنى باقسا،
ئۆز ئۆيىگە ماڭغان،
ئىزلىرى تۇرۇپتۇ.
زىۋەدە قارا كۆز،
نەگىما كەتكەندۇ؟
دەپقىنا ئەمدى،
ئوينىما ھەيدەپ،
ئۆيىگە كېلىپ،
قارىغۇدەك بولسا،
ئۆيىگەغىنا،
ھەرگىز كەلمەپتۇ.
مەمەت كېرىمباي،
قارىياغا[1] چىقىپ،
قاراقاشقا چىقىپ،
بىر كىشىدىن سورىسا،
زىۋەدە قارا كۆز،
قاراقاشقا كېتىپتۇ.
مەمەت كېرىمباي،

---

[1] قارىيا — خوتەن - قەشقەر تاشيولى بويىدىكى ئۆتەڭ.

يەرغىنا تەگدى.
زۇنۇدخان قاراكۆز،
بىردەم ئولتۇردى.
مەمەت كېرىمباي:
— ھەي زۇنۇدخان،
بۇغداينىڭ ۋاقتى،
تازا بولاپتۇ.
دادىڭىزدىن تەگكەن،
ئاشۇ يەرلەرگە،
ئىككىمىز ئىشلەپ،
بۇغداي تېرايلى.
مەمەت كېرىمباي،
ئاشۇ يەردە قالدى.
زۇنۇدخان قارا كۆز،
ئۇيغا مېڭىپتۇ.
ئۈچ كۈنمۇ بولدى،
ھەرگىز كەلمىدى،
زۇنۇدخان قارا كۆز.
ئۇينىما جىق تاپىپ،
ئەكىلەمەپتۇ.
ھەيدەپقىنا كېلەي،
دەپقىنا كەلسە،
بۇزنۇدخان.
ئىككىما قوڭغازنى،
ھەيدەپ يۈرگۈدەك.
مەمەت كېرىمباي:
— ھەي زۇنۇدخان،

سىنىڭ دادىكاڭ،
قوڭغازنى قوشاپ،
بۇغداي تېرامتى؟ .
— بولا يەر ھەيدەپ،
ئۇيلارمىزمۇ،
كۈچەپ كېتىمدۇ،
بانىما ئەكەلدىم.
مەمەت كېرىمباي،
قوڭغازنى قوشۇپ،
بۇغداينى تېرىپ.
بىر نەچچە كۈندە،
بارغۇدەك بولسا،
بۇغدايلار پىشىپ،
ساڭگلاپ قاپتۇ.
مەمەت كېرىمباي:
— ھەي زۇنۇدخان.
بۇغداي ئورۇيلى،
ئورغاق ئەكىلىڭ!
زۇنۇدخان قاراكۆز.
ئوغاققا ماڭدى،
مەمەت كېرىمباي،
ئەشەدە قالدى،
تۆت كۈنمۇ بولدى،
ھەرگىز كەلمىدى،
مەمەت كېرىمباي،
بى زۇنۇدخان،
ئورغاقنى جىق تېپىپ،

ئەمدى كېتىلى،
دەپقىنا تۇرۇۋالدى.
—كېتەرمەن بولساق،
ئۆيىگە بېبى بېرىپ،
تۇغقانلار بىلەن،
خوش دېيىشىپ كېلىلى.
شۇنداققىنا دەپ،
زىۋىدىخان قاراكۆز،
ئۆيىگە ماڭدى.
مەمەت كېرىمباي،
كۆل باشىدا قالدى.
زىۋىدىخان قاراكۆز،
ئۆيىگە كەلسە،
دادىسى ئەمدى،
ئۆلەيما قاپتۇ.
زىۋىدىخان قاراكۆز:
—مەمەت كېرىمباي،
مېنىڭ دادىكام،
تازا باي ئىدى.
بازارغا بارسا،
كېيىپ بارتقان،
موۋۇتىنتاتونى،
ماڭا تېگەتتى.
شۇنداققا دېگەندە.
مەمەت كېرىمباي:
—زىۋىدىخان قاراكۆز،
تونىنىمۇ ئەكىلىڭ،

بازار ئايلىنىپ،
ياماقچىلىغا،
راسا ساتامىز.
—مېنىڭ دادىكامنىڭ،
دۇنياسى جىقتى.
دۇنيا ساقلايدىغان،
ئالا كۆچىكى ماڭا تېگەتتى،
—ئەكىلىڭ قوپاڭ،
يۇندا ئېچىپ بېرەر،
بىزمۇ باقىلى.
مەمەت كېرىمباي،
كۆل بېشىدا قالدى.
زىۋىدىخان قاراكۆز،
كۆچۈكىنى ئالىپ.
—ھەي زىۋىدىخان،
قۇلاقى قېنى؟
—ئاچام كېسىلىۋالدى.
—قۇيرۇقى يوقكەن،
قۇيرۇقى قېنى؟
—سىڭلىم كېسىۋالدى.
—يەنە ھېچ نەرسە،
ساڭا تەگمەمدۇ؟
—مەمەت كېرىمباي،
مېنىڭ دادامنىڭ،
—سىرى بەك جىقتى،
يەرلىرىمىز جىقتى،
بىر يېرىم چۆنەكلىك،

چاشقان كىچىككەن،
مومۇنغا قوشاي،
مىكيان ياۋاشكەن،
ئوتتۇرىغا قوشاي.
خورازنى يامان دەپ،
ياقىنىغا تارتىپ،
خامىنىنى ھەيدەپ،
بىرغىنا سورۇپ،
ئادالاپقىنا،
تارتىپ بېقىپتى،
ئۈچ چارەكقىنا،
بۇغدايمۇ چىقتى.
—ھەي زىۋىدىخان،
كىرا قىلىلى،
ھارۋا ئەكىلىك،
شۇنداق دېگەندە؛
—مەمەت كېرىم تاز،
ئۇسكەن قوساق تاز،
كۆمەچ يەڭ دېسەم،
بىر چارەك ئۇنىڭ،
كۆمىچىنى يەيسەن.
ئۈچ چارەك بۇغداينى،
يۇدۇپ ماڭالماي،
كىرا قىلامسەن؟
بۇغداينى يۇدگىن،
دەپ كۆپ تىللىدى.
مەمەت كېرىمباي،

زىۋىدىخاننى ئېلىپ،
بۇغداينى يۇدۇپ،
دۇۋاغا يانىپ،
ئۆيگە كەلسە،
ئۆينىڭ تېمىنىڭ،
ھەممىسى دۇم چۈشۈپتۇ.
زىۋىدىخان قارا كۆز:
—ئۆي بىنا قىلىلى،
قىشقا قېپ قالساق،
سوغۇق بەك بوپتۇ،
دەپقىنا تۇرۇۋالدى.
مەمەت كېرىمباي،
يانتاقنى چاپىپ،
يانتاقتا قوشامداپ،
خوخىدا بالالاپ،
قىرىق بىر ھۇجرىلىق،
بىر يېرىم سۆكەلىك،
ئۆي بىنا قىلدى.
مەمەت كېرىمباي،
بۇغداينى ئېلىپ،
تۈگمەنگە بېرىپ،
ئۇنىنما تارتىپ،
ئۆيگە كەلگەندە،
بى زىۋىدىخان،
ئىشىكنى چىڭ دەملەپ،
ئۇخلاپىما قاپتۇ.
مەمەت كېرىمباي،

ئەكىلەممەپتۇ،
يۇدۇپلا ئەكەلەدى،
دەپقىنىنا بارسا،
بى زىۋىدىخان،
ئۇچ تال سۆگەتنىڭ،
هۆل شىۋىقىنى،
بىر قىلىپ ئېگىپ،
يۇگۇرۇپ يۇرگۇدەك.
—هەي زىۋىدىخان.
سۆگەت ياغىچىدا،
بۇغداي ئورىلامتۇ؟
—بولاق بۇغدايدا،
ئوغاقلىرىمىز،
ئۇپراپ كېتىدۇ.
سۆگەت ياغىچى،
بارنى ئەپكەلدىم.
مەمەت كېرىمباي،
سۆگەت ياغىچىدا،
بۇغداينى ئورۇپ،
كولۇڭچە يەرگە،
خىماننى ئېتىپ،
ئاسماندىن ئېگىز،
ئىلىمكىنى ئاتسا،
يەردىن پەس تۇردى.
مەمەت كېرىمباي:
—بى زىۋىدىخان،
ئۇلاغ ئەكىلىڭ،

خاماننى قوشاي،
دەپقىنىنا قاپتۇ.
بى زىۋىدىخان،
يەتتە كۈن بولدى،
هەرگىز كەلمىدى.
زىۋىدىخان،
ئېشەكنى تېپىپ،
ئەكىلەلمەپتۇ.
مەنغىنىنا بارىپ،
هەيدەپ كېلەي دەپ،
بېرىپ قارىسا،
بى زىۋىدىخان،
ئىككىغىنىنا چاشقان،
ئىككىغىنىنا مېكىيان،
بىر غىنىنا خورازنى،
هەيدەپ يۇرگۇدەك.
—هەي زىۋىدىخان،
سېنىڭ دادىكاڭ،
چاشقاننى قوشاپ،
خامان ئالامتى؟
—مەمەت كېرىمباي،
يوغان خاماندا،
ئېشەكلىرىمىزنىڭ،
توۋاقلارىمۇ،
ئۇپراپ كېتىپتۇ،
بانىمۇ ئەكەلدىم.
—بى زىۋىدىخان،

زىۋىدىخان بىلەن،
ئۇخلاپمۇ كەتتى.
مەمەت كېرىمباي،
ئۇخلاپ ئويغىنىپ،
چاپىقىنى ئۇۋۇلاپ،
قوپاپ قالىسا،
ئوغلى يوق ئىمىش.
بالا ئورنىدا،
بىر دانە يوغان،
تەكى ياتامىش.
—ھەي زىۋىدىخان،
ئوغلام نە كەتتى؟
ئاخشام ساق قالغان،
نېمە بولۇپ كەتتى؟
دەپىقىنا سورىدى.
زىۋىدىخان قارا كۆز:
—ئالدىرىماي تۇرسىلا،
مەمەت كېرىمباي،
تۇغمىغان خوتۇن،
بۆشۈككە دائىم،
تەكى بۆلىسە،
بالا بولامىش،
دەپ ئاڭلاپ قالدىم.
شۇڭا تەكىينى،
بۆلەپ قوياپتىم،
خۇدايىم بەرسە،
بالىمىز بولا،
سەۋەب قىپ باقتىم،
دەپىقىنا قويۇپ،
گەپنى تۈگەتتى.
بى زىۋىدىخان،
كۆڭلى خوش بولۇپ،
بەش كۈن بولغاندا،
مەمەت كېرىمباي،
دەرتكە چىدىماي،
ئۆلەپمۇ قاپتۇ.
زىۋىدە قارا كۆز،
يالغۇزما قاپتۇ.
مەمەت كېرىمبايدىن،
ئايرىلىپ قاپتۇ.
كۈندىن ئاي ئۆتۈپ،
ئايدىن يىل ئۆتۈپ،
ئۈچ يىل بولغاندا،
«زىۋىدە خان» دەپ،
قوشاق تارقاپتۇ:
زىۋىدىخان دەمدۇ كىشى،
توڭ سويمىنى يەمدۇ كىشى.
زىۋىدىخاننىڭ ئىشقىدا،
شۇنداقمۇ غەم يەمدۇ كىشى؟
زىۋىدىخاننىڭ مەيدىسى،
ئەنجاندا ئاتقان پاختىدەك.
سۆڭگىچىنىڭ گۆشى يوق،
رەندە سالغان تاختىدەك.
زىۋىدىخانغا كۆيمىگەن،

داۋزىنى مۇشتلاپ، خوشلىقىغا قاناماي،
بېشىنى قاشلاپ: بۆشكىنى ئېچىپ،
—هاي زىۋەدىخان، بالىنى كۆرۈپ:
ئىشكنى ئاچقىلا، —هەي زىۋەدىخان،
ئۇنىنما ئەكەلدىم، بالىنىڭ چىشلىرى،
ئاش - نان ئېتىڭلار، ئۈزىراپ قاپتۇ.
دېگىلما تۇدى. ئامبۇرنى ئەكەلسىلە،
بى زىۋەدىخان، چىشىنى تارتىۋاتاي.
ئىشكنى ئاچماي، بالىنىڭ پۇتلىرى،
ئۆيدىكى ئاشىنىسىنى، يوغىناپ قاپتۇ.
بۆشۈككە بۆلەپ، كەكىنى ئەكەلسىلە،
ياتقۇزۇپ قويۇپ، تىزىنىڭ ئاستىنى،
ئىشكنى ئاچتى. كېسىپ ئېلىۋاتاي.
مەمەت كېرىمباي، بالىنىڭ ساقىلى،
ئۆيگىمۇ كىرىپ، ئۆسەپمۇ قاپتۇ،
بۆشۈكنى كۆرۈپ، ئۇستۇرا ئەكەلسىلە،
بۇ نېمە ئىش دەپ، ساقىلىنى چۈشۈرۈۋېتەي،
ۋارقىراپ كەتتى. دېگىلما تۇردى.
بى زىۋەدىخان: زىۋەدىخان قارا كۆز:
—مەمەت كېرىمباي، —جېنىم مۇسۇمان،
نېمە ئىش بولاتتى، هېرىپ كەلگەنلا،
ساڭا ياخلاندەك، كەچمۇ بولاپتۇ،
بىر ئوغۇل تۇغدۇم، ئۇخلاۋالسىلا.
مەمەت كېرىم تاز، بالىنىڭ ئىشنى،
ئۆمرۈڭ ئاخىرىدا، ئەتە قىلايلى،
بالا يۈز كۆردۈڭ. شۇنداق دېگەندە،
مەمەت كېرىمباي، مەمەت كېرىمباي،

# بىنامازچوق[1]

تومۇز ئايلارى كىتىپ،
كۈنلەردىنما كۈن ئۆتۈپ،
ياماسۇ[2] دىگەن يەرگە،
كۈز ئايلارى كىلىپتۇ.
ياماسۇدىكى قويچى
ساۋۇتۋاي دىگەن گاداي،
گەمىسىدىن چىقىپ چۈشتە،
هوشۇراخۇن بالىسىغا،
قەلىماخۇنۇم بالىسىغا:
—قوي قوتازنى يىغىڭلا،
ھىندىل ئاغىز[3] بارىڭلا،
ئۆچكە - قوينى ھەيدەڭلا،
ياماسۇغا كىلىڭلا،
دەپقىنا جىكىلىدى.
هوشۇراخۇن بالاسى،
ئارقا يايلاغ[4] بىرىپمۇ،
قوتىزنى يىغىپتۇ.
قەلىماخۇن بالاسى،
ھىندىل ئاغىزغا بىرىپ،

ئۆچكە قويىنىما ھەيدەپ،
ياماسۇغا بىر كىلىپ،
ياماسۇدا يىتىپتۇ.
يىرىم كىچە بولغاندا،
ساۋۇتۋاي دىگەن گاداي؛
—هوشۇراخۇنۇم بالام،
قەلىماخۇنۇم بالام،
ئونىڭىزدىن بىر قوپاڭ،
مال - قوتازلىرىڭىزمۇ
قاچىپقىنا بىر كەتتى،
جىنىمغىنا بالىكام،
دەپقىناما قۇياپتى،
ئىككى بالىسى قوپاپ،
مال - قوتازلارغا قاراپ؛
— جەينىمغىنا دادىكا
قاچىپقىنا كەتمەپتۇ،
مەشەدىلا ياتىپتۇ،
دەپقىنا ئىيتىپ قوياپ،
يەنە بىردەم ياتىپتى.

①  ②  ③  ④  ⑤  ⑥  ⑦  ⑧  ⑨  ⑩  ⑪  ⑫  ⑬  ⑭  ⑮  ⑯  ⑰  ⑱  ⑲  ⑳  ㉑ بەلگىسى قويۇلغان سۆزلەر يەر - جاي ئىسىملىرى بولۇپ، كۈئىنلۇن تاغ تىزمىلىرىنىڭ گۇما ناھىيىسى تەۋەلىكىدىكى قىيا چوققىلار ۋە جىلغىلارنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندىكىلەرمۇ شۇنداق.

خوتەندە ئامبال قالمىدى.
زىۋىدىخاننىڭ ئىشقىدا،
قوڭىدا تامبال قالمىدى.
زىۋىدىخان دەپ ئاڭلىدىم،
بەلنى مەھكەم باغلىدىم.
ئىشقى ئوتىدا كۆيۈپ،
يۈرىكىمنى داغلىدىم.
سوسەي تۇماق كىيگەنلەر،
زىۋىدىخاننى سۆيگەنلەر،
ئوينايدىكەن دەرماندا.

زىۋىدىخانغا كۆيگەنلەر،
قالىدىكەن ئارماندا.
خېنىم ئاغچام زىۋىدىخان،
جېنىم ئاغچام زىۋىدىخان.
ئاقىدۇ پەلەك،
كۆيىدۇ يۈرەك،
يار تۇتمىدىم،
سېنىڭدىن بۆلەك.
رەھىمى قىغىل،
ھەي زىۋىدىخان.

ئېيتىپ بەرگۈچى: گۇما ناھىيە سانجۇ يېزا ئاقتىكەن جاي كەنتىدىن
**روزاخۇن راۋاب**
نەشرگە تەييارلىغۇچى: **غالىپجان تۇرسۇن**

شېھىت بۇلاققا [12] بارىپتۇ،
نامازنىمۇ ئوقۇپتۇ.
— ئىتتىكرەكمۇ ھەيدەڭلار،
ھوشۇراخۇنۇم بالام.
سۇغىنا توسۇۋالا،
شاخ باشقانغا [13] بارىلى،
دەپقىنا ما قوياپتى.
ھوشۇراخۇن بالاسى
ئىتتىكقىنا بىر ھەيدەپ،
قەلىماخۇن بالاسى
ئۇلىغىنىمۇ ھەيدەپ،
قاراتاش [14] مازارغا كېلىپ،
قارا دېگەندەك بولدى،
قارىغۇدەك بىر بولسا،
دەريانىڭ سۇيىغىنا
ئۇلغىيىپمۇ كېتىپتۇ.
ساۋۇتۋاي دېگەن گاداي
قوتىزىنى توختىتىپ،
تەرەتنىمۇ بىر ئېلىپ،
قاراتاش مازارغا [15] كېلىپ،
يىغلىغىلى تۇرۇپتى.
كۆزنى ئاچىپ قالىسا،
دەريانىڭ سۇيىغىنا
ئازلاپقىنا بىر قاپتۇ،
ئون تاشلىققىنا قاپتۇ.
— ھوشۇراخۇنۇم بالام،
قەلىماخۇنۇم بالام،
قوتىزىڭنى ھەيدەڭلا،
ئونىڭىزدىن بى قوپاڭ.
قوي - ئۆچكىنى ھەيدەڭ دەپ
ساۋۇتۋاي يامان گاداي،
ئالدىداغىنا ماڭىپ
ئاسمان قىيىدىن [16] ئۆتەپتۇ.
بورۇھانغا [17] چىققاندا:
— شاخ باسقانغا بارىلى
جانىمغىنا بالىلىرىم.
شۇنداققىنا دېگەندە،
قالا دېگەندەك بولدى،
قالىغۇدەك بى بولسا،
ئۇلۇغ يايلاغ [18] دەريادىن،
تۇپان بالاسى كەلدى،
ئۇلغىيىپقىنا كەلدى،
سوغىنا توسۇۋالدى.
— ھوشۇراخۇنۇم بالام،
خۇدايىمغا ئامانەت،
مەشەدىمۇ ياتايلى،
دەپپاققىنا بى توختاپ
بۇرۇھاندا ياتىپتۇ.
تەڭ كېچەمۇ بولغاندا،
ھوشۇراخۇن بالاسى،
بىر چۇشنى كۆرۈپ قوپتى:
قارىنۇاش [19] دېگەن تاغدا،
قاراقۇر [20] دېگەن قىيدا،
مۇنەججىم تىكەسىنى
ئاتىپقىنا چۈش كۆرۈپ:
— ئانىكامۇ ئانىكا،
جەينىمغىنا ئانىكا،
مەنغىنا بىر چۈش كۆردۇم،
چۈشۈمگە تەلىم بەرسىلە،
تىكە گۆشى ئاتامە،
جەينىمغىنا ئانىكام،
شۇنداققىنا دېگەندە؛

توخۇ چىللىغان چاغدا،
ساۋۇتۋاي يامان گاداي؛
— ھوشۇراخۇنۇم بالام،
ئۇرنىڭىزدىن بىر قوپاڭ،
قەلىماخۇنۇم بالام،
ئورنىڭىزدىن سىز قوپاڭ.
ھوشۇراخۇنۇم بالام،
ئۇرۇپ - ئۇرۇپمۇ ھەيدەپ؛
قەلىماخۇنۇم بالام،
چامداپ - چامداپمۇ ھەيدەپ؛
پېشىمنىڭ ۋاقتى بىلەن،
يايىت داۋاندىن[5] ئېشىپ،
ئۆچكە ئېغىلغا[6] بارىلى.
جانىمغانا بالىكام،
ئەچكۇ ئېغىلدا قونامىز،
دەپقىناما قويايپتى.
ھوشۇراخۇن بالاسى،
ئۇرۇپقىنا ھەيدەپتۇ.
قەلىماخۇن بالاسى،
قوغلاپقىنا ھەيدەپتۇ.
ساۋۇتۋاي يامان گاداي،
تۇمشۇق ئاغزىغا[7] كېلىپ:
— ئىتتىكىنە ھەيدەڭلار،
جېنىمغىنا بالىكام،
كەچقىنا بولاپ قاپتۇ،
دەپقىناما قويايپتى.
ئىتتىكنا بىر ھەيدەپ،
ئۆچكە ئېغىلغا كېلىپلا،
قوتىزنى توختاتتى.
يۇك - تاقىنى چۇشۇرۇپ،
ئۆچكە ئېغىلدا قويايپتى.

ساۋۇتۋاي تۇن كېچىدە
— ھوشۇراخۇنۇم بالام،
قوتازلارغا بىر قاراڭ،
يامسۇنغا[8] قاچىپ كەتتى.
قەلىماخۇنۇم بالام،
ئۆچكە - قويغا سىز قاراڭ،
ياپىغا[9] چىقىپ كەتتى.
جەينىمغىنا بالىكام
يامسۇنغا كەتمىسۇن،
ئەمدى تەييارلىنايلى،
دەپقىنا گەپ قىلغاندا؛
ھوشۇراخۇن بالاسى
ئىگىنىنى تېز كىيىپ،
قولغا ھاسىسىنى ئېلىپ،
يۇگۇرۇپما بىر كەتتى.
— دادىكايە دادىكا،
جېنىمغىنا دادىكا،
قارا ئېغىلدا[10] ئوتلاپتۇ
قېچىپقىنا كەتمەپتۇ،
دەپقىنا ھەيدەپ كېلىپ،
ئۆچكە ئېغىلغا ئاپ كەتتى.
قورسىقىنى تويغۇزۇپ
زولۇق ۋاقتى بولغاندا:
— ھوشۇراخۇنۇم بالام،
قەلىماخۇنۇم بالام،
قوي قوتازنى ھەيدەڭلار،
مال - قوتازنى ھەيدەڭلار،
دەپقىنا ئېيتىپ قويدى.
ساۋۇتۋاي دېگەن گاداي،
ئالدىدا راۋان باشلاپ
كۆنلۆك ئاغزىدىن[11] ئاتلاپ،

هوشۇراخۇن بالاسى،
مىلتىقنى بى ئالىپ،
كەيىندىنغىنا قوغلاپ،
يۇگۇرۇپما كېلىپتى.
تىكە يۇگۇرۇپ كېلىپ،
بى ناماز چوققا كىرىپ،
چالىنىڭغىنا ئوتتۇرىستا
بى دەمغىنا ياتىپتى،
هوشۇراخۇن بالاسى
كەيىندىغىنا قوغلاپ،
ئۇچ غۇلاچ يەرگە ماڭدى.
چالىنىڭغىنا تۆپىسىدىن،
شەگىغىنا كەلگەندە،
هوشۇراخۇن دېدىكىم:
چال سوۋىدا بولدى.
— جەينىمغىنا دادىكا،
چال سوۋىداغىنا بولدى،
چىمچىلەك پۇتلىرىدا
بى دۇئا قىلسىلا دادا،
چىمچىلەك قوللىرىدا،
بى دۇئا قىلسىلا دادا،
خۇدايىمغا ئامانەت
جەينىمغىنا دادىكا، -
دەپقىناما يىغلاپتى،
ساۋۇتۋاي دېگەن گاداي:
— ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
هوشۇراخۇنۇم بالام.
مۇنەجىم تىكەسىنى
ئاتماڭ دېسەم ئۇنىماي،
ئاتىۋەتتىڭىز بالام.
خۇدايىمغا ئامانەت،
هوشۇراخۇنۇم بالام، -
دەپپاققىناما كەينىگە
يانىپقىنا بىر ماڭىپ،
چالىنىڭ تۇۋىگە بارىپ،
باشىنى تازا يۆگەپ،
بى دەمغىنا ياتىپمۇ،
قوپاپقىنا قالىسا
چال سوۋىدا ئىمىش،
خۇدايىمغىنا بەرسۇن،
هوشۇراخۇنۇم بالام.
دەپقىنا يىنا ماڭىپ،
ئاستىغىراق بى قالاي،
يا ئۇچۇپ كەتكەنمىكىن،
هوشۇراخۇنۇم بالام،
دەپقىناما قالىسا،
ئاستىغىراق قالىسا،
هوشۇراخۇن بالىسىنىڭ
مىلتىقىنىڭ قونداقى
باشقا تەكى بولاپتۇ.
ئۇچىستىكى ئىگىنى
ئاخىرەتلىك بولاپتۇ.
تىكە سويۇلغان چالدىن
هوشۇراخۇن بالاسى
ئۇچۇپقىنا كېتىپتۇ.
دادىسىغىنا ئەمدى،
يالغۇزغىنا بى قالىپ؛
— ئىكالىدا ئۆلگەن بوسىڭىز
يەتمىش ئادەم قىچقىرادىم،
نامىزىڭنى ئوقادىم،
ئالا قوتازنى ساتىپ،
ئىسقىتىڭنى قىلادىم.

ئانىسى يامان مەزلۇم:
—تېخى سەھەركەنغۇ بالام،
تاڭ ئاتقاندا دەپ بېرەي
چۈشىڭىزگە تەلىمنى،
دەپباققىنا بى ياتىپتى.
— دادىكىما ـ دادىكا،
مەن بىر چۈش كۆردۈم،
چۈشۈمگە تەلىم بەرسىلە:
قارىۋاش دېگەن تاغدا،
قاراقۇز[21] دېگەن قىيىدا،
بىر تىكەنىمۇ ئاتىپ
چۈشۈمگىغىنە كىيدى.
مىلتىق ئاتىپ باقماپتىم،
جەينىمغىنا دادىكا،
دېگەنغىنا ۋاقتىدا،
ساۋۇتۋاي يامان گاداي:
— هوشۇراخۇنۇم بالام،
چۈشىڭىزما چۈش بولسۇن،
ئۇلۇغلىرىم مەدەت بولسۇن،
تۈز ئىمانىڭىز بولسۇن،
يولىڭىزغىنا بولسۇن،
مىلتىقىڭىزنى ئالىپ،
ئىشتىكقىنا بى ماڭىڭ،
دەپقىنا بى قوياپتى.
هوشۇراخۇن بالاسى
مىلتىقنىما ئېلىپ،
ئۆشنىسىگىغىنا ئاتىپ،
ئورنىدىنغىنا قوپاپ،
قارىۋاش تاغقا ماڭدى.
بى دەمدىن كېيىن ئانىسى
ئاستاغىنا ئويغىنىپ:
— ۋاي گاداي، ئەسكى گاداي،
ساۋۇتۋاي دېگەن گاداي،
هوشۇراخۇن بالىنى
يالغۇز يولغا سالدىڭمۇ؟
ئارقىسىدىن چىقمامسەن؟
دەپقىنا ما قوياپتى.
ساۋۇتۋاي دېگەن گاداي،
ئورنىدىنغىنا قوپاپ،
قولغا هاسىسىنى ئېلىپ،
قارىۋاش تاغقا ماڭدى.
قارا قوزغا بارغاندا،
هوشۇراخۇن بالاسى
شۇ تىكەنى مارىدى.
ساۋۇتۋاي دېگەن گاداي
كەينىدىنغىنا بېرىپ:
— هەي بالام، جانىم بالام،
هوشۇراخۇنۇم بالام،
ماياقىغا قالىسام،
ئۈنچە ـ مارجان چاچىدۇ.
مۇنەججىم تىكەسىكەن،
پەيلىڭىزدىن بى يانىڭ،
ئۇ تىكەنى بى ئاتماڭ
دەپقىنا ما تۇرۇپتى؛
هەرگىزغىنا ئۇنىماي،
بىر پاي ئوقىنى ئاتىپتى.
تىكەنىڭ ئوڭ پۇتىنىڭ
ئۇستىگىغىنا تەگدى.
تىكە ساڭايان بولدى.
كەينىدىنغىنا قوغلاپ،
تىكە ئالدىدا قاچىپ
بى نامازچوققا ماڭدى.

# ھەۋزىخان

ئارىغۇللۇق[1] ئابدۇللا،
باغئېرىقلىق[2] ھەۋزىخان،
باھاۋىدىن يۈز بېشى،
يۈسۈپ مىراپ بېگىمنى،
شەنبە كۈنلۈكتە كىرىپ،
ئۆيۈنغا تەكلىپ قىلدى.
دۈشەنبە كۈنلۈكتە قوپاپ،
يۈسۈن مىراپ بېگىم بىلەن،
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
باغئېرىققا چىققاندا،
نامازدىگەر ۋاقتىدا،
ئۆيۈن راسا قىزغىلىق
تۇرغانغۇ زامانلاردا،
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت
كات تۆپىسدە ئولتۇرۇپ،
تار سۆكىگە قاراپ قوياپ،
تالاغا قوپاپ ماڭدى.
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت
چوڭ داۋزا تۈۋىگە چىققۇچە،
ھەۋزىخان قوپاپ چىقىپ:

— جېنىمغىنا ئابدۇللا،
دېگەن سۆزنى قىلغاندا،
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
كەينىگە قاراپ تۇرۇپ:
— جېنىمغىنا ھەۋزىخان،
ئىككىمىز ھايات تۇرۇپ،
بۇ جان ئېقىپ كەتمىسۇن،
ئۆمرىمىز بۇنداق ئۆتمىسۇن، -
دېگەنغۇ زامانلاردا،
— ئۇنداق بولسا ئابدۇللا،
مەن ئېرىمدىن ئاجرىشىپ،
ئالتاي بولدى ئولتۇردۇم.
شۇنداققىنا دېگەندە:
— ئانداق بولسا ھەۋزىخان،
بىر ئۆيدە بولاپ قالساق،
دېگەنغۇ زامانلاردا،
— ئابدان بولدى ئابدۇللا،
دادامغا دېسەڭ بەرمىيتۇ،
ئۇنبەش كۈندىن كېيىن چىققىنا،
قېچىپ كېتىلى ئابدۇللا، -

---

[1] ئارىغۇل — قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىدىكى جاي ئىسمى.
[2] باغئېرىق — قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىدىكى جاي ئىسمى.

قارا قوتازنى سويۇپ،
ئاشىڭىزنى بىرەدىم.
خۇدايىمغا ئامانەت
بى ناماز كەتكەن بالام، -
دەپقىنا غىنا يىغلاپ،
كەينىگەغىنا ياندى.
بورۇھانغا چۈشۈپتى،
ئانىسى ياۋاش مەزلۇم:
— هەي گاداي، ئەسكى گاداي،
ساۋۇتۋاي دېگەن گاداي،
هوشۇراخۇن بالامنى
نەدە قويۇپ كەلدىڭىز؟
نەدىراققىنا ئۆچتى
هوشۇراخۇنۇم بالام؟
دەپقىناما سوراپتى؛
— هوشۇراخۇن بالاڭلا،
ئەشەدىراق كەپ قالدى،
كەينىمىزدىنراق كەپ قالدى،
تىكە گۆشى ئەپچۈشتى
هۇشۇراخۇنۇم بالام، -
دەپقىناما يىغلادى.
ئانىسى ياۋاش مەزلۇم؛
— هوي گاداي، ئەسكى گاداي،
ساۋۇتۋاي يامان گاداي،
هوشۇراخۇن بالامنى
ئۇچراۋېتىپ كەلدىڭمۇ؟
دەپقىنا قويۇپ
يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ:
— ئىكالىدا ئۆلگەن بولسىڭىز
هوشۇراخۇنۇم غوجام،
سەدىقاتمۇ قىلادۇك،
جەينىمغىنا بالىكام.
يەتمىش ئادەم قىچقىرىپ،
نامىزىڭنى ئوقادۇك.
ئالا قوتازنى ساتىپ،
ئىسقاتىنى قىلادۇك.
بى ناماز كەتكەن بالام،
هوشۇراخۇنۇم بالام.
چوڭ چىنىم سۇنۇپ كەتتى،
كىچىك چىنىمگە دەز كەتتى.
هوشۇراخۇنىڭ ئۇچقانى
گۇما شەگە داڭ كەتتى.
سەن كىيىكنى جىق ئاتاتتىڭ،
ئەمدى تىنغانسەن بالام.
سەن سوغۇققا بەك توڭاتتىڭ،
ئەمدى ئىسسىغانسەن بالام،
ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
هوشۇراخۇنۇم بالام؟
دەپقىناما يىغلايتۇ
ئانىسى ياۋاش مەزلۇم،
ئىچ ئاغرىتىپ يىغلايتۇ
هوشۇراخۇن بالىسىغا،
هىلىغىچە يىغلايتۇ،
قوشاق قوشاپ يىغلايتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: گۇما ناھىيە دۇۋا بازىرى دۆڭباغ كەنتىدىن مەرھۇم **تۇردۇش توختىباقى**
نەشرگە تەييارلىغۇچى: **تۇرسۇنمۇھەممەت ھۇسىين**

ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
ھەمراخاننىڭ قولىنى تۇتۇپ
قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرتۇ.
ھەۋزىخان كەينىگەياندى،
ئۆيگە كىرىپ ئەمدى،
ئوچاققا چۆگۈننى قويدى.
ئوچاققا چۆگۈننى قوياپ،
دەستۇرخاننى سەپ قوياپ،
ئابدۇللانى قىچقىردى.
سىنچاينى قويۇپ تۇرۇپ:
— جېنىمغىنا ئابدۇللا،
مەن ساڭا تېگە چاغدا،
قىچىپ تەككەن، ئابدۇللا.
سەن مېنى ئالا چاغدا،
راس قىزىپتىڭ ئابدۇللا.
ئەمدى ساڭا نېم بولدى،
يۈزۈمگە ئاياغ قويدۇڭ، —
شۇنداققىنا دەپ تۇدى.
— جىق گەپ قىلماڭ ھەۋزىخان،
قىلىچ سالساڭمۇ كەسمەيتۇ،
مىلتىق ئاتسا تەگمەيتۇ،
ھەمراخاننى تاشلىمايمەن، —
شۇنداق دەپ قوپاپ كەتتى.
ئارادىن ئۈچ كۈن ئۆتتى،
يىنا دۈشمەن يۈگۈرۈپ كىردى:
— مەن، مەن دەيسىز ھەۋزىخان،
يوغان گەپ قىلماڭ ھەۋزىخان،
ئابدۇللا بىلەن ھەمراخان،
چۆنەك بېشىدا ئولتۇرىتۇ، —
شۇنداققىنا دېگەندە،
ئورنىدىن قوپاپ ئەمدى،
ئۇن كېسىپ ئولتۇرغان يەدىن
قولىغا پىچاقنى ئەپ قوپتى.
ئۆگزىسىگە چىقىپ ئەمدى،
باققا قارىغۇدەك بولسا،
چۆنەك بېشىدا ئولتۇرتۇ.
ھەۋزىخان دېگەن چوكان،
تامدىن سەكلەپ چۈشكەندە،
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
تامدىن سەكلەپ قەچكەتتى.
ھەمراخانغۇ بىچارە،
ساخالغا يامىشىپ قالدى.
ھەمراخاننىڭ كەينىدىن
يۈگۈرۈپ بېرىپ،
چاچ بېغىدىن ئۇلغاپ تۇتۇپ،
ئۆگدىسىغا ياتقۇزۇپ،
مەيدىسىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ:
— جېنىمغىنا ھەمراخان،
بىر مەكتەپتە ئوقۇپتۇق،
بىر نان بولسا تەڭ يەپتۇق،
بىر جام سۇنى تەڭ ئىچكەن،
يۈزۈمگە ئاياق قويدۇڭ،

شۇنداقتىنا دەپ تۇدى.
ئارىدىن ئونبەش كۈن ئۆتتى،
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت،
بىر ئاتقا مىنىپ چىقتى.
هەۋزىخان دېگەن چوكان،
قولىدا قاپاق، چۆگۈن،
سۇغا ماڭغىدەك بولسا،
يولدا يولۇقاپ قالدى.
— ئابدان چاغدا چىقىپسىز،
جېنىمغىنا ئابدۇللا،
رابىخان ئاچامنىڭكىدە،
كىرىپ ئولتۇرغاچ تۇرۇڭ.
مەن سۇنى ئاپىرىپ قوياپ،
ئۆزەمنى جەمسىرىپ كېلەي، –
شۇنداقتىنا دېگەندە؛
رابىخاننىڭكىدە كىرىپ،
سائەت ئولتۇرغان چاغدا،
هەۋزىخان يېتىپ كەلدى.
— جېنىمغىنا ئابدۇللا،
يىنا بىردەم تۇغاچ تۇرۇڭ،
رابىخان ئاچام بىلەن،
ئۆيگە بىر بېرىپ كېلەي، —
شۇنداقتىنا دېگەندە،
رابىخان بىلەن ئەمدى،
هەۋزىخان ئۆيگە بادى.
رابىخان دېگەن مەزلۇم،
تامدىن ئاقىدىن چىقىپ،
تۇنۇك بېشىغا كېلىپ،
تۇنۇك بېشىدا ئولتۇدى.
هەۋزىخان ئۆيگە كىرىپ،
بوغجىمىسىنى چېگىپ،
تۇنۇكتىن سۇنۇپ بەدى.
رابىخان دېگەن مەزلۇم،
ئاقىدىن تامدىن چۈشۈپ،
ئۆيىگە يىتتىك كەلدى.
هەۋزىخان دېگەن چوكان،
داۋزىدىن قول سېپ چىقتى،
رابىخاننىڭكىدە كەلدى.
نامازشامدىن ئۆتكەندە،
ئاتقا مىنگىشىپ قاچتى.
تۆت ئاي ئابدان بولاشتى،
ئارىغا دۈشمەن چۈشتى.
— مەن، مەن دەيسىز هەۋزىخان،
يوغان گەپ قىلماڭ هەۋزىخان،
ئابدۇللا بىلەن هەمراخان،
تال بوستاندا ئولتۇرىتۇ.
ساڭا ئىزا بولمامتۇ، -
دېگەنغۇ زامانلاردا،
هەۋزىخان دېگەن چوكان
ئورنىدىن قوپاپ كىرىپ،
ئەگۈن ئالدىغا بارسا،
تال بوستاڭغا قارىسا،

ئەگەر ئۆلەم كېلىپ قالسا،
ئەللىك سەر پۇلۇم باردۇر،
شۇنىڭغا كېلە ھەۋزىخان، —
شۇنداقىنا دېگەندە:
— جېنىمغىنا خان دادا،
ئۈچ پارچە خەت يازدۇسىلا،
ئۈچ ئورۇنغا تاپشۇرسىلا.
گۇنايىم ئازراق قالسۇن، —
شۇنداقىنا دېگەندە،
ئۈچ پارچە خەت يازدۇدى،
ئۈچ ئورۇنغا تاپشۇدى.
يامۇلدىن چىقتى ئامبال
ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتتى،
ھەمراخاننى يەلىدى،
ھەۋزىخاننى پەللىدى.
شەھەرگە ئەكىرىپ ئەمدى،
زىندانغا سېلىپ قويدى.
بىر كام قىرىق كۈن بولغاندا،
گۇندىپايىنى قىچقىردى:
— جېنىمغىنا گۇندىپاي،
بىر تەڭگە پۇلۇم بەيكەن،
مانى ئاچىقىپ، باغىن،
ئوسما، ئۈپپا - ئەڭلىكتىن
ئەكىرىپقىنا بەگىن، —
شۇنداقىنا دېگەندە،
گۇندىپاي چىقىپ ئەمدى،
سودىسىنى قىلىپ بەدى.
ئوسمىنى قويۇپ بولاپ،
ئەڭلىكنى ئېتىپ بولاپ،
ئەينەك كۆرۈپ ئولتۇسا،
ئۆلەم خېتى كەپ قالدى.
باغئىبرىققا خەت يازدى،
باھاۋدىن يۈز بېشى،
شۇل سائەت يېتىپ كىردى:
— جېنىمغىنا بىلىڭ دارىن،
ئەللىك سەر پۇلۇم باردۇ،
ئۆلەم خېتىنى ياندۇتسىلا.
دېگەنغۇ زامانلاردا،
— ئەمدى ئۆلۇم خەت يانمايدۇ
بەش كۈن قولۇڭغا بېرەي،
يۈز كۆرۈشۈپ ئەپ كىرگىن -
شۇنداقىنا دېگەندە،
ئۆيگە ئاچىقىپ ئەمدى،
ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىچىدە،
ئويۇن - مەشرەپنى راست ئەتتى،
ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئىچىدە،
دۇئا - تەلەپنى كۆپ قىلىپ،
ئالتىنچى كۈنى قوپاپ
شەھەرگە ئاتلىنىپ ماڭدى.
تاناي بېشىغا كىرگەندە،
ھەۋزىخان دېگەن چوكان:
— جېنىمغىنا خان دادا،

سىنى مەن ئۆلتۈرمە دەپ،
نىيىتىمنى بۇزۇپ كەلدىم، —
شۇنداقىنا دېگەندە:
—ئۇنداق بولسا ھەۋزىخان،
تىرىقچىلىق جان تىلەي،
بىر قوشۇقۇ قان تىلەي،
مەن راستىمنى دەپ بېرەي،
قۇرئان قۇچاقلاپ بېرەي، —
شۇنداقىنا دېگەندە،
ھەۋزىخان قوپاپ تۇدى.
ھەمراخان قوپاپ قاچتى.
تالنىڭ چولۋىسىغا پۇتلاشتى.
ھەۋزىخان بېسىپ بېرىپ،
ئۇستىگە مىنىپ تۇرۇپ،
بوغىزىغا پىچاق سۇردى.
پىچاق يۇلۇندىن ئۆتكەندە،
نەپەسنى تامام قىلدى.
ھەۋزىخان ئۆيىگە چىقتى،
باھاۋىدىناخۇن يۈز بېشى:
— جېنىم بالام ھەۋزىخان،
ئەڭنايىغىڭىز غىرق قان،
قىزىل قانغا بويىلاپتۇ.
چىرايىڭىز سېرىق سامان،
كاككۇك گۇلدەك بولاپتۇ.
نېمە بولدى ھەۋزىخان، —
شۇنداقىنا دېگەندە،
— جېنىمغىنا خان دادا،
مەندىن گەپما سورمىسىلا،
مەن تولا قىزىپ كەتتىم،
بىر ئۆيگە سولاپ قويسىلا،
بىر دانە قوغۇن بەسىلە، —
شۇنداقىنا دېگەندە،
— راستىڭنى دە ھەۋزىخان،
نېمە بولدى، — دېگەندە:
— ئاچچىغ دېگەن شەيتانكەن،
ئاچچىغ كەينىگە كىرىپ،
ھەمرا ئادىشمنى ئۆلتۈردۈم.
پۇتمىسىلە كىرىپ چىقسىلا،
تاللىق باغدا قالدى، — دەپ
بۇ سۆزنى بايان قىلدى.
باھاۋىدىناخۇن يۈز بېشى،
تاللىق باغقا كىرگەندە،
بىر ئېتىز يەنىڭ ئىچى
قىزىل قانغا بويىلاپتۇ.
ھەمراخان دېگەن چوكان
قانغا ئۇيۇشۇپ قاپتۇ.
ياتقىنىنى كۆرۈپ ئەمدى،
پىشانىسىگە بىرنى ئۇردى.
بىر قولىنى چاينىۋېتىپ،
ئۆيىگە يېنىپ چىقتى.
— قوقماڭ بالام ھەۋزىخان،
سىزگە ئۆلەم كەلمەيتۇ.

يەتتە جالالاتنى قوشتى،
ھەۋزىخاننى ئەپ ماڭدى،
يىپ بازىرىغا كەلگەندە،
خالايىققا ھەۋزىخان:
شۇنداق دەپ قوياپ ماڭدى.
يا داۋزىسىغا① كەلگەندە:
— جىنىمغىنا جاللاتلا،
بىر چوگۇندا سۇ بەگىن،
تەرەتنى تازا قىلاي.
ئىككى رەكەت نامازىم با،
ۋاخلىغىن ئادا قىلاي.
ئاندىن ئاتقىن، جاللاتلا، —
شۇنداققىنا دېگەندە،
چوگۇندا سۇ ئەكەلدى،
بوي تەرەتنى راس قىلدى،
نامازنى ئادا قىلدى،
ئاتقىلى تەييا بولدى.
— جىنىمغىنا جاللاتلا،
مېنى ئاتساڭ ئۇستاڭ ئات،
نا ئۇستاڭما ئاتمىغىن،
بىر سە تەڭگە شاڭلايمەن، —
شۇنداققىنا دېگەندە،
بىر جاللات قوياپ كېلىپ،
بىر پاي ئوق چىقىرىۋاتتى،
يۈرەكىنىڭ ئاغزىغا تەگدى،
تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى.
ھەمراخاننىڭ ئاچىلىرى:
مېنىڭ يۈرىكىم ئېقىپ كەتتى.

— ئون مىڭ تەلىك ئاچچىقنى،
قاغا جىگدىسىگە ئالماڭلا،
ئۆلۈمگە كېتۇر باشىڭلا،
مەندىن رازى بولاڭلا، —
— ئەنجان پاختىسى پاختا،
خوتەن پاختىسى پاختا،
يوغان چىچماڭ ھەۋزىخان،
يا داۋزىسىدا ئاتتۇ.
ئابدۇللاخۇن ئاق بۇرۇت
قىيمىغان چوماق يەيتۇ.
يۇسۇن مىراپنىڭ ئاتلىرى،
تاسقىمىغان بوغاز يەيتۇ، —
شۇنداق دېيىشىپ ياندى.
باھاۋىدىناخۇن يۈز بېشى،
ھەۋزىخاننى ئەپ چىقتى.
باغئېرىققا چىققاندا،
مولغىدەك مازاۋشتا،
يەكەن يولىنىڭ بويىدا،
يۇتمىنىڭكى ئاستىدا،
يول بويىدا قوياپ قوياپ،
شەگلىنى ئېسىپ قوياپ،
قوشاق قوشاپ يىغلايدۇ:
خادىڭىزغا قالىسام
شايى ياغلىق چىگىگلىك.
مەن بۇنىڭغا قالىسام،

ئا بالام، ئا بالام، ئا بالام.

① يا داۋزىسى — قاراقاش ناھىيە بازىرىدىكى قەدىمي كوچا ئىسمى

ئاتىنىڭ بېشىنى قايدۇرسىلا،
توۋت ئېغىز گېپىم باردۇ،
بايان قىلاي ئاڭلىسىلا.
يامۇلغا كىرىپ بولساق
گەپلەشكىلى قويمايدۇ، —
ھەمراخانغا چىدىمايمەن،
ئاچچىغ دېگەن شەيتانكەن،
ئاچچىغ كەينىگە كىرىپ،
ھەمراخاننى ئۆلتۇدۇم.
مېنى ئېتىپ بولغاندا،
نامىزىمنى قىلمىسىلا.
توي ئورنىدا چىقاسىلا.
قارا مەخمەل بۆكەم با،
جىنازامغا كەيگۈزسىلە.
قارا چۇمبىلىم باردۇر،
جىنازامغا تاتتۇسىلا.
ئالتۇن گويىكەم باردۇر،
جىنازامغا ئاستۇسىلا،
باغئېرىققا ئاچىقىپ،
مولغۇدەك مازار① بېشىدا،
يەكەن يولىنىڭ بويىدا،
يول لېۋىدە قوياپ قويسىلا.
تاش ئورنىمىز بىر بولسۇن،
ھەمراخاننى ئاچتۇسىلا،
ئىچى ئوران بىلەك بولسۇن،
شۇنداققىنا دېگەندە،
ئاتىنىڭ بېشىنى قايتۇدى،
بوقۇلداپ يىغلاپ تۇدى.
— جېنىمغىنا خان دادا،
ئۆلۇشۇمگە چىدامەن،
سالاسۇنما بىر بولسۇن،
خادىمىزما بىر بولسۇن،
قىرىق دانە شەددە تىكسىلە،
يىگىرمە دانە شەگلە،
ھەمرانىڭ ئېتىمدا بولسۇن.
يىگىرمە دانە شەگلە
مېنىڭ ئېتىمدا بولسۇن،
شۇنداق دەپ قوياپ ماڭدى.
يامۇلغا كىرگەن چاغدا،
ۋاڭ دوتەي دېگەن ئەمدى:
— جېنىمغىنا ھەۋزىخان،
ئۆيدىكى تەيتەينى بەرسەم،
سېنى ئەپ قالغىلى بولسا،
شۇنداققىنا دېگەندە،
— جېنىمغىنا ۋاڭ دارىن،
ئۇنداق پوقنى يېمىسىلە،
ھەر كىشىنىڭ ئوتى ئۆزىگە،
بىر پاي ئوق ماڭا بەسىلە،
مەن تولا قىزىپ كەتتىم، —
شۇنداققىنا دېگەندە،

① مولغۇدەك مازار — باغئېرىق كەتتىدىكى قەدىمىي مازار.

# باي نەزەر

چوڭ چىنە سىنىپ كەتتى،
سىنچاي چىنىگە دەز يەتتى.
خوتەن زېمىنىدىن بەش تالىپ،
ئاقسۇغا چىقىپ كەتتى.
ئاقسۇ يولى ھەيۋەتلىك،
شېكەر سۈيى شەرۋەتلىك.
مۇرادىغا يەتمىگەن،
بەش تالىپقۇ رەمەتلىك.
ئاقسۇ يولىدا كېتىپ باسا،
باي نەزەر، نۇرى نەزەر،
چوڭ قاسىم، كىچىك قاسىم،
دېگەن بولانچىلار كېلىپ،
بەش تالىپنىڭ يولىنى توستى.
بەش تالىپنىڭ ئەڭ كىچىكى:
— جېنىمغىنا باي نەزەر،
باي نەزەر، نۇرى نەزەر،
بىر خوجۇندا ئالتۇن بار،
ئۇنى بېرەي باي نەزەر،
بىر خوجۇندا يامبۇ بار،
ئۇنىما بېرەي باي نەزەر.
شاخ كەسمىگەن پالدۇدا،
جان قىينىماڭ باي نەزەر -
دېگەنغۇ زامانلاردا،
باي نەزەر، نۇرى نەزەر،
بۇ گېپىنى ئېڭشىماي،
ئارا پالدۇنى چۆرۈۋا كەلدى.
— جېنىمغىنا باي نەزەر،
بىر چوگۇندا سۇ بەرگىن،
تەرەتنى تازا قىلاي،
ئىككى رەكئەت نامازىم بار،
تازا مەن ئادا قىلاي.
ئاندىن ئۆلتۈر، باي نەزەر، —
دېگەنغۇ زامانلاردا،
چوگۇندا سۇنى بەدى،
تەرەتنى تازا قىلدى.
ئىككى رەكئەت نامازىنى،
شول سائەت ئادا قىلىپ،
ئوڭ - چەپكە سالام بېرىپ،
دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ تۇسا:
باي نەزەر، نۇرى نەزەر،
ئارا پالدۇنى چۆرۈپ كەلدى.
— جېنىمغىنا باي نەزەر،
باي نەزەر، نۇرى نەزەر
شاخ كەسمىگەن پالدۇدا
جان قىينىماڭ باي نەزەر.
بىلىمدە سىمىم باردۇر،
بىلىمدىن سىمنى يېشىپ،
سىمدا بوغاپ ئۆلتۈرگىن، —
شۇنداققىنا دېگەندە،
بىلىدىن سىمنى يېشىپ ئەكىلىپ
سىمدا بوغاپ ئۆلتۈردى.
بەش تالىپنى دۆۋىگە كۆمۈپ،
ئالتۇن - كۆمۈشنى
قۇمغا كۆمۈپ،
باي نەزەر، نۇرى نەزەر،
چوڭ قاسىم، كىچىك قاسىم،
ئەندىشىدە قوپاپ قاچتى.
ئاقسۇ ئامبىلىغا ئاڭلاندى،

شېخىڭىزغىما قالىسام،
لىپ-لىپى، لىپ-لىپ قىلادۇر.
مەن بۇنىڭغا قالىسام،
بۇ يۇرىكىم ئېقىپ كەتتى.
ئا بالام، ئا بالام، ئا بالام.

مېھمانخانىڭىزغا كىرسەم،
يېمىگەن نېنىڭىز تۇرادۇر،
ئاسقۇدا ئەڭنىڭىز تۇرادۇر،
مەن بۇنىڭغىما قالىسام،
بۇ يۇرەك ئېقىپ كەتتى.
ئا بالام، ئا بالام، ئا بالام ...

تاللىق باققىمۇ كىرىپ باقسام،
بەش پۇتىڭىزنىڭ ئىزى بار.
مەن بۇنىڭغا قالىسام،
بۇ يۇرەك يېرىلىپ كەتتى.
ئا بالام، ئا بالام، ئا بالام.

بۇگۈن تاڭلىما ياز بولۇر،
قالغاچ كېلىپ سايرىشۇر،
ھەۋزىخان نەدە دېسە،
ئارغۇلغا كەتتى دەمەنمۇ.
ئا بالام، ئا بالام، ئا بالام.

تاڭلا تۆت كۈن ياز بولۇر،
كاككۇك كېلىپ سايرىشۇر.
ھەۋزىخان نەدە دېسە،
شەھەرگە كەتتى دەمەنمۇ؟
ئا بالام، ئا بالام، ئا بالام.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابلىمىت قارىم
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللا مەجنۇن

# كۆسللە[1]

## (راۋاب بىلەن ئورۇندىلىدىغان قىزىقچىلىق)

باغقىمۇ جىرىم سالسام،
ئەچكۇ تازلار غاجايدۇ.
كالتەك بىلەن بىر قويسام،
ئوپۇر - توپۇر قاچىدۇ.
— باغقا ئەچكۇ كىردى ئانا،
— قانداق ئەچكۇكەن بالام؟
— جاغال ئەچكۇكەن ئانا.
— توسۇۋەتسەڭچۇ بالام،
— چۆگۈلۈپ ئۇسۇتكەن[2] ئانا،
— قىرقىۋەتسەڭچۇ بالام،
— قىيتاق ئەچكۇكەن ئانا.
— ئۆلتۈرۈۋەتسەڭچۇ بالام،
— ياغاق ئەچكۇكەن ئانا.
— سىغىۋەتسەڭچۇ بالام،
— پورداق ئەچكۇكەن ئانا.

— ئۆلتۈرۈۋەتسەڭچۇ بالام،
— گەپ قىستقان[3] ئەچكۇكەن
ئانا.
— نىمە دىتۇ — مە ...
— نىمە دىتۇ — مە —... يەنە
نىمە دىتۇ؟
— ئەپىپە پىپىپۇ
هەببە بىببو،
پۇۋۋەببە بىبو،
هوۋۋەببە هوۋبو[4]...
— هەببە خىنىم،
بىر سۆيەڭ خىنىم.
هە پىژ قىلدى يۈرەك،
هە غىژ قىلدى يۈرەك،
هە بىر سۆيەڭ خىنىم.

---

① كۆرسلە دىگەن سۆز ئاھاڭ، ئورغۇ تەلەپى بىلەن «كۆسللە» دەپ ئوقولغان ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا شوندا ق ئۆزلەشكەن.
② ئۆسسۈيدىكەن.
③ گەپ قىلىدىغان.
④ ئۆشكىنىڭ ئاۋازىنى دوراش.

ئاقسۇدىن چىقتى ئامبال،
بىر لەڭزە ئەسكەر بىلەن،
بەش تالىپىنىڭ قېشىغا كېلىپ،
ئىز ئىزداپ قوغلاپ بېرىپ،
باي نەزەر، نۇرى نەزەرنى،
چوڭ قاسىم، كىچىك قاسىمنى،
بەشتوغراق دېگەن يەدىن،
تۇتۇپ باغلاپ ئېلىپ كەلدى.
بەش تالىپىنىڭ قېشىغا كېلىپ،
چىڭ دارىن دېگەن ئامبال:
— جېنىمغىنا تالىپلار،
تۇتۇپ كەلدىم بولانچىنى،
ئۆلتۈرۈپقىنا ئاتايمۇ؟
قىساسىڭنى ئالايمۇ؟
يا چاناپقىنا ئاتايمۇ؟
شۇنداققىنا دېگەندە؛
بەش تالىپنىڭ كىچىكى
ندا قىلدى تەۋرىنىپ:
— جېنىمغىنا چىڭ دارىن
ئاپىرىپلا ئۆلتۈرۈۋەتمىسلە،
قىساسىمىزنى ئەپ بەسلە،
شۇنداق ندا كەلگەندە؛
باي نەزەر بولانچىغا،
يەتتە ئۆلەم توختاتتى.
نۇرى نەزەر بولانچىغا،
تۆت ئۆلەم ھۆكۈم قىلدى.
چوڭ قاسىم، كىچىك قاسىمغا،
بىردىن ئۆلەم ھۆكۈم قىلدى.
چوڭ قاسىمنىڭ كاللىسىنى
بىر قىلىچتا چېپىۋاتتى.
كىچىك قاسىمنىڭ كاللىسىنى
بىر قىلىچتا چاچراتتى.
چوڭ قاسىمنىڭ كاللىسىنى
«قەشقە داۋزىسى» قا ئاستى.
كىچىك قاسىمنىڭ كاللىسىنى
«ئاقسۇ داۋزىسى» قا ئاستى.
باي نەزەر بولانچىنىڭ،
ئەۋەل پېيىنى قىيىپ تاشلاپ،
ئىككىنچىسىدە
قولنى كەستۇرۇپ،
ئۈچىنچىسى قۇلاقنى كېسىپ،
تۆتىنچىسىدە بۇرنىنى كېسىپ،
بەشىنچىسىدە تىلىنى كېسىپ،
ئالتىنچىسى كۆزىنى ئويۇپ،
يەتتىنچىسىدە
بېشىنى كەستۇردى.
نۇرى نەزەر بولانچىنىڭ،
ئەۋەل پېيىنى قىيىپ تاشلاپ،
ئىككىنچىسى قولىنى كېسىپ،
ئۈچىنچىسى تىلىنى كېسىپ،
تۆتىنچىسى بېشىنى كېسىپ،
نۇرى نەزەرنى ئۆلتۈردى.
باي نەزەر، نۇرى نەزەرنىڭ
كاللىسىنى ئەكىلىپ ئەمدى،
ئاقسۇ يولىغا ئېسىپ قويدى.
باي نەزەر، نۇرى نەزەر،
ئالتۇن - كۈمۈشكە تويدى.
باي نەزەرلەر باي بولدى،
كاللىسى كېسىلىپ لاي بولدى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **ئابلىمىت قارىم**
نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مەمتىلى سايىت**

— دوپپىچى ئاكا،
دوپپاڭ نەچچە پۇل،
دېدىم كۆسلىلە؛
— كېلىنىڭ خىدىرىم[1] ،
كۆرەپ ئېلىڭا،
دېدى كۆسلىلە.
ئۈچ پۇلنى بېرىپ،
دوپپىنى ئېلىپ،
بېشىمغا كىيىپ.
ھەببە خېنىمنىڭ،
ئالدىغا كېلىپ،
— بىر سۆيەڭ خېنىم،
پىنژ قىلدى يۈرەك،
ھە بىر سۆيەڭ خېنىم،
غىنژ قىلدى يۈرەك،
دېدىم كۆسلىلە.
شۇنداق ئۆرۈلۈپ،
ئارقىسىنى قىلىپ،
تۇردى كۆسلىلە.
— ھەببە خېنىم،
نېمە بولدىڭىز؟
نېمە لازىمكىن؟
دەرھال ئەكىلەي،
دېدىم كۆسلىلە؛
ئالدىمدا شۇ چاغ،
غىتىلداپ مېڭىپ،
كەتتى كۆسلىلە.
تۇرغان يېرىمدا،
قاققان قوزۇقتەك،
قالدىم كۆسلىلە.
ئاچچىقىم كېلىپ،
تۆت تامغا مېڭىپ،
باشلىرىم قېتىپ،
ئەندىمنى ئالدىم،
تىللاپ كۆسلىلە؛
— توختاپ تۇر جۇما،
ئارقىڭدىن يېتىپ،
ئالدىڭغا ئۆتەپ،
ئاسماققا ئېسىپ،
باسماققا بېسىپ،
پىخىلداتمىسام.
توختاپتۇر جۇما،
پاسىراخۇنىڭ،
ئالىۋاش توپىقىدەك،
بۆ ... بۆ ... بۆ ...
بۆقىرەتمىسەم.
توختاپتۇر جۇما،
زىۋەرخاچامنىڭ،
سېرىق ئاسلىنىدەك،
مىر ... مىر ... مىر ...

---

① خېرىدارىم.

دېسەم، كۆسللە،
— ياغا مەيلىڭىز،
بولسا مەشۇقۇم،
مەسە ئەكىلىڭ، -
دېدى، كۆسللە؛
— قانداق قىلىمەن؟
دېسەم، كۆسللە
— ياغا مەيلىڭىز،
بولسا مەشۇقۇم
مەسە ئەكىلىڭ، -
دېدى كۆسللە؛
يەتتە پۇل ئېلىپ
يانچۇقۇمغا سېلىپ،
خورجۇننى ئېلىپ،
دۇلدۇلغا مىنىپ،
بازارغا بېرىپ،
مەسچىنىڭغۇ
ئالدىغا بېرىپ،
— مەسچى ئاكا
مەسەڭ نەچچە پۇل، -
دېدىم كۆسللە؛
— كۆرەپ ئېلىڭلا،
دېدى كۆسللە؛
— ئۇچپۇل بېرەي؟
— ياق،
— ھە تۆت پۇل بېرەي،

دەپقىنا بېرىپ،
مەسنى ئېلىپ،
خورجۇنغا سېلىپ.
ھەببە خېنىمنىڭ،
ئالدىغا كېلىپ،
مەسنى قوياپ،
— بىر سۆيەڭ خېنىم،
غىژ قىلدى يۈرەك،
ھە بىر سۆيەڭ خېنىم،
پىژ قىلدى يۈرەك، -
دېسەم كۆسللە؛
— يارغا مەيلىڭىز،
بولسا مەشۇقۇم.
دوپپا ئەكىلىڭ،
دېدى كۆسللە.
قالدىم بالاغا،
چىقتىم تالاغا،
قاندىغا قىلاي،
قاندىغا چىداي،
يارنىڭ دەردىگە،
دەپقىنا كېلىپ.
يەتتە پۇل ئېلىپ،
يانچۇققا سېلىپ،
بازارغا چىقىپ،
دوپپىچىنىڭما،
ئالدىغا كېلىپ،

# يالپۇزخان

قاياش[1] دېگەن كەنتتىن
يېتىم ئېرىقنىڭ[2] بويىدىن
توكا ياغچى بىلەن ئەمدى،
يالپۇزخان داڭلىغ چوكان
ئۇلغۇنىدۇ، تولغۇنىدۇ،
قولىغا ئۈچ پۇلنى ئالدى.
ئۈچ پۇلنى قولىغا ئېلىپ:
— هاي ياغچى، توكا ياغچى
بۇگۈن كۆڭگە سەيشەنبىكەن،
ئەتە كۆنگىما چا[ر]شەنبە.
ئۆگۈنلۈككىما پەيشەنبە،
جۈمەما ئۆتۈۋا كەتسۇن،
شەنبىما كېتىۋا قالا
يەكشەنبە بازا[ر]غا كىرىپ،
بىر پۇلغا ئەڭلىك ئالغىن،
بىر پۇلغا ئۇپا ئالغىن،
ئۇسمالا[ر]دا كۆكە[ر]تەي.
ئەڭلىكلە[ر]دىما قىزا[ر]تاي،
ئۇپالا[ر]دا ئاقا[ر]تىپ،
بوغما شايەمنى كىيىپ،
با[ر]دۇنيانىمۇ تاپماتىم.
شۇنداققىنا دېگەندە:

—ماقۇل مۇسۇ[ل]مان،
ماقۇل، — دەپ
بايىقى توكا ياغچى
ئۈچ پۇلنى قولغا ئېلىپ،
يانچۇقنىڭ تېككە سېلىپ،
دېككوكلاپ يۈگۈرۈپ قوپاپ،
تاناي بېشقىمۇ[3] كىرگەندە،
بىر ناۋاي هارامزادە:
— ۋاي ياغ! ۋاي ياغ،
راس، — دەپتى،
راس چاغۇكەن دەپ كېلىپ،
ئۈچ گۆشگىردەكنى يەپتى،
ئۈچ پۇلنى سۇغىرىپ ئالدى.
قولىنى قولتۇقلاپ چىقتى.
يالپۇزخان يامان چوكان،
—ها[ر]ماڭ مۇسۇ[ل]مان،
ها[ر]ماڭلار، —
دەپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.
— هەي مۇسۇ[ل]مان، جېنىم
مۇسۇ[ل]مان،
بۈگۈن ها[ر]دۇق سو[ر]ماڭلار،
تاناي بېشقىمۇ كىرسەممەن

① قاياش — قاراقاش ناهىيىسىدىكى جاي نامى.
② يېتىم ئېرىق — قاراقاش ناهىيىسىدىكى جاي نامى.
③ تاناي بېشى — قاراقاش بازىرىدىكى جاي نامى.

مىقىراتمىسام.
توختاپتۇر جۇما،
پاسادا ياتقان،
يالاقتا ياتقان،
قارا قانجىقتەك،
كاڭ ... كاڭ ... كاڭ ...
كاڭىلداتمىسام.

توختاپ تۇر جۇما،
سېنى تاپىمەن.
چاچتىن تۇتىمەن،
راسا قانغىدەك،
ئەنتىمنى ئالىمەن،
خەپ، خەپ، خەپ،
توختاپ تۇر جۇما.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا شەيدان كەنتىدىن دېھقان
**ئىمىر ئابدۇللا**
نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مەمتىمىن قۇربان**



باشاقچى[1] تەرەپىدىن
ئات سېلىپمۇ كەلگەندە،
يالپۇزخان يامان چوكان
ئوڭ - چەپپىسىگىمۇ كۆز تاشلاپ
قاش ئېتىپ قويۇپ تۇرۇپ،
—ھا[ر]مىسىلا ھېكىم بېگىم،
— دەپ،
ئالدىغا ئۆتۈپ تۇ[ر]دى.
ئاتىنىڭ بېشىنى قايدۇ[ر]دى
— دۆلەت زىيادە، دەپ تۇ[ر]دى.
— ھاي خېنىم، جېنىم جېنىم،
ئاتلىرىغۇ نېمىكىن؟
ئۆيلىرىغۇ نەدىكىن؟
ئە[ر]لىرىمۇ با[ر]مىكىن؟ —
شۇنداقىنا دېگەندە:
— ۋاي بېگىم، ئەزىمەت بېگىم،
مېنىڭ ئېتىمنى سو[ر]ىسىلا،
يالپۇزخان داڭلىغ چوكان.
مېنىڭ ئۆيۈمنى سو[ر]ىسىلا
قاياش دېگەن كەنتىدىن،
يېتىم ئېرىقنىڭ بويىدىن.
مېنىڭ ئېرىمنى سو[ر]ىسىلا
قەشقە[ر] شە[ھە]رىگە كەتكىلى
ئون تۆت يىلغىنا بۇلاپتى،
ئۆلەم خېتى كەلگىلى
يىگىرمە بىر يىل بولاپتۇ، —
شۇنداقىنا دېگەندە
— مەن ئالسامىمۇ تېگەملا؟
— ۋاي بېگىم، ئەزىمەت بېگىم،
سىلىگە راسا تېگىتتىم.
قامچىسىنى يە[ر]دە قويمايتقان،
ئاتتىن ھەرگىز چۈشمەيتقان،
ئۆيگىمۇ ھەرگىز كىرمەيتان،
شۇنداق بىر كىشىگە غۇ،
تەگكۇمغۇ يامان بارىدى.
جېنىمغىنا ھېكىم بېگىم،
مەن ئېرىمدىن ئايرىلىپ،
بەش يۈز تەڭگە قە[ر]ز قىپتىم،
شۇ قە[ر]زنى تۆلەپ بولسام،
ئاندىن تەگسەم، — دېگەندە:
شۇ قە[ر]زلىرىنى مەن بېرەي،
قاچانلىققا بارىمەن؟ —
شۇنداقىنا دەپ تۇ[ر]دى.
— بىزمانلىققا[2] با[ر]سىلا،
يورۇقتىن بېرىپ قالمىسىلا،
نامازشام بىلەن با[ر]سىلا.
شۇنداقىنا دەپ تۇ[ر]دى.
بايىقى يالپۇزخان
قول سېلىپ يېنىپ كەلدى.
ھېكىم بەگ ھارامزادە
ئات ئوينىتىپ كىرىپ كەتتى.
ئو[ر]دىسىغا كىرىپ بولاپ،
نامازشامنىما قىلالماي،
نامازدىگە[ر]دىمۇ ئاتلاندى.
پەلچەڭ[3] ئېشەككە پۇلنى ئاتىپ،
ئا[ر]غىماق ئاتقا قوڭنى ئاتىپ،

① باشاقچى — قاراقاش ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر كەنت.
② بىزمانلىققا — كەچتە، ئاخشامدا، بىر زامانلىققا.
③ پەلچەڭ — پۇتى مايماق، چاڭچى.

بىر ناۋاي ھارامزادە،
«ۋاي ياغ، ۋاي ياغ راست» دەپتى
راس چاغۋا دەپ كىرىپتىم
ئۈچ گۈشگىردەكنى يەپتىم
ئۈچ پۇلنى سۇغۇرۇپ ئالدى.
قولامنى قولتۇقلاپ چىقتىم.
شۇنداققىنا دېگەندە:
— خاپا بولماڭلا[ر]مۇسۇ[ل]
مان،
ئەتە كۈنگىما دۈشەنبە،
دۈشەنبازا[ر]غا چىقىپ،
ناۋاي ئالدىغا با[ر]ماي،
قاسساپ تازغىمۇ قارىماي،
باققال قېشىغا با[ر]ماي،
بىر پۇلغا ئوسما ئېڭلە،
بىر پۇلغا ئەڭلىك ئېڭلە،
بىر پۇلغا ئۈپا ئېڭلە،
ئوسمالا[ر]دا كۆكە[ر]تەي،
ئەڭلىكلە[ر]دە قىزا[ر]تاي،
ئۈپالا[ر]دا ئاقا[ر]تىپ،
بوغما شايەمنى كىيىپ،
با[ر] دۇنيانىمۇ تاپماتىم.
شۇنداققىنا دېگەندە:
بايىقى توكا ياغچى،
—ماقۇل مۇسۇ[ل]مان،
ماقۇل دەپ،
دۈشەمبازا[ر]غا چىقتى،
تەنزىچىنىڭ ئالدىدىن
سودىسىنى قىلىۋا كىردى.—

ھوي ياغچى، توكا ياغچى،
ھا[ر]ماڭ مۇسۇ[ل]مان،
ھا[ر]ماڭلار، — دەپ
يالپۇزخان يۈگۈرۈپ با[ر]دى.
بايىقى توكا ياغچى
— ھاي خېنىم، جېنىم خېنىم
بۈگۈن ھا[ر]دۇق سوراڭلار،
مەن سوداڭنى قىپ كەلدىم.
شۇنداققىنا دېگەندە
ئوسمىنى دەمدەك قوياپ،
ئەڭلىكنى ئېتىپ قوپاپ،
ئۈپىنى سۇ[ر]توپ بولاپ،
بوغما شايىنى كىيىپ
لەپپەڭشىپ قول سېپ ماڭدى.
بايىقى توكا ياغچى:
— ھوي مۇسۇ[ل] جېنىم
مۇسۇ[ل]مان،
ئو[ر]دا ئالدىغا با[ر]ماڭلا،
ئۈجمە قاتا[ر]دا ئويناڭلا.
ئو[ر]دا ئالدىغا با[ر]ساڭلا،
ھېكىم بېگىم كۆرۈپ قالا[ر]،
قولۇمدىن كېتىۋا قاسلە، —
شۇنداققىنا دېگەندە:
—ئو[ر]دا ئالدىغا با[ر]مايمەن،
ئۈجمە قاتا[ر]دا ئوينايمەن،
— دەپ
يالپۇزخان قول سېپ كەتتى.
ئۈجمە قاتا[ر]غىمۇ يەتكەندە
ھېكىم بەگ ھارامزادە،

تام - تورۇسقا بىر قاراپ،
بۇلۇڭغىما قارىسا،
بۆشۈكتە بالا ياتقۇدەك.
بالىنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپ:
— ھوي خوتۇن،
جاللات خوتۇن،
مەن ئۆگزىگە چىكەتكەندە،
بۆشۈكتە بالاڭ يوقتى،
بالاپەيدا بولۇپ قاپتۇ،
نەدىن تاپتىڭ ما[ۋۇ] بالىنى؟—
شۇنداققىنا دىگەندە
— سەن ئۆگزىگە چىكەتكەندە،
بۆشۈكتە بالاڭ يوقتى،
بالا پەيدا بولۇپ قېلىشى،
بوي ئامەدە قاپتىكەن.
تۇغۇپ، ساي① بۆلەپ قويدۇم،
— شۇنداققىنا دىگەندە،
— سۆيەپ قوياي بالامنى، — دەپ
دىككوسلاپ يۈگۈرۈپ بىرىپ،
ماككىدەككىنە بىر سۆيسە،
بۇرۇتلىرى سانجىلدى.
— ھوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
بالامنىڭ بۇرۇتى با[ر]كەن،
موچىنىنى ئاچىقىپ بە[ر]گىن،
بۇرۇتنى يۇڭدىۋاتاي،
ئۇستۇرىنى تاپقاچ چىققىن،
ساقاللىرىنى چۇشۇرۇۋاتاي،
ئامبۇ[ر]نى ئالغاچ چىققىن
ھىڭگاڭ چىشىنى تا[ر]تىۋاتاي،

— شۇنداققىنا دەپ تۇ[ر]سا،
يالپۇزخان يامان چوكان،
ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈپ كىرىپ،
— تاپالمىدىم موچىنىنى،
تاپالمىدىم ئامبۇ[ر]نى،
ئۆزەڭ تاپساڭچۇ ئۇستۇرىنى، —
شۇنداققىنا دەپ چىقتى.
— ھوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
مەن سېنى ئىشقا بۇيرۇپ،
قايسى ئىشنى قىلىپ كەلگەن؟
ئۆزەم قىلسام بولمامدۇ، — دەپ
ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتتى.
ھېلىقى يالپۇزخان:
— ۋاي بېگىم، ئەزىمەت بېگىم،
ھىجىيىپما ياتامىلا،
ھىڭگىيىپما ياتامىلا،
بىزنىڭ گاداي يامان گاداي،
ئۇستۇرىنى ئاچىقىپ سالسا،
ساقاللىرىنى چۇشۇرۇۋېتىپ،
راس كۇسا قىلىپ قويتۇ.
بۇرۇتلىرىنى يۇڭدىۋېتىپ،
ھەم يۇمشاق قىلىپ قويتۇ.
چىشلىرىنى تا[ر]تىۋېتىپ،
بەك كۇماك قىلىپ قويتۇ،
جىك نوچا قىلىپ قويتۇ.
جانلىرىنى جايلىسىلا،
شۇنداققىنا دىگەندە،
«ئىللەللا» دەپ بىر قوپتى،
بۆشۈكنى يۇدۇپ قوپتى.

① ساي — ھازىر، ئەمدىلا، باياتىن.

پولتوڭشىپقىنا چىققاندا
نامازشامغا يېتىپ چىقتى.
داۋزا قاقىلى تۇرغاندا:
— هوي ياغچى، توكا ياغچى،
ھېكىم بېگىم كەلمەكچى،
ئۆگزىگە چىقىپ ئولتۇرۇڭلا،
مورا تۈۋىدە تۇرۇڭلا،
«ئۆھۆ!» دېيىشىم كىرىڭلا، —
شۇنداققىنا دەپ قويدى.
بايىقى توكا ياغچى،
ئىملەكلەپ يۇگۇرۇپ چىقىپ،
مورا تۈۋىدە ئولتۇ[ر]دى.
يالپۇزخان يامان چوكان،
داۋزىسىنى ئېچىپ قوياپ:
— كىرسىلە غوجام ھېكىم بېگىم،
يۇ[ر]سىلە غوجام ھېكىم بېگىم،
دەپ ئۆيگە باشلىغىلى تۇردى.
پەلچەڭ ئېشەكنى سولىۋاتتى،
ئا[ر]غىماق ئاتنى ئېسىۋاتتى.
بەش يۈز تەڭگە پۇلىسىنى،
ساندۇقتا سولىۋېلىپ بولاپ،
ئوك پۇتقا باشلاپ قوياپ،
سىنچاينى قۇيۇپ تۇ[ر]سا،
— هوي خېنىم جېنىم خېنىم،
ئۇنداغ ئولتۇ[ر]ساق بولماس،
نىكا[ھ]- پىكا قىلىۋاتساقچۇ،
شۇنداققىنا دەپ تۇ[ر]دى:
— ۋاي بېگىم ھېكىم بېگىم
بىردەم چىداپ ئولتۇ[ر]سىلا،
مەن بىر موللا تېپىۋالاي،
نىكا[ھ] ھەققى تېپىۋالاي.
ئۆزۈمنى راسلىۋالاي، —
شۇنداققىنا دەپ تۇ[ر]سا،
ھېلىقى توكا ياغچى
ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ يۆتەلدى،
«ئۆھۆ - ئۆھۆ» يۆتىلىشى
ھېكىم بېگىم چاچراپ قوپتى:
— هاي خېنىم، جېنىم جېنىم،
ئۆگزىدە بىرسى يۆتىلىدۇ،
ھېلى مېنى، كىرسە ئۆلتۇرىدۇ.
ئىلاجىسى بولسا بىر قىلسىلا، —
شۇنداققىنا دېگەندە؛
— ۋاي بېگىم، ئەزىمەت بېگىم،
بىزنىڭ گادايىنىڭ ئاچچىغى
بەكقىناغۇ يامانىدى.
مەشەگە يۇگۇرۇپ كەلسىلە،
بۇ گادايىنىڭ بۆشۈكى با[ر]،
بۆشۈككە بۆلەپ قوياي،
ساقاللىق بالام دە[ر]مە،
تاماق چىش بالام دە[ر]مە،
بۇرۇتى با[ر] بالام دە[ر]مە، —
دەپ
بۆشۈككە بۆلەپ قويدى.
خېخىدەكتىن بىر يە[ر]دىن،
قو[ر] ساقىدىن بىر يە[ر]دىن،
پاچىقىدىن بىر يە[ر]دىن،
ئۈچ يە[ر]دىن تېڭىپ قويدى.
خاخراپقىنا ياتقاندا،
توكا ياغچى يۇگۇرۇپ كىرىپ،

يالپۇزخان يەنە تۇل قالدى،
بەش يۈز تەڭگە پۇل قالدى.
شۇنداقتىنا دەيدۇيا،
قانداق قىلىمىز، — دېگەندە:
— ۋاي ئاخۇنۇم، ئەلىماخۇنۇم،
مەن بۇ گادايىنى كۆ[ر]مەپتىم،
قاياش تەۋەسسىگمۇ با[ر]ماپتى،
ھېكىم بېگىم دەپ ئاڭلىمىغان،
شۇنداقتىنا دېگەندە:
— تەپ ما[ۋۇ] گادايىنىڭ
قۇڭغا،
شۇنداق دەپ ئەمرى قىلدى.
تەپكىلىما تۇ[ر]دى قۇڭغا
«كاپپاڭ - كۇپپۇڭ،
كاپپاڭ - كۇپپۇڭ،
كاپپاڭ - كۇپپۇڭ،
كاپپاڭ - كۇپپۇڭ...»
نەچچەن بەش يۈزنى تەپتى.
شەيخئىسلامنىڭ بىر پاي كېپىشى
قۇڭغا كەپلىشىپ قالدى.
جان ئاچچىقتا يۈگۈرۈپ قاچتى.
بىر يە[ر]گىچىلىك با[ر]غاندا،
دېمى كېسىلىپ قالغاندا
توسما تۆپىسىگە
چىقىپ ئولتۇرۇپ
دېمىمنى بىر ئالاي دەپ
زوڭ ئولتۇ[ر]غۇدەك بولسا،
پوككىدەك قىلىپ چۇشتى.

كەيىنگە قاراپ باقسا
بىر پاي كېپىش تۇرتۇ،
«شەيخئىسلامنىڭ كېپىشى[1]،
كېپىشى قوغلاپ كىلىپتۇ،
ئۆزى قاچان كېلە[ر]كىن» دەپ،
قوپاپ قاچقىلى تۇ[ر]دى.
مازا[ر] بېشىغا يەتكەندە،
چۇشۇپ كەتكەن
بىر ئوران تېپىپ،
ئورانغا سەكرەپ كىرىپ،
تېزەكتە ئىس سېپ ئولتۇ[ر]دى.
ئەلىماخۇنۇم بىلەن يالپۇزخان
مۇزاكىرىلاشقىلى تۇ[ر]دى.
— ھاي خېنىم، جېنىم خېنىم
ئە[ر]لىرى با[ر]مۇ؟
— يوق، دەپتى،
— ئېرىم قەشقە[ر]گە كەتكىلى،
ئون تۆت يىلغۇ بولاپتى،
ئۆلۈم خېتى كەلگىلى
يىگىرمە بىر يىل بولاپتى، —
شۇنداقتىنا دېگەندە:
— مەن ئالسام راس تېگەملا
— سىلىگە راسا تېگىتتىم.
تون پېرىجىسىنى سامايتقان،
سەللىسىنى ھەرگىز ئامايتقان،
تەرەتنى ئۇشاتمايتقان،
سەججادىدىن[2] چۇشمەيتقان،
مۇھىرنى يە[ر]دە قويمايتقان،

① كېپىش — كىش.
② سەججادە — جايناماز.

داۋزا ئالدىغا چىققاندا:
— هوي بالىكام،
توختاڭ بالىكام،
ساقىلىڭىزنى چۇشۇرۇۋېتىپ،
بۇرۇتىڭىزنى يۇگىدىۋېتىپ،
چىشلىرىڭىزنى تا[ر]تىۋېتىپ،
راس كوماك قىلىپ قويىتتىم،
ھەم يۇمشاق قىلىپ قويىتتىم،
جىك نوچا قىلىپ قويىتتىم، —
شۇنداققىنا دېگەندە:
جان ئاچچىقتا يۇگۇرۇپ قاچتى،
داۋزا ئالدىسىغا با[ر]غاندا،
«هوي بالام، ئىشىكىڭنى ئاچ»
دەپ
داۋزىسىغا بىرنى ئۇستى.
چوڭ بالىسى يۇگۇرۇپ چىقتى،
— هوي باللا، يۇگۇ[ر] باللا،
مەيە[ر]دە
بىر نە[ر]سە كەپ قاپتۇ:
يا ئېيىقمۇ، ئادەممۇ؟
يا ساراڭمۇ، هايۋانمۇ؟
بۆشۈك ساتقىلى كەلدىڭمۇ،
بىزغۇ بۆشۈك ئالمايمىز، —
شۇنداققىنا دېگەندە:
— هاي بالام، جېنىم بالام،
گەپنى ئاستا قىلىڭلا،
مەن سىلىنىڭ داداڭلا، —
شۇنداققىنا دېگەندە:
— هاي باللا، يۇگۇ[ر] باللا،
ما[ۋۇ] گاداي نېمە دەيتۇ،
مەن سېنىڭ داداڭ دەيتۇ.
ئۆشنىسىدە بۆشۈك تۇرتۇ.
بۆشۈك ساتقىلى كەپتۇ.
بىزغۇ بۆشۈك ئالمايمىز،
تەپ ما[ۋۇ] گادايىنىڭ قوڭىغا،
— شۇنداققىنا دېگەندە:
باللىرى يۇگۇرۇپ چىقىپ
تەپكىلىما تو[ر]دى قوڭىغا:
«كاپپاڭ - كوپپوڭ،
كاپپاڭ - كوپپوڭ،
كاپپاڭ - كوپپوڭ،
كاپپاڭ - كوپپوڭ»
نەچچەن توقسانىنى تەپتى.
پەللىكىنى ئۇۋىلاپ
ئەلىماخونۇمغا ئە[ر]ز قىلدى،
شەيخئىسلام قوشاپ بە[ر]دى.
قاياشقا ئاچىقىپ ئەندى،
ئۆيىنى كۆ[ر]ستىپ قوياپ
مەھكىمىگە كىرىپ ئولتۇردى.
شەيخئىسلام قوپۇپ ئەندى،
يالپۇزخاننى ئەكىردى.
داۋزىدىن كىرىپ بولغۇنچە
قاشلىرىنى ئويناتىپ
كۆز تاشلاپ قويۇپ كىردى.
بايىقى ئەلىماخونۇم
ئاشىق بولۇۋا قالدى.
— هاي خېنىم، جېنىم خېنىم
ما[ۋۇ] بېگىم نېمە دەيدۇ،
پەلچەڭ ئېشەكقۇ بىر قالدى،
ئا[ر]غىماق ئاتقۇ بىر قالدى،

ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ يۆتەلدى،
«ئۆھۆ - ئۆھۆ» يۆتىلىشى،
ئەلىماخۇنۇم چاچراپ قوپتى.
— ۋاي خېنىم، جېنىم خېنىم
ئۆگزىدە بىرسى يۆتىلىدۇ،
ھېلى مېنى، كىرسە ئۆلتۈرىدۇ.
ئىلاجىسى بولسا بىر قىلسىلا، —
شۇنداققىنا دېگەندە:
— ھاي ئاخۇنۇم، ئەلىماخۇنۇم،
بىزنىڭ گادايىنىڭ ئاچچىغى،
بەككىناغۇ يامانىدى.
مەشەگە يۇگۇرۇپ كەلسىلە،
جۇۋازغا قوشاپ قوياي،
توكى يوق توپاق دە[ر]مە،
قۇيرۇقى يوق توپاق دە[ر]مە،
تۇۋىقى يوق توپاق دە[ر]مە،
كۇدە قۇلاق موزاي دە[ر]مە، —
دەپ جۇۋازغا قوشاپ قويدى.
ئالتە تاشنى ئېپ قويدى
دوققۇڭشىپ ماڭغىلى تۇردى.
ھېلىقى توكا ياغچى
ئۆگزىدىن يۇگۇرۇپ كىرىپ،
تام - تورۇسقا بىر قاراپ
ئىچكىرى - تاشقىرى
كىرىپ - چىقىپ،
جۇۋازخانىغا كىرىپ باققاندا
قىپ يالىڭاچقىنا بىر توپاق
دوققوڭشىپ ماڭغىلى تۇرۇپتۇ.

ھېلىقى توكا ياغچى
— ھوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
مەن ئۆگزىگە چىقەتكەندە
جۇۋازدا ئۇيۇڭ يوقتى.
ئۇي پەيدا بولۇپ قاپتۇ،
نەدىن تاپتىڭ توپاقنى، —
شۇنداققىنا دېگەندە:
— ۋاي مۇسۇ[ل]مان جېنىم
مۇسۇ[ل]مان،
سەن ئۆگزىگە چىقەتكەندە،
جۇۋازدا ئۇيۇڭ يوقتى،
با[ر] يوق بىر كالىڭىز باردى.
ئىككىمىزەك موزايلاپتى،
ئە[ر]كىمنى قېتىپ قويدۇم،
چىشىسى ئۆزەمدۇرمەن، —
شۇنداققىنا دەپ قويدى.
بايىقى توكا ياغچى
— ئۆزەم ھەيدەي توپاقنى، —
دەپ
تالتىزنى[1] قولىغا ئېلىپ،
سۆڭگەچكە راسا سېلىپ،
ھەيدىگىلى تۇرغاندا،
بىچارە ئەلىماخۇنۇم،
پۇشىشاڭشىغىلى تۇ[ر]دى،
تويناقشىغىلى[2] تۇ[ر]دى.
— ھوي خوتۇن،
يۇگۇ[ر] خوتۇن،
بۇ توپاق چايان[3] توپاقكەن،

① تالتىز — جۇۋازچىلار جۇۋازنىڭ كۆتىكىدىكى كۈنجۈرنى ئاجرىتىشقا ئىشلىتىدىغان ئۈچى بىلىق تۆمۈر تاياقچە.
② تويناقشىش — سەكرىش.
③ چايان توپاق — كۆندۈرمىگەن.

شۇنداق بىر كىشىگەغۇ،
تەگكۇمغۇ راسا بارىدى.
مەن ئېرىمدىن ئايرىلىپ،
بەش يۈز تەڭگە قە[ر]ز قىپتىم،
شول قە[ر]زىمنى بېرىپ بولسام،
ئاندىن تەگسەم، — دېگەندە؛
— شۇل قە[ر]زلىرىدىن
مەن بېرەي.
قاچانلىققا بارىمەن،
— بىزمانلىققىما با[ر]سىلا،
يوروۇقتىن بېرىپ قالمىسىلا، —
شۇنداققىنا دەپ ياندى.
ھېلىقى ئەلىماخۇنۇم،
نامازشامنىمۇ قىلالماي،
نامازدىگە[ر]دە ئاتلاندى.
بەلچەك ئىشەككە پۈلنى
ئا[ر]تىپ،
ئا[ر]غىماق ئاتقا قوڭنى
ئا[ر]تىپ،
پولتوڭشىپقىنا چىققاندا!
نامازشامغا يېتىپ چىقتى.
داۋزا قاققىلى تۈ[ر]غاندا،
ھېلىقى يالپۇزخان،
— ھوي ياغچى، توكا ياغچى،
ئەلىماخۇنۇم كەلمەكچى،
ئۆگزىگە چىقىپ تۇرۇڭلا،
مورا تۈۋىدە ئولتۇرۇڭلا،
«ئۆھۆ» دېيىشىم كىرىڭلا، —
شۇنداققىنا دەپ قويدى.
بايىقى توكا ياغچى،
دېككوكلاپ يۈگۈرۈپ قوپۇپ،
مورا تۈۋىدە ئولتۇرۇشى،
يالپۇزخان يۈگۈرۈپ چىقىپ،
داۋزىسىنى ئېچىپ قويدى.
— چۈشىسىلە غوجام
ئەلىماخۇنۇم،
يۈ[ر]سىلە غوجام ئەلىماخۇنۇم،
كىرسىلە غوجام
ئەلىماخۇنۇم، — دەپ
ئۆيگە باشلىغىلى تۈ[ر]دى.
بەلچەك ئىشەكنى سولىۋاتتى،
ئا[ر]غىماق ئاتنى ئېسىۋاتتى،
بەش يۈز تەڭگە پۈلىسىنى،
ساندۇققا سېلىۋېتىپ بولاپ،
ئوڭ پۇتقا باشلاپ قوياپ،
چەپ پۇتقا ئۆتەپ تۈ[ر]سا،
— ھەي خېنىم يالپۇزخان،
مۇنداق ئولتۇ[ر]ساق بولماس،
بىز بولساق ئەلەم ئادەم
شانائەت بولۇپ قالا،
نىكا[ھ] - پىكا قىلىۋاتساقچۇ،
— شۇنداققىنا دەپ تۈ[ر]دى.
— ھاي ئاخۇنۇم،
جېنىم ئاخۇنۇم،
بىردەم چىداپ ئولتۇ[ر]سىلا،
مەن بىر موللا تېپىۋالاي،
بىر خون نان تېپىۋالاي،
ئۆزەمنى راسلىۋالاي، —
شۇنداققىنا دەپ تۈ[ر]سا،
ھېلىقى توكا ياغچى،

يا ساراڭمۇ، هايۋانمۇ؟
يا كۇسغان قانجىقمۇ؟
بوينىدا كەسكۇ تۇرىدۇ،
تەپ ما[ۋۇ] گادايىنىڭ قۇڭىغا،
شۇنداققىنا دېگەندە؛
ـــ هوي بالام، جېنىم بالام
مەن سىلىنىڭ داداڭلا[ر].
گەپنى ئاستا قىلىڭلا[ر]، ـــ
شۇنداققىنا دەپ تۇردى.
ـــ تەپ ما[ۋۇ] گادايىنىڭ قۇڭىغا
ما[ۋۇ] گاداي نېمە دەيتۇ،
مەن سېنىڭ داداڭ دەيتۇ.
شۇنداققىنا دېگەندە،
شەيخئىسلاما يۇگۇرۇشۇپ كېلىپ
تەپكىلىما تۇ[ر]دى قۇڭىغا:
«كاپپاڭ ـ كۇپپۇڭ، «كاپپاڭ
ـ كۇپپۇڭ،
كاپپاڭ ـ كۇپپۇڭ، «كاپپاڭ
ـ كۇپپۇڭ...»
بىر مىڭ بەش يۇزنى تەپتى.
پەللىكىنى ئۇۋىلاپ
ئەرز قىلغىلى هېكىم يوق،
مازا[ر] بېشىغىمۇ يەتكەندە
هېلىقى هېكىم بېگىم
ئەلىماخۇنۇمنى كۆرۈپ
ـــ جېنىمغىنا ئەلىماخۇنۇم،
سىلە قاياشقا بارغانمۇ؟
يالپۇزخاننى ئالغانمۇ؟
ئەڭنا ياغنى① سالغانمۇ؟
جۇۋازغا قوشاپ قويغانمۇ؟
جۇۋازنى يۇدۇپ كەللىمۇ؟
يالپۇزخاننى تالىشىپ،
مېنى قوغلاۋاتقانمۇ؟
كىرسىلە غوجام ئەلىماخۇنۇم،
بىــر ئوراندا ئولتۇ[را]يلى، ـــ
دەپ
ئورانغا كىرىپ ئولتۇ[ر]دى،
تېزەكتە ئىس سەپ ئولتۇ[ر]دى.
يالپۇزخان، توكا ياغچى،
مۇزاكىرلاشقىلى تۇ[ر]دى.
ـــ هاي مۇسۇ[ل]مان،
جېنىم مۇسۇ[ل]مان،
بەلچەڭ ئېشەك ئىككى بولاپتۇ.
ئا[ر]غىماق ئات ئىككى بولاپتۇ.
مىڭ تەڭگە پۇل بولاپتۇ.
بۇگۇن بازا[ر]غا بېرىپ
بىر ئويناپقىنا كەلسەكچۇ،
بەلچەڭ ئېشەككە سەن مىنسەڭ،
ئا[ر]غىماق ئاتقا مەن مىنسەم،
ـــ شۇنداققىنا دېگەندە؛
بايىقى توكا ياغچى
ـــ ماقۇل مۇسۇ[ل]مان،
ماقۇل، ـــ دەپ
بەلچەڭ ئېشەكنى توقۇپ،
بەلچەڭ ئېشەككە ئۆزى مىندى.
ئا[ر]غىماق ئاتنى توقۇپ
بە[ر]دى،
يالپۇزخاننى مىندۇ[ر]دى.

---

① ئەڭناياغ ـــ ئىگىن، ئاياغ.

تويناقشىغىلى تۇ[ر]دى،
دىككاڭشىغىلى تۇ[ر]دى،
پۇششاڭشىغىلى تۇ[ر]دى.
جۇۋالدۇزنى ئاچىقىپ بەرگىن،
بۇرنىنىڭ پەرىكىدىن تېشىپ،
بىر چۆلۈك ئۆتكۈزۈپ قوياي،
توخماقنى ئاچىقىپ بە[ر]گىن،
سوقما قىلىۋا قوياي،
ئۇستۇرىنى ئاچىقىپ بەرگىن،
بىر ئۆكۈز قىلىپ قوياي، —
شۇنداق دېگىلى تۇ[ر]غاندا،
بىچارە ئەلىماخۇنۇم
دوقۇلداپ ماڭغىلى تۇ[ر]دى.
يالپۇزخان دېگەن چوكان،
ئۆيلىرىگە كىرىپ چىقىپ،
— تاپالمىدىم توخماقنى،
تاپالمىدىم ئۇستۇرىنى،
ئۆزەڭ تاپساڭ جۇۋالدۇزنى، —
دەپقىنا يېنىپ چىقتى.
— ھوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
مەن سېنى ئىشقا بۇيرۇپ،
قايسى ئىشنى قىپ كەلگەن،
ئۆزەم چىقسام بولامدۇ، — دەپ
ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتسە،
— ھاي ئاخۇنۇم، ئەلىماخۇنۇم،
نەچچىدە با[ر]دۇ[ر] ياشلىرى،
ئالتە تاشنى ئىشتالماي،
تە[ر]لەپ كېتىپتۇ باشلىرى.
جانلىرىنى جايلىسىلا، —
شۇنداقىنا دېگەندە؛

«ئىللەللا!» دەپ بىر قوپتى،
جۇۋاز كەسكۈنىنى يۈدۈپ قوپتى،
داۋزا ئالدىسىغىمۇ چىققاندا،
— ھوي توپاق، توختاڭ توپاق،
بۇرنىنىڭ پەرىكىدىن تېشىپ،
چۆلۈك ئۆتكۈزۈپ قويىتتىم.
توخماقنى ئاچىقىپ بەرسە،
سوقما قىلىۋا قويىتتىم.
ئۇستۇرىنى ئاچىقىپ بەرسە،
ئۆكۈز قىلىۋا قويىتتىم، —
شۇنداقىنا دېگەندە
«ئىللەللا!» دەپ قاچقانچە،
داۋزا ئالدىسىغا بارغاندا،
«ھوي باللا ئىشىكىڭنى
ئاچ!»، — دەپ
داۋزىسىغا بىرنى ئۇستى.
چوڭ مەخسۇم يۈگۈرۈپ چىقتى؛
— ھوي باللا، يۈگۈ[ر] باللا،
دادام نامازغا كەتكەن،
ناماز ھەققىنى تولا ئېلىپ
قوينى جىق ئەكەلگەندۇ،
قوينى سولىشىپ بېرەي، — دەپ
چوڭ مەخسۇم يۈگۈرۈپ چىقسا،
قىپ يالىڭاچقىنا بىر گاداي
جۇۋاز كەسكۈنىنى
يۈدۈپ تۇرغاننى،
چوڭ مەخسۇم كۆرۈپ ئەمدى،
— ھوي باللا، يۈگۈ[ر] باللا،
مەيەگە بىر نەرسە كەپ قاپتۇ.
يا ئېيىقمۇ، ئادەممۇ،

تەگكۇمغۇ يامان بېيدى① .
مەن ئېرىمدىن ئايرىلىپ،
بەش يۈز تەڭگە قە[ر]ز قىپتىم،
شۇ قە[ر]زىمنى بىرىۋەپ
بولسام،
ئاندىن تەگسەم، — دېگەندە؛
— شۇ قە[ر]زلىرىنى مەن بېرەي.
قاچانلىققا بارىمەن.
— بىزمانلىققا با[ر]سىلا،
نامازشام بىلەن با[ر]سىلا،
يورۇقتىن بېرىپ
قالمىسىلا، — دەپ
يالپۇزخان قول سېپ كەتتى.
ھېلىقى قاسساپ ئاداش،
ئۆيلىرىگە با[ر]غاندا،
نامازشامنىمۇ قىلالماي،
نامازدىگە[ر]دىمۇ ئاتلاندى.
بەلچەڭ ئېشەككە پۇلنى
ئا[ر]تىپ،
ئا[ر]غىماق ئاتقا
قوڭىنى ئا[ر]تىپ،
پولتوڭشىپقىنا چىققاندا،
نامازشامغا يېتىپ چىقتى.
داۋزى قاققىلى تۇ[ر]غاندا،
— ھوي ياغچى، توكا ياغچى،
ئۆگزىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋەڭلا،
«ئۆھۆ» دېيىشىم كىرىڭلا،
قاسساپ ئاداش كەلمەكچى، —

بايىقى توكا ياغچى
ئىمىلەكلەپ يۆگۈرۈپ چىقىپ،
ئۆگزىگە چىقىپ ئولتۇ[ر]دى.
مورا تۈۋىدە ئولتۇرۇشى؛
يالپۇزخان يۈگۈرۈپ چىقىپ،
داۋزىنى ئېچىپ قويۇپ:
— كىرسىلە ئاداش،
قاسساپ ئاداش،
يۇ[ر]سىلە ئاداش،
قاسساپ ئاداش، —
دەپ ئۆيگە باشلىغىلى تۇردى.
بەلچەڭ ئېشەكنى سولىۋاتتى،
ئا[ر]غىماق ئاتنى ئېسىۋاتتى.
بەش يۈز تەڭگە پۇلىسىنى،
ساندۇققا سولىۋەپ بولاپ،
ئوڭ پۇتقا باشلاپ قوياپ،
سىنچاينى قويۇپ تۇ[ر]سا،
— ھاي خېنىم، جېنىم خېنىم،
ئۇنداق ئولتۇ[ر]ساق بولماس،
بازا[ر]دا دۇكان قالغان.
نىكا[ھ] - پىكا قىلىۋاتىلى، —
شۇنداققىنا دېگەندە:
— ھوي ئاداش، قاسساپ ئاداش،
بىردەم چىداپ ئولتۇ[ر]سىلا،
مەن بىر موللا تېپىۋالاي،
نىكاھ ھەققى تېپىۋالاي،
بىر خون نان تېپىۋالاي،
ئۆزەمنى راسلىۋالاي، —

① بېيدى — بار ئىدى.

بازا[ر]غا بېرىپ ئەمدى،
قاسساپ بازىرى ئاغزىغا،
بېرىپمۇ چۈشۈپ تۇرۇپ،
— هوي ياغچى، توكا ياغچى،
مەشەدە تۇ[ر]غاچ تۇ[ر]غىن.
قاسساپ بازىرىغا كىرىپ،
بىر چۆ[ر]گىلىپ چىقمايمۇ؟
— ماقۇل مۇسۇ[ل]مان،
ماقۇل دەپ،
بايىقى توكا ياغچى
ئەشەدە[1]تۇ[ر]غاچ تۇ[ر]دى.
يالپۇزخان كىرىپ ئەمدى،
ئـوڭ - چـەپـپـىـسـىـگىمۇ كۆز
تاشلاپ،
قول سېلىپ كېتىۋا با[ر]سا،
قاسساپ ئاداش يۈگۈرۈپ كېلىپ،
— هاي خېنىم، جېنىم خېنىم،
يا تۇش قۇيرۇقنى تا[ر]تايمۇ،
يا دەنداندىن تا[ر]تايمۇ،
نەدىنياقىنى ئاتلىكى[2]
— بىزنىڭ بالدۇ[ر]قى
چۆپقەتلە[ر]،
مەندىن گەپما سو[ر]مايتتى،
ئۆزى چاغلاپ تا[ر]تتتى.
قۇيرۇقتىنغۇ سەپ بېرتتى، -
شۇنداققىنا دېگەندە،
هېلىقى قاسساپ ئاداش،
بىر ياتۇ گۆش ئەكىلىپ،

خۇ[ر]جۇنغا سېلىپ قويدى.
خۇ[ر]جۇنغا سېلىپ قوياپ،
— هاي خېنىم، جېنىم خېنىم،
ئاتلىرىغۇ نېمىكىن؟
ئۆيلىرىغۇ نەدىكىن؟
تېخى ئە[ر]لىرىمۇ با[ر]مىكىن،
—شۇنداققىنا سورىغاندا:
— هاي ئاداش، قاسساپ ئاداش،
مېنىڭ ئېتىمنى سو[ر]ىسىلا
يالپۇزخان داڭلىغ چوكان.
مېنىڭ ئېرىمنى سو[ر]سىلا
قەشقە[ر] شە[هە]رىگە كەتكىلى
ئون تۆت يىلغىنا بولاپتى.
ئۆلەم خېتى كەلگىلى
يىگىرمە بىر يىل بولاپتۇ.
مېنىڭ ئۆيۈمنى سو[ر]ىسىلا
قاياش دېگەن كەنتىدە،
يېتىم ئېرىقنىڭ بويىدا، —
شۇنداققىنا دەپ تۇ[ر]دى.
— هاي خېنىم، جېنىم خېنىم
مەن ئالسامۇ تېگەملا،
— هاي ئاداش، قاسساپ ئاداش
سىلىگە راسا تېگىتتىم،
ئۆيدىن گۆشنى ئۈزمەيتقان،
هەم دەنداندىن تا[ر]تتقان،
تۆش - قۇيرۇقتىنمۇ
جىق بېرتقان،
شۇنداق بىر كىشىگەغۇ

① ئەشەدە — ئاشۇ يەردە.
② ئاتلىكى — ئالدىلاركى، ئالدىلا.

يالپۇزخان ئۆيگە كىرىپ
— تاپالمىدىم شوتاڭنى،
ئۆزەڭ ئاچىققىن ھەرەڭنى، —
شۇنداققىنا دېگەندە؛
— ھوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
مەن سېنى ئىشقا بۇيرۇپ
قايسى ئىشنى قىپ كەلگەن.
ئۆزەم قىلسام بولمامدۇ، — دەپ
ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتسە،
— ھوي ئاداش، قاسساپ ئاداش،
خاخىراپما ياتامىلا،
كەرىلىپما ياتامىلا،
بىزنىڭ گاداي يامان گاداي.
شوتىنى ئاچىقىپ سالسا،
بويناقلىرىنى كېسىۋېتىپ،
شاخ - پۇتىقىنى ئېلىۋېتىپ،
تۆت قىرلىق قىلىپ قويىتۇ.
ھەرىنى ئاچىقىپ سالسا،
چىلىڭ چاسا قىلىپ قويىتۇ.
جانلىرىنى جايلىسىلا،
شۇنداققىنا دېگەندە:
«ئىللەللا!» دەپ بىر قويپتى.
شىپاڭنى ئۆرۈپ قويپتى.
داۋزا ئالدىسىغىمۇ يەتكەندە
— ھوي سوقۇمام، توختاڭ
سوقۇمام،
شاخ - پۇتىقىڭنى ئېلىۋېتىپ،
تۆت چاسا قىلىپ قويىتتىم،
بويناقلىرىڭدىن كېسىۋېتىپ،
ھەم سىلىق قىلىپ قويىتتىم، —

شۇنداققىنا دېگەندە،
جان ئاچچىقتا يۈگۈرۈپ قاچتى.
داۋزا ئالدىغا با[ر]غاندا،
داۋزىسىغا بىرنى ئۇستى.
چوڭ بالىسى يۈگۈرۈپ چىقتى.
— ھوي باللا، يۈگۈ[ر] باللا،
دادام بازا[ر]غا كەتكەن.
قوينى جىق ئەكە[ل]گەندۇ،
پايدىنى كۆپ تاپقاندۇ، —
شۇنداققىنا دەپ ئەمدى،
چوڭ بالىسى يۈگۈرۈپ چىقسا
قىپ يالىڭاچقىنا بىر گاداي،
تۇ[ر]غىنىنى كۆرۈپ ئەمدى:
— مەيەدە بىر نە[ر]سە
كەپ قاپتۇ،
يا ئېيىقمۇ، ئادەممۇ،
يا ساراڭمۇ بۇ ھايۋانمۇ،
قىپ يالىڭاچقىنا تۇرادۇ.
تەپ ما[ۋۇ] گادايىنىڭ قوڭىغا،
— شۇنداققىنا دېگەندە،
— ھاي بالام، جېنىم بالام،
گەپنى ئاستا قىلىڭلا[ر]،
مەن سىلىنىڭ داداڭلا[ر].
شۇنداققىنا دەپ تۇردى.
— ھوي باللا، يۈگۈ[ر] باللا،
ما[ۋۇ] گاداي نېمە دەيتۇ،
مەن سېنىڭ داداڭ دەيتۇ.
تەپ ما[ۋۇ] گادايىنىڭ قوڭىغا،
— دېگەنىڭ زامانلا[ر]دا،
تەپكىلىما تۇردى قوڭىغا:

شۇنداق دەپمۇ تۇرۇشى،
بايىقى توكا ياغچى
ئۆگزىدە ئولتۇرۇپ يۆتەلدى.
«ئۆھۆ - ئۆھۆ» يۆتىلىشى،
قاسساپ ئاداش چاچراپ قوپتى.
— ۋاي خېنىم، جېنىم خېنىم،
ئۆگزىدە بىرسى يۆتىلىدۇ،
ھېلى مېنى كۆرسە ئۆلتۈرىدۇ.
ئىلاجىسى بولسا بىر قىلسىلا، —
شۇنداقىنا دېگەندە،
يالپۇزخان دېگەن چوكان:
— ھوي ئاداش، قاسساپ ئاداش،
بىزنىڭ گاداينىڭ ئاچچىغى
بەككىنا يامانىدى،
مەشەگە يۇگۇرۇپ كە[ل]سىلە،
ئايۋاننىڭ تۈگرۈكىنىڭ
سوقۇمىسى قالماپتى،
سوقۇما قىلىپ قوياي.
«نەدىن تاپتىڭ بۇ سوقۇمىنى»
دېگەنغۇ زامانلاردا،
ئىشكايلىدىكى① سەگۈينى،
ئەكىرىپ قوياپ قويدۇم
دە[ر]مە، —
شۇنداقىنا دەپ تۇ[ر]دى.
ھېلىقى يالپۇزخان،
پىشاكىنى سېلىپ قوياپ،
تۈگرۈكىنىڭ ئاستىغا،
سوقۇما قىلىپ قويدى.

بايىقى توكا ياغچى،
ئۆگزىدىن يۇگۇرۇپ كىرىپ،
تام - تورۇسقا بىر قاراپ،
ئۆينىڭ سەنگە قارىسا،
شاخ - پۇتاقلىق بىر سوقۇما،
(تۆت قىرلىق قىلىپ قويغان)،
كەرىلىپقۇ ياتادۇ[ر].
توكا ياغچى بۇنى كۆرۈپ:
— ھوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
مەن ئۆگزىگە چىكەتكەندە
بىر سوقۇما پەيدا بولۇپ قاپتۇ.
نەدىن تاپتىڭ بۇ سوقۇمىنى، —
دېگەنغۇ زامانلا[ر]دا،
— سىلە ئۆگزىگە چىكەتكەندە،
سەن ئۆينى مەزمۇت سالماي،
ئايۋاننىڭما تۈگرىكى
تۈگرىكى بېسىپ كەتكەن.
ئىشكايلىدىكى سەگۈنى،
ئەكىرىپ قوياپ قويدۇم، —
شۇنداقىنا دېگەندە؛
باش - ئاياغقا بىر قاراپ،
— ھوي خوتۇن، جاللات خوتۇن،
ھەرىنى ئاچىقىپ بە[ر]گىن،
بوينىقىنى كېسىۋاتاي،
شوتىنى ئاچىقىپ بە[ر]گىن،
شاخ - پۇتاقىنى ئېلىۋاتاي،
چىڭ چاسا قىلىپ قوياي، —
شۇنداقىنا دېگەندە،

① ئىشكايلى — ئىشىك ئالدى.

# ئەبەيدۇللاخان

شىڭ شىسەيىنىڭ ۋاقتىدا،
ياتقان يېرىمىز جاڭگاللىق.
گومىنداڭنىڭ ۋاقتىدا،
ياتقان يېرىمىز سامانلىق.
ماخوسەننىڭ ۋاقتىدا،
ئەبەيدۇللا بىلەن مەمتىلىخان،
ئەگرى ساي① دېگەن يۇتتا،
قوش - قاچىغى ئويناغلىق
تۇغانغۇ زامانلاردا،
قومئېرىقتىكى② دانا تاز،
قورغانغا كىرىپ ئەمدى،
لەڭپۇگۇەنگە چىقىپ قويدى.
لەڭپۇگۇەن دېگەن تۇڭگان،
خوتەن سىلىڭىغا خەت يازدى.
سىلىڭدىن كىپ تەگدى گوڭسا،
جالالىدىن خان غوجام ئوقۇپ،
ئەبەيدۇللانى تاپتۇدى.
— هاي بالام ئەبەيدۇللاخان،
ئويۇننى ئازراق ئويناڭ سىز.
ئويۇن بېشىڭىزغا چىققۇدەك،
ئەر سېلىڭدىن خەت كەپتۇ، -
دېگەنغۇ زامانلاردا؛
— هاي دادا جالالىدىنخان،
خوتەنگە مەن بېرىپ كېلەي،
سىلىڭ بىلەن كۆرۈشەي، -
شۇنداققىنا دېگەندە؛
— هاي بالام ئەبەيدۇللاخان،
سىز ئۆزىڭىز كىچىك بالا،
ناتوغرا گەپ ئۆتۈلەپ قالا،
خوتەنگە سىز ئۆزىڭىز بارماڭ،
ئۆزەم باراي خوتەنگە، —
شۇنداققىنا دەپ تۇدى.
— هاي دادا جالالىدىنخان،
ئۆزەم كىچىك بولسامۇ
تۈت ئېغىز گېپىم باردۇر.
جايىدا يولداپ كېلەمەن، —
شۇنداققىنا دەپ تۇدى.
ئەبەيدۇللاخان ئاتلاندى،
گازۇنغا③ يەتكەن چاغدا
لەڭپۇگۇەنگە يولاقتى.
لەڭپۇگۇەن دېگەن تۇڭگان:
— نەگە بارىسىز ئەبەيدۇللا
دېگەنغۇ زامانلاردا:
— خوتەن شەرىگە ماڭدىم
بىر پارچە خەت ئېۋەتىپسىكەن،
خەت ئۇچۇرىنى ئېيپ كەلدىم.

① ئەگرى ساي — قاراقاشتىكى جاي ئىسمى.
② قومئېرىق — جاي ئىسمى.
③ گازۇن — خوتەن شەھىرىدىكى جاي ئىسمى.

«كاپپاڭ - كۇپپۇڭ،
كاپپاڭ - كۇپپۇڭ،
كاپپاڭ - كۇپپۇڭ،
كاپپاڭ - كۇپپۇڭ...»
بىر مىڭ نەچچە يۈزنى تەپتى.
ئە[ر]ز قىلغىلى ھېكىم يوق،
مازا[ر] بېشىغا يەتكەندە،
ھېكىم بېگىم، ئەلىماخۇنۇم،
قاسساپ ئاداشنى كۆرۈپ،
— ھوي ئاداش، قاسساپ ئاداش،

سىلە قاياشقا بارغانمۇ؟
يالپۇزخاننى ئالغانمۇ؟
ئەڭناياغنى سالغانمۇ،
سوقۇما قىلىپ قويغانمۇ،
يالپۇزخاننىڭ قېشىدىن
مەشەگە قېچىپ كەلدىڭمۇ؟
كىڭلە① ئاداش قاسساپ ئاداش،
بىر ئورۇندا ئولتۇرايلى.
ئورانغا كىرىپ ئولتۇ[ر]دى.
تېزەكتە ئىس سەپ ئولتۇ[ر]دى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مەمتىلى سايىت**
ئېيتىپ بەرگۈچى: **ئابلىمىت قارىم**

① كىڭلە — كېلىڭلار.

گەپ قىلىسىڭىز،
گۇناھىڭىزدىن ئۆتەدى.
بۇ بىرەھىم تۇڭگانلا.
قاراقاشقا بېرىپ قالسا،
ئەكىرىپلا ئۆلتۇرۇۋاتامۇ؟
يا تاياققا باسامۇ؟
يا باغلاپ تاقاققا ئاسامۇ؟
جېنىڭنى جايلاپ قاچساڭچۇ».
ئەبەيدۇللاغا خەت تەگدى،
بۇ خەتنى ئوقۇپ بېقىپ
كېچە تاڭنىڭ ۋاقتىغىچە
جابدۇغىنى تەي قىلدى.
كېچە تاڭنىڭ ۋاقتى بىلەن،
دۇۋا پاششىيىمغا ئاتلاندى.
ئەتىسى لەڭپۇگوەن كەلدى،
زاۋا① كەنتىنى تۇڭگان باستى.
ئاق ئايۋانغا كىرىپ تۇرۇپ،
لەڭپۇگوەن دېگەن تۇڭگان،
مۇرىغا چىنەپ ئوق ئاتتى.
جالالىدىنخان غوجام قوپاپ،
قول باغلاپ ئالدىغا چىقتى،
سەيدىنىسە خېنىم ئەمدى
ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى.
جالالىدىنخان غوجام دېدى:
— ئۆيگە كىرىلى لەڭپۇگوەن،
سىنچاي ئىچىلى لەڭپۇگوەن، -
شۇنداققىنا دېگەندە،
لەڭپۇگوەن تۇڭگان ئېيتتى:
— سىنچايىڭنى ئىچمەيمەن،
ئەبەيدۇللانى تېپىپ ئەكىلىپ،
ئالدىمغا توغرى قىلغىن.
— ئەبەيدۇللانى كۆرمىگىلى،
تۆت يېرىم ئاي بولاپتۇ.
ئەبەيدۇللا ماڭابى قارا،
ئەگرى سايدا ئوينايمىش، -
شۇنداققىنا دېگەندە،
قولىنى چەمبەرچاس باغلاپ،
چوغدەككە ئېسىپ قويدى.
قىقىراسلاپ يىغلاغىلىق،
ئىگىز ئېرىققا خەت يازدى،
مەمتىلىخان غوجام كىردى،
— جېنىمغىنا لەڭپۇگوەن
ئاكامنى چۇدۇرۇپ قويساڭ،
ئەبەيدۇللانى مەن تاپسام،
شۇنداققىنا دېگەندە،
جالالىدىنخانىنى چۇدۇردى،
ئەبەيدۇللانى تاپماققا
ئون بەش كۈن قارا بەدى،
لەڭپۇگوەن يېنىپ كەتتى.
جالالىدىنخان غوجام بىلەن
سەيدىنىسە خېنىم ئەمدى
مەمتىلىخان غوجام باشلىق،
مەسلاتنى تازا قىلدى.
ئەتىسى ئەتىگەن قوپاپ
مەمتىلىخان ئۆزى ئاتلاندى،
دوۋا پاششىيىمغا چىققاندا،
ئەبەيدۇللاخان غوجام ئەمدى
دوۋا پاششىيىم دېگەن يەدە
بىر يېرىم كۈن يېتىپ بولاپ
پۇشىنىڭ② تېغىغا قوزغالدى.

① زاۋا — قاراقاش ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسى.
② پۇشا — خوتەن ناھىيىسىنىڭ تاغلىق بىر جايى.

دېگەنغۇ زامانلاردا:
— مېنىڭ ئالدىمغا كەلگۈچە،
چەچەن سوقاپ ئۇلتۇساڭ
گۇنايىڭدىن ئۆتەدىم.
ئەبەيدۇللا غوجام ئېيتتى:
— ساڭا چەچەن سوقاپ
ئۇلتۇغىچە
پولاتتىن خەنجىرىم باردۇر،
پەرەڭدىن مىلتىقىم باردۇر،
ئېتىشىپ ئۆلەمەن لەڭپۇگۇەن،
چېپىشىپ ئۆلەمەن لەڭپۇگۇەن،
شۇنداققىنا دېگەندە:
— گەپنى بەك يوغان قىلدىڭ،
يوغان گەپ قىلما ئەبەيدۇللا.
سەككىز لەڭزە لەشكەر با،
قانداق توشايسەن ئەبەيدۇللا.
شۇنداققىنا دېگەندە:
— سەككىز لەڭزە لەشكەرگە
قىرىققىنا پاۋىنىم باردۇر.
سېنىڭ ھەممەڭگە توشايدۇ.
دېگەنغۇ زامانلاردا،
لەڭپۇگۇەن يېنىپ كەتتى.
ئەبەيدۇللاخان يېنىپ كەلدى.
لەڭپۇگۇەن دېگەن توڭگان
ئەتىسى چۈش ۋاقتى بىلەن
سېپىل ئالدىغا چىققانتى،
بىر لەڭزە ئەسكەر باشلاپ.
پوجويلوغ[①] مىرزاكېرىم كېلىپ،

— نەگە بارسىز لەڭپۇگۇەن،
ئاچچىغىڭىز غەزەپ كەپتۇ.
لەڭزى باشلاپ مېڭىپسىز،
شۇنداققىنا دېگەندە:
— قاراقاش دېگەن شەدىن
ئېگىز ئېرىققۇ كەنتلىك
جاللىدىنخانىنىڭ بالىسى
ئەدەتسىز سەتقىنا گەپ قىلدى.
يۈرەككە نەقىش باغلاشتى.
ئەدىۋىنى بىر بېرىپ كېلەي، -
شۇنداققىنا دېگەندە:
— ئابدان بولاپتۇ لەڭپۇگۇەن،
ئەبەيدۇللا دېگەن باللا،
ئۆزى كىچىك، نادان باللا،
ئۆزىنى تۇتالماي قىپ ساپتۇ
چەپ قولىڭىزغا تەڭ كەلمەس،
بۇگۇن كەچ بولاپ قاپتۇ،
ئەتە سەدە باساقچۇ؟
مەنمۇ باراي لەڭپۇگۇەن،
شۇنداققىنا دېگەندە،
لەڭپۇگۇەن يېنىپ كەتتى.
مىرزا كېرىم بەگ
ھوجرىسىغا كىرىپ،
بىر پارچە سالام يازدى:
«سالام سىزگە ئەبەيدۇللاخان،
سالامدىن كىن سۆزۈم شۇكى
سىز مۇشۇ گەپنى قىلغۇچە
تۆت ئېغىز ياخشى

① پوجوي — خوتەن ناھىيىسىدىكى جاي ئىسمى.

ئاتقان ئوقىدا ئۆلەمىز.
ئۇششاقلىرىمىز بولساق غوجام
ئات ئايىغىدا ئۆلەمىز، —
شۇنداققىنا دېگەندە:
— جېنىڭنى جايلا پەۋانلا، —
دېگەنغۇ زامانلاردا،
ئۈچيۈز پەۋاندىن
ئىككى يۈز ئاتمىشى
قوپاپ قاچتى.
قىرىق پەۋانلا قالدى.
— خان غوجام ئەبەيدۇللاخان،
ياتساق بىللە ياتىمىز،
قوپساق بىللە قوپىمىز،
سىنچاي بولسا تەڭ ئىچكەن،
سىمىز گۆش بولسا بىز يەيتتۇق.
جېنىمغىنا خان غوجام،
بىز بۇ يەدىن قېچىپ بېرىپ،
جاللىدىن غوجامنىڭ
تەرىگە قانداق قالامىز؟
سەيدىنىسە خېنىمنىڭ،
تەرىگە قانداق قالامىز؟
ئەبەيدۇللا نەدە قالدى،
دەپ سورىغىدەك بولسا،
نېمە دەپ جاۋاب بېرەمىز؟
جېنىمغىلا ئەبەيدۇللاخان
قاچساق بىللە قاچامىز،
قالسىلا بىللە قالامىز.
ئۆتقىما بىللە كىرەمىز،
سۇدىما بىللە ئاقامىز، — دەپ،
پەۋانلار يىغلىشىپ تۇدى.
— بۇگېپىڭلىگە مىڭ رەخمەت،
سەيدىنىسە ئانام باردۇر.
جاللىدىنخان دادام باردۇر،
مېنى تۇڭگانلار ئۆلتۈرسە

دەدى ئاغرىغىدا قالا.
ھەر بىرسىڭلىگە قالاپ
بالامنىڭ پەرۋانىسى دەپ
ياشىرامىكى پەۋانلار.
ھەققىڭدە دۇئا قىلسام،
قېچىپ كەتسەڭلە پەۋانلا،
شۇنداققىنا دېگەندە،
قىرىق پەۋان قاچتى.
ئەبەيدۇللا تەنها قالدى.
چۈش پېشىمغىچە ئېيتىشتى.
تۇڭگانلار بۆلۈنۈپ بېرىپ،
تاغ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ،
ئارىغا ئېلىپ تۇتۇۋالدى.
چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ،
داۋاننىڭ تىككە كەلگەندە:
— گەپنى بەك يوغان قىتتىڭ
جېنىمغىنا ئەبەيدۇللا،
ئات - ئۇلۇغام ھېرىپ قالدى.
قانداق قىلىمەن ئەبەيدۇللا.
شۇنداققىنا دېگەندە:
— ئات - ئۇلىغاڭ ھارغان بولسا
ئون چارەك ئالتۇن بىلەن
ئۆزەمنى نەزرە قوياي، -
شۇنداققىنا دەپ تۇردى.
بۇ گېپىنى تېڭشىماي
زاۋا كەنتىگە يېتىپ كەلدى،
ئەبەيدۇللاخان غوجام
ئېگىز ئېرىققا خەت يازدى:
ئۆتتۈز ئالتە غوجىلار
ھەممىسى گۆكىرىشىپ ماڭدى.
ئاتچۇيدا كەينىدىن يەتتى.
لەڭپۇگۇەننى توختاتتى:
— ئەبەيدۇللاخاننى ئۆلتۈرمىسەڭ

ئەتىسى مەمتىلىخان چىقتى
مەمتىلىخان غوجام چىقىپ،
پاششىيىمنىڭ شەيىخلىرىدىن:
«پۇشنىنىڭ تېغىغا قوزغالدى»
دېگەن خەۋەرنى ئالدى،
مەمتىلىخان يەنە ئات سالدى.
ئات ئاۋازىنى ئىشتىپ،
ئەبەيدۇللاخان يۈگۈرۈپ چىقتى،
هادۇقما سورىماي تۇرۇپ،
ئاتتىن چۈشۈرمەي تۇرۇپ،
هامىسلا دېمەي تۇرۇپ:
— جېنىمغىنا خان ئاتا،
خوتەندە نېمە گەپ -
سۆزۈم باردۇر،
ۋەقەنى بايان قىلسىلا، -
شۇنداققىنا دېگەندە؛
— خوتەندە نېمە گەپ -
سۆزۈڭ بولا،
سەيدىنىسەخان ئاناڭغا،
جالالىدىنخان داداڭغا
خوتەن بىر هارام بولدى.
خوتەنگە كىرمەي بولمايدۇ.
شۇنداققىنا دېگەندە:
— مەن خوتەنگە كىرمەيمە،
ئەگەر خوتەنگە كىرسەم
تۇڭگان دېگەن بىرەهىم،
ئاپىرىپلا ئۆلتۈرىۋاتامۇ،
يا قىيىنغا باسامۇ؟
سەيدىنىسە ئانامنىڭكى
دۇنياسى ئۆزىدىن ئاشۇر،
ئىككى هەرەمگە يول سالسۇن،
بەيتۇللادا كۆرەشكەيمىز.
كۆپتىن كۆپ سالام دېسىلە، —
دەپ،
مەمتىلىخاننى ياندۇردى.
مەمتىلىخان كىرىپ بولغۇچە،
يەنە تۇڭگانلىغا چاقا بادى.
«ئەبەيدۇللانى ئىستىسەڭ
پۇشنىنىڭ تېغىغا چىققىن».
لەڭپۇگوەن دېگەن تۇڭگان
لەڭزى باشلاپ ئەپ ماڭدى،
داۋان تىكە يەتكەندە،
ئەبەيدۇللاخان غوجام ئەمدى
قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرۇپ،
كۆزلىرى غەپلەتكە كەتتى.
غەپلىتىدە چۈش كۆردى:
ئوڭ تەرەپتىن
قارا بوران كەلدى.
سول تەرەپتىن
سېرىغ بوران كەلدى.
قاراڭغۇدا قېلىپ چۈشىدى.
ئەبەيدۇللاخان چۆچۈپ قوپتى.
— هاي پەۋانلار، ياش باللار،
مائىككۆيلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ،
داۋاننىڭ تىككە قاراڭلار،
مېنىڭ چۈشۈم بۇزۇلدى، —
شۇنداققىنا دېگەندە،
ئىككى پەۋان يۈگۈرۈپ بېرىپ،
داۋاننىڭ تىككە قالىسا
قۇم - تۇپراقتەك تۇڭگانلار،
داۋانغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ.
پەۋانلا قېچىپ بادى،
—خان غوجام ئەبەيدۇللاخان،
ئاسماندىكى يۇلدۇزنىڭ
ئەدىتىنى ئالغىلى بولا،
تۇڭگانلار ئەجەپ تولا،
بەيئەت قىلىلى خان غوجام،
چوڭلىرىمىز بولساق غوجام

ئەتىسى ئەتىگەن قوپاپ
توققۇز دانە پەۋانىغا
ئەبەيدۇللانى قوشۇپ ئاچىقىپ،
شە ئايلىنىپ ئەپ كىلىپ
گۈلباغ ئۆستەڭ ① بويىغا چىقتى:
— جىنىمغىنا تۇڭگانلا
مىنى ئىنتىۋاتقىلى قوپتۇڭلا،
بۇنىڭغا يوزمىڭ رازى،
مەتسالى مۇپتا خۇنۇم
مەشەدە بادۇ، تۇڭگانلا،
بىر قىچقىرىپ قويساڭلا.
تۆت ئىغىز گىپىم بەيدى.
شۇنداققىنا دىگەندە،
مەتسالى مۇپتاخۇنۇم
شۇ جايغا پەيدا بولدى:
— جىنىمغىنا ئاخۇنۇم
مەن قاراقاشتا چىغىمدا
ئوتتۇز ئالتە ئادىشىم باريدى،
مىيەگە بىرسى كەلمەپتۇ.
كۆپتىن كۆپ سالام دىسلە.
مەندىن ھەم رىزا بولسۇن،
مەنمۇ رازى ئاخۇنۇم.
سەيدىنىسە ئانىكام باتۇ،
جالالىدىنخان دادام باتۇ،
كۆپتىن كۆپ سالام دىسلە،
مەندىن بەك رىزا بولسۇن.
مەنما رازى ئاخۇنۇم.
ئىككىنچى سۆزۈم شۇكى،
مىنى ئىنتىۋىلىپ بولغاندا،
كاللامنى رۇسلاپ قويسلا.
قانلىغ تونۇمنى سالدۇرۇپ،
تونلىرىنى يىپىپ قويسلا.
دادام قاراقاشتىن كەلگەندە،
ئىنئام قىلا ئاخۇنۇم.
بىر كىچە ساقلاپ ئولتۇرسىلا
ئىتقا تاشلاپ بەمىسۇن،
خالىجايغا كۆممىسۇن.
قاراقاشقا باغاق بەسلە،
شۇنداققىنا دەپ تۇدى.
گەدىنىمدىن ئىشتىپ ئاپىرىپ،
ئات بازىرىدا ② ئولتۇرغۇزۇپ،
ئەۋەل بەش پاي ئوق قويدى.
بەش پەۋانىغا ئوق تەگدى.
ئىككىنچى بەش پاي ئوق قويدى،
تۆت دانە پەۋان بىلەن
ئەبەيدۇللاغا ئوق تەگدى.
گەجگىسىدىن ئوق تىگىپ،
ئوق كۆزىنى بۆسۇپ چىقتى،
مىڭىسى تامغا چاپلاشتى.
نەپەسنى تامام قىلدى.
مەتسالى مۇپتاخۇنۇم
ئەڭنايىغىنى تەتۇ كىيىپ،
مۇسىۋىتىدە ئولتۇدى.
مىرزا كىرىم بەگ تون كىرىپ
مۇسىۋىتىدە ئولتۇردى.
قاراقاشقا باغاق يازدى.
كىچە تۈنىڭ ھەسسىسى بىلەن
ھەممە غۇجىلا گۇكىرەپ بادى.
لەڭپۇگوەن دىگەن تۇڭگان:
— بىر نىمەڭ بارمۇ غۇجىلا،
ھەممەڭ گۇكىرىشىپ كەپسە.
شۇنداققىنا دىگەندە:
— بالامنىڭ بىشىنى يەپسىز،

① گۈلباغ ئۆستەڭ — خوتەن شەھەر ئىچىدىن ئاقىدىغان ئۆستەڭ.
② ئات بازىرى — خوتەن شەھىرىدىكى قەدىمىي كوچا نامى.

ئونبەش چارەك ئالتۇن① بەسەك
ئونبەش كۆن قارا بەسەڭ، -
شۇنداقىقىنا دېگەندە،
ئونبەش كۆن قارا بەدى.
ئون چارەك ئالتۇن ئەپ بادى،
ئون چارەك ئالتۇننى ئۆتكۈزۈپ،
سەيدىنىسە خېنىم ئەمدى:
— بالام قېشىغا يېرىم سائەت
سولاپ قويساڭلا تۇڭگانلا،
تۆت ئېغىز گېپىم بەيدى، -
دېگەنغۇ زامانلاردا،
ئەكىرىپ سولاپ قويدى.
ئىشىكتىن كىرىپ بولغۇچە
ئەبەيدۇللاخان غوجام يىغلاپ:
— ۋاي ئانىكا سەيدىنىسەخان،
سەن مېنى بالا دەپ تۇققۇچە
ئىت بىلەن ئېشەك تۇغساڭچۇ،
ئىت تۇغقان بولساڭ ئانا،
يالاقتا باغلاپ باقادىڭ،
ئېشەك تۇغقان بولساڭ ئانىكا
ئوتان توشۇپ ساتادىڭ.
مىس زەنجىرنى قىزىتىپ
بىلىمگە يۆگەپ قويدى.
مىس ئاياقنى قىزىتىپ
چوقامغا تېڭىپ قويدى.
مېنىڭ جېنىم قاقشىپ كەتتى، -
دېگەنغۇ زامانلاردا:
— جېنىمغىنا ئەبەيدۇللاخان،
يۈرىكەمنى قاقشاتماڭ،
يۈرىكىم سېسىپ كەتتى.
ئون چارەك ئالتۇن بەدۈك
بەش چارەككە ئالتۇن يوق.

قانداق قىلاي ئەبەيدۇللاخان.
شۇنداقىقىنا دېگەندە:
— بەش چارەككىنا ئالتۇنغا
ئاش ئېچىتقان ئاياق -
قوشۇقۇڭ بولسىما
سېتىپ تۆلەپ بەرگىن ئانىكا.
مەن قاراقاشقا باغاندا،
كۆنلۈككە ئىشلەپ ئېلىپ بەسەم.
شۇنداقىقىنا دېگەندە:
— جېنىمغىنا تۇڭگانلا
يەنە بەش كۆنلۈك قارا بە،
ئەبەيدۇللانى قىينىما،
بەش كۆنلۈك قارا بەدى.
بەش چارەك ئالتۇننى بەدى،
بەش چارەككىنا ئالتۇندىن
ئىككى يېرىم سە كامىلىدى.
ئۈچ كۆنلۈك قارا تىلىدى،
ئۈچ كۆن قارا توشقىچە،
بىر يېرىم كۆن بولغاندا،
ئىككى تۇڭگان مەسلات قىلدى:
— ئېيتىۋاتىلى ئەبەيدۇللانى،
ئېيتىۋاتمىساق ئەبەيدۇللانى
قولاقنى تىندۇرمايدۇ،
ئالتۇننى ئالماي قويمايدۇ، -
شۇنداقىقىنا دېگەندە:
لەڭپۇگوەنگە خوش كەلدى.
— ئاتقىلى ھۆكۈم كەسكەن
توققۇز دانە پەۋان با،
ئەتە ئەتىگەن ئاتماقچى،
ئەبەيدۇللانى قېتىپ ئاچىقىپ
ئېتىۋاتىلى، — دېگەن چاغدا.

① 1936 - يىلى بىر چارەك ئالتۇن 20 سەرگە باراۋەر قىلىپ ھېسابلىناتتى. لەڭپۇگوەنگە تۆلەنگەن 15 چارەك ئالتۇن تەخمىنەن 300 سەر ئالتۇن قىممىتىگە باراۋەر.

# سادىق تۇيتەللە ①

يۈز يىللار بۇرۇن باشاقچى② دېگەن بۇ يۇرتقا سادىق باي دېگەن بىر كىشى بەگ ئىكەن. ھېچكىمگە گەپ بەرمەيدىغان پوچى، مەنمەنچى، قارا يۈرەك بۇ ئادەم ھەر پەيشەنبە كۈنى ئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكى ئۈستىدە ئالۋان - سېلىق يىغىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۆۋرۈك ئەتراپى پەيشەنبە بازارغا ئايلىنىپتۇ.

قۇۋان راۋاب ئىسىملىك بىر قويچى زاۋال ۋاقتى بىلەن سادىق بەگنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن راۋاب چېلىپ ناخشا ئېيتىپ ئۆتۈپتۇ. سادىق بەگ قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇنى چاقىرتىپ:

— بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىن بىھايالىق بىلەن ئۆتۈشكە نېمە ھەددىڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ ۋە غالچىلىرىنى ئۇنى ئۇرۇپ - دۇمبالاشقا كۈشكۈرتۈپتۇ. قۇۋان راۋاب بۇ خورلۇققا ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ ئۇنسىز نالە - پەريادلىرىغا چىدىماي راۋابىنى چېلىپ مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ:

باشاقچى كۆۋرۈكى
پەيشەنبە بازاردۇر.
سادىق تۇيتەللە
جانىنى ئالادۇر.
ئالاباش سەگلىرى
ئادەم تالادۇر.
ئىدرىس باقى ھاجى
باشقا بالادۇر.
ئەمەت بەگ دېگەن

كۆڭلى قارادۇر.
قولىدا قامچا،
قاپاق يارادۇر.
سارەم خېنىمنىڭ
قاشى قارادۇر.
كۆتەكتەك ئولتۇرۇپ،
دۇتتا چالادۇر،
ئايشەم ھەم تاجەك،
ئۇسسۇل سالادۇر.

---

① تۇيتەللە — لەقەم.
② باشاقچى — قاراقاش ناھىيىسىدىكى بىر مەھەللىنىڭ نامى. ئەسكەرتىش: باشاقچى ۋە يېقىن كەنت - مەھەللىلەردە ياشىغان باي، ئەمەلدارلارنىڭ ئىسمى بۇ داستاندا ئەينەن تىلغا ئېلىنغان.

جەسىدىنى بەرمەمسىز؟
دېگەنغۇ زامانلاردا:
— ئىككى يېرىم سە ئالتۇنۇم
گەدىنىڭدە قالغان غۇجىلا.
سەن ئالتۇننى بەگەندە،
ئان جەسىدىنى بېرەمىز،
ئىگەر ئالتۇننى بەمىسەڭ
خالىجايىغا كۆمەمىز، -
شۇنداققىنا دېگەندە،
بىر چارەك كۇمۇش بەدى،
ئەبەيدۇللانى ئەپ كەلدى.
زاۋا كەنتىگە چىققاندا،
سەيدىنىسە خېنىم ئەمدى
كېسەل بولاپ ياتقانىكەن،
قېشىغا خەۋە كىردى:
— ئەبەيدۇللانى ئەكەلدۇك،
شۇنداققىنا دېگەندە
ئورنىدىن يىقىلىپ قوپاپ،
داۋزى ئالدىغا چىقسا،
جىيغىنى كۆگەن چېغىدا
ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشتى.
ھۇشىغا كەلگىنىدە،
جىيغىنىڭ قېشىغا كېلىپ،
يۈزنى ئۆرۈپ قالىسا

قىزىل قاندا بويىلاغلىق،
ئوڭ كۆزلىرى ئويىلاغلىق،
ياتقىنىنى كۆرۈپ ئەمدى
يەنە ئايلىنىپ چۈشتى.
ھۇشىغا كېلىپ ئەمدى
قارا بوراندەك ياش تۆكتى:

ئىمامى ئەپتەر ھەيۋەتلىك،
كۆلچەك سۇيى شەرۋەتلىك.
مىرادىگە يەتمىگەن
ئەبەيدۇللا رەمەتلىك.

دەريا سۇيىنى كەچتۇك،
كۇلا كۆۋرۈكنى① كەستۇك.
تۇڭگان قولىغا چۈشكەندە،
قىزىل قېنىڭنى چاچتى.
ئاتا - ئانىسىدىن كەتكەن
ئا بالام! ئا بالام.

ئاق قۇچقاچ ئارىسىدا
قارا قۇچقاچقا ئوق تەگدى.
ئېگىز ئېرىق ئارىسىدىن
ئەبەيدۇللاغا كۆز تەگدى.

ئاق قۇچقاچ قارا قۇچقاچ
چا بۇغدايغىمۇ تويدۇڭمۇ؟
سەيدىنىسەخان ئاناڭنى
دەت ئوتىدا قويدۇڭمۇ؟
ئا بالام!

ئېيتىپ بەرگۈچى: **ئابلىمىت قارىم**
نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇللا مەجنۇن**

① كۇلا كۆۋرۈك — يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ھازىرقى قاشتېشى (ئىلگىرىكى نامى قاراڭغۇ تاغ) يېزىسى تەۋەلىكىدە، 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ياسالغان ئاسما كۆۋرۈك.

نەپسىڭ تويمايدۇ
خۇددى لەھەڭدەك.
مال - دۇنيا ئۇچۇن
جان ساتقان بېگىم.
تويماس قارنىڭنى
خۇدايىم تويغۇزار.
*
جامائەت كۆرسە
موللامچى بېگىم.
زاغرىغا خوشى يوق
تومنانچى بېگىم.
قومۇشلۇق مازارغا
كۆمەپ قويغۇزار.

قۇۋان راۋاب شۇنداق قوشاق ئوقۇپ يۈرگەن مەزگىللەردە، سادىق بەگ ئۈزىنى چوڭ تۇتۇپ ئامباللى كەمسىتىدىغان گەپلەرنى قىلغانلىقتىن ئامبال ئۇنى زىندانغا سولاپتۇ. بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلىغان قۇۋان راۋاب باشاقچى كۆۋرۈكىدە سادىق بەگنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ مۇنداق قوشاق ئوقۇپتۇ:

ئامبال پالىدى
سادىق داداڭنى.
مىنگەچ كەلمەپسەن
قارا ماداڭنى.
بېشىڭغا تىكلىدۇك
بولجا - خاداڭنى.
خۇدايىم بەردى
سېنىڭ جاجاڭنى.

سادىق بەگنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى موللايى خاتىپ بۇ مەسخىرىنى ئاڭلاپ، ئىچى پۇشۇپ ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي ئاخىرى «مورا تۇۋىدىن، نوگاي بېغىدىن» ئورۇن ئاپتۇ. موللايى خاتىپنىڭ بۇ رەسۋالىقى جامائەت ئارىسىغا پۇر كېتىپتۇ. قۇۋان راۋاب جامائەتنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇپ مۇنداق قوشاق توقۇپتۇ:

سادىق تۈيتەللە
ياتتى يامۇلدا.
موللايى خاتىپ
قالدى ئارغۇلدا[1].
شۇ زامانلاردا
موللايى خاتىپ،

[1] ئارغۇل (ئاراغول) — باشاقچى كەنتىگە قوشنا مەھەللە نامى.

دىدەكلەر ئۆنى
ئوراپ ئالادۇر.
ئويۇن مەشرەپلەر
كۈندە بولادۇر.
خەقنىڭ كىيىشى
جەندە كۆلادۇر.
سادىق تۇيتەللە
ھەممىنىڭ چوڭى.
ئالۋان - سەيسى دەپ،
بېسلماس ئۈنى.
يۇلۇپ تۈگىدى
قولتۇقنىڭ يۇڭى.
ۋاسالغۇ، گۇلە،
شاپتۇلنىڭ توڭى.
بەش بالاڭ چىقىپ
موللاققا تۇردى.
ئاتنى مىنىشىڭ
جالالىدىن خاندەك.
قارچىغا ئوينىشىڭ
غوجىۋېللا خاندەك.
ئۆستەڭ بويىدا
يۇسۇن مىراپتەك.
كۆۋرۈك بېشىدا
مەمتىلخاندەك.
كىيىش كىيىشىڭ
شەمشىت كۇكەيدەك.
سىپەچ يۆگىشىڭ
قازى كالاندەك.
يوغان گەپ قىلىشىڭ
رەخىم دۇكاندەك.
ئاتتا ئولتۇرۇشۇڭ
راخمان پوكاندەك.
پەداز قىلىشىڭ
خېنىم چوكاندەك.
ياغلىق باغلىشىڭ
ناسىر چىغچىدەك.
چاپان كىيىشىڭ
ئاسىم دوغىدەك.
تامبال كىيىشىڭ
ھاشىم يورغىدەك.
تەلپەك كىيىشىڭ
تۇردى ھاجىدەك.
ھاسا تۇتىشىڭ
ھەسەن قازىدەك.
يولدا مېڭىشىڭ
قاسىم گاچىدەك.
قوسقىڭ تاغار،
پۇتۇڭ ئاچىدەك.
سالام قىلىشىڭ
ئۆرە خادىدەك.
قارنىڭ تويمايدۇ،
قېرى كالىدەك.
قىلغان قىلىقىڭ
كىچىك بالىدەك.

پوتا باغلىشىڭ
تۇرسۇن يايىدەك،
بويۇن تولغىشىڭ
خېنىم سەتەڭدەك.

# شېرىپ بوجاڭ

【تۈزگۈچىدىن】 تارىختىن ھېكايەت قىلغۇچىلار مۇنداق بايان قىلىدۇ: ھىجرىيە 1360 - يىللىرى ھازىرقى چىرا ناھىيىسى بوستان (ئىماملا) يېزىسىنىڭ ئۇن پولو[1] دېگەن يېرىدىكى نۇرى ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق بىر زات يۇرتقا بەگ ئىدى. سىيلە - رەھىم، ساخاۋەتتە پۈتۈن كوراپ دەريا ساھىلىدا بىگانە ئىدى. پېقىر، پۇقرا، يېتىم - يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلايتتى. ھۆكۈمەت نامىدىن يۇرتنى ئەدلى بىلەن سوراپ، ئەلنى ئامان قىلىشقا تىرىشاتتى. شۇ ۋەجىدىن نۇرى بەگ ئۇن پولودا پۇقرالارنىڭ ئىشەنچ - ھۆرمىتىگە ئىگە ئىدى. ئەمما ھەر نەرسىنىڭ كۆشەندىسى بولغىنىدەك، نۇرى بەگنىڭ شۆھرىتىگە ھەسەت قىلىپ، ئۇنىڭ ماڭار يولىغا خۇپىيانە ئورا كولايدىغانلاردىن — ئۆزىنى «ئۇن پولونىڭ دىنى ئۆلىماسى» دەۋالغان سەيداجى دېگەن كىشى ھەم ئۇنىڭ چاپىنىدا تەرلەپ كۈن ئالىدىغان مەھەممەت بۇقا، نىياز غاز، قايىم بوجاڭ دېگەنلەرمۇ بار ئىدى. سەيداجى، نۇرى بەگنىڭ ئەمىلىنى قولغا ئېلىشنىڭ باھانىسىدا نىياز غاز، قايىم بوجاڭ، مەھەممەت بۇقىلار بىلەن بارغانلا يەردە پىتنە - پاسات ئۇرۇقىنى تېرىپ، قەست پىلانلاپ، پۇرسەت كۈتۈپ كېلەتتى. «ئېچىشقان يەرگە قىزىلمۇچ بىلىس» دېگەندەك، چىرا يامۇلى ھىجرىيە 1367 - يىلى (مىلادىيە 1946 - يىل 9 - ئاي) نۇرى بەگنىڭ شېرىپ ئىسىملىك ئوغلىنى مۇئاۋىن بەگلىك ئەمىلىگە تەيىنلەپ يارلىق چۈشۈردى. بۇ ئىش بەگلىك تامىسىدا ئىچى ئۆرتەپ، بىتاقەتلىك تۈگمىنىدە ئېزىلىپ ئۇن بولۇۋاتقان سەيداجىغا قاتتىق ئەلەم بولدى.

شېرىپ بوجاڭ چىرىدىكى مەكتەپ، مەدرىسلەردە بىر نەچچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان، دادىسىغا ئوخشاش خەلقپەرۋەر، ئادالەتنى ياقلايدىغان، پۇقرانىڭ قايىشى يىگىت ئىدى. ئۇ بەگلىككە تەيىنلەنگەن يىللىرى چىرا يامۇلى ئامبال تەۋەلىكىدىكى پۇقرالارغا مال - چارۋا بېجى، دېھقان بېجى تاپشۇرۇش؛ ئۇن پولو تەۋەسىدىكىلەر تۈياق بېجى، دېھقان بېجى ھېسابىغا 30 سەر ئالتۇن تاپشۇرۇش، بۇ ھەر بىر ئائىلىنىڭ كۆكەرتكەن يېرى بىلەن باققان چارۋىسىغا قاراپ يىغىۋېلىنىدۇ، دېگەن مەزمۇندا پەرمان چۈشۈردى. بۇ ھالدا يېرى، چارۋىسى كۆپ بولغان

① ئۇن پولو — ئەينى چاغلاردىكى چىرا ناھىيىسىنىڭ ئىماملا، كېرىيە ناھىيىسىنىڭ ئاتچان، پولو يېزىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سەللىنى تاشلاپ
نەشىنى تارتىپ،
تۆگمەنگە باراي دەپ،
باشلىرى قاتىپ،
شۇنداق تۇرغاندا
ئېشىكى قېچىپ كېتىپ،
ئېشەكنى تاپالماي،
توقامغا ئارتىپ،
تۆگمەنگە بارغىچە،
قىلدى كېچەشنى،
تۆگمەنگە بېرىپ
سالدى كۆمەچنى
كۆمەچنى يەپ بولۇپ،
ئۇسۇرۇپتۇ بەشنى.
موللا دىمەيمىز،
سەندەك كېكەچنى.
يۆگمەس ئەمدى
يوغان سىپەچنى،
قونچاڭغا كەپلىدۇق
چىڭداپ بۇگەچنى.

ئېيتىپ بەرگۈچى: قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا باشاقچى كەنتىدىن
مۇھەممەت توخا
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەمتىمىن قۇربان

شېرىپ بوجاڭنىڭ كۆزدەك چاغلىرىدا مەھەللىدە بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ئىسلامخان دېگەن بىر يارى بار ئىدى. تولىمۇ لېۋەن. چېھرى نۇرلۇق بۇ قىزغا شېرىپ بوجاڭنىڭ ئۇزاقتىن بېرى مەيلى بار ئىدى. گاھى چاغلاردا ئاندا - مۇندا كۆرۈشۈپمۇ تۇراتتى. ئەگەر تەڭرى رىسقىنى قوشسا، ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرەتلىك ئەر - خوتۇن بولۇش ئىستىكى كۈچلۈك ئىدى.

مەككار سەيداجىلار ئۆزىنىڭ رەزىل قەستىنى مۇشۇ پاك مۇھەببەت گۈلىنى چەيلەشتىن باشلىماقچى بولىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن ئىسلامخاننىڭ دادىسى چۇرۇق ئاكىنى قورقىتىپ ھەم پۇل بىلەن ئالداپ، قىزىنىڭ رازىلىقىنى ئالمايلا ئۇنى نىياز غازغا مەجبۇرىي نىكاھلاپ ئالدىراش تويىنى قىلىدۇ. سەيداجىلار بۇ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئۆزلىرى رازى بولمىغان بۇ تويدىن كېيىن، ھامان بىر كۈنى خۇپىيانە كۆرۈشىدىغانلىقىنى پەملەپ، تەرەپ - تەرەپكە مارىلاشقا ئادەم قويىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدەك مەلۇم بىر كۈنى شېرىپ بوجاڭ ئىسلامخان ۋەدە قىلغان ئورۇنغا بارىدۇ. ئاشىقلار ۋىسال تېپىپ ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي خېلى ۋاقىت بىرگە تۇرۇپ قالىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا نىياز غاز غېرىپ چىكىش قاتارلىق چوماقچىلارنى باشلاپ كېلىپ، شېرىپ بوجاڭنى «خوتۇنۇمنى ئازدۇردۇڭ» دېگەن باھانە بىلەن قاتتىق دۇمبالايدۇ. ئۇرۇشتىن مەقسەت قەتلى قىلىش بولغاچقا، تاكى جېنى چىققۇچە ئۇرىدۇ. ئۇن پولونىڭ قاياشى، نۇرى بەگنىڭ گۆھرى، نامراتلارنىڭ غەمگۇزارى شېرىپ بوجاڭ بۇ باقىي ئالەمدىن ئەنە شۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا 23 يېشىدا ئۆزايدۇ. ئۇنىڭ مۇسىبىتىگە ئۇن پولولۇقنىڭ يەتتە ياشتىن، يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى قاتنىشىدۇ. نامرات - مىسكىنلارنىڭ نالىسى، مەرسىيە قوشاقلىرى گۈلدۈرمامىدەك ئۇن پولو ئاسمىنىنى بىر ئالىدۇ. ھازازۇل سەيداجى بوجاڭلىق جېدىلى بىلەن شېرىپ بوجاڭنىڭ ياش ھاياتىنى نابۇت قىلىپ، خەلقنىڭ لەنىتىگە قالىدۇ.

تۆۋەندىكىلەر شېرىپ بوجاڭنىڭ ئانىسى سۇلتانخان، ئاتىسى نۇرى بەگ ۋە ئۇنىڭ يار - بۇرادەرلىرى، شېرىپ بوجاڭدىن ياخشىلىق كۆرگەن مىڭلىغان كىشىلەر توقۇغان قوشاقلار بولۇپ، ھازىرمۇ چىرا، كېرىيە تاغلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ راۋابلىرىنىڭ ناۋاسى بىلەن يادلىنىپ تۇرماقتا.

بۇ داستان تاغ راۋابى بىلەن ئوقۇلىدىغان مۇكەممەل مۇزىكىلىق قورۇلمىغا ئىگە.

يىغلاشماڭلار پولولۇقلار،
يىغلاشماڭلار سۇلتان خانلار.
يىغلاشماڭلار نۇرى بەگلەر،
شېرىپجانغا شۇم كۆز تەگدى.

شېرىپجانغا شۇم كۆز تەگدى،
يۈرىكىگە ئاھ مۇز تەگدى.
ئۇن پولونىڭ تاغلىرىنى،
مۇسىبەت بىلەن ئەلەم ئەگدى.

سەيداجى، مەھەممەت بۇقا قاتارلىقلارغا سىلىق كۆپ تەقسىم بولاتتى. شۇل ۋەجىدىن سەيداجىلار، نۇرى بەگ بىلەن شېرىپ بوجاڭغا: «ئون پولوغا تەقسىم بولىغان ئالتۇن سىلىقنى پۇقرالارنى كاندا ئالتۇن كولاشقا سېلىپ، چىققان ئالتۇنلاردىن تۆلىسەك» دېگەن تەكلىپنى بېرىدۇ. لېكىن شېرىپ بوجاڭ: «يامۇل سىلىقنى ئېگىلىگەن بېرىگە، چارۋا سانىغا قاراپ چۈشۈرگەن، ھەر كىم ئۆزىگە تەگمىشىنى تاپشۇرىدۇ» دەپ قەتئىي رەت قىلىدۇ. بۇ ئىشتىن سەيداجى ۋە ئۇنىڭ ھەمشىرىلىرى قاتتىق خاپا بولۇپ، بۇ ئاتا - بالىغا بولغان خىيانەت، قەستلىك ھەرىكەتلىرىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدۇ. ئەمما ئون پولو پۇقرالىرى ئۇنىڭ قىلغان ساخاۋەتلىك ئىشلىرىغا يارىشا قوشاقلارنى توقۇپ راۋابقا قاتىدۇ.

بۇ ئىشلار ئۆتۈپ، يەنە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن چىرا ئامبال يامۇلى: «ئون پولودىن چەرچەن بولى ھاشىرىغا ئون ئادەم، ئون توپاق، ئون تۆگە بىلەن بىر بوجاڭ بىرگە ماڭسۇن» دېگەن مەزمۇندا يارلىق چۈشۈرىدۇ. ئەمما بۇ ھاشار - سېلىقدىمۇ بېخىلىقتا ئۆتۈپ كەتكەن ئاچكۆز سەيداجى ۋە ئۇنىڭ ھەمتاۋاقلىرى: «ھاشارغا يۇرتتىن ئون جۇنداقنى توپاقلىرى بىلەن بولغا سالايلى، ئون تۆگىنىڭ ئىشى بىر گەپ بولار» دەپ يەنىلا ئېغىرچىلىقنى نامراتلارغا ئىتتىرىپ تۇرۇۋالىدۇ. لېكىن، شېرىپ بوجاڭ يۇرت چوڭلىرىنىڭ كېڭىشىدە ئۇلارنىڭ ئۆكتەملىكىنى؛ «نامراتلارنىڭ توپاق، تۆگىسى تورماق بىپىنچىسى بىلەن سىلىنجىسىمۇ يوق. ئوزۇقمۇ يېتىشمەيدۇ، بۇ يۇرتتا ئون چوڭ باي بار. شۇڭا بۇ يەرنى ‹ئون پولو› دېيدۇ، ھاشارغا بارىدىغان ئون ئادەم، ئون توپاق، ئون تۆگىنى مۇشۇ ئون باي چىقىرىدۇ. بۇ، ئادالەتنىڭ ھۆكۈمى، بارىدىغان بوجاڭنىڭ ئورنىغا مانا مەن بار» دەپ كەسكىن رەت قىلىدۇ. سەيداجىلار دەماللىققا ھېچ نەرسە دېيەلمەي كۆڭلىدە غوم ساقلايدۇ. شېرىپ بوجاڭ بايلاردىن تەلەپ قىلىنغان ئادەم، چارۋىنى ئېلىپ چەرچەنگە بېرىپ بول ياساش ھاشىرىنى تاماملاپ ئىككى ئايدىن كېيىن بىللە ئاپارغان ئادەم، چارۋىلارنى ساق - سالامەت قايتۇرۇپ كېلىدۇ.

ھىجرىيە 1368 - يىللىرى (1947 - يىلىنىڭ ئاخىرى) چىرا ئامبال يامۇلى شېرىپ بوجاڭنىڭ يۇرت سوراشتىكى ئادىللىقى، جان پىدالىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنى ئون پولونىڭ بەگلىكىگە (دادىسىنىڭ ئورنىغا) تەيىنلەپ پەرمان چۈشۈرىدۇ. يامۇلدىن چىققان چېرىكلەر بۇ پەرماننى نۇرى بەگ بىلەن كۆرۈشمەيلا قايىم بوجاڭغا بېرىپ قويۇپ، چېرىغا قايتىدۇ. قايىم بوجاڭ ھايال قىلماي بۇ خەۋەرنى سەيداجىغا يەتكۈزىدۇ. ئۇلار ھەممە ئۇلپەتلىرىنى يىغىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئادالەتسىزلىك دەپ قارىغان بۇ پەرمان ھەققىدە كېچە - كۈندۈزلەپ كېڭەش قىلىدۇ. سەيداجىلار ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بېگى پەرماننى ۋاقتىنچە يوشۇرۇپ قويۇپ شېرىپ بوجاڭنى مەخپىي ئۆلتۈرۈش، ئاندىن يۇرتقا ئېلان قىلىش ھەققىدە كېلىشىدۇ.

بايلار ئېيتتى: سېلىقلارنى،
يۇقرالارغا سالايلى، — دەپ.
گادايلارنىڭ باللىرىنى،
ھاشارچىغا ئالايلى، — دەپ.

شېرىپ بوجاڭ ياقتۇرمىدى،
بايلاردىكى ئۆكتەملىكنى.
— مال بېشىغا، يەر سانىغا، —
دېدى، — چاپايلى سېلىقنى.

پولو تاغدا ئەلمىساقتىن،
كۆرۈلمىگەن بىر ئىش بولدى.
بۇ سېلىقنى يەر سانىغا،
مال بېشىغا چېچىش بولدى.

بايلار بەردى ئىلاجىسىز،
باشقا كەلگەن ئادەم، مالنى.
خەلق بولدى راسا خۇشال،
كۆرۈپ يېڭى بۇ ئەھۋالنى.

سەيداجىدەك بەگ - بايلارغا،
بۇ ئىش بەكمۇ ئەلەم بولدى.
كېچىلىرى ئۇيقۇسى يوق،
ئالەملىرى مالەم بولدى.

شېرىپ بوجاڭ ئون ھاشانى،
ئېپ چەرچەندىن يېنىپ كەلدى.
يۇرت ئەھلىگە سالام بېرىپ،
ناخشىنى ئېيتىپ كەلدى.

شۇنداققىنا تۇرغان چاغدا،
چىرا يامۇلدىن چىققتى يارلىق.
تىقىشۇالدى ئۇل يارلىقنى،
سەيداجى قىپ ئىچى تارلىق.

ئۇل يارلىقتا: شېرىپ بوجاڭ،
كۆتۈرۈلگەن بەگلىككە، دەپ.
ئون پولونى باشقۇرىدۇ،
باش بولىدۇ ئەللىككە، دەپ.

سەيداجى ئۆز ئەتراپىغا،
جۇغلىدى بەش چوماقچىنى.
(قويدى ئۆينىڭ چۆرىسىگە،
ئىككى لالما قولاقچىنى).

دېدى: شېرىپ بەگ بولۇپ قالسا،
بۇزۇلىدۇ ئىش - كۇشىمىز.
يوقاتمىساق كۆزدىن ئۇنى،
ئامان قالماس بۇ بېشىمىز.

ئەنە شۇنداق پىشلىشىۋېلىپ،
مەخپىي قولىنى سالماق بولدى.
سۇيقەست بىلەن شېرىپجاننىڭ،
ياش جېنىنى ئالماق بولدى.

يۇماس تاغنىڭ قاپتىلىدا،
يامغۇر - يېشىن تۇمانى بار.
سىم-سىم يامغۇر دەپ قالماڭلار،
جىلغا - جىلغا قىيانى بار.

تۇمان باستى كۆك ئاسماننى،
مەڭرەپ ماڭدى قوي پادىلار.
شېرىپجاندەك گاڭگۈك يىگىت،
ئەمدى نەدىنمۇ تېپىلار؟

يۇرت ئەھلىگە باش بولدى،
زالىملارغا ئۇ تاش بولدى.
نامراتلارنى ئەتىۋارلاپ،
غېرىبلارغا ئاداش بولدى.

پۇماس تاغنىڭ① تۇماندىن،
ئەيرەنلىقنى كۆرگىلى بولماس.
شېرىپ بوجاڭدەك چىرايلىقنى،
ئەمدى يەنە كۆرگىلى بولماس.

باش ئەگمەيتتى بەگ - بايلارغا،
يۆلەك ئىدى گادايلارغا.
ئۇنىڭ باسقان ھەر بىر ئىزى،
تىلىمىزدا داستان ئەردى.

پوماس تاغنى تۇمان باستى،
باش‌يار سۇيىنى چىم-قۇم‌باستى.
شېرىپ بوجاڭ ئۆلۈپ كېتىپ،
ئون پولونى غەم - غۇم باستى.

نېنى يوققا نانلار بېرىپ،
مېلى يوققا ماللار بېرىپ،
داستىخاننى كەڭرى سېلىپ،
شۆھرەتلەرنى تاپقان ئەردى.

شېرىپ ئاخۇن بوجاڭ بولۇپ،
سورىغانىدى ئون پولونى.
يېتىم - يېسىر نامراتلارنى،
دىلدىن مېھمان قىلغان ئەردى.

بەكمۇ ئۇزۇن چەرچەن يولى،
قۇملۇق ئىمىش ئوڭ ۋە سولى.
ئاشۇ يولدىن باشلاندىغۇ،
بۇ يەردىكى ئىشنىڭ غولى.

شېرىپ بوجاڭ بولغان چاغدا،
ئون سەككىزگە كىرگەن ئەردى.
نامرات قويچى دېھقانلارغا،
كۆيۈنۈپ قولىدا بارنى بەردى.

ئون پولوغا ئالۋاڭ كەلدى،
«چەرچەن يولىغا ھاشارغا» دەپ.
«تۇلۇك بىلەن ھاشاچى تېز،
يەتكۈزۈلسۇن پاشاغا» دەپ.

دەريادىكى سۇزۇك سۇلار،
ئاقتى ئۇرۇلۇپ ئىككى قېشىغا.
كىچىك تۇرۇپ شېرىپجاننىڭ،
بەگلىك قۇشى قوندى بېشىغا.

شېرىپ بوجاڭ يۇرت ئەھلىنى
يىغدى، كاتتا كېڭەش بولدى.
بۇ سېلىقنى قانداق چېچىش —
توغرىسىدا تالاش بولدى.

---

① جاي ئىسمى.

قاچقۇنچىدا① باققان قوينى،
پۇماس تاغقا يۆلەيلىمۇ؟
شىرىپ بوجاڭ ماڭغان يولدىن،
گۈللەر تېرىپ يىغلايلىمۇ؟

ئۆگزىدە «بۇق - بۇق» دەيدۇ،
شىرىپ بوجاڭنىڭ دەمدىرى.
ئوغلىنى زىكرى قىلادۇ،
نۇرى بېگىم پەدىرى.

شىرىپ بوجاڭ ئات مىنەتتى،
ئىزاڭگۈنى قېقىپ - قېقىپ.
سۇلتانخاننىڭ كۆز ياشلىرى،
دەريا بولدى ئېقىپ - ئېقىپ.

ئەل يىغلاشتى ھۆي تاتىشىپ،
يار كوچىسىنىڭ ئىككى يېقىدا.
ئىسلامخانمۇ زار يىغلىدى،
مەكتەپخانىنىڭ بولجالىقىدا.

شىرىپ بوجاڭ ئون پولودا،
يىگىتلەرنىڭ گۈلى ئىدى.
ھايات چاغدا ھەممىشە ئۇ،
غېرىبلارنىڭ پۇت - قولى ئىدى.

شىرىپ بوجاڭ ئۆي سالغان،
ئۈچ تېمىغا گۈل سالغان.
بىر تېمى قالغان چاغدا،
ئاخىرەتكە يول ئالغان.

ئەل يىغلىسا تەڭ يىغلاپ،
ئەل كۈلگەندە تەڭ كۈلگەن.
ئاشۇ ئەل قاياشىنىڭ،
ئۆلۈشىنى كىم بىلگەن؟

شىرىپ بوجاڭ ياش ئەردى،
ئون پولوغا باش ئەردى.
مۇتىھەملەرگە قەھرى زىخ،
ياۋاشقا ياۋاش ئەردى.

پوماس تاغنىڭ چوققىسىدىن،
نۇرلۇق قاشتاش چۇشۇپ كەتتى.
قارا نىيەتنىڭ قەستىدىن،
شىرىپ بوجاڭ ئۆلۈپ كەتتى.

سىنچاي چىنىدە مۇز بارمۇ؟
ھېجىر چىنىدە تۇز بارمۇ؟
يەتتە تاغنىڭ ئىچىدە،
شىرىپجاندەك ئۇز بارمۇ؟

شىرىپ بوجاڭ يۇمدى كۆز،
قىلالمىدى ئېغىز سۆز.
قالدى قايغۇ - ھەسرەتتە،
تاغۇ - دەريا، دالا - تۈز.

شىرىپ بوجاڭ ئېتىڭ قالدى،
يېزىپ قويغان خېتىڭ قالدى.
ئاتا - ئاناڭ بولدى بېھوش،
ئۆي بىساتىڭ كىمگە قالدى؟

① جاي ئىسمى.

پۇماس تاغنىڭ تۇمانىنى،
ھەيدىگىلى شامال يوقمۇ؟
شېرىپجانغا بۇ خەۋەرنى،
يەتكۈزگىلى ئامال يوقمۇ؟

قۇربان ھېيتنىڭ ناماز كۈنى،
شېرىپ بوجاڭ مېيىپ بولدى.
يەكشەنبە كەچ تاياق تېگىپ،
دۈشەنبە تاڭ شېھىت بولدى.

باشتىن كەلدى شېرىپ بوجاڭ،
ئاق بوز ئاتتا چېپىپ ئويناپ.
سەيداجىنىڭ يانداغلىرى،
تۈردى مەخپىي ئۇنى پايلاپ.

شېرىپ بوجاڭ تاغ بويلايتتى،
ئاسماندىكى قارا قۇشتەك.
جىم بولۇپمۇ مىنە قالدى،
ئۆچەككە كىرگەن بوز قۇشتەك.

ئوچىقاڭغا مانا پاتامدۇ،
يارماي سالغان بۇ كۆتىچەك؟
غېرىب چىكاشقا بەلگە بەردى،
قايىم بوجاڭ بوز تېكىچەك.

چۈشتىن ئۆتۈپ بولدى پېشىن،
سۇ سەكرەيدۇ تاشمۇ تاشتىن.
ئايرىلدۇق بىز يامان چاغدا،
شېرىپ بوجاڭ قېرىنداشتىن.

قاتار - قاتار جىرىم سالسا،
ئوتتۇرىسىدا قېرىم بولدى.
ناۋايخانىنىڭ ئالدىدىلا،
قىيامەتلەر قايىم بولدى.

بۇ شۇم خەۋەر ئۇچۇپ - ئۇچۇپ،
كەتتى يېراق - يېراقلارغا.
ئەل - جامائەت قارلىق تۇتۇپ،
قوشۇۋالدۇق قوشاقلارغا.

غېرىب چىكاش تاياق ئالدى،
«بەك سال» دېدى قايىم بوجاڭ.
شېرىپ بوجاڭ يېقىلغاندا،
ئارچىلاپ قويدى ئابلىز شوجاڭ.

سۆگەت سېلىپ-بوستان قىلىپ،
سايىسىدا ياتالمىدى.
ئۇن پولودا شېرىپ بوجاڭ،
مىرادىغا يېتەلمىدى.

باش يار① تۆپىسى تېرىلىپتۇ،
ئارپا بىلەن يالاڭ ئاق يازغا.
شېرىپ بوجاڭ ئۆلۈپ كەتسە،
تۆلەن قالدۇ نىيازغا.

چارلۇڭ تاغدىن② سەل چۈشكەندە،
پۇماس تاغقا يۆلىنەرمۇ؟
پولولۇقنى دېمىسە،
شېرىپ بوجاڭ ئۆلەرمۇ؟

---

① ② جاي ئىسىملىرى.

سەيداجىدۇر نا ئەھلى،
ئەسلى ئادەم ئەمەستى.
شېرىپ بوجاڭنى ئۆلتۈرۈپ،
بەگلىكتە ئىدى قەستى.

ئا جىلغىنىڭ موندەكى،
ما جىلغىنىڭ موندەكى.
ئۆزىگە يېنىپ تەگدى،
سەيداجىنىڭ چەندەكى.

ئەي غالچىلار، غالچىلار،
خۇدا بەرسۇن جاجاڭنى.
ئىتمۇ سىيىپ سۇغارماس،
ئۆلگەن چاغدا خاداڭنى.

باش ئېتىزنى قۇم باستى،
ئاياغ ئېتىزنى چىم باستى.
شېرىپ ئاخۇن ئۆلەپ كېتىپ،
ئۇن پولونى غەم باستى.

شېرىپ ئاخۇن ئېتىڭىز قالدى،
دەرۋازىدا خېتىڭىز قالدى.
بەدنىيەتلەر ئالدى جاننى،
مەسۇم قىزىڭىز يېتىم قالدى.

چىرىدىن چىققان مايىزى،
بۇ ۋەقەنى يەللىدى.
كىملىكىنى قاتىلنىڭ،
پاكىت بىلەن دەللىدى.

چىرا يامۇلدىن ئىككى چىرىك،
يېڭى يارلىق ئېپ چىقتى.
غېرىب چىكاشنىڭ قولىغا،
تۆمۈر كويزا سېپ چىقتى.

غېرىب چىكاشنى، سەيداجىنى،
نىياز غازنى يالاپ ماڭدى.
چېتىپ بىرىنى بىرىگە،
چەمبەرچەس قىپ باغلاپ ماڭدى.

كۆڭلى يۇمشاق شېرىپئاخۇننىڭ،
ئۇلار شۇنداق بېشىنى يېدى.
ئۆزلىرىگە قىلىپ ئاخىر،
چىرا يامۇلدا توقماق يېدى.

سوكە ئۇستىگە كات قويدى،
ھاجەتمەنلەر ياتسۇن دەپ.
ئورۇمچىدىن خەت كەلدى،
غېرىب چىكاشنى ئاتسۇن دەپ.

چىرا يامۇلنىڭ داۋزىسى،
گاھ ئېچىلىپ، گاھ يېپىلۇر.
شېرىپ بوجاڭدەك مەرد يىگىت،
قايسى يۇرتتىن تېپىلۇر؟

يىغلاشماڭلار پولولۇقلار،
يىغلاشماڭلار سۇلتانىخانلار،
يىغلاشماڭلار نۇرى بەگلەر،
قارا كۆز بالاڭغا شۇم كۆزتەگدى.

ئۆلۈپ كەتتى شېرىپ بوجاڭ،
ئىماملىدىن كەلدى سوجاڭ.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چىرىدىن،
چىقتى بۇيان مايۇزى كوجاڭ.

قازناقتا بېيكەن ياغاچ باسماق،
تورۇستا بېيكەن تۆمۈر ئاسماق.
شېرىپ بوجاڭنىڭ بېشىغا چىقتى،
ئەمەل دېگەن يۈزسىزقاسماق.

ئۆينىڭ ئىچىدە بار ئۆي-قازناق،
ئادەمگە بار ئۆمرىدە ئازماق.
شېرىپ بوجاڭنىڭ بېشىغا چىقتى،
كۆڭۈل دېگەن يۈگەنسىزئارغىماق.

ئا كۇلۇڭدا مانا قوقاس بار،
ما كۇلۇڭدا مانا كومە بار.
شېرىپبوجاڭغا كەلگەنقىسمەت،
بۇ ئالەمدە يەنە كىمگە بار؟

پولو - پۇماس يوللىرىدا،
شېرىپ بوجاڭنىڭ ئىزى قالدى.
يىغلاشماڭلار جېنىم باللار،
ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى قالدى.

سىم - سىم يامغۇر، قىيانلارنى،
دەريا - ئېقىن شوراپ كەتتى.
شېرىپ بوجاڭغا قەست قىلغانلار،
بىرىنى بىرى سۆرەپ كەتتى.

ئاقتاشتىكى[1] بۇغدايلىقتا،
ئۇنۇپ قاپتۇ ھەم بۇدۇشقاق.
شېرىپ بوجاڭغا قەست قىلغانلار،
قارا نىيەت ھەم ئۇرۇشقاق.

پولو - دۇۋرۇس[2] ئاراسى،
بولدى ئىشىنىڭ گۇۋاھىسى.
شېرىپ بوجاڭنى ئۆلتۈرگەن،
سەيداجىنىڭ غالچاسى.

بالدۇر تاياق سالغىنى،
غېرىب چىكاش دېگەن غالچا.
خۇدا بەرگەي جاجاڭنى،
كۆزىڭگە پاتار كۆك پىت، سالجا.

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى ئالا، تۆتى قارا.
شېرىپجانغا زامىن بولدى،
پولودىكى نىياز قارا.

دۇدۇن كەسكەن مىس قاچى،
تاۋا كەسكەن مىس قاچى.
قاتىللارغا باش بولغان،
پولودىكى سەيداجى.

---

① ② چىرا ناھىيە بوستان (ئىماملا) يېزىسى تەۋەلىكىدىكى تاغ، يايلاق، جىلغا ئىسىملىرى.

# ئەيسا بەگ

【تۈزگۈچىدىن】 ئەيسا بەگ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چىرا ناھىيە دامكو بېزا پۇناق كەنتىدە ئۆتكەن خەلقپەرۋەر، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر خەيرى - ساخاۋەتچى. ئۇ 1888 - يىلى تۇغۇلغان. پۇناق كەنتىدە بىلجگىر، ھوشيار بەگ بولغان. ئۇ ئاجىز كىشىلەرگە كۆپ مېھرىبانلىقلارنى قىلغان. ھەر يىلى روزا ھېيت، قۇربان ھېيتلاردا كەمبەغەللەرگە بۇغداي، كەندىر، كىيىم، قوي، ئۆچكە ...قاتارلىق تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەن. ئۇزۇقلۇقى يېتىشمىگەن يوقسۇللارغا قانچىلىك دېسە، شۇنچىلىك ئاشلىقنى ئاپسا بېرىدىغان، ئاپالمىسا بەرمەيدىغانغا «خۇدا يولىدا» دەپ بەرگەن. شۇڭا يوقسۇللار ئۇنى بەك ھۆرمەت قىلغان. ئۇمۇ كەمبەغەللەرگە زىغىرچىلىك تەكەببۇرلۇق قىلمىغان. ئەپسۇسكى، خەيرى - ساخاۋەتچى بۇ زاتنى كۈيئوغلى پىراۋۇدۇن يايلاق تالىشىپ 1939 - يىلى 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يۇلغۇنيادا يەتتە يېرىگە پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن. 1951 - يىلىدىكى ئوچۇق سوت يىغىنىدا پىراۋۇدۇنغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ، نەق مەيداندا ئىجرا قىلىنغان.

«ئەيسا بەگ» ھەققىدىكى بۇ داستاننى ئەيسا بەگنىڭ چوڭ قويچىسى توختىباي، ئەيسا بەگنىڭ قىرقى نەزىرىسىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئەيسا بەگنىڭ كىچىك قويچىسى تۇدەك بايىنى ۋە ئاغىنىسى ساۋۇر نىيازنى پۇناققا چاقىرتىپ، بىر كېچە ئۇخلاتماي قوشاقلار توقۇپ، راۋابقا تەڭكەش قىلىپ تەييارلىغان ۋە ئەيسا بەگنىڭ قىزلىرى، دوست-يارانلىرى يىغىلغان سورۇندا چېلىپ ئورۇنلىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ قوشاق ئېغىزدىن - ئېغىزغا، سورۇندىن - سورۇنغا كۆچۈپ يۈرۈپ، ھەممە قوشاقچىلار — ئۇ بىر ئاز، بۇ بىر ئازدىن تولۇقلاپ بېيىتقان. كېيىن ساۋۇر نىياز ئاكا بۇ قوشاقنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ تۆۋەندىكىدەك داستان ھالىتىگە كەلتۈرگەن. مۇزىكىلىق بۇ داستان قويچى (تاغ) راۋىبى بىلەن ئوقۇلىدۇ.

شېرىپ نامىنى يادلايمىز، قەبرىسىنى چۆرگىلەيمىز،
ئەسلەپ ئۇنى قوشاق توقۇپ. ماتەم تۇتۇپ، ئىمان ئوقۇپ.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر: چىرا ناھىيە بوستان يېزا بلش قاراسۇ كەنتىدىن

**ھاشىم ئاخۇن دەڭگى، چىمەنخان، تۇردى ئاخۇن جۇمباك**

خاتىرىلىگۈچىلەر: **مەتقۇربان ئىسمائىل، مەتسىدىق قۇربانىنياز، ئابدۇقادىر مەتسىدىق مەتقاسىم ئابدۇراھمان**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇللا سۇلايمان**

چاينى قۇيۇپ —
قۇيۇپمۇ بەردى.
سىنچاي ئىچىپ،
مانا ئولتۇرۇپ،
ھەي بالامغۇ،
مانا ئىدايەت،
ئاتلارنى سۇغۇرۇپ،
بوغازنى بىرىپ،
جابدۇق توقۇۋ،
تەييارلاڭلار.
شۇنداق جابدۇپ،
چىرا سۇڭغا،
مانا بارىمىز،
بارىمىز، — دىدى.
ئىدايەتقۇ،
ئاتلارنى سۇغۇرۇپ،
بوغازنى بىرىپ،
قارا ئاغماقنى
توقۇۋا ئالدى.
كۆپكە - يۇگەن،
پەرقۇ سىلىپ،
جەدە ئاتنى
توقۇۋا ئالدى.
تاۋا كۆپچەك —
كۆپچەكنىمۇ،
سىيتلاپ سالدى.
بۇرغۇل ئاتنى،
تۇرۇق ئاتنى،
تۇقۇۋا ئالدى.
ئەيسا بەگمۇ،

تون، قالپاقنى،
كىيىۋغىنا —
كىيىۋغىنا ئالدى.
جابدۇنۇپ چىقىپ،
ئاغماقنىڭغۇ،
زىندىپايغا تارتىپ،
مىنىۋغىنا —
مىنىۋغىنا ئالدى.
مىنىپ بوغاندا،
مىنە كەينىدىن،
ئىساخانلىرى،
ئۆيدىن چىقىۋغۇ،
جەدە ئاتقا،
مىنىۋا ئالدى.
مىنە ياندىشىپ،
سەپەرگىمۇ،
تەييار بولدى.
بۇرغۇل ئاتقا،
مەنمۇدى ياۋاي،
مىنىۋغىنا.
مىنىۋا ئالدى.
تۇرۇق ئاتقا،
مىنە ئىدايەت -
مىنۇغىنا،
مىنىۋا ئالدى.
چوڭ قاچۇغىنى،
مەنمۇدى ياۋاي،
كىچىك قاچۇغىنى،
مىنە ئىدايەت،
قولىغا ئىلىپ،

رەجەپ ئېيىنىڭ،
يەتتىنچى كۈنى،
مېنە كېچىسى،
ئەيسا بەگنىڭ،
ئۆخلاپ ياتىپ،
تەڭ كېچە بىلەن،
چۈشى بۇزۇلدى.
چۆچۈپ ئويغىنىپ،
«ئاھ» دەپ تولغىنىپ،
ئۇيان ئۆرۈلۈپ،
بۇيان ئۆرۈلۈپ،
ئورنىدىن قوپۇپ،
تەرەتنى ئالىپ،
مىچىتكە بارىپ،
جايىنامازنى سالىپ،
ئىماماخۇنىنىڭ،
دېگىنى بويىچە،
پەرىزنىمۇ
ئىخلاس بىلەن،
ئادا قىلدى.
كاالامۇللانى،
ئالدىدا قويۇپ،
ئوقۇپ - ئوقۇپ،
تامام قىلىپ،
مانا سۈرەنى —
سۈرەنى ئوقۇپ،
دۇئا قىلىپ،
ئۆيىگە ياندى.
ئىساخانىمۇ،
ئوبدان خېنىم،
ئورنىدىن قوپۇپ،
هويلا - ئارامنى،
سۈپۈرۈپ - سۈپۈرۈپ،
چىنىدەك پاكىز،
قىلىپ قويىۋا،
پەتنۇستا چىنىنى،
چەينەكتە چاينى،
ئەيسا بەگنىڭ،
مانا ئالدىغا —
ئالدىغا قويدى.
سىن چاي ئىچىپ،
ئولتۇرغاندا،
مەنمۇدى ياۋاي —
مېنە مارنۇمى[1]
ئىدايەتقۇ —
مېنە مارۇمى[2]
ئىشىكتىنمۇ،
سالام بېرىۋغۇ،
شۇنداق كىيدى —
شۇنداق كىيدى.
ئەيسا بەگمۇ،
ئورنىدىن قوپۇپ،
راست قوپاۋغۇ،
ئىككەۋلەننى،
ئولتۇرۇڭ، — دېدى.
بىر جۇپ چىنىگە،

---

① مارنۇمى — پۇتۇكچى بېشى.
② مارۇمى — سەپەر تەييارلىغۇچى.

خام تاراچقۇ،
يېنە قىلىڭ سىز،
يېتىم - يېسىر،
يوقسازلىغا،
ئاپىرىپمۇ،
يەنە بىرنىڭ سىز.
پىراۋۇدۇنغا،
تېتىپ چىقارمەن،
تېتىماي چىقسام،
ئەيسا ئېتىم،
ئۆچسۇن، — دەۋغۇ،
كىيىك مۇڭگۇزلۇك،
قامچىنىڭ ئۆزى، ئىككارىغۇ[1]
زەي قامچا بىلەن،
ئاغماقنى شايلاپ،
بىرنى سالدى.
چىرا يامۇلغا،
مىنە قاراپقۇ —
مىنە يول ئالدى.
بىر ئاش پىشىم،
بولغانلىدا،
مىنە پۇناقتىن،
مىنە چىرىغا،
بېرىپ قالدى.
ئېتىنى باغلاپ،
ئۆزىنى چاغلاپ،
داۋزا باقار،
بىر چېرىككە،
مىنە پۇل بەردى.
چىرىكمۇ ئۇنچا،
مىنە يول بەردى،
ئەيسا بەگمۇ،
مېڭىپ - مېڭىپ،
يامۇلغا چىقتى.
چوڭ ئامبالمۇ،
ئورنىدىن قوپۇپ،
جۇخۇلا قىلىپ،
جوزىغا باشلاپ،
سىنچاي قۇيۇپ،
يېنە تۇراتتى.
پىراۋۇدۇننا،
ئىشىكتىنمۇ،
مىنە بىر كىيدى،
ئەيسا بەگمۇ،
ئورنىدىن قوپۇپ،
يېنە ئولتۇرۇپ،
— هەي بالامغۇ،
پىراۋۇدۇننا،
كىچىككىدىن،
مىنە مەن باققان،
كىشىۋۇلغۇلغۇ،
يېنە هەم بولغان.
ئەزىنىمۇ،
مىنە قىلغۇچە،
قاشىمغىمۇ،

---

[1] ئىككارىغۇ — ئىككى تىغلىق.

شۇنداق تۇراتتى،
گۇلدۇر - گۇلدۇر،
ئات ئاۋازى،
كېلىۋغىنىنا،
چىرا يامۇلىنىڭ،
دورغا بېگى،
مانا بىر كېلىپ:
— ھەي بېگىمغۇ،
ئەيسا بېگىم،
ئامباللىقىنىڭ،
مانا يارلىقى.
پىراۋۇدۇنلار،
ئەرزى قىلدى، —
دەپ سۆزلىدىغۇ،
تىلىنى چايناپ.
يەنە سۆزلىدىغۇ،
ئەيسا بەگمۇ:
— ياخشى سۆزنى،
مىنە قىلدىڭىز، — دەپقۇ،
ئاتتىن چۈشتى.
— ئىشەنگىممۇ،
كېلە دەپمۇ، —
دوغا بەگنى،
ئۆيگە باشلاپ،
مېھمان قىلىپ،
ئۇزۇتۇپ قويغىلى،
بىللە ماڭغىلى،
ئورنىدىن قوپتى.

ئەيسا بەگمۇ،
ماڭغىلى قوپۇپ،
تون - قالپاقنى،
مىنە كىيىۋغۇ،
ئاغماقنىۋغۇ،
زىندىپايغا تارتىپ،
مىنىۋغىنىنا.
مىنە بىر ئالدى.
تۇيغۇن قىزى،
جانانخانغۇ،
ئۇيەپ① قىلىپ،
ئەيسا بەگنىڭ،
مىنە كەينىدىن،
شۇنداق چىقىپ:
— جېنىم دادىكا،
ئەيسا بېگىم،
دۈشمەن قولىغا،
چۈشۈپ كەتمەڭ، —
بۇ سۆزنىۋغۇ،
يەنە قىلغانىدى،
ئەيسا بەگمۇ،
ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ،
قالاپ تۇرۇپ:
— ھەي قىزىمغۇ،
تۇيغۇن قىزىم،
ئۇششا قىزىم،
قىخ دانە ئېرىك،
ئېغىلدا باردۇر،

① ئۇيەپ — ئەندىشە قىلىش، ئەنسىرەش.

مىنە جىللاخۇن،
يېنىڭدىكى
ئاشۇ غىلاپقا
سېلىپ قويغان
پىچاقىڭنى
ماڭا بىر بەرگىن،—
دېگەن سۆزنى،
مىنە بىر قىلدى.
— ھەي ئاداشقۇ،
پىراۋۇدۇننا،
پىچاقىمنى،
قانداق قىلىسەن؟
— سەن سومىغىن،
مەن بىر دېمەي،—
دەپ تۇرۇۋالدى.
پىراۋۇدۇننا،
جىلىلاخۇننىڭ،
پىچاقىنى
قولىغا ئالىپ،
چاقىنىڭ
ئالدىغا بېرىپ،
بەش پۇل بېرىپ،
ئىككى بىسلىق
قىلىۋا چاقلىتىپ،
مىنە پاقىرتىپ،
ئۆتەكىنىڭ
قونجىغا سالىپ،
ئېتىنى مىنىپ،
يۇگەن قېقىپ،
دىۋىتىپ - دىۋىتىپ،
ئۆزىنى چاغلاپ،
يۇلغۇن ياغا
يېتىۋا كەلدى.
پېشىمنىڭمۇ
ۋاقتى بىلەن،
ئامبال بېگىممۇ،
مانا يامۇلدىن،
ئەيسا بەگنى
ئۆيىگىمۇ
ئۆزىتىپ قويدى.
توختاپ تۇرغان
پىراۋۋۇدۇننا،
ئۆيگە بېرىۋغۇ،
يەنە كېلىۋغۇ،
يۇلغۇن ياغا،
شۇنداغ كېلىپ،
ئۆزىنى چاغلاپ،
ئېتىنى باغلاپ،
ئىنداغمىغۇ،
ئەيسا بەگنىڭ
ئالدىنى توسۇپ-
توسۇۋا تۇردى.
پېشىن ۋاقتى،
ئەيسا بەگمۇ،
پېشىننى ئۆتەپ،
مېڭىپ - مېڭىپ،

مىنە كىيسەڭچۇ؟ —
پىراۋۇدۇننا:
— ھەي بېگىمغۇ،
ئەيسا بېگىم،
تەرسا بېگىم،
ئەقلىدىن ئازغان،
قېرى سا بېگىم،
مۇتىھەم بېگىم؛
ئاياغ پۇناقتا،
ئالتە تاش توگمەن،
ئۆستىڭنى،
كومدۇرۋاتتىلىڭ،
تاشلارىنى،
چىقىرىپ ئاتتىلىڭ.
دۇمۇكو يانىڭ،
ئۇ قېتىدىنمۇ،
ئۇ تامدىنمۇ،
ئۇچ ئېغىلغۇ —
مىنە يايلاغنى،
تاتىۋغىنا —
يىنە بىر ئالدىڭ.
شۇنىڭ ئوچون،
ئەزى قىلدىم.
مەن سېنىڭغۇ،
بوگون ئۆلتۇرۇپ،
بىر قوشۇقمۇ،
قېنىڭنى ئىچەرمەن.
ئىچەرمەن، — دىديا،
يا باشىمغا،
كەلگىنىنى،
كۆرەرمەن، — دېديا.
پىراۋدۇنىڭ،
بۇ سۆزىنى،
ئامبال ئاڭلاپ،
يەنە ئاچچىقلاپ،
ئەزىنى يېتىپ،
تاشلاۋ ئاتتى.
ئەيسا بەگمۇ،
ئورنىدىن تۇرۇپ،
چاۋاكنى ئۇرۇپ،
پىراۋۇدۇنغا،
مىنە سەپ سېلىپ،
ئوبدان قالاپ،
ساقىلىنى تاراپ،
— قولۇڭدىن كەلسە،
قېنى ياغ يېگىن، —
دېگەن سۆزنى،
مىنە بىر قىلدى.
پىراۋۋۇدۇننا،
مېڭىپ - مېڭىپ،
بېلىنى باغلاپ،
ئۆزىنى چاغلاپ،
ئېتىنى مىنىپ،
دۇمۇكوياغا[1]،
يەنە كېلىۋغۇ:
— ھەي ئاداشقۇ،

---

① دۇمۇكويا — دامىكو يېزىسىدىكى جاي ئىسمى.

ماڭىغىمۇ،
يېقىن كەلمە،—
دەپ سۆزنى قىلىپ،
ئاغماقىنىغۇ
قالدۇرۇپ قويۇپ،
تون، قالپاقنى،
يېنە سېلىۋغۇ،
غانجىغۇلاچقا
چېگىپ قويۇپ،
ئاغماقىنىمۇ
قويۇپ بەردى.
ئەيسا بەگنىڭ
ئاغمىغۇ
چۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ،
كىشنەپ - كىشنەپ،
پىقىراۋغۇ،
شۇنداق تۇردى.
ئەيسا بەگمۇ
يېڭىنى تۇرۇپ،
ئەرىنى تارتىپ،
پىراۋۇدۇننىڭ
ئىككى بىلەكتىن،
راست تۇتۇۋغۇ،
كۆتۈرۈۋغىنىنا
بىرنى سالدى.
پىراۋۇدۇننا،
ئەيسا بەگنىڭ
تېگىگە چۈشتى،
ئەيسا بەگمۇ
تۆپىگە چۈشتى.
پىراۋۇدۇننا،
ئاستىدا ياتىپ،
ئۆتەكىنىڭ
مىنە قونجىدىن
پىچاقنى ئالىپ،
ئەيسا بەگنىڭ،
كىندىك تۇۋىگە-
يەتتە يەگە
پىچاق ئۇرغاندا،
ئەيسا بەگمۇ
«ئاھ» دەۋغىنا،
«ۋاي» دەۋغىنا-
مىنە يېقىلدى.
ئاغماقىغۇ
قىقىراپ - قىقىراپ
ئۆيىگە باردى.
ئىشىك تۇۋىدە،
چاپچىپ - چاپچىپ،
مۇڭلۇق كىشنەپ،
قىقىراۋغىنا،
شۇنداق تۇردى.
ئەيسا بەگنىڭ،
ئۇششا قىزى،
ۋاپادار قىزى
جانانىخانىمۇ
قارا ئاغماقىنىڭ

يۇلغۇن ياغا،
يېتىۋا كەلدى.
مىنە كەينىدە،
مەنمۇدى ياۋاي،
يەنە ئۇكاسى،
مۇسۇراجىممۇ
(تۇغقانمىشقۇ)
مىنە ماڭمايغۇ،
كەينىدە قالدى.
ئەيسا بەگمۇ
يېتىپ كەلدى،
پىراۋۇدۇننا،
ئېتىنىمىغۇ،
دالدىغا باغلاپ،
يولنىڭ ئوتتۇرا-
ئوتتۇراسىغا
مىنە كېلىۋغۇ
يولنى توسۇپ،
زوڭ ئولتۇردى.
شۇنداققىنا
مانا تۇرغاندا،
ئەيسا بەگمۇ:
— پىراۋۇدۇننا،
نېمىش قىلارسەن،
مىنە بۇ يەردە؟ —
بۇ سۆزنى قىلدى.
— سېنىڭ ئالدىڭنى،
توسۇپ تۇرادىم، —
بۇ سۆزنى قىلدى.
— مېنىڭ ئالدىمنى،
يېنە توساۋغۇ
نىمىغىنىنا-
نېمە قىلماقچى؟
— مەن سېنىغۇ،
بۇگۇن ئۆلتۇرۇپ،
بىر قوشۇقمۇ
قېنىڭنىمۇ،
مىنە ئىچمەكچى —
دېگەن سۆزنى
مىنە بىر قىلدى.
ئەيسا بەگمۇ،
پىراۋۇدۇننى،
گەجگە قوشاشقۇ،
قامچا بىلەن،
بىرنى سالدى.
كاللا قوشاشقۇ،
قامچا بىلەن،
بىرنى سالدى.
پىراۋۇدۇننا
مانا ئورنىدىن
چاچراپ قوپۇپ،
ئەيسا بەگنى
ئاغماقىدىن
تارتىۋا ئالدى.
ئەيسا بەگمۇ:
— توختاپ تۇرغىن،

شۇنداق چىقتى.
ئەيسا بەگنى
مەپىگىمۇ،
سىلىتۇغىنا،
مىنە ھەم قويىۋا،
جانانىخانمۇ،
پىراۋۇ ۋۇدۇننىڭ
ئالدىغا بېرىپ:
— قانغا - قانمۇ
مىنە ئالۇرمەن.
جانغا - جانمۇ،
مىنە ئالۇرمەن.
دادامىنىغۇ،
ئۆلتۈرگەنغۇ،
پىچاقنى بەرگىن،
پىچاقنى بەرمىسەڭ،
ئۆتۈكۈمنىڭ
قونجىدا بار
شەمشەر پىچىقىم،
خەنجەر پىچىقىم،
شاپتەي پىچىقىم-
دەۋغىنا شۇنداغ،
تۇرغىنىدا،
پىراۋۇ ۋۇدۇننا:
— ھەي جانانىخان،
كىچىك چۈشۈپتىڭ،
مىنە قولۇمغا،
بىر بالامغۇ،
باتۇ سەندىن،
ئامبالنىڭ سۆزىدىن،
بۇ پوقىنىۇغۇ،
مىنە مەن يىدىم.
بىر قوشۇقمۇ،
مىنە قان تىلەي،—
دەپ سۆزنى قىلدى.
جانانىخانغۇ،
ئۆتەكىنىڭ
قونجىدىنغۇ،
خەنجىرىنى
سۇغۇرۇپ ئالىپ،
پىراۋۇ ۋۇدۇننىڭ
مىنە ئالدىغا
ئېتىلىپ بېرىپ،
ساغىلى قويتى.
پىراۋۇ ۋۇدۇننىڭ
چۇماقچىلىرى،
يالاقچىلىرى،
جانانىخاننى
تۇتۇۋغىنا-
مىنە بىر ئالدى.
شۇنداققىنا
مىنە بىر تۇرغاندا،
بەگ، بوجاڭلار
يېتىپ چىقتى.
پىراۋۇدۇننى،
باغلاپ بېكىتىپ،

ئەنسىز - مۇڭلۇق
كىشنىشىنى،
ئاڭلاپ، ئۆيدىن
شۇنداغ چىقىۋا،
دادىسى مىنگەن
قارا ئاغماقنى،
سىنچىلاپ كۆردى.
ئاغماقنىڭغۇ
ئۇستىدىكى
غانچىغۇلاچقا
چىگىۋا قويغان
تون - قالپاقنى
مىنە ھەم كۆردى.
ئۇنىڭكى كۆڭلى
پىشكەللىكنى،
تۇيدى بولغاي:
— جېنىمغا دادام،
ئەيسا بېگىم،
قەيەردە سىز؟— دەپ،
مانا ھۇي تارتىپ،
يىغلاپ كەتتى.
قارا ئاغماقنى،
مىنىۋا ئالدى.
ئاتنىڭ كەگەن
ئىزى بىلەن،
قارا سىنجا
كۆزى بىلەن،
يولنى سالدى.

يۇلغۇن ياغا
يېتىۋا كېلىپ،
مىنە دادىسى
ئەيسا بەگنىڭ،
غىق - ۋاق قاننىڭ
ئاراسىدا
ياتقاننى
مىنە ھەم كۆردى.
بىھۇش بولۇپ،
قارا ئاغماقتىن
يەنە يىقىلدى.
كۆزىنى ئېچىپ،
«ئاھ دادام!» دەپ،
ئورنىدىن قوپۇپ-
قوپاۋغىنا
ئەيسا بەگنى-
قان ئاراسىدىن-
ئاراسىدىنمۇ
ئېلىۋا چىقتى.
جانانىخانىنىڭ
مىنە كەينىدىن،
ئەڭلىنىمۇ —
يەنە يەڭگۇشلەپ،
ئەيسا بەگنىڭ —
تۇنجى قىزى
ھۆرنىساخان
مەپە بىلەن،
مانا ئۇچقاندەي

تۇتۇپ بەرسەڭ،
بىر سەر ئالتۇن،
شاڭ قىلۇرمەن، —
بۇ سۆزنى قىلدى.
ئۇ قويچى تۇرۇپ:
— ھەي ئامبالغۇ -
خان ئامبىلى،
مەن بولسامغۇ
ئەيسا بەگنىڭ
چوڭ قويچىسى
توختى باي مەن.
— پىراۋۇۋۇدۇننا،
مەشەدە بار، — دەپ،
بۇ سۆزنى قىلىپ،
ئاياغ پۇناقنىڭ،
مىنە جاڭگىلىدا،
يەر قازناقتىن،
پىراۋۇۋۇدۇننى
ياتقان يەدىن،
ياقىسىدىن
بوغاۋغىنا،
ئامبال ئالدىغا
ئاچىقىۋغۇ،
توغرىلاپ بەردى.
ئامبال بەگمۇ،
پىراۋۇۋۇدۇننى
باغلاپ بېكىتىپ،
يېنە قوياۋغۇ،

توختى بايغا،
بىر سەر ئالتۇن،
يېنە شاڭ بەردى.
جانانىخانمۇ
ئاتلارغىمۇ
بۇغازنىمۇ،
ئادەمگىمۇ،
تاماقنىمۇ،
ياساۋغىنا
تەييار قىلىپ
مىنە تۇغاندا،
ئامبال بەگمۇ،
يېتىپ چىقتى.
جانانىخانغۇ،
ئامبالنىڭمۇ
ئېتىنىڭ بېشىنى
تۇتۇۋغىنا،
بۇ سۆزنى قىلدى:
— مىنە ئامبالغۇ-
مىنە خان ئامبىلى،
دادام بولسا
ئۆلۈۋۋا كەتتى.
قاناتىمىزدىن،
مىنە ئايرىلدۇق.
بىر مىڭ توققۇز يۈز
مو يەرنى،
ئۈچ مىڭ توققۇز يۈز
چارۋىلىق،

گۈگۈمنى قىلىپ،
مەنمۇدى ياۋاي،
چىرا يامۇلغا
ئېلىپ ماڭدى.
پىراۋۋۇدۇننى
ئايرىۋغىنا، ·
شاڭ گۈگۈمغا
سولاپ قويدى.
مىنە كېچىسى،
پىراۋۋۇدۇننا،
ئىشىكىڭمۇ،
ئۈلگۈچىكىنى،
هارى قوياۋغۇ،
قوپاپ قاچتى.
مامداتىنىڭمۇ
ۋاقتى بىلەن،
چىرا يامۇلنىڭ،
مىنە ئامبىلى-
ئامبىلىمۇ
بۇ خەۋەرنى،
ئاڭلاۋغىنا —
قىخ ئاتلىقنى،
ئۆزى بىلەن،
بىللە ئېلىپ،
دۇمۇكۇغا كېلىپ،
يۇلغۇن ياغا،
يېتىۋا چىقتى.
ئەيسا بەگنى،
يەللەپ كۆردى.
يەتتە يەگە،
پىچىقۇرغانمۇ،
زىندىسى چىقتى.
پىرۋۋۇدۇننى،
«قېنى؟» دەپ سودى.
— پىراۋۋۇدۇننا
ئوق ئىشكەلنى،
چېقىۋا قاچتى، —
دېدى يۇرتىنىڭ،
ئەمەلدارى،
بوجاڭ - جوجاڭ
جاي - جايلارغا
يېنە خەت يېزىپ،
ئوتتۇز ئاتلىقنى
تەرەپ - تەرەپكە
يولغا سالىپ،
ئون ئاتلىقنى
ئۆزى بىلەن
بىللە ئېلىپ،
ئاياغ پۇناقنىڭ
جاڭگىلىغا ماڭدى.
ئامبالغىمۇ،
بىر قويچىمۇ،
ئۇچراپ قالدى.
— هەي، هەي قويچىم،
ئوبدان قويچىم،
پىراۋۋۇدۇننى،

دېگەن سۆزنى،
مانا بىر قىلىۋا،
جىملام - جىتتە،
بولىۋا قالدى.
پىراۋۇۋۇدۇننى،
گۇندىخانىغا،
يەنە ئەكىشىپ،
سولىۋا قويدى.
باش توخۇمۇ
جىم بولغاندا،
دوتەيدىنمۇ
يەنە بىر پارچە
بۇيرۇغ كەلدى:
— پىراۋۇۋۇدۇننى،
ئاتماڭ سىز دەپ،
خاپىلىقنى،
تاتماڭ سىز دەپ.
پىراۋۇۋۇدىنىنى
قوياپ بېرىڭ،
ئىجراسىدىن
جاۋاب بېرىڭ، -
دېگەن مەزمۇندا
ئۇچۇر كەلدى.
ئامبال بەگمۇ،
مىنە بىر ئوقۇپ،
— قانداغ سۆز بۇ؟
قانداغ گەپتۇ؟
دەپ ئويلىنىپ،

ئاقىسىنى
تەكشۈرۈپ باقسا؛
خوتەننىڭمۇ،
مىنە ئەلىمى -
ئەخمەتتوختى
ئەلەمغىنا،
تۇغقانبازلىق
يېنە قىلىۋغۇ -
دوتەيىنىڭمۇ
يانچۇقىنى
ئالتۇن - كۈمۈش،
يامبۇ بىلەن،
لىق توشقۇزۇپ،
پارە بېرىپ،
ئۆزىنى چاغلاپ،
دوتەيىنىڭمۇ
گېلىنى ياغلاپ،
مىنە مۇشۇنداق،
ئىشنى ئۇدۇللاپ -
ئۇدۇللاۋغىنا
مىنە ھەم قويدى.
دوتەي بەگكە،
مىنە پارە بار.
ئامبال بەگكە،
نېمە چارە بار؟
پىراۋۇۋۇدۇننى
قىشقۇرتۇۋغىنا
مىنە ئاچىقىپ:

سەكسەن ئاتلىق
يايلاقى بادۇ؛
ئاتمىش تۆگىلىك
يايلاقى بادۇ؛
پادىشاھلىقتا
مىنە تۇتتۇممەن.
پىراۋۇۋۇدۇندىن
جانغا - جانمۇ،
قانغا - قانمۇ،
مىنە ئالۇرمەن.
پىراۋۇۋۇدۇنغا،
جانانىخانمۇ
ئىتىلىۋغىنا،
يىنە تۇرغاندا،
ئامبال بەگمۇ،
جانانىخانغا:
— سەۋرى - تاقەت،
يىنە قىلىڭ سىز.
يۇقىرىغىمۇ،
مىنە يوللايمىز، —
دېگەن سۆزنى
— قانغا - قانمۇ
مىنە ئالۇرمىز، -
دېگەن سۆزنى
يىنە بىر قىلدى.
پىراۋۇۋۇدۇننى
چىرا يامۇلغا
يالاپ ئاپىرىپ،
گۇندىخانىغا
سولىۋا ئىتىپ،
سەككىز كۇنمۇ
مىنە بولغاندا،
دوتەيدىنىمۇ
چىپپەر كەلدى:
— پىراۋۇۋۇدۇننى
مامداتىنىڭمۇ
ۋاقتى بىلەن،
بىر پاي ئوقتا
ئاتسۇن، — دەۋغۇ،
خەۋەر كەلدى.
تەڭ كېچە بىلەن،
ئامبال يامۇل،
پىراۋۇۋۇدۇننى
گۇندىخانىدىن،
يىنە ئاچىقىپ:
— گېپىڭ بولسا،
ئوتتۇرىغا قويغىن.
مامداتىنىڭمۇ،
ۋاقتى بىلەن،
سېنى ئاتۇرمىز، —
بۇ سۆزنى قىلدى.
پىراۋۇۋۇدۇننا:
— مېنىڭا گېپىم
ئەرزىم يوقتۇ،
بۇ جىنايەت،
مەندە باتۇ، —

باتۇرقىزى
جانانىخانىمۇ،
ئۇيا قىلىپ،
توخسان ئادەم
كەينىگە سالىپ،
كۆيە تەلپەك،
تونچە جاپاننى،
كىيىۋغىنا،
ئۆتەكنىڭ
قونجۇغىغىمۇ
شاپتەي پىچاقنى،
يەنە سىلىۋغۇ،
چۇش ۋاقتى بىلەن،
تۇگمەنگىمۇ
يېتىپ كەلدى.
پىراۋۇدۇنىنىڭ
چۇماقچىلىرىغۇ،
پىراۋۇدۇنغا:
— جىنىڭنى جايلا،
جانانىخانغۇ،
قارا بورانەي،
كىلىۋياتىدۇ، —
بۇ سۆزنى قىلدى.
پىراۋۇدۇنا
ئىتىنى شىشىپ
مىنىۋغىنا،
قوپاپ قاچتى.
جانانىخانغۇ،
بوينى قارا
ئاغماقىنىغۇ،
بىر شۇڭگۇتۇپ،
پىراۋۇدۇنىنىڭ
كەينىدىن يېتىپ،
توخماق بىلەن،
گەجگە قوشاش
بىرنى سالدى.
پىراۋۇدۇنا،
ئىتىدىن موللاق
ئىتىپ ئۇزۇلۇپ
يەرگە چۇشتى.
جانانىخان
پىچىقىنى ئېلىپ،
پىراۋۇدۇنى
ئۆلتەگىلى،
سالغىلى قوپتى.
جانانىخانىنىڭ،
مىنە كەينىدىن
بىرسى كىلىپ،
ئۇنىڭ قولىنىڭ
بىغىشىنى تۇتۇۋالدى.
جانانىخان،
كەينىگە شۇنداق
قالىغاندا،
پىراۋۇدۇنىنىڭ
ياندائچىلىرىغۇ،
جانانىخانىنى

— سېنىمىغۇ
ئاتماقچى بوغان،
ئىككىنچى بۇيرۇغ،
يېتىپ كەلدى.
خوتەنگىمۇ،
قاراپ ماڭغىن.
پۇناقىمۇ،
ئەمدى بارمىغىن.
ئەيسا بەگنىڭ
بالىلىرىمغۇ،
سېنى تاپسا،
ئۆلتۈرۈۋاتتۇ،
ھاياتىڭدىنمۇ،
ئايرىلىپ قالارسەن.
بۇ سۆزنىمۇ،
مىنە قىلغاندا:
— ماقۇل ئەمىسە
دەۋغىنا بىر،
چىرا سوڭنىڭ
توپا دېگەنغۇ
لەڭگەگە چىقىپ،
ئۆزى بىلەن
ئۆزى گەپلىشىپ:
ئەيسا بەگنىغۇ،
ئۆلتۈرۈپ ئاتتىم،
مىرادىمغا،
مىنە بىر يەتتىم.
ئاياغ پۇناقتا
تالاشقان تۆگمەن،
مىنە ھەم قالدى.
شۇ تۆگمەننى،
ماڭدۇراي دەۋغۇ،
پۇناقتا ياندى.
سەكسەن ئادەم،
كەينىگە سالدى.
پالتا - كەتمەن،
تاش - توخماقۇ،
ئۈزۈۋقنى ئېلىپ،
تۆگمەنگە بادى.
تۆگمەنگە بېرىپ،
خارەتلىرىمۇ،
قوغاچلىرىنى
چېپىۋا ئاندىن،
ئادەملىرىمۇ
ئۆستەڭلەرنى،
چېپىۋائاندىن
ئىش باشلىدىغۇ.
پىراۋۋۇدۇننا،
ئۆزىنى چاغلاپ،
ئېتىنى باغلاپ،
يەتتە قاتقۇ،
كۆپچەكنى سېلىپ،
قارا سۆگەتنىڭ
سايىسىدا،
يانپاشلىدىغۇ،
ئەيسا بەگنىڭ

ئۇنى ئاڭلاۋغۇ،
تىترەپ كەتتى.
مىنە ئامبال بەگ؛
— مەن بولسامغۇ
بەندى پەرمان،
بى ئەلەج بولدۇم
مىنە، — دېگەندە؛
جانانىخانىمۇ
ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ،
چىرا سوڭنىڭ،
شەھىرىگە چىقىپ -
يېنە چىقىۋغۇ،
ماتەم تۇتۇپ،
يىغلاپ - يىغلاپ،
مانا مۇنداق دەپ:
قوشاق قوشتى؛
— كۈن ئۆرۈلۈپ
كەچ بولدى،
جان دادام،
خان دادام!
كەپتەرلىرىڭىز
پەس بولدى،
ئۆز دادام،
يۇلتۇز دادام!
سىز ماڭغان
بۇ يوللاردا،
سەر دادام،
گۆھەر دادام،
ئەمدى ماڭماق،
تەس بولدى.
ۋاي دادام،
ئاي دادام! —
دەپ يىغلاپ،
يىغلاپ - يىغلاپ،
ئۇنى پۈتۈپ،
دەردنى يۆكلەپ،
ئۆيىگە ياندى.
جانانىخانىمۇ،
ئۆيىگە بېرىۋا،
ئەيسا بەگنىڭ
دوست - يارلىرىنى،
تۇغقانلىرىنى،
ئۆيىگە باشلاپ،
نەزىر بېرىۋا،
يولغا سالدى.
دادىسىنىڭ،
ئاسقۇدىكى
تون - قالپىقىنى،
شايى ياغلىق،
پوتا بېغىنى،
مانا بىر كۆرۈپ،
ئاتخانىغا،
مىنە بىر چىقىپ،
قارا ئاغماقنى،
يەنە بىر كۆرۈپ،
ئۇن سىلىۋا،

تۇتۇۋا ئالدى.
پىراۋۋۇدۇننا،
دۈگچەكلەپ قوپۇپ،
ئېتىنى مىنىپ،
يامۇلغا قاچتى.
يامۇلغا چىقتى،
ئامبال بەگمۇ:
— بىز باشتىمۇ
نېمە دېگەن؟
پۇناققىمۇ
بارمىغىن دەۋغۇ،
بۇ سۆزنى قىلغان،
ئۆزۈڭنى چاغلىماي،
سۆزۈمنى ئاڭلىماي،
پۇناققىغۇ
يەنە بېرىپسەن،
ئىش تېرىپسەن،
ئەمدى بارما،
ھاياتىڭدىن
ئايرىلىپ قالاسەن، —
دەپ سۆزنى قىلدى.
— ئۆزۈڭنى ئويلا،
جېنىڭنى جايلا،
بىر دەۋغىنا،
خوتەنگىمۇ،
قاچۇرۇۋاتتى.
جانانىخانغۇ،
توقسان ئادەم
بىلەن بارىپ،
يامۇلغا بېسىپ،
يەنە بىر كېلىپ:
— ھەي ئامبالغۇ،
مىنە خان ئامبال،
سۆزىڭىز باشقا،
ئىشىڭىز باشقا،
ئاغزىڭىز باشقا،
چىشىڭىز باشقا،
باشقىكەنغۇ
مىنە بىر دەۋغۇ، —
سوئال قىلدى،
ئامبال بەگنى،
ئۇسال قىلدى.
ئامبال بەگمۇ -
چىرا ئامبىلى:
— مىنە بۇ ئىشنى،
مەندىن كۆرمەڭ،
مەندىن ئۆيمەڭ،
مىنە بىر دەۋغۇ
ئىككى بۇيرۇغنى
ئوقۇپ بەردى.
جانانىخانمۇ
ئاڭلاۋغىنا
مىنە بىر تۇدى.
ئىككىنچى بۇيرۇغ،
ئوقۇلغاندا،
جانانىخانغۇ،

# بىر قالاپ قوياڭ دېسەم ...

بولغىنى بولغان،
قالغىنى يالغان.
ئاسمىنى كۆك شەدە،
بىر كىشى باركەن،
ئاخشىمى ياتسا —
قوپىدىكەن سەدە.

ئۇنىڭ تۆت قىزى باركەن:
بىرسى ھەلىمە،
بىرسى سەلىمە،
بىرسى ياۋاش ئاغىچا.
بىرسى ھۆرۈنكەن،
ئىش دېسە قاچقاق،
بەكمۇ سولاش ئاغىچا.

بويتاقلىقىمدا،
ھايتاقلىقىمدا،
ئەلىنى ئايلاندىم.
تۆت ئاغىچامنىڭ
بىرسىنى پايلاپ،
مەھەللىنى ئايلاندىم.

تەلىيى ئوڭكەن ئاغىچامنىڭ،
كوچىدا ئۇچراشتۇق،
يەتكىچە مۇڭداشتۇق.
«ئەتە جۈمەكەن،
شەمبىدە كەل» دەپ،
ھەيدىدى - خوشلاشتۇق.
ئازىندا كەلسەم،
ئۆيقىسى قانماي،
ئۆگزىدە ئۇخلاپتۇ.
شەمبىدە كەلسەم،
كۆزنى ئاچالماي،
كۆپىدە ئىغىناپتۇ.
ئۇنۇمنى ئاڭلاپ،
كۆزىنى ئۇۋۇلاپ،
چاپىقىنى ئېرىتىپ،
ئەسنىدى بىر سائەت.
مېنى تونۇيالماي،
بۇرۇتۇمغا سەپسېلىپ،
ئەسلىدى بىر سائەت.

تونۇمىدى دەسلەپ،
ئاخىرىدا ئەسلەپ،
— سىزمىدىڭىز؟ — دەيدۇ.
كىچىككىنە توختاڭ،
چېچىمنى تاراپ،
لېنتا چېگىمەن دەيدۇ.
پاسار تېرىپ كەل،
قوناق يېرىپ كەل،
چۆچۈر تۈگىمەن، دەيدۇ.

— پاسارمۇ تېرەرمىز،
قوناقمۇ يېرارمىز،
چۆچۈرمۇ تۈگەرمىز،
راست گەپىنى قىل، — دېسەم،
— ئەرگە تېگىمەن، — دەيدۇ.
— كىمگە تېگىسەن؟ — دېسەم،
— ساڭا تېگىمەن! — دەيدۇ.
— تويلۇغۇڭغا نېمە ئالىمەن؟

يىغلاپ كەتتى.
ئاھ ئۇرىۋا،
يىغلاپ كەتتى:
— ئاغماقلىرىڭىز
ئاتخانىدا،
يەنە قىنقىرايتۇ،
قېنى سىز دادام؟
دەمدەلىرىڭىز،
مىنە ئۇللەيتۇ
شىپالڭ باشىدا،
قېنى سىز دادام؟
قاچۇغىلىرىڭىز
مىنە سايرايتۇ،
تاماق باشىدا،
قېنى سىز دادام؟
پۇناق يولىغا
مىنە گۇل سالغان،
بۇرغۇل ئاتنىڭ،
مىنە ئىزى بار.
قوشاق قوشاپ
يىغلىغىلى،
ئەيسا بەگنىڭ
ئىككى قىزى بار.
ئەيسا بېگىم،
دەرۋازاڭدا،
پېتىپ قويغان،
خېتىڭ قالدى.
يەنە قوشاۋغۇ،
ئېتىڭ قالدى.
قوشاق قوشاپ،
يەنە يىغلاۋغۇ
ئىككى قىزىڭ
يېتىم قالدى.
ئەي خۇدايا!
ئاللا ئىگەم،
يېتىملەرگە،
رەھىم ئەيلە،
ئەيسا بەگنىڭ،
قاتىلىغا،
قىيامەتلەر
قايىم ئەيلە!...

ئېيتىپ بەرگۈچى: چىرا ناھىيە دامكو يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن
ساۋۇر نىياز

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:
تۇرسۇنتوختى سۇلايمان، مەتقۇربان ئىسمايىل

بازارغا بېرىپ،
دۇكانغا كىرىپ،
ئايلىنىپ يۈرۈپ،
تاللاپ ھەم كۆرۈپ،
بىرىنى ئېلىپ،
قوينۇمغا سېلىپ،
توپا قونمىسۇن دەپ
پۈدەپ ئەكىلىپ،
يارىم قېشىغا كەلسەم،
— كېلىڭ مەشۇقۇم، — دەيدۇ.
بىر قالاپ قوياڭ ئەندى؟
— دېسەم،
— ماڭا مەيلىڭىز بولسا ئوغۇل،
— ئوسمام قېنى؟ دەيدۇ.

— ئوسمىچى ئەمەسمەن،
توسمىچى ئەمەس،
قانداق قىلىمەن ئەندى؟
— دېسەم،
ماڭا مەيلىڭىز بولسا ئوغۇل،
ئوسمىچى بولۇڭ، — دەيدۇ.

ئۆيۈمگە كىرىپ،
پۇلۇمنى ئېلىپ،
ئارغىماقنى توقۇپ،
قەشقەرگە بېرىپ،
بىر ئېتىز يەرنىڭ
كۆكىنى ئېلىپ،
ئوسمىنى تېرىپ
پەرۋىشنى قىلىپ،
خېلى ئۆسۈپ قاپتىكەن،
ھەممىنى ئوراپ،
ئارغىماققا ئارتىپ،
تۆشىنى چىڭ تارتىپ،
ئۆزەمنى چاغلاپ،
بېلىمنى باغلاپ،
ھەريانغا قاراپ،
بۇرۇتۇمنى تاراپ،
يارنىڭ قېشىغا كەلسەم،
— كېلىڭ مەشۇقۇم، — دەيدۇ.
— ئەمدىغۇ بولا؟ — دېسەم،
— چالىسى تولا، — دەيدۇ.
— بىر قالاپ قوياڭ، — دېسەم،
— سىز قانداق بالا؟ — دەيدۇ.
— بىر سۆيۈپ قويۇڭ — دېسەم،
— خەق كۆرۈپ قالا، — دەيدۇ.
— تويىمىز قاچان؟ — دېسەم،
— بەك تىك-تىك ئوغۇلكەنسەن،
دەپ بولۇپ، —
— چولام تەگمەيدۇ، — دەيدۇ.
مەنمۇ ئۇنىڭغا، مىشچان
ھۇرۇنغا،
رەددىيە بېرىپ، گېلىمنى
قىرىپ:
— چولاڭ تەگمىسە بوپتۇ،
ۋاقتىم يەتمەيدۇ.
ئىشچان قىزلار تولىغۇ،
قېچىپ كەتمەيدۇ.
قەلبى گۈزەلدىن،
مېھرى ھەسەلدىن،
ئىزدەپ تاپىمەن! — دېسەم،
خالايىق،
قىلمىشىغا يىغلايدۇ ...

ئېيتىپ بەرگۈچى: شاھ مۇھەممەت
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇللا سۇلايمان

— دېسەم
— ماڭا مەيلىڭىز بولسا،
ئوغۇل،
تاڭكىس ئەكىلىڭ، — دەيدۇ.
— تاڭكىسچى ئەمەسمەن،
پاڭكىسچى ئەمەس،
ئۆتەكچى ئەمەسمەن،
كۆتەكچى ئەمەس،
قانداق قىلىمەن ئەندى؟
— دېسەم،
— ماڭا مەيلىڭىز بولسا ئوغۇل،
تاڭكىسچى بولۇڭ، — دەيدۇ.

ئۆيۈمگە بېرىپ،
ساندۇقنى ئېچىپ،
موچەننى قويۇپ،
كويچەننى ئېلىپ،
ياچەننى قويۇپ،
داچەننى ئېلىپ،
ئارغىماقنى توقۇپ،
بازارغا بېرىپ،
دۇكانغا كىرىپ،
تاڭكىسنى ئېلىپ،
توپا قونمىسۇن دەپ
خورجۇنغا سېلىپ،
ئىزمىسىنى ئېتىپ،
ئىگەرگە چېتىپ،
ئۆزەمنى چاغلاپ،
بىلىمنى باغلاپ،
ئىككى يانغا قاراپ،
بۇرۇتۇمنى تارلاپ،
يارنىڭ قېشىغا كەلسەم،
— كېلىڭ مەشۇقۇم، — دەيدۇ.
— بىر قالاپ قوياڭ، — دېسەم،
— ماڭا مەيلىڭىز بولسا ئوغۇل،
دوپپىسى قېنى؟ — دەيدۇ.
— دوپپىچى ئەمەسمەن،
بوپىچى ئەمەس،
قانداق قىلىمەن ئەندى؟
— دېسەم،
— ماڭا مەيلىڭىز بولسا ئوغۇل،
دوپپىچى بولۇڭ، — دەيدۇ.

ئۆيۈمگە بېرىپ،
ساندۇقنى ئېچىپ،
موچەننى قويۇپ،
كويچەننى ئېلىپ،
ياچەننى قويۇپ،
داچەننى ئېلىپ،
ئارغىماقنى توقۇپ،
ناخشامنى ئوقۇپ،
بازارغا بېرىپ،
بارغىچە ھېرىپ،
دۇكانغا كىرىپ،
دوپپىنى ئېلىپ،
ئىزىلىپ كەتمىسۇن
دەپ بېشىمغا كىيىپ،
يارنىڭ قېشىغا كەلسەم،
— كېلىڭ مەشۇقۇم، — دەيدۇ.
— بىر قالاپ قوياڭ، — دېسەم،
ماڭا مەيلىڭىز بولسا ئوغۇل،
ئەينىكىم قېنى؟ — دەيدۇ.

— ئەينەكچى ئەمەسمەن،
چەينەكچى ئەمەس،
قانداق قىلىمەن ئەندى؟
— دېسەم،
— ماڭا مەيلىڭىز بولسا ئوغۇل،
ئەينەكچى بولۇڭ، — دەيدۇ.

图书在版编目（CIP）数据

天下只有一个和田.卷 1. 下，民间叙述诗/阿布都拉·苏莱满编著. 一乌鲁木齐：新疆大学出版社，2006.4

ISBN 7-5631-2038-6

Ⅰ. 天… Ⅱ. 阿… Ⅲ. ①和田地区一概况一维吾尔语（中国少数民族语言） ②民间叙述诗一作品集一和田地区一维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ① K924.52 ②I227.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 033423 号

责任编辑：吐尔逊·阿不都拉
责任校对：阿达来提·牙合甫
封面设计：艾克拜尔·萨里

# 天下只有一个和田
## —— 民间叙述诗

阿布都拉·苏莱满 编著

新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路 14 号 邮编：830046）
新华书店经销
乌鲁木齐市翼百丰印务有限责任公司印刷
开本：880×1230 毫米 1/32 11.375 印张 插页 2
2006 年 4 月第 1 版 2006 年 4 月第 1 次印刷
印数：0001—3050 册

ISBN 7—5631—2038—6
定价：21.70 元

5—5
收 讫

# دۇنيادا بىلا خوتەن بار

ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلار

يىللار، ئادەملەر، ۋەقەلەر
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، بوستانلىق ۋە ئېكولوگىيە
مەدەنىيەت، مائارىپ، تېبابەت
يىپەكچىلىك، قاشتېشى، گىلەمچىلىك
ئەدەبىيات - سەنئەت
ھېكايەتلەر
خەلق قوشاقلىرى (تاللانما)
ئەپسانە - رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر (تاللانما)
**خەلق داستانلىرى**
يەر ناملىرى
خوتەن دىئالېكتى
كىتابلار ئۈچۈرى
چەت ئەللىكلەر نەزىرىدىكى خوتەن
كارخانىچىلار

ISBN 7-5631-2038-6
9 787563 120383 >
ISBN 7-5631-2038-6
(维文)定价:21.70元